
ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

6



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ

ياسىنجان سادىق چوغلان

6


مىللەتلەر نەشرىياتى



ISBN 978-7-105-11010-0

定价：45.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

6

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياسىنجان سادىق چوغلان ◆ 2010 - يىل

## 115

بابۇر ئەندىجاننى قايتىدىن ئىلكىگە ئېلىپمۇ ئانچە خۇشال بولالمىدى. گەرچە ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن ھەپتىدە بىر دېگۇدەك مەلۇمات يوللاپ، پات ـ پات سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپ ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى بابۇرغا ساختىلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. «ناۋادا ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل ئارازلىشىپ، دۈشمەنلەشمەگەن، شۇ سەۋەبتىن لەشكىرىي كۈچى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، ئىنىم ئاسانلىقچە سۈلھى تەلەپ قىلىپ، يارىشىۋېلىش تەكلىپىنى قويۇپ، ئەندىجاننى ماڭا بەرمەيتتى» دەپ ئويلايتتى بابۇر. ئاز كەم ئىككى يىلغا يېقىن ئىنىسى بىلەن پەرغانە سەلتەنەتىنى تالىشىپ قىلغان جەڭلىرى، ئاشۇ جەرياندا تارتقان كۆڭۈل ئاغرىقلىرى، تاجۇ تەختتىن ئايرىلىپ قازاقلىق①تا ياشاش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى ئۇنىڭ ئىنىسىغا بولغان مېھرىنى سۇسلاشتۇرۇپ، گۇمانخور قىلىپ قويغانىدى.

ھەئە، بابۇر ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن ئۇزۇن ھەسەننى تۇتقان بولسىمۇ، ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈش تەلىپىگە قوشۇلماي، ئۇنى پەرغانە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغانىدى. كالىلىسىنىڭ ئامان قالغىنىغا خوش بولغان ئۇزۇن ھەسەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ئۇدۇل ھىسارغا كەتكەنىدى. ئەمما تېخىچە قولغا چۈشمەي قېچىپ يۈرگەن ئەھمەد تەنبەل بولسا ئۇ يەر، بۇ يەردە مۆكۈنۈپ، ئەتراپىغا لەشكەر توپلاپ، جاھانگىر مىر-

① قازاقلىق ــ خان ـ پادىشاھلارنىڭ تاجۇتەختتىن ئايرىلىپ، قاچاقلىق، سەرگەردانلىقتا ياشىغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

زىنى قۇترىتىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشلاردىن بابۇرنىڭ تولۇق خەۋىرى بار ئىدى.

بابۇر خوجەنتكە يەنە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مومىلىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمنىڭ ھەمدە ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن مەرھۇم تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇ‍چىنچى قىزى ئايشە سۇلتان بېگىم بىلەن توي قىلغانىدى. دادىسى بىلەن تاغىسى بابۇر ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا بۇ توي ئىشىنى سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى باغلاپ، چاي ئىچكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بابۇرنىڭ رايى بولمىسىمۇ، بۇ تويغا رازىلىق بەرگەنىدى. ئاشۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن ئايشە سۇلتان بېگىمنىڭ زىيادە تارتىنچاقلىقى سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، بابۇرنىڭ ئۇنىڭغا تازا كۆڭلى چۈشمىدى. ئۇ كۈنلىرىنى كۆپىنچە كۈتۈپخانىدا كىتاب كۆرۈش، يېزىۋاتقان «ۋاقائى» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ لەشكىرىي يۈرۈشلەردە چولىسى تەگمەي چالا قالغان يەرلىرىنى يېزىش بىلەن يالغۇز ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭدىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا قىلىچۋازلىق، كامانداز‌لىق ماھارىتىنى مەشىق قىلاتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ سەمەرقەنتنى ئۇنتۇيالمايتتى. سەمەرقەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئايشە سۇلتان بېگىمنىڭ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە سەمەرقەنتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىكىمۇ ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە بولغان ھەۋىسىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

«ئاتا مىراس زېمىنىم پەرغانىنى بۆگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىنىم بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ ئولتۇردۇق. بۇنىڭدىن جەننەتماكان ئاتامنىڭ روھى قانچىلىك قورۇنۇپ كەتكەندۇ ـ ھە؟! ئۆز ۋاقتىدا جاھانگىر مىرزىنىڭ ئەندىجان تەختىدە ئولتۇرۇشىغا يول قويۇپ، ئۆزۈم سەمەرقەنتتە تۇرۇۋەرگەن بولساممۇ بوپتىكەن. ئاشۇ قىيىنچىلىقلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر بولغىيدى. كېيىنكى كۈنلەردە تاجۇ تەختتىن ئايرىلىپ قازاقلىقتا ياشىغىنىمدا بېشىمغا ئۇنىڭدىن بەتتەر مۇشكۇلاتلارمۇ كەلدى. شۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بەردىمغۇ ئە-

نە. ناۋادا سەمەرقەنتنى قايتىدىن ئىلكىمگە ئالالىسام ئەندىجاننى
جاھانگىر مىرزىغا چوقۇم بېرىۋېتىمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ
ئاتامنىڭ پۇشتى، يۈرەك پارىسى. ئۇنىڭمۇ پەرغانە سەلتەنەتىدە
ھەققى بار» دەپ ئويلايتتى بابۇر سەمەرقەنت ھەققىدە تېگى يوق
خىياللارغا ئەسىر بولۇپ.

شۇ كۈنلەردە ئۇ بۈيۈك شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىينىڭ
«گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. سەمەرقەنت ـ
تىكى ۋاقتىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى
توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن كىتابلار ئارىسىدىن لازىملىق كى ـ
تابلارنى تاللىغاندا بۇ كىتابنىمۇ تاللىۋالغانىدى. بىراق، سەلتەنەت
ۋەسۋەسىسىدە ئايىغى چىقماس جەڭگى ـ جېدەللەر بىلەن بولۇپ
كېتىپ، تېخى ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئەندىجاننى قايتا ئىل ـ
كىگە ئالغاندىن كېيىن «ۋاقائى»نىڭ داۋامىنى يېزىشقا تۇتۇنغاچ،
ئانچە ـ مۇنچە كىتاب كۆرۈشكە ۋاقىت چىقاردى. ئۇ لۇتفىينىڭ
زور ھەجىملىك بۇ داستانىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققان
بولسىمۇ، يەنە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆزىگە ياققان مىسرالارنى ئىش ـ
تىياق بىلەن ئوقۇپ قوياتتى. نەۋرە سىڭلىسى ئايشە سۇلتان بې ـ
گىمگە مومىلىرى ۋە ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆيلەنگەن بول ـ
غاچقا، قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغانمىغانلىقى ئۈ ـ
چۈنمۇ ئەيتاۋۇر، داستاندىكى شاھزادە نەۋرۇزنىڭ چۈشىدە كۆرگەن
ئاشىقى گۈلگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئاشىقىنى ئىزدەپ
فەرخار مەملىكىتىگە بېرىش يولىدا تارتقان جەبىرى ـ جاپالىرى،
نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئاشىقى گۈل بىلەن ئۇچراشقانلى ـ
قى، ئىككى ياشنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسى،
گۈلنىڭ چىن خاقانىغا ياتلىق بولۇشتىن كېچىپ، نەۋرۇز بىلەن
قاچقانلىقى ۋە قاچقۇنلۇق ھاياتىدىكى مۇشكۇلاتلار، گۈلنىڭ نەۋ ـ
رۇزغا بولغان چىن مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن مىسرالار ئۇنى ھەم
ھاياجانغا، ھەم چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داستاندىكى ئاشىق يىگىت نەۋرۇزنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن:

سەباتەك بۇ چەمەن فەرراشىدۇرمەن،
نە يەرگە بارسا گۈل يولداشىدۇر مەن.
.............
تىلەسۇن گەر تىلەمەسۇن مېنى گۈل،
قۇلىدۇرمەن بولغۇنچە تۇپراغىم كۈل.
مەن ئۆلمەنكىم ئاياغىنىڭ ئىزىمەن،
ئەگەر ئۆلمەسەم بوسۇغانى توزىمەن①.

دېگەن مىسرالار بىلەن مەشۇقى گۈلنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن:

ئەگەر سەن قىلماس ئېرسەڭ مەندىن ئۆزگە،
مېنىڭ بارى كىمىم بار سەندىن ئۆزگە.
...........
يۈز ئەۋۇرساڭ داغى مەن يۈز چۈۋۈرمەن،
غەمىڭدىن باشقا بىللاھكىم دەم ئۇرۇرمەن.
..........
سېنىڭ بىرلە تامۇغ خۇد بەرىندۇر،
بېھىشتىم سەنسىزىن تەھتۇششەرىندۇر②.

① يەشمىسى: خۇددى شامالغا ئوخشاش بۇ گۈلزارنىڭ خىزمەتكارىمەن،
گۈل قەيەرگە بارسا، مەن ئۇنىڭ يولدىشىمەن.
گۈل مېنى خالىسۇن، خالىمىسۇن،
تاكى تۇپرىقىم كۈل بولغۇچە ئۇنىڭ قۇلىمەن،
ئۆلسەملا، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئىزىمەن،
ئەگەر ئۆلمىسەم بوسۇغىسىنىڭ توپىسىمەن.

② يەشمىسى: ئەگەر سەن مەندىن باشقىنى دېسەڭ،
مېنىڭمۇ سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق.
سەن يۈز ئۆرۈسەڭمۇ مەن يۈز ئۆرۈمەيمەن،
قەسەمكى، ھەربىر نەپسىم غېمىڭسىز ئۆتمەيدۇ.
سەن بولساڭلا دوزاخمۇ ماڭا جەننەتتۇر،
سەنسىز بېھىشمۇ دوزاخنىڭ تەكتىدۇر.

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولاتتى. ئۆزىنى شاھزادە نەۋرۇزغا، خوتۇنى ئايشە سۇلتان بېگىم-نى مەلىكە گۇلگە ئوخشاتقۇسى كېلەتتى ـ يۇ، شۇ ھامان خوتۇنى بىلەن ئوتتۇرىسىدا داستاندا تەسۋىرلەنگەندەك چوڭقۇر مۇھەببەت-نىڭ يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ، لاسسىدە بولۇپ قالاتتى. ئايشە سۇلتان بېگىمنى خۇددى نەۋرۇز گۇلنى سۆيگەندەك سۆيگۈسى كې-لەتتى. ئەمما ئايشە سۇلتان بېگىم بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ ئوتتەك تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمايتتى.

«يىگىت دېگەن ئاشىقلىقنىڭ دەردىنى تارتىشى، بىر قىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ـ پەرياد چېكىشى كېرەكقۇ ئاخىر؟! ئايشە سۇلتان بېگىمگە ئالدىراپ ئۆيلىنىپ خاتا قىلدىممۇ ـ يە؟ كۈنلەرنىڭ بىر-رىدە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدىغان گۇل كەبى مەشۇق نېسىپ بولارمۇ؟ توۋا، مۇشۇ كەمگىچە ئەجەب بىرەر قىز-غا ئاشىق بولماپتىمەن دېسە. توغرا، كۈنلىرىم تەخت ـ سەلتەنەت غېمى بىلەن ئۆتكەن تۇرسا، بۇنداق ئىشق سەۋداسى نەدە تۇرۇپ نېسىپ بولاتتى ماڭا. ھېچ بولمىسا ئايشە بېگىمنى ئاشۇنداق سۆ-يۈشكە، مۇھەببەت قويۇشقا تىرىشىپ كۆرەي...»

بابۇر ئەنە ئاشۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئۆزى-گە تەسەللى بەرگەچ داستاننىڭ باشقا مىسرالىرىغا نەزەرىنى ئاغدۇراتتى. ئادالەتسىز زامانغا بولغان نارازىلىق، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت تەسۋىرلەنگەن مىسرالارنى قايىللىق بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇيتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى:

سەن ئانداق مەسنەد ئۈستىدە قەدەھ نۇش،
مەن ئۇش مۇنداق ئەسىرۇ زارۇ مەدھۇش.
سەن ئانداق نازۇ ئىشرەت بىرلە ئەنگىز،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن ئۈش مۈنداق سىرىشكىم بىرلە خۇنرىز.
سەن ئانداق تەختۇ بەخت پادىشاھى،
مەن فەريادۇ ئاھۇ سۇبھى گاھى①.

«ئۇستاز مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىي ھەزرەتلىرى نەۋرۇز تىلىدىن بېرىلگەن بۇ مىسرالىرىدا خان ـ پادىشاھلارغا كىنايە قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمدارلارنى ئەيش ـ ئىشرەتتە ياشايدىغان، ئاۋام ـ رەئىيەت كۆزىدىن ياش ئورنىدا قان ئاققۇزۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتە كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادالەتسىزلىكنى تولىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ پاش قىلىپتۇ. توغرا، مەنمۇ بىر پادىشاھقۇ؟ قانچىلىك ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن يۇرتدارچىلىق قىلالىدىم؟ سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۈچۈن يەتتە ئاي قامال قىلغىنىمدا بىچارە سەمەرقەنت ئاھالىسى كۈنلىرىنى ئاچارچىلىقتا ئۆتكۈزمىدىمۇ؟ شەھەرگە كىرگىنىمدە بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ. شۇنداقتىمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئاشۇ بىچارە، بىقۇۋۋەل رەئىيەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتىن ئۇنۇملۇك توسۇيالمىدىمغۇ...»

مۇشۇلارنى خىيال قىلغان بابۇر خىجالەتتىن تەرلەپ كەتتى. ئازابلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە ئاستىنغا قىزىل سىياھ بىلەن سىزىپ قويغان تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزەر تاشلىدى:

بۇ دەۋلەتتىن ھەسەت تېپىپ زامانە،
يەنە ئەنگىز قىلدى مىڭ باھانە.
......

① يەشمىسى: سەن تەخت ئۈستىدە شاراب ئىچسەن،
مەن بولسام خارۇزار، ھوشسىز ئەسىرمەن.
سەن ناز ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇلسەن،
مەن كۆز ياشلىرىم بىلەن قان ئاققۇزىمەن.
سەن تەخت ـ بەخت ئىگىسى، پادىشاھسەن،
مەن سەھەردە ئاھۇ پەرياد چەككۈچىمەن.

فەلەكنى مۇندىن ئۆزگە نە ئىشى بار،
كى بىر نۇش ئورنىدا يۈز مىڭ نىشى بار①.

بابۇرنىڭ ئازابلىق خىياللىرىنى تەرەپباللا كىرىپ كەلگەن قاسىمبەگ قاۋچىن بۇزۇۋەتتى.

— پادشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ، — مۇھەممەد مەزىد تارخان سەمەرقەنتتىن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

— كۆرۈشمەيمەن. مۇددىئاسىنى سىلىدىن ئاڭلاي، — دېدى بابۇر كەيپسىزلىك بىلەن.

بابۇرنىڭ كەيپىياتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان قاسىمبەگ قاۋچىن بىرنەچچە دەقىقە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئېھتىيات بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— تارخاننىڭ ئەلچىسى مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل ئىكەن.

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ بابۇر بىردىنلا دىققىتىنى يىغدى:

— مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل؟ ھېلىقى بىزنىڭ...

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئەندىجان ھۆكۈمىتىدە جازا دىۋانىنىڭ ياندىش بېگى بولغان ئىچكىي بەگ.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى بابۇر دەرھاللا ئىجازەت بېرىپ.

مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل بابۇرنىڭ ساداقەتمەن بەگلىرىدىن ئىدى. ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ئۇزۇن ھەسەن، ئەھمەد تەنبەللەر بىلەن بىللە ئەندىجاننى مۇھاسىرە قىلغان چاغدا مەرھۇم مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن بىرلىكتە ئەندىجاننى قوغداشتا پىداكارلىق كۆرسەتكەنىدى. ئەندىجان قولدىن كەتكەندىن كېيىن،

① يەشمىسى: زامانە بۇ راھەتتىن ھەسەت قىلار،
يەنە مىڭ باھانىلەر قوزغىتار.
پەلەكنىڭ راھەت شارابىدىن ئوتلىتىپ قويۇپ،
يۈز مىڭ نەشتەر ئۇرۇشىدىن باشقا نېمە ئىشى بار.

بابۇرنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن خىجىل بولۇپ، ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەندىجاننى قوغداش جېڭىدە كۆرسەتكەن ساداقىتىنى مومىلىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم بابۇرغا بىرنەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئادالەت پاناھ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي!

مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل بابۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ موككىدە تىزلاندى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى بابۇر سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا جانابلىرى. كەلسىلە، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرسىلا.

بابۇرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ يېنىدىن جاي كۆرسەتكەنلىكىدىن قاتتىق ھاياجانلانغان مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى:

— ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىلمەن ئالىيلىرى...

— بولدى، خىجالەت بىلدۈرمىسۇنلار، — دېدى بابۇر ئۇنى سۆزلىگىلى قويماي، — ئاشۇ چاغدا ئەندىجاننى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەر تاپقانمەن. تەڭرىم دىدارلىشىشقا يەنە نېسىپ قىلىپتۇ مانا. ئول ساداقەتلىرى ئۈچۈن مەن سىلىگە تەشەككۇر ئېيتىشىم كېرەك.

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. ئالىيلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئىززەت كۆرسىتىشىگە لايىق ئەمەسمەن. شول تاپتا خىجالەتتە سۆرۈن بولغان يۈزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالمايۋاتىمەن. شول چاغدا ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى ئىگىسىگە كۆرسەتمەپتۇ، دېگەن تەمسىل ئېسىمگە كېلىپ، ئالىيلىرىغا يولۇقماي كەتكىنىمدىن بەكمۇ ئۆكۈنىمەن.

— كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن، — ئۇ مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇلنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى، — خوش، مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرىغا

ئەلچى بولۇپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

ــ شۇنداق ئالىيلىرى، ــ دېدى مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل كېلىش مۇددىئاسىنى ئېسىگە ئېلىپ، ــ مەلۇم بولغايكى، سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرى بىلەن مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. سەۋەبى: مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرى ئوغۇللىرىغا سەمەرقەنتنىڭ ھەرقايسى ئايماق، تۇمەنلىرىنى ئىدارە قىلىشنى بۇيرۇغانىدى، بۇنىڭدىن سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرى رازى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ئاخىرىدا سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرى مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئۇنى سەمەرقەنتتىن قوغلاپ چىقاردى. ھازىر مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خان يۇرتى يايلىقىدا پاناھلىنىۋاتىدۇ. كەمىنىلىرىنى دەرگاھلىرىغا ئەۋەتىشتىكى مۇددىئاسى شولكى: پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەمەرقەنتنى سۇلتان ئەلى مىرزىدىن تارتىۋېلىش ھەمدە سەمەرقەنت تەختىنى جانابى پادىشاھ ئالىيلىرىغا تەۋە قىلىش.

پەرغانە مۇلك[1]نى ئىنىسى بىلەن بۆلۈشۈپ ئىدارە قىلغىنىدىن ئىچى پۇشۇپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش خىيالىدا بولۇپ يۈرگەن بابۇرغا كۈتمىگەندە بىرىلگەن بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى.

«سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن مۇھەممەد مەزىد تارخان بۇ دەرىجىدە زىددىيەتلەشكەن بولسا، دېمەك، سەمەرقەنتنىڭ تۈزۈك كۈچى قالماپتۇ. بۇ سەمەرقەنتنى قايتىدىن قولغا ئالىدىغان ياخشى پۇرسەت...»

بابۇر يالت قىلىپ قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى.

ــ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتماق كېرەك ئالىيلىرى، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئويلىنىپ تۇرمايلا.

① مۇلك ــ مەملىكەت، يۇرت، پادىشاھلىق، ۋىلايەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ مەنمۇ شۇ ئويدا، ــ دېدى بابۇر، ــ ئاخسىغا چاپارمەن ماڭدۇرايلى. جاھانگىر مىرزا ئىلگىدىكى بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقسۇن.

ــ جاھانگىر مىرزىنىمۇ بىللە ئېلىۋالامدۇق؟

قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ تازا خالىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بابۇر كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ شۇنداق، ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىپ، لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ، يۇرت ئىستېلا قىلىشنىڭ جاپاسىنى كۆرۈپ باقسۇن. سەمەرقەنت ئېلىنسا ئەندىجان بەرىبىر ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. ئازتولا ئەجىر قىلىپ ئاندىن نەپكە ئېرىشسۇن دەيمىنا.

قاسىمبەگ قاۋچىن بېشىنى ئەگدى:

ــ ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم.

ــ مىر موغۇلنى دەرھال ئاخسىغا يولغا سېلىپ، مېنىڭ نامىمدا جاھانگىر مىرزىغا بۇلجار[1] بەلگىلەپ بەرسىلە، ۋاقىتنى ئۆزلىرى بېكىتسىلە، ئورنى ئىسفەرەگە قاراشلىق مەھەن قىشلىقى بولسۇن. ئاشۇ يەردە توپلىنىپ ئاندىن سەمەرقەنتكە ئاتلىنايلى.

ــ پەرمانبەردارمەن!

قاسىمبەگ قاۋچىن پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ــ مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرىغا تەكلىپىگە قوشۇلغانلىقىمىزنى يەتكۈزگەيلا، ــ دېدى بابۇر مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇلغا قاراپ، ــ ھەقچان يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتتىلە، چىقىپ تەكيىخانا[2]دا بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا. كەچتە بىللە غىزالانغاچ قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالايلى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر، ــ دېدى مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ ئاللاھ خا-

---

① بۇلجار ــ قوشۇننىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن ئورۇن ۋە ۋاقىت.

② تەكيىخانا ــ مېھمانخانا.

لىسا قانغۇدەك مۇلاقاتتا بولىدىغان ۋاقىتلار تېخى ئالدىمىزدا. كەمىنىلىرى هازىرلا يېنىپ مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرىغا مەلۇمات يەتكۈزەي. مۇمكىن بولسا پادىشاھ ئالىيلىرى تۇلپارىغا تېزرەك قامچا سالغاي. بەلكىم سىر بولمىسا كېرەك، خان تاغىلىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ سەركەردىسى شەيبانىخان يېقىندا بۇخارانى بېسىۋالغانىدى، هازىر ھە دەپ سەمەرقەنتكە چىشىنى بىلەۋاتىدۇ. تېزرەك بولمىساق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ھەرقانداق ياۋغا تاقابىل تۇرغۇدەك ماجالى يوق.

— ئۇنداق بولسا جانابلىرىنى تۇتۇۋالمىدىم. مۇلاقاتتا بولۇش نېسى قالسۇن، — دېدى بابۇر.

— يەنە كۆرۈشكىچە ئامان بولغايلا ئالىيلىرى.

«ئەجەب بىر مەسئۇلىيەتچان، ساداقەتمەن كىشى - دە، بۇ. دەرگاھىمدا مۇشۇنداق ئەمىر - سەركەردىلەر كۆپرەك بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟!»

بابۇر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ بارغان مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇلنىڭ كەينىدىن قايىللىق بىلەن قاراپ قالدى.

※ ※ ※

قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، خېلىلا مەلۇم بولۇپ قالغان كۆز خالتىلىرىنى، كۆز قۇيرۇقى ۋە جاۋغايلىرىدىكى قورۇقلارنى قېنىق ئۇپا - ئەڭلىكلەر بىلەن پەردازلاپ، چاچلىرىدىكى ئاقلارنى خېنە يېقىپ يوشۇرۇپ، جۇۋانلىق جازىبىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقان خانىش زۆھرە بېگىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋانلارغا خاس لاتاپەت تېپىلاتتى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزا قازا قىلغان بەش - ئالتە يىلدىن بېرى تۇللۇقتا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، كۇتۇنۇش ۋە ياسىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكىمۇ ئەيتاۋۇر، ياش كېنىزەكلىرى ئارىسىدا ئانچە چېنىپ

www.uyghurkitap.com

قالمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى يوغان تىكلىمە تاش ئەينەكنىڭ ئالدىدا ھۆسن ـ جامالىغا قاراپ ئولتۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

«قايتا ياتلىق بولىمەن دېسەم ئوغلۇم سۇلتان ئەلى مىرزا نېمە دەر؟ ماقۇل بولۇرمۇ؟ ئۆزى بىرقانچە ئاغىچا ـ توقاللىرىغا قانائەت قىلماي ھەرىمىنى غۇنچىچەلەر بىلەن تولدۇرۇپ، كۈنبويى ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە يۈرگىنى بىلەن مېنىڭ تۇللۇقۇمنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. تۇل قالغان ئايالنىڭ ئەرگە بەرسە نېمە يامىنى بار؟ مەنمۇ تېخى ئۇنچە قېرىپ، ھۆسن ـ جامالىمدىن كەتكىنىم يوققۇ؟ بەلكىم مېنى ھازىرقى ئەھۋالىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلمىدى دەپ ئەيىبلىشى، قايتا ياتلىق بولۇشۇمنى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. بىراق مېنىڭ بۇ نىكاھقا رازىلىق بېرىشىم ھەرگىزمۇ تۇللۇق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىگىنىمدىن ئەمەس. ناۋادا ئۇ بارلىقىنى سەمەرقەنت سەلتەنەتىگە بېغىشلىغان، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، ئەمىر ـ سىپاھلىرىغا ھۆكۈمىنى تولۇق ئۆتكۈزۈپ، لەشكىري ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىغان، سەلتەنەت غېمىگە مېنىمۇ شېرىك قىلمىغان بولسىدى، بەلكىم مەنمۇ بۇ تەكلىپكە جاۋاب بېرىشتە بۇنچە قىينىلىپ ئولتۇرماس بولغىيدىم. مەرھۇم خان ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن سەمەرقەنت تەختىدە ئۈچ كۈنمۇ تۇزۇك ئولتۇرالمىدى. بوۋىتۇ، بۇنىڭغۇ ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن، ئاغىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئىنسابسىزلىقىدىن دەيلى، لېكىن، ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ كەلگىنىدە بوشاڭلىق قىلىپ، سەمەرقەنتنى بابۇر مىرزىغا قاراپ تۇرۇپ بېرىۋەتتىغۇ؟ ناۋادا بابۇر مىرزا ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئەندىجاننى بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شەھەرنى تاشلاپ پەرغانىگە كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا سەمەرقەنت تەختىدە قايتا ئولتۇرۇش ھەرگىز نېسىپ بولمايتتى، ئۆزىدىن نەچچە ياش كىچىك ئاشۇ نەۋرە ئىنىسىدىن سەمەرقەنت تەختىنى ھەرگىز تارتىۋالالمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نە سەلتەنەت، نە لەشكىري

ئىشلار بىلەن كارى بولماي، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەپتۇن بولدى. نامدا ئۇ خان بولغىنى بىلەن، ھوقۇقنى مۇھەممەد مەزىد تارخان ئۇچچە ئىگىلىۋالدى. ھەر ھالدا ئاز ـ تولا غۇرۇرى، جىگىرى بار ئىكەن، ئاخىرى مۇھەممەد مەزىد تارخاننى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ ـ نىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان بولدى. ئەسلىدە بىر ئەلگە پاسىبان بولغان ئادەم مۇشۇنداق جاسارەتلىك بولۇشى، كېچە ـ كۈندۈز سەلتەنەتنىڭ غېمىنى يېيىشى، تاجۇ تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ بابۇر بىلەن بىر ـ لىشىپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بىـ ـ لىپ تۇرۇپ، ئاشۇ بەزمىلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. مانا ئەمدى ئۆزى ۋە ئوردىدىكى بەگلىرى، ئېتىكىدىكى توپا ـ چاڭلارنى كۆز ـ لىرىگە سۇرتۇپ تاۋاپ قىلىشىپ «ئىشان پىرىم» دەپ ئۇلۇغلاپ يۈرگەن خوجا يەھيا ھەزرەتلىرى سەلتەنەتكە خائىنلىق قىلىش خىيالىدا بولۇپ، ئۇل بابۇر مىرزا بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىۋې ـ تىپتۇ. خوجا يەھيا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئالا چۈشكەن بولسا نىيىتىدىن ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم ئوغلۇمنىڭ ئۇل ئىشان ھەزرەتنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان يەرلىرى بار ـ دۇر. شۇنداقتىمۇ پىر دېگەن مۇرىت ـ مۇرشىدلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، كارامىتى بىلەن يۆلىشى كېرەك ئىدىغۇ ئاخىر؟! بەلكىم مېنىڭ ياتلىق بولۇش يولى بىلەن ئوغلۇمنىڭ خانلىق سەلتەنەتىـ ـ نى ساقلاپ قېلىشىممۇ تەگرىنىڭ ئىرادىسىدۇر...»

خانىش زۆھرە بېگىم خىيال سۇرگەچ شىرە ئۈستىدىكى ئەنـ ـ بەر پۈراپ تۇرغان خەتنى قولىغا ئالدى. ھەئە، ئۇنى ئەلىياتقۇ مە ـ ھەلدە ئەينەك ئالدىغا كەلتۈرگەنمۇ، قايتا ياتلىق بولۇش ھەققىدە تاتلىق خىياللارغا ئەسىر قىلغانمۇ مۇشۇ خەت ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ـ نىڭ ۋۇجۇدى قاۋۇل بىر ئەرنىڭ قويىنىدا تۇرغاندەك تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلگەنىدى. ئۇ شامنىڭ چېچەكلەپ كەتكەن ئۈچىنى پەرلەپ قويۇپ خەتكە قايتا نەزەر تاشلىدى:

www.uyghurkitap.com

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

ۋاپا ئەھلى، كاتتا پەزىلەت ئىگىسى، زاتى ۋە نەسەبى پاك، ھۆسن ـ جامالى تەڭداشسىز گۈزەل زۆھرە بېگىمگە كۆڭۈل گۈلشەنىمدىن بىھېساب ئىشق ـ مۇھەببەت گۇل ـ دەستىلىرى ئارقىلىق سالام يوللايمەن.

جاھان جاھان بولۇپ ئەلمىساقتىن تا ھازىرغىچە مەرھۇم كۈيۈسىدىن قالغان تەخت ـ سەلتەنەتنى مۇستەھ ـ كەملەش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن ياش ئۆمرىنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، شۇنداقلا ياش ئوغلىنى پەرۋىش قىلىشقا قاراتقان جاسارەتلىك، ئەر ھەممەتلىك ئانىلار تو ـ لىمۇ ئاز كۆرۈلگەن. سىلى دەل ئەنە ئاشۇنداق ماختاشقا، قا ـ يىل بولۇشقا سازاۋەر باھادىر ئانىلارنىڭ بىرى. مەرھۇم كۈ ـ يۈلىرى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئائىلىلىرى تەقدىر ـ قىس ـ مەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باقىيغا كەتكەندىن كېيىن، تېخى تولۇق ئەقىل كىرمىگەن خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتنى مۇستەھ ـ كەملەپ، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن ياش ئۆمۈرلىرىنى سەرپ ئەتتىلە، كۆرسەتكەن بول جاسارەتلىرى ئەل ـ يۇرتنى قايىل قىلىپ، تىللاردا داستان بولدى. ھۆسن ـ جامالى گۈزەل كىشىنىڭ قىلغان ئىشىمۇ، خۇي ـ پەيلىمۇ، مەقسەت ـ مۇددىئاسىمۇ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ گۈزەل بولىدىكەن.

كەمىنە سىلىنىڭ بۇ ئىقلىمدىكى ھەرقانداق خاتۇن زاتىغا سېلىشتۇرۇپ بولماس ئاشۇ گۈزەل خۇلقلىرىنىڭ تە ـ رىپىنى كۆپ ئىشىتىپ تولىمۇ قايىل بولدۇم. بۇ قايىللىق بارا ـ بارا يۈرىكىمدە غايىۋى بىر مايىللىقنى ئاپىرىدە قىل ـ دى. ئۇشبۇ مايىللىق كۆڭۈل ئارامىمنى بۇزۇپ، غىزا ۋە ئۇيقۇدىن بىدار ئەيلىدى. ۋۇجۇدۇمغا چاپلاشقان بۇ ئىشق بالاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلدىم. لېكىن بىر كېچىسى چۈشۈمدە نازاكەتلىك بوي ـ

تۇرقلىرى، لاتاپەتلىك پەزىلەت خۇلقلىرى زاھىر بولۇشى بىلەن تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالىلىرىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، يۈرىكىمدىكى بول ئاشىقلىق ئوتلىرى گۇلخانغا ئايلاندى. كۆيۈپ كۇل بولمىدىم، ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە، ئۆلمەيدىكەن كۆيۈككە، دېگىنى راست ئىكەن. لېكىن شۇنىڭدىن بېرى ئەس ـ يادىم سەمەرقەنتكە ـــ سىلى مەھ ـ بۇبەمگە باغلاندى.

يېقىندىن بېرى سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى ھوقۇقنى ئۆتچە چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، سۇل ـ تان ئەلى مىرزىدىن بۇرنىغا يەپ قېچىپ يۈرگەن مۇناپىق ئەمىر مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ بابۇر مىرزا بىلەن ئىت ـ تىپاق تۈزۈپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتماقچى بولغانلىقى ـ دىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ غەزەپلەندىم. ﹙توختا، ئۇلارنىڭ رەزىل نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقىم كېرەك. سە ـ مەرقەنتتە چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن مەھبۇبەم بار. ئۇ مەھبۇبەمنىڭ يۈرەك پارىسى بولمىش پەرزەنتى سەمەرقەنت سەلتەنەتىنىڭ تەخت ئىگىسىدۇر. گۇلنى سۆيگەن ئادەم تى ـ كىنىنىمۇ سۆيۈشى كېرەك. شۇنداق ئىكەن، سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ ماڭا پەرزەنت. ئۇ ئانا ـ بالىنى ياغىدىن قوغداش، تەختى ـ بەختىنى ساقلاپ قېلىش مەجبۇرىيىتىم باردۇر﹚ دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇل ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىش ئۈچۈن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئېلىپ بۇخارادىن يولغا چىقىشقا نىيەت قىلدىم ۋە مۇددىئا ـ يىمنى سىلى گۈلىيۈزلۈك يارىمغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشقا تۇتۇندۇم.

ئى، سۆيگەن گۈزىلىم، جېنىمنىڭ جانانىسى، سىلى ئۇشبۇ كۆڭۈل سىرلىرىمدىن خەۋەردار بولغان دەملەردە مەن ئالىلقاچان سەمەرقەنت بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ بولغان بولىمەن. مەيلى سىلى مەن بىچارە ئاشىقلىرىنىڭ سۆيگۇ

*تەلىپىنى قوبۇل قىلسىلا ياكى قىلمىسىلا، ئىشق دەشتىدە چاڭقىغان يۈرىكىمنى ۋىسال شەربەتلىرىدىن سۇنۇپ سەگىتىشنى خالىسىلا ياكى خالىمىسىلا، بوسۇغىلىرى تۈۋىدە قورۇقچىلىرى بولۇپ، ئۇل ياغىنى شەھەرلىرىگە ئاياغ باسقۇزمايمەن.*

*گۈزەل ھۆسىن ـ جامالىرىنى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، بال تېمىپ تۇرغان لەۋلىرىنى غايىۋانە ئۆپۈپ نامە يازغۇچى ــ بىچارە ئاشىقلىرى مۇھەممەد شەيبانىخاندىن دەپ بىلۇرلا.»*

خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن زۆھرە بېگىمنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى، يۈرىكى شامدەك ئېرىدى. نەچچە يىلدىن بېرى تۇللۇق ئازابىدا قىينالغان بۇ جۇۋان شۇ تاپتا يۈزىگە مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ ئوتلۇق تىنىقى ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، قاتتىق ھاياجانلانماقتا ئىدى.

«مۇھەممەد شەيبانىخان راست دەيدۇ. سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالى ھازىر خەتەرلىك، مۇھەممەد مەزىد تارخان بىلەن خوجا يەھيا ھەزرەتلىرى بابۇر مىرزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تىل بىرىكتۈرۈپ بولدى. ئۇلار شەھەرنى جەڭسىز ئالماقچى. ھېلىمۇ ياخشى ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن بول سۈيىقەستتىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ بىزنى ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا، بۇ چاغقا ئەھۋالىمىز نېمە بولۇپ كېتەتتىكىن؟ بەندىسىنى كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دەپ، مۇھەممەد شەيبانىخاننى بىزگە يەتكۈزدى مانا. يېنىمىزدا ئۇل مۇھەممەد شەيبانىخانلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ سەمەرقەنت تەختىگە كۆز تىكىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. گۈلدەك چىرايىم تۇللۇقتا مۇشۇنداق سولۇپ كېتەرمۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن. تەڭرى پېشانەمگە بىر ئۆمۈر خانىشلىق مەرتىۋىسىنى پۈتكەنىكەن. سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن ئايرىلغان بولسامۇ، مۇھەممەد شەيبانىخاندەك كاتتا سەركەردە بوسۇغام تۈۋىدە ۋىسالىمغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

گەرچە ئۇ ھازىر سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەركەردىسى بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيىرخاننىڭ نەۋرىسىدۇر. دېمەك، نەسەبى خان ـ سۇلتانلارغا تۇتىشىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ ئەتە ـ ئۆگۈن بىرەر كاتتا ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قالامدۇ تېخى؟ نېمىگە ئىككىلىنىمەن؟ ئاۋۋال مۇھەممەد شەيبانىخانغا تېگىشلىك جاۋابنى بېرىۋېتەي. ئوغلۇم سۇلتان ئەلى مىرزىنى قايىل قىلماق ئاسان. ئۇنىڭدا بابۇر مىرزىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالىغۇدەك جۇرئەت يوق. سەلتەنەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد شەيبانىخاننى ئاتا ئورنىدا كۆرمەي ئامالى يوق. ئى، قۇدرەتلىك تەڭرىم، تۇللۇق ئازابىمنى ئاخىرلاشتۇرغىنىڭغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر...»

زۆھرە بېگىم خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ شەيبانىخانغا جاۋاب خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

※ ※ ※

سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى كۆھەك ئېدىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان چېھىلسۇتۇن[1] سارىيىنىڭ ھەشەمىتى سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى كۆكسارايدىن قېلىشمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا مىرزا ئۇلۇغبەگ سالدۇرغان ئىككى قەۋەتلىك بۇ ئىمارەتنىڭ ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن قىرىق تال تۈۋرۈكىنىڭ ھەممىسى تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، تۆت بۇرجىكىگە تۆت مۇنار جايلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ باغنىڭ مەنزىرىسىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل كۆھەك ئېدىرلىقىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى.

سارايىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى مۇناردىن سەمەرقەنت شەھىرىگە نەزەر تاشلاپ تۇرغان شەيبانىخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق بىر تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى.

① چېھىلسۇتۇن ــ 40 تۈۋرۈك.

«نېمىشقا ھازىرغىچە جاۋاب يوق ھە؟ يازغان خېتىم ئۇل خاتۇنغا تەسىر قىلمىدىمۇ ـ يا؟ ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇنىنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خوجا يەھيا ئىشان بابۇر تەرەپكە پۈتۈنلەي ئېغىپ كېتىپتۇدەك. ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بابۇر يەنە ئىككى كۈنگە قالماي يېتىپ كېلىدۇ. تېزرەك بولمىسام يەنە ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش سەمەرقەنتنىڭ بوسۇغىسىدىن قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالماي يەنە. ئۇل خاتۇننىڭ ئاشۇ تاشنىمۇ ئېرىتكۈدەك سۆزلىرىمگە پەرۋا قىلماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئۇ يا ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزىنى قايىل قىلالماي قالغانمىدۇ؟ بابۇرغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ ئايان. بەلكىم، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرسە ئانىسىنىڭ نىكاھىمغا ئۆتۈشىگە ماقۇل بولۇپ قالار. مۇخالىپلىرىم بۇ ئىشىمنى ئۇقسا شەھەرنى ئېلىش مەقسىتىدە بىر قېرى خاتۇنغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپتۇ، دەپ ئارقامدىن مازاق قىلىشارمۇ؟ ئۇلار نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ؟ سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمران بولۇشنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك مازاقلار نېمىدى؟ ناھايىتى بولمىسا بول تارىخنى سالنامىچىلارغا باشقىچىرەك يازدۇرارمەن. ئىشقىلىپ ئاۋۋال سەمەرقەنتنى قولۇمغا ئالاي...»

— پاسىبانىمغا مەلۇم بولغاي، سەمەرقەنتتىن چاپارمەن كەلدى.

شەيبانىخان خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچىگە مەمنۇنلۇق بىلەن قارىدى. ئۇ بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە ئۆزىنى «قىبلىگاھىم»، «ئالىيلىرى»، «پاسىبانىم» «ئازھەزرىتىم» دەپ ئاتاشنى بۇيرۇغانىدى.

ھۆدەيچى قولىدىكى زەر چۇچىلىق يىپەك ياغلىققا ئورالغان خەتنى شەيبانىخانغا قوش قوللاپ ئۇزاتتى. شەيبانىخان ياغلىقنى ئالدىراپ ئاچتى. خەت گۈپۈلدەپ ئەنبەر پۇراپ تۇراتتى.

«ئەر سېغىنىپ ئاران تۇرغانىكەن بۇ خاتۇنمۇ، — دەپ ئويلىدى خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن شەيبانىخان مەمنۇنلۇق بىلەن كۈ-

لۇپ، ـــ ئۇنىڭ «ياق» دېمەيدىغانلىقىنى بۇرۇنلا پەملىگەنىدىم. ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ماقۇل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئەجەب يازماپتا...»

ـــ چاپارمەن باشقا گەپ قىلمىدىمۇ؟

ـــ سورىماپتىمەن ئالىيلىرى.

شەيبانىخان كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى.

ـــ قېشىمغا باشلاپ چىق!

ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇننىڭ ئىشەنچلىك مۇلازىملىرىدىن ھېساب-لىنىدىغان چاپارمەن شەيبانىخانغا خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى.

ـــ خوش، ـــ دېدى شەيبانىخان چاپارمەننىڭ سالامىنى ئى-لىك ئالغاندىن كېيىن، ـــ سۇلتان ئەلى مىرزا خەۋەر تاپقاندۇ؟

ـــ ئەتىگەن زۆھرە بېگىم ئۇنى ھەرىمىگە چاقىرتىپ بىر ئاش پىشىم سۆزلەشتى. قايىل بولغان چېغى، ھېلىغىچە ئەبۇ يۇ-سۇپ ئارغۇن جانابلىرى بىلەن دەرگاھلىرىغا كەلمەكچى.

شەيبانىخان چاپارمەننى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، دېگەننى قىلىپ قولى بىلەن شەرەتلىدى.

«باشقىلار تۇمەنلەپ لەشكەر بىلەن ئالالمىغان سەمەرقەنتنى مانا مەن بىر پارچە خەت بىلەن ئالىدىغان بولدۇم. بۇمۇ خېلى - خېلى سەركەردىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كاتتا باھادىرلىق...»

ئۇ سەمەرقەنت تەرەپكە قاراپ قويۇپ مەمنۇنلۇق بىلەن كې-رىلدى.

※ ※ ※

سەمەرقەنتتىن كۆڭلى غەش ھالدا چىققان سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى گادىرماچ تۇيغۇلار چىرمىۋالغانىدى. بابۇر بىلەن مۇھەممەد مەزىد تارخان ھەدەپ تەھلىكە سېلىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، ياردەم قولىنى سۇناقچى بولغان مۇھەممەد شەيبانىخان بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئەلۋەتتە خالايتتى. شەيباند-

خانىنىڭ ھەرقانداق شەرتلىرىگە قوشۇلغۇسى بولسىمۇ، ئەمما ئانىسى بىلەن نىكاھلانماقچى بولغانلىقى غۇرۇرىغا تەگكەندەك بولۇپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى. ھەئە، ئەتىگەن بۇ گەپنى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىدا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئوغلىنىڭ «ياق» دەپ گەپنى چورتلا كېسىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن زۆھرە بېگىم بابۇر بىلەن مۇھەممەد مەزىد تارخاندىن كېلىدىغان خەۋپنى كۆپتۈرۈپ، شەيبانىخاننى ھە دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ بىر ھازا سۆزلىدى. مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ بىر ئۆمۈر تۇل ياشاشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئوغلىنى، سەمەرقەنتنى، تەخت ـ سەلتەنەتنى دەپ بۇ نىكاھقا رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇنمۇ زۆھرە بېگىمگە بولۇشۇپ سۆزلەپ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى. تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ شەيبانىخاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋالمىسا، خوجا يەھيا ئىشان شەھەرنى ھازىرلا بابۇرغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغاندەك ۋەھىمە سالدى. بىر ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، يەنە بىر دۈشمەننى كۆپەيتىۋېلىشنى خالىمىغان سۇلتان ئەلى مىرزا ئاخىر ئانىسىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

«تەخت ـ سەلتەنەتنى ساقلاپ قالىدىغاننىڭ ئىشى بولسا ماقۇل دېسەم دەي. ئۇنى دېمىسەممۇ ۋالىدەم تېخى ياش، ھېلىمۇ مېنى دەپ بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى ياتلىق بولۇشنى تىلغا ئالمىدى. ئەسلىدىمۇ تۇل قالغان ئانىسىنى ئەرگە بېرىش ساۋاب ئىشقۇ. ھەدىستىمۇ شۇنداقراق بىر گەپ بار. مۇشۇ باھانىدە رەقىبلىرىمنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، سەلتەنەت ئاساسىمنى پۇختىلىۋالغۇدەكمەن...»

ئات ئۈستىدە دېلىغۇل خىياللارغا ئەسىر بولۇپ كېتىپ بارغان سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە تىرىشاتتى.

ئۇ باغى مەيداننىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ قالغان شەيبانىخاننىڭ مىڭ نەپەر

نۆكىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن يۈز نەپەر نۆكىرىگە تېزلا نەزەر تاشلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ مىڭ نەپەر نۆكەرنىڭ ئۆزىنى قارشى ئالغىلى چىققانلىقىنى ياكى قەستەن سۈر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالغانىدى. شەيبا ـ نىخانىنىڭ قىپچاق سەركەردىسى كۆپەك بىينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىشى بىلەن ۋۇجۇدىدىكى ۋە ـ ھىمە بىر ئاز تارقىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا خىجالەت، نومۇس تۇيغۇلىرى ئالماشتى. گويا ھەممە ئادەم ئۇنى: «قاراڭلار، سۇلتان ئەلى مىرزا ئانىسى ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ چىقىپتۇ» دەپ مازاق قىلىۋاتقاندەك.

كۆپەك بىي ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزى ـ نى نۆكەرلىرىدىن ئايرىپ ساراي تەرەپكە باشلىدى. ئەلۋەتتە، نۆ ـ كەرلەر بىلەن بىللە سارايغا كىرگىلى بولمايتتى. ھازىرلا تارقاپ كەتكەن ۋەھىمە ۋۇجۇدىغا قايتىدىن چاڭگال سالدى، پۇتى ئې ـ غىرلاشتى، ھەرقانچە تىرىشىپمۇ قەددىنى رۇسلىيالمىدى.

سارايدا ئۇنى شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان، ئوغ ـ لى تۆمۈر سۇلتان، كۆيۈئوغلى جانىبېك سۇلتان قاتارلىق يىگىر ـ مە ـ ئوتتۇز ئەمىر ـ سەركەردىلەر كۈتۈۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر شەيبانىخان يوق ئىدى.

ــ ئاتامغا خەۋەر بېرىڭلار، ــ دېدى تۆمۈر سۇلتان ساراي مەھرەملىرىگە قاراپ.

ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. پات ـ پات چىقىپ بەزمە قۇ ـ رۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان چېھىلسۇتۇن سارىيى شۇ دەقىقىدە ئۇ ـ نىڭغا شۇنچىلىك مۇدھىش، شۇنچىلىك يات تۇيۇلدىكى، پۈتكۈل ئەزايى سوغۇق تەرلىدى.

«مۇنۇ تەربىيە كۆرمىگەن سەھرالىقلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كۆرمەمدىغان، ئالدىغا سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ شەۋكەتلىك ھۆ ـ كۈمرانى كەلسە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئولتۇرۇشقا جاي

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتمەي پارقىراپ تۇرۇۋاتىدۇ ـ يا؟ ئەدناسى ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىمۇ بىلىشمەمدىكىنە؟ بوپتۇ، غۇرۇرۇمنى ساقلاپ ئۇلارنى نەزەرىمگە ئىلماي، ھېلى مۇھەممەد شەيبانىخان ئالىيلىرى كىرگەندە خۇشامەت قىلىپ، ئايىغىمغا يىقىلمىغىنىنى كۆرەي بۇ ياۋايىلارنىڭ...»

ئۆرە تۇرۇۋېرىپ پۇتى تېلىپ كەتكەن سۇلتان ئەلى مىرزا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يېنىدىكى ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇنغا قاراپ كۆلىنى قىردى. ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇن ئۇنىڭغا قاراپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك لەۋلىرىنى كالچايتىپ ھىجايدى.

«شەيبانىخان نېمىشقا كىرمەيدۇ، بۇ دەشتى قىپچاق ياۋايىلىرىنىڭ مېھماننى مۇشۇنداق ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىدىغان قائىدىسى بارمىدۇ ـ يا؟ ياق، بۇ دېگەن ھاقارەت، ھۆرمەتسىزلىك. شەيبانىخان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۆزى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئانامنىڭ زورى بىلەن كەلگەنمەن. ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارسىزلىق بىلەن ئۆرە تۇرۇش مەن ئۈچۈن نومۇس. بولدىلا، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزمىسەم تۈزمەيتىمەن، قايتىپ كېتەي، گېپى بولسا ئۆزى ئالدىمغا كەلسۇن...»

ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن سۇلتان ئەلى مىرزا سارايىنىڭ نەقىشلىك ئىشىكى تۈۋىدە قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان تەلەتى تولىمۇ سۈرۈن ئون نەچچە ياساۋۇلنى كۆرۈپ، سۇر باسقاندەك بولدى ـ دە، نىيىتىدىن دەرھال يالتايدى.

«بۇ نېمە ئىش؟ ئالداندىممۇ قانداق؟...»

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈچى پۇررىدە تەرلىدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئەنە ئاشۇنداق ۋەھىمە، تەشۋىش، دېلىغۇللۇق ئىلكىدە تولىمۇ ئاستا ئۆتتى.

ــ ئالىيلىرى كەلدى!

ساراي مەھرىمىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن تەڭ بەخىرامان ئولتۇرۇشقان ئەمىر ـ سەركەردىلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاشتى. ھايال ئۆتمەي سارايىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۇستىگە

چىقىدىغان پەلەمپەيدىن شەيبانىخانىنىڭ بەستى كۆرۈندى. قارا مەخمەل بۆك ئۈستىدىن ئاپئاق سەللە ئورىۋالغان، ئالتۇن تۇگمەلىك كەمزۇلىنىڭ بېلىنى دۇر ـ گۆھەرلەردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەر بىلەن باغلىۋالغان شەيبانىخانىنىڭ قونچىغا خەنجەر قىستۇرۇلغان ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى. قولىغا بىر تىزىق تەسۋى ئېلىۋالغىنىغا قارىماي تولىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئۇ قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئۇلار قايتىدىن ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، تېخىچە ئۆرە تۇرغان سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز قالدى.

— خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي!

ئەبۇ يۇسۇپ ئارغۇن بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام بەردى. شەيبانىخان ئۇنىڭ سالامىغا ئېتىبارسىز قاراپ، سۇلتان ئەلى مىرزىغا مەغرۇر بىر نەزەردە تىكىلدى. باياتىن بېرى ئۆرە تۇرۇپ قالغىنىغا رەنجىپ قاپىقى ساڭگىلاپ كەتكەن سۇلتان ئەلى مىرزا بۇ تىكىلىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، بېشىنى ئېگىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كەمىنە سۇلتان ئەلى مىرزىدىن خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

شەيبانىخان رازىمەنلىك بىلەن چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغۋار قىياپەتتە تۇتۇپ، — پېشىنىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغاچقا خانزادىنى ساقلىتىپ قويدۇم. بەندىنىڭ ئىقتىداسىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاللاھقا ئىقتىدا قىلىش ئەۋزەل دېسىلە.

شەيبانىخانىنىڭ ئۆزىنى «ئالىيلىرى» دەپ ئاتىماي «خانزادە» دەپ ئاتىشىدىن، يەنە تېخى «بەندىنىڭ ئىقتىداسىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاللاھقا ئىقتىدا قىلىش ئەۋزەل» دېگەن سۆزلىرىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابخانىسى

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، دەر-دىنى ئىچىگە يۇتۇپ «شۇنداق ئالىيلىرى» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ــ خانزادىنى ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانىنىڭ سايىسىگە باشلاڭلار، ــ دېدى شەيبانىخان.

پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالغان شىغاۋۇل بېگى[①] پايپاسلاپ كېلىپ سۇلتان ئەلى مىرزىنى تۆمۈر سۇلتانىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا باشلىدى.

شەيبانىخانىنىڭ ئۆزىگە ئادەتتىكى بىر ئەمىر تەرىقىسىدە مۇ-ئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن سۇلتان ئەلى مىرزا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئىلاجسىز كۆرسەتكەن جايغا بې-رىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇنغا بولسا پە-گاھتىن ئورۇن تەگدى.

ــ ۋالىدەلىرى بىللە كەلمىدىمۇ خانزادە؟

سۇلتان ئەلى مىرزا يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك تولغان-دى.

«نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ مۇنۇ ياۋايى، تېخى ئۇنىڭ ئالدىغا ئا-نام چىقىشى كېرەكمىدى؟ ئانام ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچىمۇ ياكى ئۇ ئانامنى نىكاھىغا ئالماقچىمۇ؟ نېمانداق قاملاشمىغان سوئال بۇ؟...»

ــ ۋالىدەم ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە مېنى ئەۋەتتى، ــ دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا سىلىقراق قىلىپ.

شەيبانىخان بۇ جاۋابقا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەي، يەنە سورىدى:

ــ ئىشان پىرلىرى خوجا يەھيانىڭ سەمەرقەنتنى بابۇرغا تاپشۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلىرى باردۇر؟

ــ خەۋىرىمىز بار. ئەمما ئىشان پىرىمىزنىڭ بۇنداق نىيەت-كە كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى سوراشتىن ئەيمەندۇق، ــ سۇلتان

① شىغاۋۇل بېگى ــ مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل بەگ.

ئەلى مىرزا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، ـــ بىراق، پىرىمىزغا كۆمەكلەشكەن ئاسىيلارنى تۇتۇپ قاماتتىم.

ـــ ئوبدان قىلىپتىلا، ـــ دېدى شەيبانىخان ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ داۋام قىلدى، ـــ ئۆزىنى تەرىقەت پېشۋاسى دەپ يۈرگەن پىربۇزرۇكمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟ ئۆزىگە چىن ئىخلاس ـ ئەقىدىسى بىلەن قول بەرگەن مۇرىتنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەئەر ـ رۇز قىلىشنى، تەخت ـ سەلتەنەتكە ساتقىنلىق قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلسە ـ ھە؟!

سۇلتان ئەلى مىرزا خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سال ـ دى.

ـــ بەرھەق، ئىمامى زامان، خەلىپەئى رەھمان خانىمىز مۇ ـ قەددەس دىنىمىز ئىسلامنىڭ ھەقىقىي قوغدىغۇچىسى، ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتلىرى شەرىئەت ئەھكاملىرى ـ نىڭ قىلچىلىك سىرتىدا ئەمەستۇر، ـــ دېدى شەيبانىخاننىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلام مەۋلانە ئابدۇرەھىم ئاۋازىغا ۋەزمىن تۈس بېرىپ، ـــ خانىمىزنىڭ بول نۆۋەت سەمەرقەنتكە قەدەم ئالماقنى نىيەت قىلىشىمۇ، ئۆزىنى دىن پېشۋاسى دەۋېلىپ، شەرىئەتنى پايخان قىلغان بۇزۇقلارنى جازالاش، ئالدانغان، قايمۇق ـ قان رەئىيەتنى ئىمان ـ ئىنسابقا دەۋەت قىلىش. سەمەرقەنتلىك ـ لەرنىڭ خېلىدىن بېرى دىنىي ئېتىقادى سۇسلاپ، بۇزۇقچىلىقلار ـ نىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار. بول شەھەردە پاك، شەرەپلىك دىنىمىز گۇناھى كەبىر ھېسابلىغان بەچچىۋازلىق شۇنچىلىك يامرىغانكى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بارلىق بەگ ـ سى ـ پاھلار چۆھرە ساقلاشنى ھۈنەر، چۆھرە ئىشلەتمەسلىكنى ئەيىب نۇقسان ھېسابلاشقان. ئاڭلىشىمىزچە، بول پاسىقلىق ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەپتۇدەك. مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن بەگلەرنىڭمۇ بىر ـ دىن ـ ئىككىگىچە چۆھرىسى بار ئىمىش. ھېلىقى تەرىقەت پېشۋاسى بولمىش خوجا يەھيا بولسا بول گۇناھنى كۆرۈپ تۇرۇپ زىنھار توسۇش، چەكلەش تەرەددۇتنى قىلمىغان.

www.uyghurkitap.com

ــ سەمەرقەنت ئېتىقادلىق، پاك شەھەر ئىدى. ئەپسۇس، ئا-خىر بۇلغىنىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ــ دېدى شەيبانىخان ئېچىنغان ھالدا. ھەئە، ئۇ ئىشان خوجا يەھيانىڭ بابۇر بىلەن بىرلىشۋالغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، قەستەن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىۋاتاتتى.

شەيبانىخاننىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئەمىر ـ سەركەردىلىرى گۇرۇلدەپ كەتتى:

ــ ئۆلتۈرۈش كېرەك ئۇنداق ئىشاننى!

ــ دارغا ئېسىش كېرەك!

ــ ياق، كۆتىگە نوغۇچ تىقىش كېرەك!

ــ قايىنىغان ياغنى قۇيۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك!

سۇلتان ئەلى مىرزىنى قايتىدىن قارا تەر باستى. شۇ تاپتا تۇشمۇتۇشتىن كۆتۈرۈلگەن بۇ سادالار پىر ئۇستازى خوجا يەھيا ئىشانغا ئەمەس، ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئول-تۇرالمايلا قالغانىدى. دېمىسىمۇ مەرھۇم دادىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ بەچچىۋازلىقىنى ھېرىسمەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇمۇ چۆھرە ساقلاپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرگەنىدى.

سەمەرقەنتكە كىرگەندىن كېيىن، مۇشۇ ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىشنى ئالىلىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان شەيبانىخان تۇنجى پەشۋانى چاندۇرماي سۇلتان ئە-لى مىرزىغا ئاتقانىدى.

ــ ھەممە گۇناھ خوجا يەھيا ئىشان دېگەن ئىمانسىزدا، ــ دېدى ئۇ ۋەھىمىگە چۈشكەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولغاندەك كەڭ قورساقلىق بىلەن سۆزلەپ، ــ ناۋادا ئول ئىشان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى توغرا تەبلىغ قىلىپ، توغرا يولنى كۆرسەتكەن بولسىدى، مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالىيلىرىمۇ بول ئېغىر گۇناھتىن قول ئۈزگەن، ئەمىر ـ سىپاھلىرىنىمۇ توسقان بولاتتى.

سۇلتان ئەلى مىرزا بىر قېتىم ئۇھ تارتىۋالدى.

شەيبانىخان ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

ــ شول تاپتا ئـول ئىشان خـانزادىدىن يـۈز ئۆرۈپ، بابۇرغـا خوجا ۋەسىيلىك قىلىپ ياشاش ئارزۇسىدا بىزنىڭ ئەمەس، بابۇر ـ نىڭ يولىغا تەلمۈرمەكتە. ئەمما، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىز سەمەرقەنت بوسۇغىسىغا ئۇنىڭدىن ئاۋۋال يېتىپ كەل ـ دۇق.

سۇلتان ئەلى مىرزا شەيبانىخاننىڭ: «ئەمدى گەپ سەندە قالدى» دېگەننى قىلىپ تىكىلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ سەمەرقەنت تەختىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قەدەم بۇيرۇغىنىغا مىڭ مەرتىبە ھەش ـ قاللا. شول تاپتا سەمەرقەنت يوللىرىغا ئىنتىزاردۇر.

ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلمۇۋېتىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى شۇ تاپتا شەيبانىخاننىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنى پەقەت ئانىسى زۆھرە بېگىم ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلگەنىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۈنسىز ىىدا قىلدى:

«ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر خورلۇق! بۇنىڭدىن قۇتۇ ـ لۇشقا ئامال بارمىدۇر؟...»

ــ تولا ئوبدان، ــ دېدى شەيبانىخان رازىمەنلىك بىلەن، ــ ئۇنداقتا بىز سەمەرقەنتنى كۆپ ئىنتىزار قىلمايلى. جانابى سەر ـ كەردىلەر ئۆز قارارگاھلىرىڭلارغا بېرىپ تەييارلىق كۆرۈڭلار، ھا ـ زىرلا شەھەرگە كىرىمىز.

ــ مەن بېرىپ ۋالىدەمنى خەۋەرلەندۇرەي، ــ دېدى قېچىش ـ قا باھانە ئىزدەۋاتقان سۇلتان ئەلى مىرزا بارلىق غۇرۇرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ.

ــ بۇ ئىشقا سىلى جوۋۇمىسىلا خانزادەم، ــ دېدى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قالغان ھىيلىگەر شەيبانىخان چىرايىغا مەسخىرىلىك كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ ئورۇنلىرىدا ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن بېرىپ خەۋەر يەتكۈزسۇن. بىز شەھەرگە بىللە

uyghurkitap.com

كىرەيلى.

سۇلتان ئەلى مىرزا ئامالسىز بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ــ ئۇنداق بولسا كەمىنىلىرى ماڭغاچ تۇراي، ــ دېدى ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ سىلىنى تولا يول ماڭدۇرۇپ جاپادا قويدۇق، ــ دېدى شەيبانىخان.

ــ يوقسۇ، ئالىيلىرى ئۈچۈن تارتقان جاپانى راھەت دەپ بىلىمىز.

شەيبانىخان بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ يۈرۈپ پىلانلىغان سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشقان ئەبۇ يۈسۈپ ئارغۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەيبانىخاندىن ئالىدىغان ئىنئاملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى.

شەيبانىخان سۇلتان ئەلى مىرزىنى يول باشلىتىپ سەمەرقەنت شەھىرىگە قارشىلىقسىزلا دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلدى.

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ شەيبانىخاننىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان خوجا يەھيا ئىشان بولسا، بېشىغا كېلىدىغان خەۋپنى ئالدىن مۆلچەرلەپ قېچىش ئۈچۈن يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىۋاتاتتى. ئۇ شەيبانىخان لەشكەرلىرىنىڭ چارزەھ دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەرگە پەرەز قىلغىنىدىنمۇ تېز كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، خوتۇن ـ بالا، مال ـ دۇنيالىرىنى تاشلاپ، جېنىنى قۇتقۇزۇش كويىغا چۈشتى ـ دە، ساقىلىنى قىرىپ تاشلاپ ئاياللارچە كىيىنىپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتقىنىچە شەيخزادە دەرۋازىسى تەرەپكە يۈگۈردى. ھەئە، شەيبانىخان ئاللىقاچان شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىسىغا لەشكەر ماڭدۇرۇپ بولغانىدى. ئىشان خوجا يەھيا دەرۋازىدىن چىقار ـ چىقمايلا تۇتۇلۇپ قالدى ۋە ھايال ئۆتمەيلا شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى.

ــ بۇ نېمە قىلىق ئىشان ھەزرەتلىرى؟ بىر مۇسۇلمان ئەركەك ئۈچۈن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى تامامى قىرىپ تاشلاپ، خاتۇن

كىشىنىڭ سىياقىدا ياسىنىش شەرئەتتە راۋامۇ؟ ــ سورىدى شەيبانىخان ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك قاراپ.

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان خوجا يەھيا گەدىنىگىچە قىزىرىپ جاۋاب بەردى:

ــ راۋا ياكى راۋا ئەمەسلىكى ئۆزلىرىگە مەلۇم ئالىيلىرى. ئەمما شۇنى بىلدىمكى، خۇدا ياندۇرغان شامنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن پۈۋلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ساقىلىنى كۆيدۈرۈۋالىدىكەن.

گەرچە خوجا يەھيا ئىشان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش تەمەسىدە شەيبانىخاننى خۇدا ياندۇرغان شامغا ئوخشاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي جاۋابى شەيبانىخانغا قىلچىلىك تەسىر قىلمىدى. ئەمما، ئۇنى سەمەرقەنت خەلقى ئالدىدا ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالماي خوجا مۇھەممەد زىكرىيا، خوجا باقى ئاتلىق ئىككى ئوغلى بىلەن پالىغان ھېسابىتا خۇراسان تەرەپكە يولغا سالغان بولۇپ، ئارقىسىدىن ئىشەنچلىك كاللا كېسەرلىرىنى ئەۋەتىپ، ئوغۇللىرى بىلەن قوشۇپ يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى.

بىر پارچە مۇھەببەت مەكتۇپىغا ئالدانغان خانىش زۆھرە بېگىم بولسا شەيبانىخاننىڭ نىكاھىغا ئۆتۈش تۇگۇل، ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالماي، پۇشايمان ئىلكىدە ھەسرەت بىلەن بارماق چىشلىدى. ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزىنى بولسا شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان «قېچىشقا ئۇرۇندى» دېگەن باھانە بىلەن قولبە ئوتلىقىدا كاللىسىنى ئالدى.



ھىسار ۋىلايىتىگە تەۋە چىلتۇ ئوتلىقىدىن ئەسكەن سەھەرنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى تولىمۇ راھەتلىك ئىدى. بامدات نامىزىنى

ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، بابۇر بىكاۋۇل بەگكە ناشتىلىق داستىخاننى شاھ چېدىرىنىڭ سىرتىدىكى چىملىقتا سېلىشنى بۇيرۇغان بابۇرنىڭ ناشتىغا ئىشتىھاسى يوق ئىدى. ھەئە، شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان بابۇر ئىتتىپاقچىسى مۇھەممەد مەزىد تارخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال كېشكە چېكىنگەنىدى. كېيىن بۇ يەردە تۇرۇشنىمۇ لايىق كۆرمەي، خۇسرەۋ شاھ بىلەن بىرلىشىپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش مەقسىتىدە ھىسارغا قاراپ يولغا چىققانىدى.

قوي مېيى، سۈت ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان سەپەر توقىچىدىن بىر بۇردا ئۇشتۇپ ئاغزىغا سالغان بابۇر ئىككى تال ئۆرۈك مېغىزىنى قوشۇپ چايناپلا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ئاغزىنى بەتتام قىلىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ «ئاغزىغا سالغان تائامنى تۆكۈرۈۋەتسە يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن چالا چايناپ يۇتۇۋەتتى ۋە جانان چىنىدىكى قايماقلىرى بىر ئىلىك لەيلەپ تۇرغان ئەتكەن چايدىن ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ ئاغزىدىكى بەتتامنى باستى.

«ئون تال تاتلىق مېغىز بىر تال ئاچچىق مېغىزغا تەڭلەشەلمىگىنىنى قىزىق. مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىممۇ شۇ. خۇددى ئاچچىق مېغىز چاينىۋالغاندەكلا. ئامال قانچە، چايناپ يۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭ بەتتامىنى مۇشۇنداق ئەتكەن چاي ياكى باشقا نەرسە بىلەن بېسىش كېرەك. ئەمما، ئاچچىق مېغىزنى چايناپ سېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئېنىقكى، مەن ئۇچۇن ئالدىغا ياردەم سوراپ بارماقچى بولغان خۇسرەۋ شاھ ئاچچىق مېغىز ۋە بەلكىم زەھەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ بېرىشتىن ئىلگىرى نېمىشقا خانزادە مەسئۇد مىرزا بىلەن خانزادە بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ پاجىئەسىنى ئېسىمگە ئالمىدىم؟ ئۇ ئاشۇ خانزادىلەرنىڭ ئاتالىقى، ئۇستازى ئەمەسمىدى؟ تەپ تارتماستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، قەستلىگەن تۇرسا، ماڭا قانچىلىك ۋاپا قىلار؟ نا-

مەرد، مۇناپىقتىن مەدەت تىلەش ــ بىچارىلىك، توخۇ يۈرەكلىكقۇ ئاخىر!...»

ــ كەچۈرگەيلا پادىشاھ ئالىيلىرى.

ئۇ گادىرماچ خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىكاۋۇل بەگكە قارىدى:

ــ خوش؟

ــ مۇھەممەد مەزىد تارخان جانابلىرى ھۇزۇرلىرىغا سالامغا كەلمەكچى.

ــ مەرھەمەت قىلسۇن.

قاشانىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان مۇھەممەد مەزىد تارخان ھايال ئۆتمەيلا كىرىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويىلىرى ئېسەنمىكىن؟

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ بابۇر بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ سورىدى، ــ كېچىدىن ئوبدان ئارام ئېلىپتىلامۇ تارخان جانابلىرى؟ قېنى كەلسىلە، بىللە ناشتا قىلايلى.

خىزمەتكارلار مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئەتكەن چاي كەلتۈردى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى تېخىچە قوزغالمىغاچقا نۆكەرلىرىمىز چېدىر ـ بارگاھلىرىمىزنى چۇۋۇشقا پېتىنالمىدى، ــ دېدى مۇھەممەد مەزىد تارخان مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ، ــ بۈگۈنچە چىلتۇ يايلىقىدا ئارام ئېلىۋېلىپ، ھىسارغا ئەتە جۆنەمدۇق ـ يا؟

ــ ھىسارغا بېرىشتىن يالتايدىم، ــ دېدى بابۇر كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا بىلدۈرۈپ، ــ سىلى بېرىشنى ئىختىيار قىلغان بولسىلا خىجالەت تارتمىغايلا. ئول خۇسرەۋ شاھنىڭ داستىخىنىدا ھازىرچە مېنىڭ رىزقىم يوق ئوخشايدۇ.

بابۇر كېشتىن قوزغىلىش ئالدىدا ھىسارغا بېرىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ خۇسرەۋ شاھقا چاپارمەن ماڭدۇرغانىدى، چاپارمەن تۈنۈگۈن كەچ خۇسرەۋ شاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەلچى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇچراشتى. خۇسرەۋ شاھ بابۇرنى تۈركىي تىلدا ئاز تېپىلىدىغان چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەپ ھىسارغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ھىساردەك كىچىككىنە شەھەرنىڭ بابۇردەك كاتتا ھۆكۈمدارغا لايىق كەلمەسلىكىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ھەمدە بابۇرنىڭ سوۋغىسىغا جاۋابەن توققۇز ئات، توققۇز ياقلىق تون ئەۋەتكەندى. خۇسرەۋ شاھنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، ئەۋەتكەن سوۋغىسىغا شۇنداقلا نەزەر تاشلىغان بابۇرنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ ھىسارغا بېرىش ئويىدىن يانغانلىقى مۇھەممەد مەزىد تارخانغا ئايان بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىنى بىرنەچچە كۈن سىر تۇتۇپ، ئاشۇ باھانىدە سەمەرقەنت خەزىنىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى شەخسىي خەزىنىسىگە يۆتكەپ ئۈلگۈرگەن، مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەتراپتا داڭقى بار خۇسرەۋ شاھنىڭ ئەۋەتكەن بۇ سوۋغىسىنىڭ ئەلۋەتتە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى ھەمدە بابۇرنىڭ شاھلىق مەرتىۋىسىگىمۇ لايىق كەلمەيتتى.

— تۇنۇگۈنكى پىشكەشلىرىنى كۆرۈپ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياسى بار خۇسرەۋ شاھنىڭ قىلغان پىخسىقلىقىدىن كەمىنىلىرىمۇ تاڭ قالدى، — دېدى مۇھەممەد مەزىد تارخان ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆزلەپ، — ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا مەردلىك بىلەن نامەردلىك، ساخاۋەت بىلەن خەسىسلىك تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بىردە مەردلىك، ساخاۋەت تۇيغۇسى ئۈستۈن تۇرسا، بىردە نامەردلىك، خەسىسلىك تۇيغۇلىرى كۆڭۈل تەختىگە ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ. بەلكىم شۇ چاغدا خۇسرەۋ شاھنىڭ ۋۇجۇدىغا نامەردلىك، خەسىسلىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان چېغى. كۆز ئالدىمىزدىكى بۈيۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن بول ئىشلارنى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈۋەتكەيلا.

ئويچانلىق بىلەن ئولتۇرغان بابۇر مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى:

— تارخان بەگ جانابلىرى زىنھار خاتا چۈشىنىپ قالمىغايلا، — دېدى ئۇ مۇددىئاسىنى بىلىپ قالغان مۇھەممەد مەزىد

تارخاننىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ـــ سوۋغا ـ پىشكەشلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى كۆڭۈل. ئۇنىڭ مەكتۇپىنى سىلىمۇ كۆردىلە. «ھىساردەك كىچىككىنە شەھەر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەۋكىتىگە ماس كەلمەسلىكىدىن ۋايىم يەيمەن» دېگىنى نېمىسى؟ بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا مېنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنى بولماي نېمە؟ ئاقىلغا ئىشارە، نادانغا جۇۋالدۇرۇز دەپتىكەن. گەرچە زامانىسىنىڭ ئاقىللىرىدىن بولمىسامىمۇ، بۇنچىلىك ئىشارىنى بىلگۈچىلىكىم بار.

بابۇرنى ھىسارغا دەۋەت قىلىشقا سەۋەب تاپالمىغان مۇھەممەد مەزىد تارخان ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ چىققان مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ بابۇرغا ئەگىشىپ، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈشكە رايى يوق ئىدى.

ـــ خۇسرەۋ شاھقا مەندىن سالام ئېيتىسىلا، ـــ دېدى بابۇر مۇھەممەد مەزىد تارخاننى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ـــ مەنمۇ باشقىچىرەك يول تۇتارمەن.

ـــ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا كۆپ خىجىلمەن، ـــ دېدى مۇھەممەد مەزىد تارخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ خىزمەتلىرىدە بولۇشقا ئاللاھ ئىگەم بۇيرۇمىغان ئوخشايدۇ؛ سالامەتلىكلىرىنى كۆپ ئاسرىغايلا؛ مۇرادلىرى تېزرەك ھاسىل بولغاي؛ كەمىنىلىرىگىمۇ ئول خۇسرەۋ شاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىشقا ھاجەت قالمىدى، ئاق يوللۇق بولالىسام، ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىلىپ كېلۈرمەن. تەقدىر ـ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولسا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

مۇھەممەد مەزىد تارخان كېتىپ ئەتىسى بابۇرنىڭ شىرئەلى بەگ، قۇچبەگ قاتارلىق سەركەردىلىرى خۇسرەۋ شاھنى پاناھ تارتىپ ھىسارغا كەتتى. ئۇ كېشكە مېڭىشنىڭ ئالدىدا سەمەرقەنتنى پات يېقىندا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن پەرغانىگە قايتۇرۇۋەتكەـ

www.uyghurkitap.com

نىدى. ئەلۋەتتە، ئاكا ـ ئۇكىلار بىر يەردە تۇرۇۋالسا پەرغانە سەل. تەنەتتى باشپاناھسىز قالاتتى. جاھانگىر مىرزىنى يېنىدا تۇرغۇ. زۇۋالغىنى بىلەنمۇ كۆپ ياردىمى تەگمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بابۇرنىڭ يېنىدا قاسىمبەگ قاۋچىن قاتار. لىق ئون نەچچە ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىسى بىلەن نويان كۆكەلداش قاتارلىق ئىككى يۈز قىرىق نۆكىرىلا قالدى. ھەتتە، مۇھەممەد مەزىد تارخان كەتكەن كۈنى مىرزا ئابدۇلۋەھاپ موغۇل ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ بابۇرنىڭ يېنىدا قېلىپ قالغانىدى. بۇ سەركەردىسىنىڭ كۆرسەتكەن ساداقىتى بابۇرغا ئاز ـ تولا تەسەللى بولدى.

بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى. چۈن. كى، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ نە بارار، نە تۇرار يېرىنىڭ قارارى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان سۆيۈملۈك ئاستانىسى ئەن. دىجان بولسا يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداقلا قايتىپ كېتىشكە يۈزى چىدىمايتتى، يىگىتلىك غۇرۇرى يول قويمايتتى. ئۆرەتۆپى. دىكى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ قېشىدا قېلىپ قالغان ئىككى مومىسى، ئانىسى، ئايالى ئۇنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كۈتۈپ كېچە ـ كۈندۈز يولغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

«ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ئىلكىمدە تۈزۈك سەركەردە ـ لەشكەرلىرىممۇ قالمىدى. تاشكەنتتىكى تاغام سۇلتان مەھمۇد خاندىن ياردەم سورىشىم مۇمكىن ئەمەس. شەيبانىخان ئۇنىڭ سەركەردىسى. لەشكەر بېرىپ تۇر، سەركەردەڭ بىلەن جەڭ قىلىپ سەمەرقەنتنى تارتىۋالاي دېيىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. خان تاغام سەمەرقەنتنى ئېلىش مۇرادىغا ئاخىر يەتتى. كىم بىلىدۇ، سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈۋاتامدۇ تېخى. قاراتىگىت ۋىلايىتىدىن ئۆتۈپ تۇرپاندىكى كىچىك خان تا. غام ئالاچەخاننىڭ قېشىغا بارايمىكىن ـ يا؟ ئۇنىڭ بىلەن ھازىر. غىچە دىدارلىشىپ باقمىدىم. ئۇنى بەكمۇ پاراسەتلىك، باھادىر، غە. يۇر كىشى دېيىشىدىغان. ئۇنىڭدىن لەشكىرىي ياردەم ئېلىشىم تا.

مامەن مۇمكىن. لېكىن ئارىلىق يىراق، يول خەتەرلىك... ئەجەبا،
ئول تاغىلىرىمىنىڭ ياردىمىسىزمۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىـ-
قىرالماسمەنمۇ؟ شۇ تاپتا شەيبانىخاندىن قورقۇۋاتامدىمەن ياكى
نۆكەرلىرىمنىڭ ئازلىقىدىن ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويۇۋاتامدىمەن
ۋە ياكى بىرەر يۇرتنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ ياردىمىگە زىيادە
ئۈمىد باغلاپ قېلىۋاتامدىمەن؟ ئۇيات قىل بابۇر! بۇنداق توخۇ يۈ-
رەكلىك ساڭا ياراشمايدۇ. ھېلىمۇ خانىدانىڭغا كۆپ ئادالەتسىز-
لىكلەرنى قىلغان، ئىككى نەۋرە قېرىندىشىڭنىڭ جېنىغا زامىن
بولغان مۇناپىق خۇسرەۋ شاھتىن ئۈمىد كۈتۈشتىن، ئۇنىڭغا تا-
يىنىشتىن نومۇس قىلمىدىڭ. ھېلىمۇ ياخشى، ۋاقتىدا ھوشۇڭنى
تېپىۋالدىڭ. خۇسرەۋ شاھ سېنى قانچىلىك كۆزگە ئىلدى؟ ئاتىسى
سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادىن قېچىپ كەلگەن بەدىئۇززامان مىرزى-
غا كۆرسەتكەنچىلىكمۇ بولسا ھىممەت كۆرسەتمىدىغۇ؟ بۇپتۇ، بە-
دىئۇززامان مىرزىدەك ئۆز تەڭدىشىمنى دېمەيلا قوياي، ھەتتا دەر-
گاھىمدىن ھەيدەلگەن ئۇزۇن ھەسەن، باقى تارخان قاتارلىق نۆ-
كەرلىرىمگە قىلغان ئادەمگەرچىلىكنى ماڭا قىلمىدى. مېنى ئاشۇ
نۆكەرلىرىمچىلىكمۇ كۆرمىدى، كۆزگە ئىلمىدى. باشقا ئېغىر كۈن
كەلگەندە ھېلىغۇ خۇسرەۋ شاھتەك چاكىنىلاركەن، ھەتتا ساخا-
ۋەتلىكى بىلەن داڭ چىقارغان نى ـ نى زەردار ـ تۆرىلەرمۇ خە-
سىس بولۇپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ...

ئازابلىق تۇيغۇلارغا ئەسىر بولغان بابۇر ئاللىقانداق بىر
ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە كاللىسىدا پاللىدە چاقنىغان تۆۋەندىكى
مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

كىم كۆرۈپتۇ ئەي كۆڭۈل ئەھلى جاھاندا ياخشىلىق،
كىمكى ئاندىن ياخشى يوق، كۆز تۇتما ئاندىن ياخشىلىق.

بۇ ئىككى مىسرا بېيىتنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇغان بابۇر
بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك ھاياجانلاندى.

uyghurkitap.com

«... شۇنداق، ياخشىلىق، ھەممەتنى بىر ئاللاھتىن كۈتەي. پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن مەدەتلا مەڭگۈلۈك. بەندىنىڭ مەدىتى بىردەملىك، رەقىبلىرىم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ كۆرۈپ قويسۇن. سەمەرقەنتنى ئۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ ئالالامدىمەن يوق؟!...»

※ ※ ※

تاشكەنت.

خۇشاللىقتىن ھاياجانلانغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندى. ئۇ ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەن بەستىنى تەختنىڭ ئالتۇن قۇببىسىگە يۆلەپ ئۇلۇغۋار قىياپەتتە تەمكىن ئولتۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، باياتىن بېرى ئەمىرلەرنىڭ: «سەمەرقەنت تەختى مۇبارەك» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئېيتقان ھەمدۇسانا، خۇشامەت سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە ھېلىدىن ـ ھېلىغا جاراڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغاندى. قورىبى يەتسە كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سەمەرقەنتتە پەيدا بولۇپ، كۆكسارايدىكى ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرسا، بۇخارا شارابىدىن ئىچىپ، سەمەرقەنت گۈزەللىرىنىڭ قانغۇچە پەيزىنى سۈرسە...

«بابائى بۇزرۇك تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىدىن كېيىن، بىزنىڭ خانىداندا سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغانىدى، مانا ئاخىر ماڭا نېسىپ بولىدىغان بولدى. بەلكىم پات يېقىندا ھىرات، باغداد تەختىدىمۇ ئولتۇرۇشۇم مۇمكىن. ھە، بەلكىم ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئەللەرنىڭ تەختىمۇ كېلىپ ئولتۇرۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ...»

شۇنداق، تاشكەنت ئوردىسى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتنى ئالغانلىق غەلىبە خەۋىرى بىلەن بۇگۈن باشقىچە قىزىپ، جانلىنىپ كەتكەندى. گەرچە شەيبانىخاندىن ئوردىغا رەس-

مى مەلۇمات كەلمىگەن بولسىمۇ، سەمەرقەنتنىڭ ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئالىلىقاچان يېتىپ كەلگەنىدى. ئەھمەدبەگ تەلبە، نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، ئەييۇپ بەگچەك... قاتارلىق ئەمىرلەر بىر تەرەپتىن سۇلتان مەھمۇدخاننى سەمەرقەنت تەختى ئۈچۈن مۇبارەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەيبانىخاننىڭ باھادىرلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، مۇشۇ باھانىدە ئۇنى سەمەرقەنتكە يۇرۇش قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ كۆرسەتكەن ئەقلىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئارقىلىق بۇ غەلىبىدە ئۆزلىرىنىڭمۇ نېسىۋىسى، تۆھپىسى بارلىقىنى پەش قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت سەييىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەرلا بۇ ھاياجانلىق كەيپىياتتىن مۇستەسنا ئىدى.

ــ بۇ شەرەپلىك سەمەرقەنت غەلىبىسىنى تەبرىكلەش كېرەك قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىم، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىغىنىچە، ــ پەرمان بەرسىلە، شەھەردىكى رەئىيەت بۇگۈن بايرام قىلسۇن، ناغرا ـ سۇناي چېلىپ ساما سالسۇن، كەمىنە قۇللىرى لاياقىتىم بولمىسىمۇ سەمەرقەنت تەختىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىغەمدا ئاددىيغىنە داستىخان ھازىرلاي.

خۇشاللىقتىن شاراب خۇمارى تۇتۇپ، گېلى قىچىشىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ تەكلىپ ئۇسسىغاندا دوغاپ ئىچكەندەك ياقتى.

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى ئۇ ۋە پەرمان چۈشۈردى:

ــ پەرمان! شەھەرنىڭ ھەرقايسى چارسۇ، بەندىگاھ، مەسچىت، خانىقا ئالدىلىرىدا ناغرا چېلىنغاي! داش ئېسىلىپ، پولۇ دۇملىنىپ، رەئىيەتكە ئاش تارتىلغاي!

ــ ھىممەتلىرىگە تەشەككۇر ئالىيلىرى، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە، ئاندىن باشقا ئەمىرلەرگە نەزەرىنى ئاغدۇردى، ــ ھەربىرلىرىنىڭ غېرىبانە كۇلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، غورىگىل

www.uygurkitap.com

داستىخىنىمغا داخىل بولۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەگىشىپ، ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ خان ئوردىسىدىن قېلىشمىغۇدەك ھەشەمەتلىك قەسىرىگە قاراپ مېڭىشتى.

سۇلتان مەھمۇدخان سەمەرقەنتكە بېرىپ تەختتە ئولتۇرسا، تاشكەنت چوڭ خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەگە قالىدىغانلىقىنى، ئۆزى ئۇنىڭ بەگ ئەتكەسى بولىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا تاشكەنتتە قېلىپ، خانزادىنىڭ ھۆكۈمەت تۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە دىتلاپ بولغان ئەھمەدبەگ تەلبە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە قاتارلىق خانزادىلەرگە بىرقانچە ئەمىرزادىلەرنى قوشۇپ چىللاپ، ئۇلارغا خانغا تەييارلىغان سورۇننىڭ يېنىدىن ئايرىم سورۇن ھازىرلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

«سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى سەمەرقەنتكە كەتسە، تاشكەنت نامدا چوڭ خانزادىگە، ئەمەلىيەتتە ماڭا قالىدۇ. ئۇل چاغدا بابۇرنىڭ قەھرىدىن قورقۇپ پەرغانە تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەن ئىنىم ئەھمەد تەنبەلگە خالىغانچە باشپاناھ بولالايمەن. تېخى چوڭ خانزادىنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىپ، خان تىكلەش ئىشىنى روياپقا چىقىرىشقىمۇ پۇرسەت تۇغۇلىدۇ...»

ئەھمەدبەگ تەلبە بۇ خىيالدىن چۆچۈپ سورۇندىكىلەرگە خۇدۇكسىرەپ قاراپ قويدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىلقاچان شاراب ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. باشقا ئەمىرلەر سەندىن مەن قالارمەنمۇ دېگەننى قىلىپ يېگىدىن ـ يېڭى مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرۇشاتتى.

ئەھمەدبەگ تەلبە سۇلتان مەھمۇدخاننى يەنە بىر قېتىم داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، غىپپىدە خانزادىلەرنىڭ سورۇنىغا كەلدى ۋە قايسى بىر ئەمىرزادىنىڭ ئېتىۋاتقان لاپلىرىغا قىزىقىپ ئولتۇرغان خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

ـــ خان ئالىيلىرىنى سەمەرقەنت تەختى ئۈچۈن مۇبارەكلەپ قويىمادىلا خانزادەم.

ـــ ئۇنتۇغاقلىقىمنى قارىمامدىغان، بايىلا شۇنداق خىيالىم بار ئىدى.

خانزادە ئەھمەدبەگ تەلبە بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يې-نىغا كەلدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جانابى ئەمىرلەر.

سۇلتان مەھمۇدخاندىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سالامنى ئىلىك ئالدى.

ـــ مۆھتەرەم خان ئاتامنىڭ سەلتەنەت سايىسىنىڭ شەھىرى سەمەرقەنتكە چۈشكىنىدىن تولىمۇ خۇشالمەن. شول مۇناسىۋەت بىلەن خان ئاتامنى ۋە سەلتەنەتىمىزگە كېچە - كۈندۈز ساداقەت بىلدۈرۈپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن جانابى ئەمىرلەرنى مۇبارەك-لەيمەن!

ئەمىرلەر تەڭلا جاۋاب بېرىشتى:

ـــ ئىنشائاللاھ، قۇدرەتلىك قىبلىگاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇ-زۇن، دۆلەت - سەلتەنەتى زىيادە بولغاي! چوڭ خانزادىنىڭمۇ ئۆم-رى ئۇزۇن، بەخت - ئامەتلىرى زىيادە بولغاي!

ـــ كەلسىلە ئوغلۇم.

سۇلتان مەھمۇدخان ئوغلىغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

ـــ سىلىمۇ كەلسىلە ئەمىر جانابلىرى، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ساھىپخانا ئورنىدا قول باغلاپ تۇرغان ئەھمەدبەگ تەلبەگە قاراپ، ـــ ساھىبخانالىقلىرى دادىغا يەتتى، قالدىسىنى سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بىكاۋۇللار قىلغاي، ـــ ئۇ ئوڭ يېنىدا ئار-تۇقچە پاراڭغا ئارىلاشماي ئولتۇرغان سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، پايپاسلاپ كەلگەن ئەھمەدبەگ تەلبەنى ئوغ-لىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ھەئە، ئۇنىڭ ئەھمەدبەگ تەلبەنى ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزغۇسى بولسىمۇ، شۇ دەقىقىدە دەرھال بۇ

نىيىتىدىن يانغانىدى. خاننىڭ ئۆلۈك يېنىدا ئۆلتۈرۈش تەمەسىدە تۇرغان ئەھمەدبەگ تەلبە ئىلاجسىز خانزادىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ــ مەن سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرسام، ئوغلۇم خانكە سۇلتان تاشكەنت تەختىگە نائىب بولىدۇ، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئەھمەدبەگ تەلبەگە قاراپ، ــ سىلى ھازىرغىچە خانزادىگە ئاتالىق بولۇپ تەربىيەلەپ، پەرۋىش قىلدىلا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تاشكەنتنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا خانزادىگە ھەمدەمدە بولسىلا.

شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەھمەدبەگ تەلبەگە ئۆلۈك يېنىدىن ئورۇن بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقانلىقىنى ياكى كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ــ خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ كەمىنىلىرى ئالىيلىرىغىلا ئەمەس، خانزادىگىمۇ نۆكەرمەن. نەگە چىنەپ ئاتسىلا دەل شۇ يەرگە بېرىپ تېگىشكە رىغبىتىم بار.

ــ ئەھمەدبەگ تەلبە جانابلىرى ھەقىقەتەن ۋاپا ئەھلى، ــ دېدى نىغمەت مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەھمەدبەگ تەلبەگە كۆرسەتكەن كاتتا ئىلتىپاتىدىن يۈرىكى ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىنىپ تۇرسىمۇ زورىغا ھىجىيىپ تۇرۇپ.

ــ يوقسۇ، زىيادە ماختىۋەتتىلە ئەمىر جانابلىرى، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە ھاياجىنىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا، ــ ھەربىرلىرىمۇ ساداقەت بابىنىڭ يېگانە باھادىرلىرى. بىز بۇ ۋاپا ۋە ساداقەتنى جانابى ئادالەتپاناھىمىزدىن ئۆگەنگەن.

ــ شۇنداق، ئانھەزرىتىم ۋاپا گۈلشەنىنىڭ ماكانى!

ــ ساداقەت ئاسمىنىنىڭ ئەخترى!

ــ پاراسەت گۈلىنىڭ سەرخىلى!

ــ ئادالەت ۋە جاسارەتنىڭ نامايەندىسى!

ــ پاسبانىمىز كەڭ قورساق، يىراقنى كۆرەر بولغاچقا مۇ-

ھەممەد شەيبانىخاندەك ئىستىبدات ئىگىسىنى ۋاقتىدا بايقاپ خىز-
مەتكە سالدى.
— مۇھەممەد شەيبانىخان ھەقىقەتەن سەلتەنەتىمىزنىڭ با-
ھادىر سەركەردىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى.
— بىز ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش تەلىپىنى
قوللاپ، خان ئالىيلىرىغا قايتا ـ قايتا تەۋسىيە قىلىپ ناھايىتى-
مۇ توغرا ئىش قىلغانىكەنمىز.
— گەرچە ئۇل يۈرۈشكە بىۋاستە داخىل بولالمىغان بول-
ساقمۇ...
— ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەدەت بەردۇق.
— ئۇنىڭ غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلىنىشىنى تىلەپ تۇردۇق.
— ئاخىرقى ھېسابتا سەمەرقەنت خانىمىزغا تەۋە بولدى.
— شول تاپتا كۆكساراينىڭ ئالتۇن تەختى ئادالەتپاناھىمىز-
نى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ھاياجانلىق كەيپىيات يەنە بىر ھازا داۋاملاشتى. ئەمىرلەر يېڭىدىن خۇشامەت سۆزلىرىنى تاپالمىغاندا ئاندىن جىمىشتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ تەبرىكلىشىپ شاراب ئىـ-چىشتى. ئۇلار بۇ سورۇندا ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرگەن خانزادە خانىكە سۇلتاننىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ سورۇنغا غىپپىدە كېتىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

شاراب تەسىرىدىنمۇ ياكى ماختاشلاردىنمۇ ۋە ياكى پات يې-قىندا تاشكەنتنىڭ ئالىقىنىغا ئۇچچە كىرىدىغانلىقىدىنمۇ ئەيتا-ۋۇر، قاتتىق ھاياجانلانغان ئەھمەدبەگ تەلبەگە سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئولتۇرۇشى پەقەتلا ياقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى.

«ئەجەب گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغان ئىتتەك جىمىپ كەت-تىڭغۇ ئەمىرلەشكەر. بىلىۋاتىمەن، ئىچىڭ ئاداپ كېتىۋاتىدۇ. خان ئالىيلىرى ساڭا ئەمەس، ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتىدۇ. نەچچە

ۋاقىتتىن بېرى ھە دېسىلا مۇھەممەد شەيبانىخاندىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ، گەپ يورغىلىتىپ، بىزگە ئارام بەرمىگەنىدىڭ. مانا ئەمدى تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ پات يېقىندا تاشكەنتنىڭ مېنىڭ قولۇمغا ئۆتۈشىنى قانداق قىلىپ توسسام بولىدىكىن، دەپ خىيال سۇرۇۋاتقانسەن تايىنلىق. ئەمدى ئامال يوق. بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ئېتىبارىڭ بولمايدۇ، خان ئالىيلىرى سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرسا، سېنى ئەمەس، مۇھەممەد شەيبانىخاننى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەيدۇ. تېخى كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار سېنىڭ...»

ئەھمەدبەگ تەلبە سۇرگەن خىيالدىن روھلىنىپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولدى:

ــ ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، ــ دېدى ئۇ قەستەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ــ ئەجەب جىمىپ كەتتىلىغۇ؟ شاھىمىزنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشقىلىرى كەلمەيۋاتامدۇ ـ يا؟

ــ يوقسۇ تەقسىر، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا پىتنىنى بۇزماي، ــ خانىمىزنىڭ بىر ئۇلۇش خۇشاللىقى بىزنىڭ مىڭ ئۇلۇش خۇشاللىقىمىزدۇر. ئەمما جانابلىرى ئوتتۇز ئىككى چىشىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ ھىجىيىشنى خۇشاللىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلسە كېرەك.

ــ ئەلۋەتتە، خۇشاللىق دېگەن چىراي ئىپادىسى بىلەن مەقامغا يېتىدۇ. كۈلگەن چىرايدىن دوستلۇق، مەرھەمەت گۈللىرى ياغىدۇ. مىسالەن، كەمىنىلىرىنىڭ چىرايىغا ئوخشاش. ئەمما جانابلىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ قار ـ يامغۇر ياغامدىكىن دەپ قېلىۋاتىمەن.

ئەھمەدبەگ تەلبە گېپىنى تۈگىتىپ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىگە باشقا ئەمىرلەر جور بولدى.

ــ كۈلكىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشى خۇددى تۈز سېلىپ قويغان ھالۋىدەك بىمەززەدۇر، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا تەمكىنلىك بىلەن، ــ ئەمما كەمىنىلىرىمۇ تىلىدىن ھەسەل، دى-

لىدىن زەھەر، چىرايىدىن گۈل، كۆزىدىن تىكەن تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايلارنىمۇ كۆپ كۆرگەن. شۇڭا بىراۋنى ئارتۇقچە كۆلكىگە زورلىمىسىلا.

ــ راست ئېيتىدىلا ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە داستىخاندىن بىر چاڭگال كىشمىشنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ قايسى بىر كۈنى چارسۇدىكى مەدداھنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر قوشاقنى ئاڭلىغانىدىم. ئاڭلىسىلا ئوقۇپ بېرەي:

كىشى مېنى كىشىم دېسە يانچۇقۇمدا كىشمىشىم،
كىشى مېنى كىشىم دېمەسە، كىشى بىرلە نە ئىشىم.

ئەھمەدبەگ تەلبە قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ قولىدىكى بىر چاڭگال كىشمىشنى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

ــ ناھايىتى مەناسى چوڭقۇر، پاساھەتلىك قوشاق ئىكەن، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا چىرايىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمەي، ــ كەمىنىلىرىمۇ خۇددى سىلىگە ئوخشاش چارسۇدىكى مەدداھتىن بىر قوشاق ئاڭلىۋىدىم. شۇ تاپتا سىلىگە ئوقۇپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئاڭلىسىلا:

كىشى مېنى ئاغام دېسە،
ئول مېنىڭ ئاغامچە بار.
كىشى مېنى ئاغام دېمىسە،
ئول مېنىڭ ساقامچە بار.

سۇلتان مەھمۇدخاندىن تارتىپ بارچە سورۇن ئەھلى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا غەزەپتىن بوزىرىپ كەتكەن ئەھمەدبەگ تەلبەگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، ئالدىدىكى بىر جام شارابنى قولىغا ئالدى ـ دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدخانغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلدى.

ــ مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرى. سەمەرقەنتنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتۈشى ئەلۋەتتە ھەممىمىزنىڭ شەرىپى، بايرام تەرتىپىدە قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك كاتتا ئىش. ئەمما شول تاپتا خۇشال كەيپىياتلىرىنى بۇزماقچى ئەمەسمەن، لېكىن، بىر ئىشتىن گۇمانىم بار. شۇڭا، باياتىن بېرى ئاشۇ گۇماننىڭ ئاسارىتىدە خىيالغا پەيمال بولۇپ قالدىم، بىلمىدىم، ئاڭلاشنى خالامدىلىكىن؟

ــ خوش، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان خالار ـ خالىماس تەلەپپۇزدا.

ــ ئالىيلىرىغىمۇ مەلۇم، سەركەردە شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتنى ئالغانلىق نۇسرەت خەۋىرى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگىلى بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. دەسلىپىدە مىش ـ مىش خەۋەر كەلدى. ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدۇق. ئىككى كۈندىن بېرى بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى تولۇق ئىسپاتلاندى. ئەمما، ئۇل شەيبانىخاننىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان غەلىبە مەلۇماتنامىسى تېخىچىلا كەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ قائىدە بويىچە سەركەردە شەھەرنى ئالغان ھامان خانغا مەلۇمات يوللىشى كېرەك ئىدى. ھېسابىمىزچە، ئۇنىڭ سەمەرقەنتنى ئالغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئەمما، بىز بولساق تېخىچە مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق. ئۇردا سەركەردىسى بولغان ئادەم مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا پەرۋاسىز قارارمۇ؟

ــ بەلكىم مەلۇمات ماڭدۇرغان چاپارمەن يولدا بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققاندۇر، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ، ــ سىلى سەركەردە شەيبانىخانغا ئەزەلدىن گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ كەلگەچكە، مۇشۇنداق بىر ئېھتىمال-

لىقنى نەزەرگە ئالغۇلىرى كەلمەيۋاتقاندۇ تايىنلىق.

ــ ھەرقانچە بولسىمۇ سەركەردە شەيبانىخان بىرلا چاپارمەندىن مەلۇمات ماڭغۇزماس. ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ئوردا پەرمانچىسىدىن بىر نەچچىسى بار. ھەربىر پەرمانچىنىڭ يېنىدا ئون نەچچىدىن قوروۇقچى نۆكەر بار. سەمەرقەنتنىڭ بۇ تەرىپى ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدە. ئوردا پەرمانچىسىغا يەنە قانداق كېلىشمەسلىك كېلىشى مۇمكىن؟ خوش، كېلىشمەسلىك كەلدىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا يېنىدىكى قوروۇقچىلارچۇ؟ كېلىشمەسلىك ھەممىسىگە تەڭ كەلمىگەندۇ؟

ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى.

شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدىكى بايىقى خۇشاللىقلىرى تارقاپ كەتكەن سۇلتان مەھمۇدخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى.

ــ مەلۇم بولغاي، سەمەرقەنتتىن چاپارمەن كەلدى!

يۈگۈرۈپ كەلگەن ھۆدەيچىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى ـ دە، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كۆزىگە غالىبلارچە قارىۋالدى. شۇ دەقىقىدە پەقەت سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىلا ھۆدەيچىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى دىققەت قىلغانىدى.

ــ باشلاپ كىر! ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ھايال ئۆتمەي ھۆدەيچى بەگ چاپارمەننى باشلاپ كىردى.

ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىم، گۇناھىمدىن كەچكەيلا!

چاپارمەن ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە تىزلاندى. بۇرنى ۋە بىر قۇلىقى كېسىلگەنلىكى ئۈچۈن يۈز ـ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن چاپارمەننى ئوردا ئەھلى تەستە تونۇدى. بۇ سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن ئوردا پەرمانچىسى ئىدى.

كۆڭلى بىر ئەر شۇم خەۋەرنى سەزگەن سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىراپ سورىدى:

ــ سۆزلە، نېمە ئىش بولدى؟

ــ شەيبانىخان سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلدى. سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن ئىسيان قىلىپ ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق جاكار-

uyghurkitap.com

لىدى ئالىيلىرى.

«يالغان سۆزلەۋاتىسەن بەدرەك! شەيبانىخانغا قارا چاپلاۋاتىدـ
سەن!...»

سۇلتان مەھمۇدخان ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدـ
دى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندـ
دى.

پەرمانچى بەگ قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ قوش قوللاپ ئۇزاتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ھۆدەيچى بەگ ئەكېلىپ بەرگەن خەتنى ئاستا قولىغا ئالدى. بارماقلىرى سېزىلەرلىك تىترەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ غەزىپىنى بېسىپ تۇرۇپ خەتكە نەزەر تاشلىدى. خەتـ
نى شەيبانىخان ئۆز قەلىمى بىلەن يازغانىدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*جانابى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى دەرگاھىغا يېـ
تىپ مەلۇم بولغايكى، ئاۋۋال يېگانە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ رازىلىقى، ئاندىن قالسا ئالىيلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن جاھانغا مەشھۇر نامى بەلدەئى مەھفۇز بولمىش شەھىرى سەمەرقەنتنى ئېلىكىمگە ئالدىم. شول تاپتا ئالىيلىرىنىڭ كۆكسارايدىكى ئالتۇن تەختنى كىچە ـ كۈندۈز چۈشەپ، تەـ
مە قارىنىنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ئەمما، شۇنىسى سەمىلىرىگە ئايدىڭ بولسۇنكى، سىلى خان ـ سۇلتان ئەۋلادى بولسىلا مەنمۇ خان ـ سۇلتان ئەۋلادىدىنـ
دۇرمەن. بۈزرۈكۋار بابام سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان ئالىيلىرى ئۆز زامانىسىدا بىپايان دەشتى قىپچاق دالىسىغا يېگانە ھۆـ
كۈمران بولۇپ، ئەتراپىكى خان ـ سۇلتانلارغا ھامىيلىق قىلىپ كەلگەن. شول قاتاردا ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە پەرغانە ھۆكۈمدارى بولمىش سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىمۇ جانابى بابائى بۈزرۈككە ئۇلپان تاپشۇرۇپ سەلتەنەتىنى*

ساقلاپ قالغان. دەشتى قىپچاقتىن سەمەرقەنتكە كەلگەن ئۆزبېك باھادىرلىرىنىڭ جاسارىتى تىللاردا داستان بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە كېرەي ۋە جانىبېك قاتارلىق قازاق سۇلتانلىرىنىڭ ئىسيان قىلىشى بىلەن خاندانىمىز ۋەيران بولدى. ئاتىلىرى سۇلتان يۇنۇسخان تاغام بۇرج ئوغلانىنى قارا توقايدا قەتلى قىلدى. بىز كەبى خانزادىلەر سىلەردەك نەدىكى بىر كەلگۈندى خان ـ سۇلتانلارغا نۆكەر بولۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ھېلىمۇ قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ تۈگىمەس ئىنايىتى، پېشانىمىزگە پۈتكەن تەخت ـ سەلتەنەتنى بار ئىد-كەن. ئاخىر سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەرنى قولىمىزغا ئې-لىشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

گەپنى ئوچۇق قىلىپ قويايكى، سەمەرقەنت تەختىگا-ھىدا سىلىنىڭ قىلچىلىك ھەققىلىرى يوق، ئۇنىڭ سۇل-تانلىقىنى ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەنىكەن. ئەمدى ئۇنى مەندىن ھېچكىم سويۇپ ئېلىش خىيالىدا بول-مىغاي. ناۋادا بۇنىڭغا قايىل بولماي ئۇرۇش قىلماقچى بول-سىلا مەن تەييار. ئەزەل ـ ئەزەلدىن كىمكى سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرسا پەرغانە، تاشكەنت، خۇراسان ۋادىسى شۇ-نىڭغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. بۇنداق دېيىشتىكى مۇددىئا شۇلكى، ئۆزلىرىنى سوراپ تاشكەنتنى بىكارلاپ، ئاتا مىراس تەختگاھلىرى بولمىش تۇرپانغا كېتىشكە ھازىرلىق كۆر-گەيلا. بول زېمىنلارنى ماڭا ھەركىم چىرايلىقچە بەرسە چىرايلىقچە ئالىمەن، سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنسا قىل-چىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن. قەھر ـ غەزىپىمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇشبۇ مەكتۇپنى ئېلىپ بارغان پەرمانچىنىڭ تۇرقىدىن بىلگەيلا.

خەير، ئەزىز تەنلىرىگە سالامەتلىك تىلەپ ھەزرىتى ئىمامى رەھمان، خەلىفەئى زامان، ئىسكەندەر سانى سۇلتان مۇھەممەد شەيبانىخاندىن دەپ بىلۇرلا.

نامە تامام ۋەسسالام.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ھۇ ئۆزىنى بىلمىگەن ھاياسىز خەر[1]!

غەزىپىنى بېسىۋالالمىغان سۇلتان مەھمۇدخان قولىدىكى خەتنى مۇجۇغىنىچە يەرگە زەرب بىلەن ئاتتى.

ئاللىقانداق بىر كېلىشمەسلىكنى پەرەز قىلىپ، ئىزتىراپقا چۈشكەن ئەھمەدبەگ تەلبە گويا سۇلتان مەھمۇدخان بۇ سۆزنى ئۆزىگە قارىتىپ دەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، دىر ـ دىر تىترىدى. ھېلىمۇ ياخشى كۈن ئولتۇرۇپ باغقا بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ بىچارە تۇرقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ــ چىراغ يېقىشمامسەن، زاۋال چۈشكەننى بىلىشمىدىڭمۇ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى ئەھمەدبەگ تەلبە خىزمەتكارلىرىغا قاراپ. شۇ دەقىقىدە ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمىنى بېسىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا: «سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەلتەنىتىگە زاۋال چۈشكەننى بىلمىدىڭلارمۇ؟!» دېگەندەك تۇيۇلۇپ، پۈتكۈل ئەزايى شۈركىنىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئابىرەھمەت دەرياسىنىڭ سۈيى كۆكۈم قويىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. گەرچە كۆز ھاۋاسى ئانچە سوۋۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا ئۇرگۈت تاغلىرىدىن ئەسكەن كۈز شامىلى ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. نۆكەرلەر سوغۇق شامالدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن يېلىك تونلىرىغا قىمدالغانىدى. ئەمما، ۋۇجۇدى ئىشەنچكە تولۇپ ـ تاشقان بابۇر بولسا تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى، قەددىنى تىك تۇتقىنىچە پات ـ پات سەمەرقەنت تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

ئۇ مۇھەممەد مەزىد تارخان بىلەن چىلتۇ يايلىقىدا خوشلاشقاندىن كېيىن، يېنىدا قېپقالغان ئىككى يۈز قىرىق نۆكەر ۋە ئون

---

① خەر ــ ئېشەك.

نەچچە ساداقەتمەن بەگ ـ سىپاھلىرى بىلەن كەشتۇد قورغىنىدىن ئۆتۈپ، رەباتى خوجا قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئامالسىز پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك جاي تاپالماي بىردە يار يايلىقى، بىردە شۇنقارخانە تېغى ئەتراپىدا مۆكۈپ يۈرگەچ، شەيبانىخاننىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا ئايغاقچى ماڭغۇزدى. ئاي-غاقچىلار: «شەيبانىخان سەمەرقەنت شەھرىنى سەركەردىسى جانۋا-پا بەگكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن شەھەر سىر-تىدىكى خوجا دىداردا لەشكەرگاھ قۇرۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. جانۋاپا بەگ سەمەرقەنت شەھرىنى بەش يۈز نۆكەر بىلەن ساقلاۋېتىپتۇ» دې-گەن ئىشەنچلىك مەلۇماتنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر ھېلى يايلاقتا، ھېلى تاغ ئارىسىدا مۆكۈپ بارا ـ بارا ئىشەنچىنى يوقاتقان بابۇرغا قايتىدىن ئۈمىد ـ ئىشەنچ بېغىشلىدى.

— گەرچە سەمەرقەنتنى ساقلاۋاتقان ياۋنىڭ سانى ئاز بول-سىمۇ، شەھەر سىرتىدا شەيبانىخاننىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بار. ئىلكىمىزدە نۆكەرنىڭ تايىنى يوق. بۇ ئىشقا ئالدىراپ تەۋەككۇل قىلمىغىنىمىز ياخشىمىكىن، — دېدى مىرزا دوست ناسىر.

بابۇر مىرزا دوست ناسىرنىڭ ئەندىشىسىگە ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەي قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى. چۈنكى، شەيبانىخاننىڭ لەشكىرىي ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۆزىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۈچلۈك ياۋغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن، سەركەردىلىرى ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى، پىكىردە بىرلىككە كېلىشىۋې-لىشى زۆرۈر ئىدى.

— سەمەرقەنتنىڭ ئازغىنە ياۋ لەشكىرى بىلەن مۇداپىئە قىلىنىشى بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت، — دېدى بابۇرنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن قاسىمبەگ قاۋچىن، — گەرچە نۆكەرلى-رىمىزنىڭ سانى سەمەرقەنتنى قوغداۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىغا يەتمىسىمۇ، ئەمما ھەربىرىنىڭ ئىككى ـ ئۈچتىن ياۋغا تېتىغۇدەك جاسارىتى ھەم قۇربىتى باردۇر. مىرزا دوست ناسىر بەگنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئارتۇقچە ئەمەس، لېكىن بىر نىيەتتە غەي-

ـرەتكە كېلىدىغان بولساق، سەمەرقەنتنى چوقۇم ئالالايمىز. چۈنكى، غەيرەت شەمشىرىنى قەتئىي نىيەت بىلەن قىنىدىن سۇغارمىغۇچە غەلىبە يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ھەمدە باتۇرلۇق ئوقىنى تەدبىر ياسىدا ئاتمىغۇچە نۇسرەت خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق، — دېدى نويان كۆكۈلداش قاسىمبەگ قاۋچىننى ياقلاپ، — سەمەرقەنتكە قارا كۈچىمىزگە تايىنىپ ئەمەس، تەدبىر بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك.

— ئەينى مۇددىئا. ياۋ ھازىر غەلىبە خۇشاللىقىدا بىخۇددۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيبانىخان بىزدىن ئەمەس، سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئېھتىيات قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، كۆزىگە ئىلمىغان پۇتاقنى پۇتىغا چوماق قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل.

— مەنچە ئۇ شەيباق① ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، — دېدى بابۇر ئىشەنچ بىلەن، — گەرچە ئۇ مۇناپىق يالغان مۇھەببەت مەكتۇپى ھىيلىسى بىلەن سەمەرقەنتنى ئاسانلا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما سەركەردە ـ لەشكەرلىرى شەھەر ئاھالىسىنى بۇلاپ ـ تالاپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئاۋام ئۇ ياۋايىلاردىن جاق تويدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۇلۇك پېشۋاسى خوجا يەھيا ئىشان ھەزرەتلىرى بىلەن خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى كۆپ قىسىم رەئىيەتنى غەزەپكە كەلتۈردى. ئۇلار تاشالمايلا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇمۇ بىز ئۈچۈن پۇرسەت. شەھەرگە كىرىدىغانلا بولساق، ئاۋامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىزدە گەپ يوق.

— بىز پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئاتقان ئوقىدۇرمىز! — دېيىشتى سەركەردىلەر بىر نىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ.

— ئۇنداقتا سەمەرقەنتكە كېچىدە ھۇجۇم قىلغىنىمىز ئەۋزەل، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، — كۈندۈزى ئاشكارا ھۇجۇم قىلساق شەھەر دورغىسى جانۋاپا بەگ شەيبانىخانغا خەۋەر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا شەھەرنى ئېلىش ئەمەس، ئۆزىمىزنىمۇ

① شەيباق — شەيبانىخاننىڭ ئىسمىنىڭ كەمسىتىلىپ ئاتىلىشى.

ساقلاپ قالالمايمىز. شۇڭا، شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگە بىرقانچە نۆكەر ئەۋەتىپ، بىرنەچچە پۇختا شوتا تەييارلايلى ـ دە، نۆكەرلەرنى شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىرايلى. سەمەرقەنت- نى قولىمىزغا ئېلىۋالساق، شەيبانىخاننىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرمىكى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى، شەھەر سېپىلى مۇستەھ- كەم، خەندەكلىرى چوڭقۇر، شەھەر ئاھالىسى ئول باسقۇنچىلار ئۈچۈن ئەمەس، بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ.

— ئۇنۇملۇك تەدبىركەن، — دېدى بابۇر گەپنى چورتلا كې- سىپ، — نويان كۆكۇلداش بىلەن خۇسرەۋ كۆكۇلداش ئون نۆكەر ئېلىۋېلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە شوتا تەييارلىسۇن.

— پەرمانبەردارمىز! — دېدى ئىككى سەركەردە دەس ئورنى- دىن تۇرۇپ، — شوتا پۈتكەن ھامان خەۋەر بېرەيلى.

— ئۆز ئىشىڭلارغا پۇختا بولۇڭلار. ھېچكىمگە سەزدۈرۈپ قويماڭلار. شەيبانىخاننىڭ پايلاقچىلىرىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن تاپىلاپ.

※ ※ ※

بۈگۈن نويان كۆكۇلداشقا بېرىلگەن مۆھلەت توشقانىدى. شۇ تاپتا نامازشامنى ئوقۇپ بولغان بابۇر چېدىردا ئولتۇرغۇسى كەل- مەي، خەۋەر كۈتۈپ سىرتقا چىقىۋالغانىدى. بىردەمدىلا ئەتراپقا تۈن پەردىسى تولۇق يېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ سىمىلداپ يام- غۇر يېغىشقا باشلىدى.

— يامغۇردا سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالمىسىلا ئالىيلىرى.

بۈگۈن كېچىدىكى بولغۇسى جەڭنى خىيال قىلىپ تۇرغان بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنغا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى بېشىمىزغا كەلگەن مۈشكۈلاتلار ئالدىدا بۇنچىلىك يامغۇر نېمىتى جانابلىرى، — ئۇ يۈزىنى يام-

www.uyghurkitap.com

غۇرغا مەغرۇر تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ يامغۇرنىڭ ياغقىنى تولىمۇ ياخشى بولدى.

ــ شۇنداق ئالىيلىرى، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن تەۋازۇ بىلەن، ــ سىپىل ئۈستىدىكى ياۋ لەشكەرلىرى يامغۇردىن ئالدىلىنىش ئۈچۈن كۆزەتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئىگەم ئىشىلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ ئىنشائاللاھ.

ــ مەلۇم بولغاي. نويان كۆكۆلداشتىن چاپارمەن كەلدى.

ــ باشلاپ كەل، ــ دېدى بابۇر خاس مەھرەمگە، ھايال ئۆتمەي چاپارمەن يېتىپ كەلدى.

ــ شوتىلار تەييار بولدى ئالىيلىرى، ــ دېدى ئۇ ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن.

ــ نەچچە شوتا تەييارلىدىڭلار؟ ــ سورىدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

ــ جەمئىي ئالتە شوتا تەييارلىدۇق. ھەربىرى ئالتە ـ يەتتىدىن نۆكەرنى بىمالال كۆتۈرەلەيدۇ.

ــ نويان كۆكۆلداشنىڭ پۇختىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، ــ دېدى بابۇر رازىمەنلىك بىلەن، ــ پەرمان، سەركەردە ـ نۆكەرلەر دەرھال يولغا چىققاي.

زېمىن قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ. يېغىۋاتقان كۈز يامغۇرى بىردە ئەدەپ، تاراسلاپ چۈشسە، بىردە يەنە سىدىملىدايتتى. شەپە چىقارماسلىق ئۈچۈن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىغا كىگىز، كاناپ پارچىسىنى تېڭىۋالغان نۆكەرلەر تۈن تەڭ بولغاندا سەمەرقەنت سېپىلىنىڭ فىرۇزە دەرۋازىسىغا يېقىن مەغەك كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن چىراغ يورۇقى تۈن قاراڭغۇسىدا كۆزگە ئېنىق چېلىقاتتى.

بابۇر نويان كۆكۆلداش بىلەن مەغەك كۆۋرۈكىدە ئۇچراشتى.

ــ خېلىدىن بېرى كۆزىتىۋاتىمىز، ــ دېدى نويان كۆ-

كۇلداش ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ــ يامغۇر ياغقاندىن بېرى سېپىل ئۈستىدە كۆزەتچىلەرنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يوقالدى. پەممىچە، ئۇلار كۆزەتخانىدا دالدىلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ــ قورغاننىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالچۇ؟

ــ ئەتىگەن شەھەرگە مەدىكار سىياقىدا كىرگەن ئايغاقچىنىڭ تىڭتىڭلىشىچە، شەھەر دورغىسى جانۋاپا بەگ مەرھۇم خوجا يەھيا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ قەسرىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. ھەرقايسى دەرۋازىلاردىكى كۆزەتچىلەرنىڭ سانى ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئەمەسكەن. فىرۇزە دەرۋازىسىدىكى كۆزەتچىلەرنىڭ بېگى پازىل تارخان ئىكەن.

ــ پازىل تارخان؟

ــ شۇنداق ئالىيلىرى، پازىل تارخان بەگ تارخانلاردىن ئەمەس، بەلكى سودىگەر تارخانلاردىنمىش. تۈركىستاندا شەيبانىخانغا خىزمەت قىلىپ ئېتىبارغا ئېرىشكەنىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا لەشكىرىي ئىشلارغا خام ئوخشايدۇ. شۇڭا ھۇجۇمنى فىرۇزە دەرۋازىسىدىن باشلايلىمىكىن.

ــ شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى بابۇر، ــ سىلى خۇسرەۋ كۆكۇلداش بىلەن بىللە ئەللىك نۆكەرنى ئېلىپ فىرۇزە دەرۋازىسىنى ئاچسىلا. ئوتقاش بەلگە بولسۇن، ــ بابۇر بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، ــ مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل ھەممەدە بولسۇن. قالغانلىرىمىز بەلگىنى كۆرگەن ھامان دەرۋازىغا بارايلى.

ــ شوتىنى فىرۇزە دەرۋازىسىغا بەك يېقىن قويماڭلار، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، ــ ناۋادا دەرۋازا كۆزەتخانىسىدىكىلەر سېزىپ قالسا ئىشىڭلار تەسكە چۈشىدۇ.

ــ كەمىنىلىرىمۇ شۇ ئويدا، ــ دېدى نويان كۆكۇلداش، ــ سېپىلغا غارى ئاشقان يارلىقى تەرەپتىن شوتا قويايلىمىكىن دەيمەن. يارلىق تەرەپ بەك خەتەرلىك بولغاچقا، كۆزەتچىلەر ئانچە چارلاپ كەتمەيدىكەن. ئۇ يەر بىلەن فىرۇزە دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس.

uyghurkitap.com

ــ شۇنداق قىلىڭلار. ھەربىرىڭلار شەپىسىز ھەم چەبدەس بولسۇن، ــ دېدى بابۇر.

ئالدىن ھۇجۇم قىلىشقا بەلگىلەنگەن ئەللىك نۆكەر نويان كۆكۆلداشنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈن قوينىغا شۇڭغۇدى. شوتا ھەم ئۇزۇن، ھەم ئېغىر، ھەم كېلەڭسىز، غارى ئاشقان يارلىقى خېلىلا خەتەرلىك ئىدى. نۆكەرلەر شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ شو-تىلارنى بىر ـ بىرلەپ سېپىلغا تىرىدى.

سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ھە دېگەندە ئوق، ياغاچ ـ تاشلارنىڭ ئېتىلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتقان نۆكەرلەر بىرىنچى بولۇپ شوتىغا يامىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قالغانىدى.

ــ يۈرەكلىك بولۇڭلار يىگىتلەر، ــ دېدى نويان كۆكۆلداش ئوتتۇرىدىكى شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا پۇتىنى ئېلىپ تۇ-رۇپ، ــ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارنى ئۆكەك ـ قوختىلارنىڭ دالدىسىغا ئېلىڭلار. ياۋ كۆزەتچىلىرى سېزىپ قالمىسۇن.

نويان كۆكۆلداش بىلەن تەڭ خۇسرەۋ كۆكۆلداش، مىرزا ئاب-دۇلۋەھھاپ موغۇللارمۇ شوتىغا چىقىشقا باشلىدى. نۆكەرلەر ئۇلار-نىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. سېپىلنىڭ ئۈستى ئىككى ئاتلىق لەشكەر بىمالال ئۆيانىدىن ـ بۇيانغا چېپىپ ئۆتكۈدەك كەڭ، ئۆ-كەك ـ قوختىلار بەلگە كەلگۈدەك ئېگىز ئىدى. نۆكەرلەر ئۈچ سەركەردىنىڭ باشچىلىقىدا ئېڭىشكىنىچە فىرۇزە دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى. دەرۋازىنىڭ تۆۋىگە كۆزەتخانىنىڭ ئىچىدىكى پە-لەمپەي بىلەن چۈشكىلى بولاتتى. قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى يام-غۇردىن قېچىپ، كۆزەتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. نويان كۆكۆلداش كۆزەتخانىنىڭ ئىچىنى تىڭشاپ، بىرنەچچە دەقىـقە تۇرۇپ قالدى، يەنە ساقلاۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇ كۆزەتخانىغا باستۇرۇپ كىرىش قارارىغا كەلدى.

ــ سىلى، ــ دېدى ئۇ مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇلغا پى-چىرلاپ، ــ كۆزەتخانىدىكىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشقا مەسئۇل بولسىلا.

مەن پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچاي، سىلى، ـــ دېدى ئۇ خۇسرەۋ كۆكۆلداشقا قاراپ، ـــ بىز پەسكە چۈشۈپ دەرۋازىغا يېقىنلىشىشىمىز ھامان پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئوتقاش يېقىپ بەلگە بەرسىلە.

ئۇلار ئەمدىلا كۆزەتخانا ئىشىكىگە يېقىنلىشىشىغا ئاياغ تىۋىشى قاتتىقراق چىقىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، كۆزەتخانا ئىچىدىن «بىيداي»① دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلاندى. نويان كۆكۆلداش ئۇلارنىڭ ئۇران② سوراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئادەتتە كېچىلىك كۆزەتچىلەر ئالمىشىدىغان ۋاقىتتا ياكى ئۆزئارا ئۇچراشسا ئۇران سورىشاتتى. جاۋاب بېرەلمىسە ياكى خاتا جاۋاب بەرسە ئېنىقلاپ ئولتۇرمايلا، ناغرا چېلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە خەۋەر بېرەتتى.

«ئۇران نېمە بولغىيدى؟ شەھەرگە ئايغاقچى كىرگۈزگەندە ئېنىقلاتقۇزۇۋالسام بوپتىكەن. لېكىن بۇمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇراننى كۈندە بىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەمدى يەنە ساقلاپ تۇرماسلىق كېرەك...»

ئەھۋالنىڭ قىل ئۇستىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلغان نويان كۆكۆلداش چاقماق تېزلىكىدە كۆزەتخانا ئىچىگە ئېتىلدى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تەمتىرەپ قالغان ياۋ لەشكەرلىرىگە تاشلاندى.

ـــ بۇ يەر سىلىگە قالدى، ـــ دېدى ئۇ ئالدىغا توغرا چىقىپ قالغان ياۋ لەشكىرىنى قىلىچلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇلغا قاراپ، ـــ مەن پەسكە چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچاي.

نويان كۆكۆلداش بىر قىسىم نۆكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ پەسكە چۈشكەندە، دەرۋازا ئۇستىدىكى قىيا ـ چىيادىن ئويغىنىپ كەتكەن لەشكەرگاھتىكىلەر قۇراللىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىشقا

① بىيداي ـــ بۇغداي (قىپچاق شېۋىسى).
② ئۇران ـــ پارول.

www.uyghurkitap.com

ئۆلگۈرگەندى. ھايات ـ ماماتلىق قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئەجەل قىلىچلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇ ـ لۇشىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار تون قوينىدا يالت قىلىپ ئۆچەتتى. تىغ زەربىسىدىن كىملەردۇر ئىچىنىشلىق ئىڭرايتتى. دەرۋازىنى ئېچىش ئۇچۇن يۇگۇرۇپ ماڭغان نويان كۆكۆلداشنىڭ، لەشكەرلىرىگە جان ـ جەھلى بىلەن بۇيرۇق بېرىۋاتقان پازىل تارخانغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ يولۋاستەك ئېتىلدى. سىپاھلىقتىن ئانچە خەۋىرى يوق پازىل تارخان ئېتىلىپ كېلىۋاتقان نويان كۆكۆلداشنى كۆرۈپ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە قېچىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا نويان كۆكۆلداشنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان قىلىچى دەل ئۇنىڭ بويىنىغا كېلىپ چۈشتى. سەركەردىسىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتى پۈتۈنلەي سۇنغانىدى. نۆكەرلەر ئۇلارنى قىينالمايلا قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. نويان كۆكۆلداش ئارقىسىغا يېنىپ دەرۋازىنىڭ قوش مۇشتۇمدەك يوغان قۇلۇپىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان ئاي پالتا بىلەن چاقتى، قويما چويۇن دەرۋازىنى مىدىرلاتماق ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئادەتتە ئۇنى ھالقىسىغا باغلانغان ئارغامچا بىلەن ئاتقا سۆرىتىپ ئاچاتتى. نۆكەرلەر ئاتقا سۆرىتىدىغان ئارغامچا بىلەن تارتىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇنىڭغىچە خۇسرەۋ كۆكۆلداش خەندەكتىن ئۆتىدىغان ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈپ، ئوتقاش يېقىپ بەلگە بېرىپ بولغانىدى. بابۇر خەندەكنىڭ ئاسما كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغا دەرۋازا ئېچىلدى.

— يارايسىلەر، باھادىرلىقنى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزدۈڭلار، — دېدى بابۇر نويان كۆكۆلداش قاتارلىق سەركەردە ـ نۆكەرلىرىگە قاراپ.

— دەرھال ناغرا چېلىپ، چوقان ـ سۈرەن سېلىپ ۋەھىمە پەيدا قىلىڭلار، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

— خۇسرەۋ كۆكۆلداش بىر قىسىم يىگىتلەر بىلەن فىرۇزە دەرۋازىسىنى بېكىتسۇن، — دېدى بابۇر نويان كۆكۆلداشقا

قاراپ، ــ سىلى چاررەھە دەرۋازىسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىسىلا.
دوست ناسىر، خان قۇلى بەگلەر ئاھەنىن دەرۋازىسىغا ھۇجۇم
قىلسۇن. قاسىمبەگ قاۋچىن جانابلىرى گازىر سۇستان دەرۋازد-
سىغا، مىرىم ناسىر، شەيخ دەرۋىش بەگلەر سوزەنگاران دەرۋازىسى-
غا ھۇجۇم قىلسۇن. مەن شىرىمبەگ تاغايى، مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ
ئارغۇنلار بىلەن خوجا يەھيا قەسىرىدىكى جانۋاپا بەگنى تۇتاي.

پەرمان تاپشۇرۇپ ئالغان سەركەردىلەر نۆكەرلىرىنى ئەگەش-
تۈرگىنىچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى. سۈت ئۇيقۇسىدا يات-
قان سەمەرقەنت ئەھلى تۇيۇقسىز ياڭرىغان ناغرا ئاۋازى ۋە چۇ-
قان ـ سۈرەندىن چۆچۈپ ئويغاندى.

بۇ دەھشەتلىك سادادىن ئويغانغان جانۋاپا بەگ ئۆزىنى چۇ-
شىدە ئەمەس، ئوڭىدا قارا باسقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئال-
دىراپ ـ تېنەپ كىيىنىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن نۆ-
كەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاھەنىن دەرۋازىسىغا قاراپ ئات سالدى.

ــ ئەھۋال چاتاق دورغا جانابلىرى، بابۇر پادىشاھ شەخسەن
ئۆزى قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

شەيبانىخان يېتىپ كېلىپ بولغۇچە، ئاھەنىن دەرۋازىسىدا
تىركىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن جانۋاپا بەگ چاپارمەندىن بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ قايتىدىن قارا تەرگە چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بابۇر
سەمەرقەنتكە تۆمەنلىگەن لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كىرگەندەك
تۇيۇلۇپ كەتكەندى.

«شەيبانىخان ئالىيلىرى ياردەمگە كېلىپ بولغۇچە دەرۋازىنى
ساقلاش ئەمەس، مېنىڭ بۇ كاللامنۇ بوينۇمدا تۇرمايدىغان ئوخ-
شايدۇ. ئەڭ ياخشىسى جېنىمنى قۇتقۇزاي. ئۆلۈمدىن باشقىسى تا-
ماشا دەپتىكەن...»

جانۋاپا بەگ ئاھەنىن دەرۋازىسىنى قوغداشتىن ۋاز كېچىپ،
ئېتىنىڭ بېشىنى شەھەرنىڭ سىرتىغا بۇرىدى ـ دە، جان ـ جەھ-
لى بىلەن قامچا سالدى.

تاڭ ئاتقۇچە بابۇرنىڭ سەركەردە ـ نۆكەرلىرى سەمەرقەنت-

ـنىڭ ھەممە دەرۋازىسىنى تولۇق ئىگىلىدى. كېچىدىكى جەڭنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرگەن شەھەر ئاھالىسى ــ ئاشپۇزۇل خوجايىنلىرى، دۇكاندارلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، باي ـ تۆرىلەر تاۋاق ـ تاۋاقلاردا ئاش ـ گۆشلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سەركەردە ـ نۆكەرلەردىن ھال سورىدى ۋە ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، تاياق ـ توقماقلارنى كۆتۈرگىنىچە قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي مۆكۈۋالغان ياۋ لەشكەرلىرىنى دۈمبالاشقا باشلىدى. شەيبانىخان شەھەرنى ساقلاشقا قويغان بەش يۈز لەشكەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى.

ــ مەلۇم بولغاي، بىر قىسىم بىكار تەلەپ شەھەر لۈكچەكـ ـلىرى ئاھالىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتىدۇ.

مەلۇماتنى ئاڭلاپ بابۇر غۇژژىدە قاپىقىنى تۈردى:

ــ پەرمان! ــ دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن قولىنى شىلـ ـتىپ، ــ ھەرقايسى دەرۋازىلارنى بېكىتىشكە نويان كۆكۈلداش نازارەتچىلىك قىلسۇن. خۇسرەۋ كۆكۈلداش، شىرىمبەگ تاغايىلار ئاۋامدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلارغا باش بولۇپ سېپىل ئۈستىگە ئوق، ياغاچ ـ تاش ئاچىقسۇن. سەركەردە شاھقۇلى مەردان زەمبـ ـرەكلەرنى تەكشۈرۈپ، مەنجاناقلارنى تەييارلىسۇن. مىرزا ئابدۇلـ ـۋەھھاپ موغۇل باش بولۇپ كوچا ـ رەستىلەرنى چارلىسۇن. تو ـ پىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش مەقسىتىدە مال ـ دۇنيا بۇلاش كويىغا چۈشكەن شەھەر لۈكچەكلىرىگە سىيلە ـ رەھىم قىلىنمىسۇن. سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار. رەئىـ ـيەتنى خاتىرجەم قىلىڭلار.

※ ※ ※

بابۇرنى ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بىر بولسا پەرغانىگە كېتىشكە، بىر بولسا تاشكەنتتىكى تاغىسى سۇلـ ـتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ خاتىر ـ

جەم ئولتۇرغان شەيبانىخان سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ بىر كېچە-
دىلا بابۇرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇ-
لىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئالدىغا سالپايغان پېتى گۇناھىنى تىلەپ
كەلگەن جانۋاپا بەگنى ئەدەپلەشكىمۇ رايى بارماي، لەشكەرلىرىنى
باشلاپ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا شەھەر دەرۋازىسى ۋە سېپىللارغا
بابۇرنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى قادىلىپ بولغانىدى. بۇ مەنزىرىنى
كۆرۈپ ئۆتى يېرىلغۇدەك غەزەپلەندى. لېكىن، بابۇرنىڭ زادى قانچە-
چىلىك لەشكەر بىلەن شەھەرنى بېسىۋالغانلىقىنى بىلەلمىگەچكە،
دەماللىققا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خەندەكلىرى
ىرى كەڭ ھەم چوڭقۇر، سېپىللىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم سە-
مەرقەنت شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئانچە ئاسان ئەمەسلىكى
ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا بىخۇدلۇق قىلىپ شەھەرنى ساقلاشقا
ئازغىنە لەشكەر قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىلاجسىز خوجا
دىدارغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا ئوردىدىكى بوستان سارىيىغا چۈشكەن بابۇرنى شە-
ھەردىكى كاتتىلار، ئېسىلزادىلەر، ئاۋام ۋەكىللىرى ۋە ئالىم ـ
ئۆلىمالار كېلىپ مۇبارەكلەشمەكتە ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە بابۇر «ۋاقائى» ناملىق كۈندىلىك خاتى-
رىسىگە بۇ قېتىمقى جەڭنى خۇلاسىلەپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى ياز-
دى:

*«... يۈز قىرىق يىلغا يېقىن سەمەرقەنت پايتەختى بىزنىڭ خانىدانىدا بولۇپ كەلگەنىدى. نەدىكى بىر يات ۋە دۈشمەن ئۆزبېك كېلىپ ئىگىلىۋالغانىدى. قولدىن كەتكەن مەملىكەتنى تەڭرى قايتىدىن بەردى. تالان ـ تاراجغا ئۇچ-رىغان ۋىلايەت يەنە قولىمىزغا كىردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزىمۇ ھىرىنى مۇشۇنداق يول بىلەن تۇيۇقسىز ئالغانىكەن. لېكىن، ئىش بىلەر كىشى ئالدىدا روشەن، ئىنساب ئىگىسى نەزەرىدە ئېنىقكى، ئۇ ئېلىش بىلەن بۇ*

www.uyghurkitap.com

ئېلىش ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار: بىرىنچىدىن، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزا كۆپ ئىش كۆرگەن، ئۇزۇن تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان چوڭ پادىشاھ ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ دۈشمىنى يادىكار مۇھەممەد ناسىر مىرزا بولۇپ، ئۇ تېخى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلىق تەجرىبىسىز بىر ئوغلان ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۈشمىنىنىڭ ئىچىدىن ھەممە ئەھۋالنى بىلىدىغان مىرئەلى مىراخور چىقىپ، مىرزىغا كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇيدۇرماي دۈشمەن ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭ دۈشمىنى قورغاندا ئەمەس، بەلكى باغى زاغاندا بولۇپ، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزا شەھەرنى ئالغان مەزگىلدە يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئىچىشۋازلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ كېچىسى يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ سارىيىدا ئۈچ كىشى قالغان بولۇپ، ئۇلارمۇ مەست ئىكەن؛ بەشىنچىدىن، ئۇ (سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا) دۈشمىنى شۇقەدەر غاپىللىقتا تۇرغاندا كەلدى ـ دە، شەھەرنى ئالدى. مەن سەمەرقەنتنى ئالغاندا ئون توققۇز ياشتا بولۇپ، ھېچقانچە كۆپ ئىش كۆرمىگەن ۋە تەجرىبىسىز ئىدىم؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ دۈشمىنىم شەيباقخاندەك تەجرىبىسى مول، كۆپ ئىش كۆرگەن چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بىزگە سەمەرقەنتتىن ھېچ كىشى كەلمىگەنىدى، گەرچە شەھەر ئاھالىسى مېنى خالىسىمۇ، لېكىن شەيباقخاندىن قورقۇپ، ھېچكىم بۇنداق ئويلىمايتتى؛ تۆتىنچىدىن، مېنىڭ دۈشمىنىم قورغاندا ئىدى. بىز قورغاننى ئېلىپ، دۈشمەننى قاچۇردۇق؛ بەشىنچىدىن، بىز بىر قېتىم سەمەرقەنتنى ئېلىشقا كېلىپ، دۈشمەنگە تۇيدۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن، ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەنتنى ئالدۇق. بۇلارنى دېيىشتىن غەرەز باشقىلارنى كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بولغان

*ئىشنى بايان قىلىش؛ بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت ئۆزۈمنى
ئارتتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا يېزىلغاندەك، راست
ئىشنى دېيىش...»* [1]

117

تاشكەنت.
باھاردىن كېيىن كۆكەرگەن باغلارنى تۇرلۇك قۇشلارنىڭ
ناۋاسى چاڭ كەلتۇرەتتى. ئەنە ئاشۇ ناۋاكەش قۇشلار ئارىسىدا
كاككۇكنىڭ ئاۋازى باشقىچە ئاڭلىناتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قۇشلار ـ
نىڭ ناۋاسىنى باغلارغا باراۋەتكە چىققان بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ
ناخشا ـ سازلىرى بېسىۋالاتتى. ھەئە، ئون نەچچە يىلدىن بېرى
ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن خالىي تاشكەنت شەھىرى تولىمۇ غەم ـ
سىز ئىدى. ھەرقايسى دەرۋازىلاردىن ھەر كۇنى سودا كارۋانلىرى
كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. چوڭ سودىگەرلەردىن ئۇششاق تىجا ـ
رەتچىلەرگىچە، دېھقانلاردىن مەدىكارلارغىچە تۇرمۇش ھەلەكچىلى ـ
كىدە ئالدىراش يۇرۇشەتتى. نەچچە يىلدىن بېرى كەتمەن، ئورغاق،
ئوتىغۇچ، ساپان... قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە پىچاق،
قىڭراق، كەكە، پالتا، لاخشىگىر... قاتارلىق تۇرمۇش سايمانلىرى ـ
نى سوقۇپ يۇرگەن تۆمۈرچىلەرنىڭ قىش ئاخىرلاشقاندىن بېرى
قىلىچ، نەيزە، گۇرزە... قاتارلىق جەڭ قوراللىرىنى سوقۇشى بىر
يېڭىلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ خان يارلىقى بىلەن جەڭ قوراللىرىنى
ياساۋاتقانلىقىنى كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. چېچەنرەك
كىشىلەر تۆمۈرچى دۇكىنىدا بىردىنلا كۆپىيىپ قالغان جەڭ

① «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى،
156 ـ، 157 ـ بەتلەر.

قورالللىرىغا قاراپ پات يېقىندا چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى ۋە خان ـ پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، ئەل ـ يۇرتقا ئاسايىشلىق، تىنچلىق تىلىشەتتى.

شۇ تاپتا ئوردىدىكى ئالتۇن تەختتە جىمەنى بابۇرنىڭ ياردەم سوراپ ئەۋەتكەن خېتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى. ھەئە، ئۇ كۆزدىن بابۇرنىڭ سەمەرقەنتنى شەيبانىخاندىن تارتىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ خېلىلا خۇشاللانغان، ئۆزىگە خائىنلىق قىلغان شەيبانىخاندىن ئاز ـ تولا دەردى چىققاندەك بولۇپ تەسەللى تاپقان ۋە بابۇرنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ لەشكەر ئەۋەتىپ، بابۇر بىلەن بىرلىكتە شەيبانىخاننى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئىلكىدە ئەۋەتكۈدەك تۇزۇك لەشكەر قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز قالغان، شەيبانىخاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھەممە لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگىنىدىن كۆپ پۇشايمان يېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قايتىدىن چېرىك يىغىشقا، تۆمۈرچىلەرگە جەڭ قوراللىرى ياساشقا پەرمان بەردى. لېكىن، يېڭى لەشكەرلەرنىڭ جەڭگە يارىغۇدەك بولۇشىغا خېلى ۋاقىت كېتەتتى.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قولىدىكى خەتكە قايتا نەزەر تاشلىدى. بابۇر خېتىدە سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەيبانىخاننىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن قامالدا قالغانلىقىنى، ئىلكىدە ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققۇدەك تۇزۇك لەشكەرنىڭ قالمىغانلىقىنى، ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا، ھىساردىكى خۇسرەۋ شاھلارغا ياردەم سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، تېخىچىلا جاۋاب كەلمىگەنلىكىنى، ئىلاجسىز تاغىسىدىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن بايان قىلغان ۋە بىرلىكتە مۇناپىق شەيبانىخاننى يوقىتىپ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى.



uyghurkitap.com

«بابۇر سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن شاۋدار، سوغدى، مىيانكۆل، خوزار، قارشى، قاراكۆل، مەرۋى قاتارلىق ۋىلايەت، تۈمەن بەگلىرى شەيبانىخاننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ بابۇرغا بەيئەت قىلىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئەجەبا شۇنچىۋالا يۇرتلارنى ئىلكىگە ئېلىپمۇ شەيبانىخان دېگەن خەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوقمىدۇر؟ قىشتىن بېرى چېرىك جۇغلىماي نېمە ئىش قىلغاندۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن سەمەرقەنتنى شەيبانىخانغا تارتتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدىمۇ تۈزۈك لەشكەر يوق. ھەممە لەشكەرلىرىمىزنى ئول ئاسىي، تۈزكورنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغىنىمىزدىن بابۇرنىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق. بۇنى بىلسە نېمىدەپ قالار؟ مېنى ئەخمەقلىقتە ئەيىبلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۆز ۋاقتىدا ئول تۈزكور مۇناپىققا نېمانچە بەك ئىشىنىپ كەتكەن بولغىيدىم؟...»

سۇلتان مەھمۇدخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنچە قولىدىكى خەتنى سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا ئۇزاتتى:

— كۆرۈپ باقسىلا، بابۇر پادىشاھ ياردەم تەلەپ قىلىپتۇ.

سەيىد مۇھەممەد مىرزا خەتكە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى:

— بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى دەۋەت قىلمىسىمۇ، ئول تۈزكور مۇناپىققا جازا يۈرۈش قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار ئىدى. پەرمان بەرسىلە، ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ باراي.

— ھازىر ئىلكىمىزدە جەڭگە يارىغۇدەك قانچىلىك لەشكەر بار؟

— چېرىكلەرنى مەشقاۋۇللار مەشىقلەندۈرۈۋاتىدۇ. كونا لەشكەرلەرنىڭ قېرى ـ ئاجىزلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە مىڭ بەش يۈز يارام لەشكەر بار. ئۆرەتۆپىدىكى ئاغام مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ ئىلكىدىمۇ ئۈچ مىڭغا يېقىن لەشكەر بار. ئۇلارنىڭ يېرىمىنى ئالساق بولىدۇ.

— ئۆرەتۆپە تاشكەنتنى قوغداشتىكى مۇھىم ئۆتكەل، ئۇ لەشكەرلەرنى مىدىرلاتمايلى. سىلى تاشكەنتتىكى ئاشۇ بىر يېرىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىلىڭ لەشكەرنى ئېلىپ ئەتىلا يولغا چىقسىلا. سەركەردە ئەيىۇپ بەگچەك بىلەن سەركەردە قاشقا مەھمۇد سىلىگە ئورۇنباسار بولسۇن. نۇسرەت خەۋەرلىرىنى كۈتىمىز.

ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېدى پەرمان تاپشۇرۇپ ئالغان سەركەردىلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئىلگىرى بۇنداق كېڭەشلەردە بىلەرمەنلىك قىلىپ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ساقىلىنى تاراپ ۋالاقلاپ تىنمايدىغان نىغمەت مىرزا، ئەھمەدبەگ تەلبە، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قاتارلىق ئەمىرلەر شۇ تاپتا باشلىرىنى تونلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشقاندى. دېمىسىمۇ شەيبانىخاننىڭ خائىنلىقىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەن، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىدە قېلىشقانىدى. تەلىيىگە يارىشا سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخاننىڭ ھاقارەتلىك خېتىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈرمىدى. سەيىد مۇھەممەد مىرزىمۇ ئوردىدا بولۇنۇش، تەپرىقە كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى بۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ قىلمىشىنى سۈرۈشتە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىدىمۇ ئەيتاۋۇر، سۇلتان مەھمۇدخانغا ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تەكلىپىنى بەرمىدى. شۇنىڭدىن بېرى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان بۇ ئەمىرلەر تولا بىلەرمەنلىك قىلمايدىغان بولۇشقانىدى.

ــ خەزىنىدىن بابۇر پادىشاھقا، ئانىلىرىمغا، ئىنگىچىلىرىمگە سوۋغات ئېلىۋالسىلا، ئۇلارغا مەندىن سالام ئېيتسىلا، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ خوش، ــ دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا ۋە سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراپ بىر ئاز دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە سېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بىر ئىش بار ئىدى.

ــ خوش، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

— ئۇرۇشتا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ناۋادا بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالسا، تۈز ـ كور شەيبانىخاننىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىشى، بەلكىم تەسەررۇپىمىزغا باستۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. خېلى نۇرغۇن چې ـ رىك يىغقان بولساقمۇ، ئۇلارنى باستۇرۇپ كەلگەن كۈچلۈك ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە سېلىش تېخى بالدۇر. شۇڭلاشقا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تۇرپاندىكى ئىنىلىرى ئالاچەخان ئالىيلىرىدىن لەشكىرىي ياردەم سورايلىمىكىن دەيمەن. كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەي ـ تۇ، دەيدىغان گەپ بار. بول نۆۋەتتىكى يۈرۈشتە شەيبانىخاننى مەغلۇپ قىلالىساق، ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ تاشكەنت سەپىرى سىلى — ئاغىسى بولمىش چوڭ خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگىنىگە ھېساب بولار. ئالمادىس كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنى بىلەن شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە بىمالال چىقالايمىز.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئويچانلىق بىلەن، — بۇ يىلقى قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ئول ئى ـ نىمدىن مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغاندىن بېرى قايتا خەۋەرلىشەلمىدۇق. خېتىدە مۇناپىق مىرزا ئابابەكرىدىن ماڭلايسۆيەنى قايتۇرۇۋېلىش ھازىرلىقىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى، ئالدىنقى قېتىملىق جازا يۈرۈ ـ شىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى يۈ ـ رۈشىدە نۇسرەت قازانسا، قەشقەردىن ئۇدۇللا تاشكەنتكە كېلىپ، ئىنىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ سالامغا كېلىدىغانلىقىنى ھەمدە مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغاچ يېنىمدا بىرەر يىل تۇرۇپ، ۋالىدەلىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئار ـ زۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن.

مىرزا ئابابەكرى سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئانا بىر، دادا بۆلەك ئاكىسى ئىدى. شۇ تاپتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خىجىللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى:

— گەرچە مىرزا ئابابەكرى ئۇزۇندىن بېرى ئىزچىل تۇردە

سەلتەنەتىمىزگە سەركەشلىك قىلىپ، قارشىلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولالماي كەلدى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا، — ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ ماڭلايسۆيەنى قايتىدىن ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ، ئاتا ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىشى ئەلۋەتتە كاتتا ئىشتۇر. ئەمما هازىر شەيبانىخاننىڭ تەھلىكىسى هەددىدىن ئاشتى. تەخت ـ سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن هازىر مىرزا ئابابەكرى خەۋپىدىن شەيبانىخاننىڭ خەۋپى ياماندۇر. ئاقسۇ، ئۈچ[1]تا ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ قېيىنئاغىسى مىرجاپپار بەردى بەگدەك باهادىر سەركەردە هەم لەشكەرلەر باردۇر. شۇڭا، هازىرچە ماڭلايسۆيە يۈرۈشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، لەشكىرىي كۈچىنى تاشكەنتكە يۆتكەپ كەلسە، بىرلىكتە شەيبانىخاننى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ ماڭلايسۆيەنى مىرزا ئابابەكرى هۆكۈمرانلىقىدىن خالاس قىلساق ياخشىراق بولارمىكىن دەيدىغان ئويۇم بار. قالدىسىنى ئويلىشىپ كۆرگەيلا.

— بول مەسلىھەتلىرى ئورۇنلۇق، — دېدى سۇلتان مەهمۇدخان، — سىلى سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىۋەرسىلە. مەن ئىنىم ئالاچەخانغا بۇ تەرەپتىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مەكتۇپ يوللاي.

— دانالىق بىلەن قارار چىقاردىلا ئالىيلىرى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئەمىسە كەمىنىلىرى تەييارلىق كۆرەي. ئاللاھ خالىسا نۇسرەت خەۋىرىمىزنى ئاڭلىغايلا.

— ئىنشائاللاھ.

بارلىق ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. شۇ تاپتا نېمىندۇر خىيال قىلىۋاتقان ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ دۇئاغا كۆتۈرگەن ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ يېنىدىكى ئەييۇپ بەگچەككە «سەل تۇرۇپ ئايرىم كۆرۈشەيلى» دېگەن مەنادا كۆز ئىشارىسى

① ئۈچ — ئۈچتۇرپان.

قىلىۋاتقىنىنى ئەيىۋپ بەگچەكتىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى.

※ ※ ※

ياز قۇياشى سەرپول ۋادىسىنى بىر تال چوغ تاشلىسا يانغىن پەيدا قىلغۇدەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. قۇياش نۇرىدا كۆھەك دەرياسىنىڭ سۈيى جىمىرلاپ كۆز چاقاتتى. شەيبانىخان بىلەن مەيدان جېڭى قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى باغى نەۋدە بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى توپلاپ، ئاندىن سەرپول دالىسىغا قارارگاھ قۇرغان بابۇر ھە دېگەندە جەڭ قىلىشقا ئالدىرىماي، قارارگاھنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. خېلى پۇختا، تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان بابۇر قارارگاھنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلىتىپ خەندەك قازدۇرۇپ، خەندەكنىڭ ئىچى تەرىپىنى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن قاشالاتقۇزۇپ، خۇددى سېپىلغا ئوخشاش مۇستەھكەملىۋالغانىدى. خەندەكنىڭ بىر ئۇچىنى كۆھەك دەرياسىغا تۇتاشتۇرۇپ سۇ باشلىۋالغانىدى. بابۇرنىڭ قارارگاھىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆھەك دەرياسى، ئۈچ تەرىپىنى خەندەك مۇستەھكەم ئوراپ تۇراتتى. كۆھەك دەرياسىنىڭ سۈيى خەندەكنىڭ بىر بېشىدىن كىرىپ، يەنە بىر بېشىدىن چىقىپ كېتەتتى. قارارگاھ ئەنە ئاشۇ مۇستەھكەم سۇ سېپىلنىڭ ئىچىگە جايلاشقانىدى.

بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كېلىپمۇ قارارگاھقا يېقىن يولىيالمىغان شەيبانىخان نەزەرىدە تۈك سويما ھېسابلايدىغان بابۇرغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. شۇ كۈنلەردە بابۇر جەڭ قىلىشقا ئالدىرىماي، ياردەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەرنى كۈتۈۋاتاتتى. گەرچە ئاز ـ تولا چېرىك يىغىپ، لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى خېلىلا ئاۋۇتقان بولسىمۇ، ئەمما لەشكەرلىرىنىڭ شەيبانىخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانىدىن خېلىلا ئاز ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى. بابۇر خۇراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ھىسارىدىكى خۇسرەۋ شاھتىن ياردەمگە لەشكەر كېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن

بولسىمۇ، تاشكەنتتىكى تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ھەمدە
ئەتراپتىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەردىن لەشكەر كېلىدىغانلىقىغا
ئىشىنەتتى. ئەمما، ئۇلاردىن تېخىچىلا ئېنىق خەۋەر يوق ئىدى.
ئۇنىڭ جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىشىدىن زېرىككەن شەيبانىخان ھەر
كۈنى دېگۈدەك ناغرا چالدۇرۇپ جەڭگە ئۈندەيتتى؛ قارارگاھ تۇۋ-
گە لەشكەر ئەۋەتىپ تىللاتقۇزۇپ، غۇرۇرىغا تەگمەكچى بولاتتى.
كۆھەك دەرياسى بابۇرغا مەدەت بەرمەكچى بولغاندەك يېقىم-
لىق شاۋقۇنلايتتى، ئەمما ئۇنىڭ غېمىنى قىلچىلىك يەڭگىللى-
تەلمەيتتى. شەيبانىخان ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق رە-
قىب بولۇپ قالغانىدى.
«قارىغاندا شەيباق بىلەن ئۆزۈم يالغۇز جەڭ قىلىدىغان
ئوخشايمەن. ئىنىم جاھانگىر مىرزىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدىم،
ئۆزى كەلمىگەننى ئاز دەپ، ئەھمەد تەنبەل دېگەن رىياكارنىڭ ئى-
نىسى خەلىل تەنبەلنى باش قىلىپ، ئاران ئىككى يۈز نۆكەر ئەۋە-
تىپتۇ. ئىككى يۈز ئەمەس، ئىككى مىڭ نۆكەر ئەۋەتسىمۇ ئەۋەت-
كۈچىلىكى بار ئىدى. پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالماي
ئاشۇ يوق ھېسابىدىكى لەشكەرنى ئەۋەتكىنىگە قارىغاندا، يەنىلا
ئۆز غېمى بىلەن قالغان ئوخشايدۇ. قېرىنداش دېگەن شۇنداق
بولامدۇ؟ ھەممە لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ قويسا، لەشكەرسىز قې-
لىشىدىن، پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورققان
گەپ. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆز ئىنىمغا شۇنچىلىك نامەردلىكنى
قىلارمەنمۇ؟ پۈتكۈل پەرغانىنى تولۇق بېرىۋەتسەممۇ يەنىلا ماڭا
ئىشەنمەپتۇ. ئاغامنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇراي دېگەننى ئويلى-
ماپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مېنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىم بى-
لەن كارى يوق ئوخشايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەھمەد تەنبەلدەك
تۈزكور بىلەن يارىشىۋالغىنى نېمىسى؟ بەلكىم ئۇنىڭغا مۇشۇ ئە-
قىلنىمۇ ئەھمەد تەنبەل ئۆگەتكەندۇ تايىنلىق. مەندىن ئەيمەنمى-
سە، ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭ تەختىنى بايلا تارتىۋالاتتى. ئىشقىلىپ
جاھانگىر مىرزا بۆرىنى قوتانغا باشلاپتۇ...»

بابۇر ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، يەنە خىيالغا پېتىپ
كەتتى.
«ئەڭ چوڭ ياردەمنى ھىراتتىكى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادىن
كۈتكەنىدىم، ئۇ ئارىمىزدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقنىمۇ، نا ـ
ئىنساب شەيباقتىن كېلىدىغان خەۋپ ـ تەھلىكىلەرنىمۇ چۈشەن ـ
دۈرۈپ يازغان خېتىمنى جاۋابسىز قالدۇردى. شەيباق مەندىن سە ـ
مەرقەنتنى تارتىۋالسا كۆزىنى خۇراسانغا ـــ شانۇشەۋكىتى سە ـ
مەرقەنتتىن قېلىشمايدىغان ھىراتقا تىكىدىغانلىقىنى نېمىشقا
ئويلىمايدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە شەيباق تۆمۈرىيلەر ئەۋلادى ئۈچۈن
ئورتاق دۈشمەن ئىدىغۇ؟ ئۇ شەيباقنىڭ ئەھۋالىنى، مەقسەت ـ
مۇددىئاسىنى مەندىنمۇ ئوبدان بىلەتتىغۇ؟ ئاشۇنداق تەجرىبىلىك
پادىشاھ پات يېقىندا بېشىغا كېلىدىغان خەۋپنى نېمىشقا ئويلىمى ـ
دىكىنە؟ ماقۇل، ئۇغۇ ئويلىمىسۇن، ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرى ـ
دەك دانىشمەن ئۇستازنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئوغلى ـــ بەدى ـ
ئۈززامان مىرزا ئويلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇمۇ جىم. ئاشۇ
ئاتا ـ باللار ھىرات تەختىگاھى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە قىلىچ يا ـ
لىڭاچلىشىپ، مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ بېشىغا چىقىشتىن ھايا
قىلىشمىدى. ئەمما، ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
بىر ئادەمنىمۇ ياردەمگە ئەۋەتمىدى. خۇسرەۋ شاھ بولسا ئۆز ئاقى ـ
ۋېتىدىن قورقۇپ ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتمىدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ
تۇرۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ روناق تېپىشىمنى ئەمەس، خانىۋەيران بولۇ ـ
شۇمنى تىلەيدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە نەۋرە قېرىنداشلىرىم بولمىش
مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ خۇن ـ قىساسىنى ئې ـ
لىشىمدىن ئەنسىرەيدۇ. قىلغان ھەربىر قىلمىشى ئۆزىگە ئايان.
ئەسلىدە ئەقلى بولسا گۇناھىنى يۇيۇش پۇرستى دېگەن مانا مۇشۇ
ئىدى. بولدىلا، بىر قورساق ئىنىمنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، ئۇلار ـ
دىن رەنجىپ نېمە قىلاي. تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يولغا سال ـ
غان ھەمدەمچى قوشۇنى نېمىشقا تېخىچىلا يېتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟
يازغان خېتىدە سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى باش قىلىپ ماڭدۇر ـ

غانلىقىنى ئېيتقانىكەن. ھەممىدىن سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى
ئەۋەتكىنى بەك ياخشى بوپتۇ. ئۇنىڭ پەم ـ پاراستى ھەم جاسارد-
تى بىر قوشۇن لەشكەرگە تەڭ كېلىدۇ. يېنىمدا ئۇلا بولسا شەي-
باقنى مەغلۇپ قىلىشتىن ۋايىم يېمىسەممۇ بولىدۇ. ئۆرەتۆپىدىن
مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان كەلگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولات-
تى. توۋا، ئادەمگە ئامەتنىڭ قوشلاپ كەلمىكى تەسكەن. لېكىن بالا
كەلسە، ھەرقاچان قوشلاپ كېلىدىكەن...»

بابۇر ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كۆھەك سۇيىگە مەيۈسلۈك بى-
لەن قارىدى. سۇ دولقۇنلىرى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋ قوشۇنى-
دەك قىرغاقنا شالاپشىپ ئۇرۇلاتتى ـ دە، ھەمساتتىلا يەنە ئارقى-
سىغا چېكىنەتتى. دەريا دولقۇنلىرىدىن ھەرخىل شەكىللەر ھاسىل
بولاتتى. ئەنە، ئايال كىشىنىڭ تولغان كۆكسىنى ئەسلىتىدىغان
دولقۇنلار...

ئۆركەشلەۋاتقان سۇ بېتىنى ئايال كىشىنىڭ كۆكسىگە
ئوخشاتقان بابۇرنىڭ ئېسىگە بىردىنلا سەمەرقەنتتە موملىرى، ئا-
نىسى بىلەن بىللە قالغان ئايالى ئايشە سۇلتان بېگىم كېلىشى
بىلەن ئىچى ئاچچىق ھېسلارغا تولۇپ، يۈرىكى تىلىم ـ تىلىم بو-
لۇپ كەتتى، كۆزىگە غىل ـ غىل ياش كەلدى. ھەئە، خوتۇنى ئې-
سىگە كېلىش بىلەن، تېخى قىرقى توشماي تۇرۇپلا چاچراپ كەت-
كەن تۇنجى پەرزەنتى ـــ قىزى پەخرۇنىسا كۆز ئالدىغا كېلىۋالغا-
نىدى.

بابۇر سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆرەتۆپىدىكى مۇھەم-
مەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ئوردىسىدا ـــ ھاممىسى خۇبنىگار خې-
نىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئىككى مومىسى، ئانىسى ۋە ئايالىنى
ئەكەلدۇرۇۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئايشە سۇلتان بېگىمنىڭ قورساق
كۆتۈرگىنىگە ئالتە ئاي بولغانىدى. قىش ئاخىرىدا مىڭ بىر تول-
غاق ئازابىنى يەپ يەڭگىدى. تۇنجى پەرزەنتىنى كۆرگەن بابۇر سە-
مەرقەنتنى ئالغان پەخىرلىك غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن
قىزىغا «پەخرۇنىسا» دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئەپسۇس، بوۋاق قىر-

قى توشماي تۇرۇپلا چاچراپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالىغا ئانچە مېھرى چۈشمىگەن بىلەن، تۇنجى پەرزەنتىگە باشقىچە مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. قىزىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تۇغۇتلۇق ياتقان ئايالىنى كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يوقلايتتى. قىزىنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى، مەڭزىگە سۆيەتتى، يۇمران تاپىنىغا، ئالىقاند-لىرىغا يىرىك ساقاللىرىنى سۈركەيتتى. ئاشۇ پەرزەنتى بابۇرغا ئاتىلىق مەسئۇلىيەتنى، پەرزەنت مېھرىنى، ئاتا ـ ئانا قەدرىنى تونۇتقانىدى.

بارگاھنىڭ دەرياغا يېقىن تەرىپىدىن ئاڭلانغان چۇقان ـ سۈرەن ساداسى بابۇرنى قايغۇلۇق تۇيغۇلاردىن تارتىپ چىقاردى:

«يەنە شۇ شەيباقنىڭ لەشكەرلىرى جەڭگە ئۇندەۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى بابۇر سۈرەن ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭغاچ، — ئەسلىدە بۇنداق جەڭگە چىقماي تۇرۇۋېلىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ خورىكى ئۆسسە، لەشكەرلىرىم-نىڭ جاسارىتى سۇناتتى. قانداق قىلسام بولار؟ ھەمدەمگە كېلىدى-غانلارنى يەنە بىرنەچچە كۈن ساقلايمىكىن، ئىشەنچلىك خەۋەرگە قارىغاندا باقى چاغانىيانى ئىككى مىڭ يارامىلىق نۆكىرى بىلەن كېشكە كېلىپ بوپتۇ، ئاشۇ سۈرئەتتە ماڭسا يەنە ئىككى كۈن ئى-چىدە بىزگە قوشۇلىدۇ. خان تاغام ياردەمگە ئەۋەتكەن سەييىد مۇ-ھەممەد مىرزىمۇ بىر يېرىم مىڭ لەشكىرى بىلەن دىيۇلدىن ئۆ-تۈپتۇ. دىيۇل بىلەن سەرپولنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، ئاشۇ ئىككى سەركەردە قوشۇلسا...»

— بابۇر دېگەن توخۇ يۈرەك، ئوغۇل بالا بولساڭ مەيدانغا چىق!

بۇ ھاقارەتلىك سادا بابۇرنىڭ خىيالىنى چورتلا ئۈزۈپ قوي-دى. ئۇ بارگاھنىڭ ياۋ لەشكىرى جەڭگە ئۇندەۋاتقان تەرىپىگە يې-قىنلاپ قالغانىدى. بۇ ھاقارەتنى ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشىتىشى ئەمەس ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى چىشىنى چىشلەپ چىداپ كې-لىۋاتاتتى. ھاقارەتكە چىدىماي جەڭگە چىقىشقا تەمشەلگەن سەر-

كەردىلىرىنىمۇ توسۇپ قويغانىدى. بىراق، ھازىر چىداشلىق بېـ-رەلمىدى، ياۋ لەشكەرلىرى بابۇرنى كۆرۈپ قالغاندەك بىرـدىن چىدىغۇسىز ھاقارەتلەرنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتاتتى:

— ھوي پەرغانە ھىز[1] لىرى، كۇرۇك توخۇدەك تۇخۇم بېسىپ يېتىۋالغان پادىشاھىڭنى قىچقىرىش!

— ئىسمى بابۇرمىش تېخى. نەدىكى شىر، يولۋاس بولسۇن، تالاشقا يارىمايدىغان قانجۇقكەن ئەمەسمۇ؟!

— بارگاھتىن چىقماي خاتۇن كىشىدەك چاچ تاراۋاتامدۇ-نېمە؟

— بابۇرۇڭنى بەك كېلىشكەن دەيدۇ. شەيبانىخان ئالىيلىرىغا ياراپ قالسا ئۆزىگە چۆھرە قىلىۋالار!

— ئالدىمىزغا خاتۇن كىشىنىڭ تاۋار تامبىلىنى كىيىپ چىقسۇن!

— تىرنىقىغا خېنە يېقىپ چىقسۇن!

— پەرغانىلىكلەرنى تۆت پۇتلۇق قىلىپ ئۆمىلىتىمىز!

— ئىنجىقلاتمىساق ھېساب ئەمەس!

— ...

بابۇر بۇ ھاقارەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. لەشكەرلىرىنىڭ جاۋابەن قايتۇرغان ھاقارەتلىرى قۇلىقىغا پەقەتلا كىرمەيتتى. ئۇ شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ شاھ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى.

— بارلىق سەركەردىلەر يىغىلسۇن! — دېدى ئۇ شاھ چېدىرىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە دوقۇرۇشۇپ قالغان نويان كۆكۆلداشقا قاپىقىنى تۈرۈپ.

بابۇرنىڭ چىرايىدىكى قەھر - غەزەپنى كۆرگەن نويان كۆكۆلداش گەپ سوراشقا پېتىنالماي پەرمان يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

سەركەردىلەر ھايال قالمايلا شاھ چېدىرىغا يىغىلىشتى ۋە بابۇرنىڭ تۈتۈلۈپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، ئەدەپ ساقلاپ جىم

① ھىز — ھەزىلەك.

ئۇلتۇرۇشتى.

— ئەمدى بارگاھنى ساقلاپ يېتىۋەرمەيلى، — دېدى بابۇر بوغۇلغان ھالدا، — پۇختا تەييارلىق كۆرۈڭلار، ئەتە ناشتىدىن كېيىن جەڭگە چىقىمىز. لەشكەرلەر ناشتىلىقنى تويغۇچە يەپ، چۇشلۇك غىزاسىنى يېنىدا ئېلىۋالغاي.

— پەرمانبەردارمىز! — دېدى قەمبەر ئەلى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھېلىمۇ كۆپ ساقلاپ كەتتۇق. مۇناپىق شەيباقنىڭ ئول ياۋايىلىرى خۇددى بىشەم خاتۇنلارغىلا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىنى كۇنىگە نەچچە ۋاق ئاڭلاۋېرىپ ئۆتىمىز يېرىلىپ كەتمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇق.

باشقا سەركەردىلەرمۇ ئاران تۇرۇشقانىدى. قەمبەر ئەلىنىڭ سۆزى بىلەن خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ۋاژىلدىشىپ كەتتى:

— شۇنداق قىلايلى. كىمنىڭ ھەققىي ئوغۇل بالا، ئەركەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى ئول دەشتى قىپچاق ئېشەكلىرىگە!

— ئادەمنى شۇنداقمۇ ھاقارەتلىگەن بارمۇ؟!

— ئول شەيباقنىڭ مەخسۇس ئادەم تىللايدىغان بىر قوشۇن لەشكىرى بارمىكىن دەپ قالدىم.

— ئاغزى بېزەپ بىر نېمىلەركەن.

— ئامالسىز قۇلىقىمغا ماز تىقىۋالدىم دېسىلە.

— مېنىڭمۇ سەۋر قاچام تاشايلا دەپ قالغان.

— پادىشاھ ئالىيلىرى يەنە ئىجازەت بەرمىگەن بولسا، ئۆز ئالدىمغا جەڭگە چىقىپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي دەپ تۇرغانىدىم.

— كىم چىدايدۇ بۇنداق ھاقارەتكە.

— لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇسلاشمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىمەن.

— ...

www.uyghurkitap.com

پەقەت قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن نويان كۆكۆلداشلا نىمە ئۈچۈندۇر ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

ــ خەيشۇك جانابىلار، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، ــ كۆكلۈكلەرنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھاقارىتىنى مەنمۇ ئىشىتتىم. بۇنداق تىل ــ ھاقارەتكە چىدىماق ئەلۋەتتە تەس. ئەمما تەكلىپىم شۇلكى، يەنە ئىككى كۈن سەۋر قىلساق، ــ قاسىمبەگ قاۋچىن ئەمىرلەرنىڭ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا تېزلا قاراپ ۋالغاندىن كېيىن با-بۇرغا يۈزلىنىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ باقى چاغانىيانى بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ياردەمگە لەشكەر باشلاپ كې-لىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ھېسابىمچە، سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەتە ئەتىگەن سەرپولغا يېتىپ كېلىدۇ. باقى چاغانىيانىمۇ كېچىككەندە ئۆگۈنلۈككە چۈش پېشىن بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، مېنىڭچە ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە سەۋر قىلساق.

ــ سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەتە ئەتىگەن يېتىپ كېلىدىغان بولسا باقى چاغانىيانىنى ساقلىمايلى، ــ دېدى قەمبەر ئەلى، ــ ئەتە بىز جەڭ سېپى تۈزۈپ بولغۇچە سەييىد مۇھەممەد مىرزا يې-تىپ كەلسە، ياۋنى ئىككى تەرەپتىن قىسماققا ئالمايمىزمۇ. ئەمىر لەشكەر جانابىلىرى ئەتىكى جەڭدىن رايىمىزنى ياندۇرمىسىلا.

قاسىمبەگ قاۋچىن يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ بولۇپ با-بۇرنىڭ چىرايىغا قارىدى. بابۇرنىڭ چىرايى سۇرلۇك ھەم قەتئىي ئىدى، تۇرقىدىن كۆكلىدىكىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان شىرىم تاغايى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ مەۋلانە شاھا-بىدىن كېچىدىن يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ دىم كۆرۈپتۇ. جەڭ قىلىش سۇرۇكى يەنە كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتسە ۋەزىيەت بىزگە پايدىسىز بولغۇدەك.

بابۇر شىرىم تاغايىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوردا مۇنەججىمى مەۋلانە شاھابىدىنغا يالت ئېتىپ قارىدى. بابۇرمۇ باشقا خان ــ

سۇلتانلارغا ئوخشاش دىم كۆرۈش، مۇنەججىملىك، يادىكەشلىك، پالچىلىقلارغا ئىشىنەتتى. يېنىدىن بىرقانچە مۇنەججىملەرنى ئايرىمايتتى. ھەرقانداق چوڭ ئىشلاردا، جەڭ ـ يۇرۇشلەردە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. مەۋلانە شاھابىدىن سەمەرقەندتىكى مۇنەججىملەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇقى ھېسابلىناتتى. شۇڭا بابۇر ئۇنى سەرپولغا بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

— شۇنداق ئالىيلىرى، — دېدى مەۋلانە شاھابىدىن ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئۆرە تۇرۇپ، قازاندەك سەللە ئورىۋالغان بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە، — تۈنۈگۈن كېچە تۈن نىسپىدە يۇلتۇزلارنى كۆزەتتىم. ئامەت ـ قۇت بەلگىسى بولغان زۆھرە يۇلتۇزى ھەمراھى بولمىش نۇسرەتكە مۇئەككەل سەككىز باھادىر يۇلتۇزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا چاقناپ تۇرۇپتۇ. زۆھرە يۇلتۇزنىڭ ئارىلىقتا كۆرۈنۇشى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ ھېسابلىنۇر. ئۇنى ئوراپ تۇرغان سەككىز يۇلتۇزمۇ بىز تەرەپتە كۆرىنۇر. بۇ غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەتە كەچتە ئۈچىنچى كۆزەد[1]دىن كېيىن زۆھرە يۇلتۇزى سەككىز باھادىر يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، يەنە ئون ـ ئون بەش كۈنگىچە ياۋنىڭ كەينى تەرىپىدە كۆرۈنىدۇ. سەككىز باھادىر يۇلتۇزمۇ دۈشمەن تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. ناۋادا ئالىيلىرى جەڭ قىلىشنى تايىن تاپقان بولسىلا، ئەتىدىن كېچىكتۈرمىگەيلا. ئەتىدىن قېپقالسا يەنە ئون ـ ئون بەش كۈن ساقلىماقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر.

بابۇر ئاللىقاچان جەڭ قىلىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. مەۋلانە شاھابىدىننىڭ بۇ بېشارىتى بىلەن قارارى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى:

— ئارتۇقچە ئەندىشىلەرنى قويۇپ، ھازىرلىق كۆرۈڭلەر، — دېدى قاپىقىنى تۈرگىنىچە، — ئەتە چوقۇم جەڭگە چىقىمىز. تەييارلىقلار پۇختا بولسۇن. نەدىكى يېتىپ كەلمىگەن لەشكىرى

① كۆزەد — بىر كېچە بەشكە بۆلۈنۈپ، ھەربىر بۆلۈكى بىر كۆزەد ھېسابلىنىدۇ. بىر كۆزەد تەخمىنەن ئىككى سائەتكە تەڭ.

www.uyghurkitap.com

ياردەمگە قاراپ ئولتۇرماي، قۇدرەتلىك تەڭرىدىن مەدەت تىلەيلى.

قاسىمبەگ قاۋچىن ئەمدى بابۇرنى پەرمانىدىن ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەمىرلەر بابۇرغا ئامانلىق تىلەپ شاھ چېدىرىدىن يېنىپ چىقىشتى.

※ ※ ※

تاڭ سەھەر. شەرقىي ئۇپۇق قان چېچمۇەتكەندەك قىزارغاندى. كۆھەك دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ قان رەڭدە جىمىرلايتتى. سەرپول دالىسى بىر ــ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ھازىرلىنىپ قىلىچ يالىڭاچلىغان تۈمەنلىگەن لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى.

بابۇر سەپنىڭ ئالدىغا ئاتلىق قىلىچۋازلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ياۋنىڭ ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئاتلارنىڭ ھەممىسىگە گىجىم[1] ياپقۇزغانىدى. ئالدى سەپكە قەمبەرئەلى، بەندەئەلى، خوجا ئەلى، مىرشاھ قاۋچىن، سەئىد قاسىم، خالدار مىرزا، قۇچ بەگلەرنى، سەپنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئىبراھىم سارۇ، ئىبراھىم جانۇ، ئىبراھىم تارخان، ئوبۇلقاسىم كۆھبەرنى، سەپنىڭ سول قانىتىغا سەمەرقەنتنىڭ ئەل بولغان بەگلىرىدىن سۇلتان ھۈسەيىن ئارغۇن، قارا بارلاس، پىر ئەھمەد، خوجا ھۈسەيىنلەرنى سەركەردىلىككە تەيىنلىدى. غولدا ئۆزى قاسىمبەگ قاۋچىن، شىرىم تاغايى، مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل، نۆكەر بېشى نويان كۆكۈلداش، خۇسرەۋ كۆكۈلداشلار بىلەن بىللە تۇردى.

بابۇر لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شەيبانىخانمۇ ئوڭ قاناتقا ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان، كۈيۈئوغلى جانىبېك سۇلتان، ئوغلى تۆمۈر سۇلتاننى، سول قاناتقا ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان، جانۋاپا بەگ قاتارلىق ئەمىرلىرىنى سەركەردىلىككە تەيىنلەپ سەپ تۈزدى.

① گىجىم ــ جەڭ ئاتلىرىغا يېپىلىدىغان ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش يوپۇقى.

ئۇچىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقلىد قىلىپ قىپقىز-
ىزىل تون كىيىپ، بېشىغا سىمابتەك ئاپئاق شايىدا چاققان سەللە
ئورىۋالغان شەيبانىخان تۇم قارا ئەرەب ئېتىنىڭ ئۈستىدە مەغرۇر
ئولتۇراتتى. ئۇ بابۇر قوشۇنىنىڭ جەڭ سېپىنى ئىنچىكىلىك بىـ-
لەن كۆزەتكەندىن كېيىن، قىلچىلىك قوسۇر تاپالماي ئىچىدە قا-
يىل بولدى. سەپنىڭ ئالدىدا ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك چاپچىپ
تۇرغان چىلان تورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان بابۇرغا
ھەۋەس بىلەن قارىدى.

«بۈيۈك ئەمىر تۆمۈرنىڭ جۈلتى[1] مۇشۇ كاساپەتكە چۈشۈپ-
تىكەن ــ دە. ياشلىقىغا قارىماي ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشلىرىغا قا-
رىمامدىغان. ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتان ئۇنىڭ يېرىمىنىمۇ دورىيالمى-
غۇدەك. ئەمىر تۆمۈردەك جاھانگىر بولسۇن دەپ ئارزۇلاپ ئىسمى-
نى «تۆمۈر» قويغىنىم تېخى. «بابۇر» دېگەن ئىسىمغا لايىق ھەقى-
قىي شىر پەنجىسىنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ بەدرەڭ. ئىشقىلىپ نېمىلا دې-
گەنبىلەن ئاخىرى ئۇنى جەڭگە چىقىرالىدىم. بالا بەرىبىر باللىد-
قىنى قىلدى. كېچە ـ كۈندۈز ئارام بەرمەي جەڭگە ئۈندەپ ناغرا
چالدۇرۇشۇم، لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپ تىللاتقۇزۇشۇم ئاخىرى ئۈنۈم
بەردى. ناۋادا بۇ ھاقارەتلەرگە يەنە ئىككى كۈن بەرداشلىق بېرەلە-
گەن بولسا ئىدى، كېشىتىن باقى تارخان چاغانىيانى، دىيۇلدىن
سەييىد مۇھەممەد مىرزا يېتىپ كېلەتتى. ھەئە، ھەممىدىن ئەن-
دىشە قىلىدىغىنىم ئاشۇ سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئىدى. ناۋادا با-
بۇرغا ئۇ كېلىپ قوشۇلغان بولسا، بارگاھنى بېكىتىۋېلىپ يېتى-
ۋېلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن بولاتتى. بەلكىم بۇخاراغا چېكىنىشكە
مەجبۇر بولاتتىم. قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە كۆپ رەھ-
مەت. بابۇرنىڭ قوشۇنىنى شۇنداق تىرىپىرەن قىلايكى، ئىككىن-
چىلەپ ماڭا قارشى لەشكەر تارتىشقا پېتىنالماس بولۇپ قال-
سۇن...»

شەيبانىخان خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئىككى تەرىپىدە غاز

① جۈلتى ــ ئىرسىيەت.

www.uyghurkitap.com

قانتى بولۇپ تۇرغان سەركەردىلىرىگە قارىدى:

— ھەممىڭلار كۆردۈڭلەر. دۈشمەن ئاساسلىق كۈچىنى ئوتتۇرغا مەركەزلەشتۈرۈپ تاغسىمان سەپ تۈزۈپتۇ. بۇنداق سەپكە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش پايدىسىز. بىز يەنىلا تولغىما سەپ ئۇسۇلىنى ئىشلىتەيلى. ئوڭ قانات بىلەن سول قانات غولدىن ئايرىلىپ كەتمەي ئارىلىق ساقلاپ ئىككى تەرەپتىن قاپساڭلار. خۇددى تاغقا ياماشقاندەك ھەرىكەت قىلىڭلار. غولدىكىلەر يالغاندىن ھۇجۇم قىلغان بولۇپ راستتىن مۇداپىئەدە تۇرۇپ، تولغىمىنىڭ ئىككى قانىتىنى ھىمات قىلسۇن. كىمكى بابۇرنى تىرىك تۇتسا، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن. ئېسىڭلەردا بولسۇن، بابۇرغا ياردەمگە كېلىۋاتقان سەييىد مۇھەممەد مىرزا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ يېتىپ كېلىپ بولغۇچە جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

شۇ ئەسنادا بابۇر قوشۇنىدىن جەڭ دۈمبىقى گۈمبۈرلەپ، قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتتى. شەيبانىخانمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. قىقاس ـ چۇقان سادالىرى بىلەن مىڭلىغان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان ئاۋاز پۈتكۈل سەرپول دالىسىنى لەرزىگە سالدى. قىلىچ ـ نەيزىلەر جاراڭلايتتى. تىغ زەربىسىدىن كىملەردۇر ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى.

بابۇر ياۋ قوشۇنىنىڭ ئوڭ، سول قانىتىنىڭ ئۇدۇل ھۇجۇم قىلماي، ئەگىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، غول قىسمىنىڭ ئىزىدا مىدىرلىماي ئوقيا ئېتىپ مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاسىمبەگ قاۋچىنغا بۇيرۇق بەردى:

— سىلى ئارقا تەرەپنى ھىمات قىلسىلا، مەن ياۋنىڭ غولىغا ھۇجۇم قىلاي.

— ئالىيلىرى، غول خەتەرلىك، ئوق يامغۇردەك...

بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئېتىغا قامچا سالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نويان كۆكۈلداش، خۇسرەۋ كۆكۈلداش قاتارلىق سەركەردىلىرى ئەگەشتى.

شەيبانىخان تولغىما سەپ شەكلى بىلەن بابۇرنىڭ جەڭ سې-
پىنى پارچىلاپ، ئۇنى تۆت تەرىپىگە يېتىشەلمەس قىلىپ قويۇش-
نى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. كۈتمىگەندە بابۇرنىڭ يامغۇردەك يې-
غىۋاتقان ئوققا پەرۋا قىلماي شىردەك نەرە تارتقىنىچە ئۇدۇللا ئې-
تىلىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى. شۇ تاپتا بابۇر سەر-
كەردە - نۆكەرلىرى بىلەن ياۋنىڭ غولىغا ئەجەللىك زەربە بې-
رىپ، ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى. سېپىل تېمىدەك
مەزمۇت دەپ زور ئىشەنچ قىلغان غولنىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقى-
نىنى كۆرگەن شەيبانىخاننىڭ پېشقەدەم سەركەردىلىرىنىڭ ۋۇجۇ-
دىنى تەشۋىش چۇلغىۋالدى. ئۇلار دېلىغۇللۇق ئىلكىدە شەيبانى-
خانغا قاراپ قويۇپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— قاراپ تۇرماي ماڭماق كېرەك ئالىيلىرى. تۇرماقنىڭ
ۋاقتى ئۆتتى.

شەيبانىخان ئۇلارنىڭ تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە
نەشتەردەك تىكىلدى:

— تولا ۋالاقشىماڭلار! يەنە كاپشىيدىغان بولساڭلار تىلىڭلار-
نى كېسىۋالىمەن! — ئۇ ئەمدى نۆكەرلىرىگە قاراپ جان - جەھلى
بىلەن ۋارقىرىدى، — ھېچكىمنىڭ بىر قەدەم كەينىگە چېكىنى-
شىگە رۇخسەت يوق، كىمدىكىم بوشاڭلىق قىلىدىكەن، كاللىسى
ئېلىنىدۇ!

شەيبانىخاننىڭ مىت قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ تەۋرىنىپ
قالغان سەركەردە - لەشكەرلىرى قايتىدىن غەيرەتكە كەلدى.

گەرچە بابۇر جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ ياۋنىڭ غول قىس-
مىنى چېكىندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سەمەرقەنت بەگلىرىدىن
تەشكىللەنگەن سولقانات قىسمى ياۋغا تەڭ كېلەلمەي، سېپى بۇ-
زۇلۇپ پاتىپاراق بولۇشقا باشلىغانىدى. تولغىما سەپنىڭ ئۈچىنى
ئېگىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋالغان ياۋ قوشۇنى ئالدى - ئارقا تەرەپ-
تىن تەڭ ھۇجۇم تەشكىللىگەنىدى. قوشۇننىڭ ئىككى تەرەپتىن
كەلگەن ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرگەن بابۇر ئالدىراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كۆ- ھەك دەرياسى تەرەپكە قاپسىلىپ قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا تاش- كەنتتىن ياردەمگە كەلگەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەييۇپ بەگ- چەك، قاشقا مەھمۇد قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن يېتىپ كەلدى.

— ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كەپتىمىز، — دېدى بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەن سەيي- يىد مۇھەممەد مىرزا ئىككى ھەمراھىغا قاراپ، — ئىككىلىرى بەش يۈزدىن لەشكەر بىلەن ياۋنىڭ ئوڭ - سول قانىتىغا تېگىش قىلسىلا. مەن ياۋنىڭ غول قىسمىنى پارچىلىغاچ بابۇر پادىشاھقا يېقىنلىشاي. مۇشۇنداق قىلساق، ئىتتىپاقچىلىرىمىزغا بۇزۇلغان جەڭ سېپىنى تۈزۈۋېلىشقا پۇرسەت چىقىدۇ.

— پەرمانبەردارمىز!

ئىككى سەركەردە دەرھال دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ جەڭ تەدبىرى ئىنتايىن توغرا بولغانىدى. ناۋادا ئۇ ئەييۇپ بەگچەك بىلەن قاشقا مەھمۇد- نىڭ كۆڭلىدىكى رەزىل خىيالىنى بىلگىنىدە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا بەش يۈزدىن لەشكەرنى ئايرىپ بەرمىگەن، بەلكىم ھەر ئىككىلى- سىنى يېنىدىن ئايرىماي، شەيبانىخان لەشكەرلىرىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان بولاتتى.

— ئەھمەدبەگ تەلبە جانابلىرىنىڭ كالامى ئەسلىرىدىن كۆ- تۈرۈلۈپ قالمىغاندۇ سەركەردە؟ — دەپ سورىدى ئەييۇپ بەگچەك دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ.

قاشقا مەھمۇد كۆزىنى قىسقىنىچە ھىجايدى:

— يادىمدا. قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي. قالدىسىغا سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى ئاڭلايمەن.

ئەييۇپ بەگچەكنىڭ كۆز ئالدىدىن تاشكەنتتە قالغان ئەھمەد- بەگ تەلبە، نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلارنىڭ سىي- ماسى لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— شەيبانىخاننىڭ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، خان ئا-

لىيلىرىغا سەركەشلىك قىلغىنى راست، ـــ دېگەندى ئەھمەدبەگ
تەلبە ئەيىۇپ بەگچەك بىلەن قاشقا مەھمۇدنى ئۆزىتىپ قويۇش با-
ھانىسى بىلەن قەسىرىگە ئايرىم چاقىرىپ، ـــ ئەمما ھازىر ئىك-
كىلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن بىرلىكتە بابۇر پادشاھقا
ھەمدەم بولۇپ، شەيبانىخاننى جازالاشقا كېتىپ بېرىشىۋاتىدىلا.
ئۆز ۋاقتىدا شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنت يۈرۈشىنى قوللاپ، خان
لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشنى خان ئالىيلىرىغا
تەۋسىيە قىلغىنىمىزدا سەييىد مۇھەممەد مىرزا قارشى چىققان
بولسىمۇ، ئىككىلىرى بىزنى قوللىغانىدىلە. ھالا بۇگۈنكى كۈندە
شەيبانىخان بۇخارا، سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ، لەشكىرىي
كۈچى زورايغاندىن كېيىن، سەلتەنەت قەستىدە ئىسيان تۇغىنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا بىزنى مات قىلدى.
ھازىر ئوردىدا ئىككى ئىلىك تىلىمىز بىر ئىلىك قالمىدى. سەي-
يىد مۇھەممەد مىرزا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ھەممە گەپ شۇ-
نىڭلا بولۇپ كەتتى. كۆرۈپ تۇرۇشقانلا، خان ئالىيلىرى ھازىر
بىزگە ئىلگىرىكىدەك ئېتىبار قىلماس بولۇۋالدى. بۇ قېتىم
سەييىد مۇھەممەد مىرزا بابۇر پادشاھ بىلەن كۆمەكلىشىپ شەيبا-
نىخاننى يوقىتىدىغان بولسا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئابرۇ-
يىمىز بىراقلا تۆكۈلىدۇ. بەلكىم ئۇ نۇسرەت قازىنىپ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، بىزدىن كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىراقلا ئېلىشى
مۇمكىن. شۇڭا ئىككىلىرىگە تەۋسىيە قىلىدىغىنىم شولكى، بۇ
قېتىمقى جەڭدە شەيبانىخان زىنھار يېڭىلىپ قالمىغاي.
ـــ ناۋادا بۇ قېتىمقى جەڭدە نۇسرەت قازىنىشسىلىمۇ تۆھپە
يەنىلا سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا بولىدۇ، ـــ دېدى نىغمەت مىرزا.
ـــ سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەزەلدىن ئىككىلىرى بىلەن
خۇشى يوق ئىدى، ـــ دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، ـــ پەقەت
بىز ياخشى گەپلىرىنى قىلىپ تۇرغاچقا نەشتىرىنى سانجىشقا پې-
تىنالمىغان. ئۇ توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا ھازىرغىچە ئورۇنبا-
سار بولۇپ تۇرۇۋېرىشمايتتىلە.

www.uyghurkitap.com

هەئە، ئەييۇپ بەگچەك بىلەن قاشقا مەھمۇد يول بويى پۇرسەت تاپسىلا مۇشۇ تېمىدا سۆزلىشىپ، ئوردىدا قالغان ئۈچ ئەمىرنىڭ تاپشۇرۇقىنى قانداق قىلىپ سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا تۇيدۇرماي ئورۇنلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ كەلگەنىدى.

— جەڭنى سەييىد مۇھەممەد مىرزا قىلىۋەرسۇن، بىز ئولجىغا تۇرايلى، — دېدى ئەييۇپ بەگچەك، — ھېچبولمىغاندا تۆھپىگە ئۇ ئېرىشسە، بىز ئاز ـ تولا مال ـ دۇنياغا ئېرىشسەك، يول رىيازىتى چەككىنىمىز بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — سورىدى قاشقا مەھمۇد ئېھتىيات قىلىپ.

— ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا كىم بىلەن كىمنىڭ كارى. ئەنسەنچىلىك سەرۋازلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويسىلا، ئۇلار باشلاپ بەرسە باشقىلار ئەگىشىدۇ. مال ـ دۇنيانى تاشلاپ جېنىنى سېلىپ بەرگۇسى بار ئەخمەقلەر بولسا ئۇرۇشۇۋەرسۇن.

— شۇنداق قىلايلى ئەمىسە.

جەڭ مەيدانىدا تۇيۇقسىز يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى توپ لەشكەر ئاۋۋال ئۆلۈك، يارىدارلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا، كېيىن قايسى تەرەپنىڭ بولسۇن، بەلبېغىدا ئېغىرراق ھەميىنى پۇلاڭلاپ تۇرغان لەشكەرلەرگە ئېسىلىپ، ئاتتىن يىقىتىپ بۇلاشقا باشلىدى. ئەزەلدىن جەڭنى مال ـ دۇنيا توپلاشنىڭ ۋاستىسى دەپ چۈشىنىدىغان بۇ لەشكەرلەرگە بىرقانچە سەرۋازنىڭ باش بولۇپ بېرىشى كۇپايە ئىدى. ئادەتتە جەڭ مەيدانىدا جەڭنى قايرىپ قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسە ئىدى. پەقەت سەييىد مۇھەممەد مىرزىلا ياۋ قوشۇنىنىڭ غولىغا ئارقا تەرىپىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىغانىدى. ياردەمچى قوشۇننىڭ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بابۇر، ئۇلارنىڭ ياۋغا ھۇجۇم قىلماي ھە دەپ ئولجا ئىزدەۋاتقانلىقىنى، ھەتتا لەشكەرلىرىنى ئاتتىن يىقىتىپ بۇلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەئەججۈپلەندى.

«مۇنۇ بەتبەختلەرنىڭ قىلغان قىلىقىنى. جەڭ ئاخىرلاشقاندا ئولجا ئىزدىسىمۇ ئۈلگۈرەتتىغۇ. بەلكىم ئۇلارغا سەمەرقەنت خەزىنىسىنى ئېچىپ بېرىشكىمۇ رازى ئىدىم. ئۇلار بۇلاڭچىلىققا نېمىدېگەن كۆنۈپ كەتكەن ـ ھە؟! ئۇلارنى يەڭسىمۇ ئولجا ئالىدۇ، يېڭىلسىمۇ ئۆز ئادەملىرىنى تالاپ ئولجا ئالىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئەمما، جەڭ بىلەن كارى بولماي بۇلاڭچىلىق قىلغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن. خان تاغام ماڭا ياردەمچى ئەمەس، بىر توپ بۇلاڭچى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئىسىت، تېخى ئۇلارنىڭ يولىغا زور ئۈمىد بىلەن تەلمۈرگىنىم...»

بابۇر جەڭ قىلغاچ دەريا تەرەپكە چېكىنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا ئاران ئون ـ ئون بەش نۆكىرىلا قالغانىدى. دۈشمەن ئۇنى نويان كۆكۆلداش، خۇسرەۋ كۆكۆلداش قاتارلىق سەركەردىلىرىدىن ئايرىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئىككى سەركەردىسىمۇ بىرقانچە نۆكەرلەر بىلەن ياۋنىڭ ھۇجۇمىغا باھادىرلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى ئېھتىيات قىلسىلا!

خۇددى ئاسماندىن سەكرەپ چۈشكەندەك پەيدا بولغان خېلىل تەنبەل بەستلىك گەۋدىسى بىلەن بابۇرنى دالدىغا ئالدى. ئۇنىڭغىچە ئۇنىڭ بوينى ۋە كۆكرىكىگە ئۈچ تال يا ئوقى سانجىلدى. ھەئە، بۇ بابۇرغا ئېتىلغان ئوق ئىدى. بابۇر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن خېلىل تەنبەلنى يۆلىدى. ئۇنىڭغىچە ئون نەچچە ياۋ لەشكىرى ئۇنىڭغا بىراقلا تاشلاندى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان شۇ دەقىقىدە بابۇر ياۋنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل ئوندەك نۆكىرى بىلەن دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ بابۇرنى مۇداپىئە قىلدى.

ــ سىلى چېكىنسىلە ئالىيلىرى. ئۇلارنىڭ ئىشىنى مەن بىر تەرەپ قىلاي.

كۆچلۈك ياۋ ئۇلارنى كۆھەك دەرياسىنىڭ بويىغا قىستاپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلگەندى. دەريا سۈيى ئىككى كۈندىن بېرى خېلىلا سوغۇلۇپ قالغانىدى. ياۋغا ئەمدى تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن بابۇر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ـــ بولۇڭلار، دەرھال دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋالايلى!

سەركەردە ـ لەشكەرلەر دەرياغا قوراللىق، ساۋۇتلۇق سەكرىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغاق تەرىپى خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. سۇ ئۈزەلەيدىغانلار سۇ ئۈزۈپ، ئۈزەلمەيدىغانلار ئاتلارغا ئېسىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئېغىر يارىلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنلەر سۇغا غەرق بولدى. مىرزا ئابدۇلۋەھاپ موغۇلنىڭ ئون نەچچە ياۋ لەشكىرىنىڭ ئارىسىدا تەنھا قالغانلىقىنى كۆرگەن بابۇرنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

شەيبانىخان لەشكەرلىرىنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشىدىن قورقتىمۇ ياكى ئارقا تەرىپىدىن سەييىد مۇھەممەد مىرزا قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولغاچقا، دەرياغا كىرسە ئالدى تەرەپتىن بابۇرنىڭ قايتارما ھۇجۇمىغا، ئارقا تەرەپتىن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زور تالاپەت تارتىشىدىن ۋايىم يېدىمۇ ئەيتاۋۇر، قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلىرىنى دەريا بويىدىن قايتۇرىۋالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ بابۇرغا ياردەمگە كەلگەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى. بابۇرغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېشىنىڭ يولغا چىققان باقى تارخان چاغانىيانىنىڭمۇ ھە دېگەندە يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇنچىلىك غەلىبىگە قانائەت قىلدى ـ دە، بارلىق كۈچىنى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا زەربە بېرىشكە قاراتتى.

غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار شەيبانىخاننىڭ پەرمانى بىلەن تەڭ تاشكەنت لەشكەرلىرىگە بىراقلا تاشلاندى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلجا ۋەسۋەسىدە جەڭنى ئېسىدىن چىقىرىپ ھە دەپ ئۆلۈكلەرنىڭ، يا-

رىدارلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇۋاتقان ئەييۇپ بەگچەك بىلەن قاشقا مەھمۇدنىڭ لەشكەرلىرى ئەمدى جېنىنى، ئۇلجا ئالغان مېلىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا رايى يوق، جاسارىتى سۇس ئىدى. شۇڭا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى ئالدىدا ھودۇقۇپ، قايسى تەرەپكە قېچىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى ۋە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا كۈچىنى مەركەزلەشتۇرۇپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىمكان بار ئىككى سەركەردىسى تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا قاشقا مەھمۇد ئاللىقاچان جېنىدىن ئايرىلىپ، ئات تۇياقلىرى ئاستىدا مىجىلىپ كەتكەنىدى. بوينىغا يا ئوقى تېگىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئەييۇپ بەگچەك بولسا جەڭ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئات ئۈستىدە ئاران ئولتۇراتتى.

ـــ سىلەر سەركەردە ئەييۇپ بەگچەكنى قوغداپ مېڭىڭلار، ـــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا نۆكەرلىرىگە قاراپ، ـــ قالغانلىرىڭلار جەڭ قىلغاچ چېكىنىڭلار. ئاۋۇ دۆڭدىن ئېشىۋالساق قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالايمىز.

شەيبانىخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ باھادىرلىقىنى، ئۇنى ئاسانلىقچە يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ھەمدە تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ شۇبھىلىنىپ قالغاندى.

«سەييىد مۇھەممەد مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەمىرلەشكىرى، ئەتىۋارلىق مەھرىمى. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنچىلىك ئاز لەشكەر بىلەن كەلمەيدۇ. بەلكىم ئاساسلىق قوشۇنى كەينىدىن كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ھازىر ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋېلىش ئۈچۈن، چېكىنىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ بىزنى ئالداۋاتقاندۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەتىگەندىن بېرى جەڭ قىلىپ ھېرىپ قالغان لەشكەرلىرىمنىڭ ئىشى تەس بولىدۇ.

تېخى باقى تارخان چاغانىيانىنىڭمۇ ھەرقاچان يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بار. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قوغلىمىغىنىم تۈزۈك...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، يېنىدىكى ئىنىسى مەھمۇد سۇلتانغا پەرمان بەردى:

— سەركەردە ـ لەشكەرلەر قوغلاشنى توختاتسۇن. بۈگۈن كەچ بابۇرنىڭ سۇ قارارگاھىنى قوناق[1] قىلىمىز.

ياۋنىڭ ھۇجۇمنى توختاتقانلىقىنى كۆرگەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا سەل خاتىرجەم بولۇپ، نۆكەرلەر يۆلەپ كېلىۋاتقان ئەييۇپ بەگچەكنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سەركەردىنى ئاۋايلاپ ئاتتىن چۈشۈرۈڭلار.

قانسىراپ كەتكەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئەييۇپ بەگچەكنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى. يا ئوقى تېخىچىلا بويىندا سانجىقلىق تۇراتتى. نۆكەرلەر ئوقنى سۇغۇرۇۋالسا بويۇن تومۇرلىرى يېرىلىپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوقنى قوشۇپ تېڭىۋەتكەنىدى.

— سۇ كەلتۈرۈڭلەر! — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

بىر نۆكەر ئېتىغا غانجۇغىلىۋالغان چاناشنى ئۇزاتتى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەييۇپ بەگچەكنىڭ ئاغزىغا ئاستا سۇ تېمىتتى. ئەييۇپ بەگچەك لەۋلىرىنى يالىغىنىچە ئاستا كۆزىنى ئاچتى ۋە بېشىدا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى كۆرۈپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— ئەنسىرىمىسىلە سەركەردە، يەنە بىر ئاز ماڭساق، يۇرت ئىچىگە بېرىۋالىمىز، ئاندىن تېۋىپ تېپىپ جاراھەتلىرىنى ئەمەلىتىمىز. ساقىيىپ كېتىدىلا.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن بەرگەن تەسەللىسى ئەييۇپ بەگچەكنىڭ ۋىجدان ئازابىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ قولىنى تەستە مىدىرلىتىپ، سەييىد مۇھەممە-

① قوناق — قونۇپ قېلىش، يېتىپ قېلىش.

مەد مىرزىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئاستا ئۆزىگە تارتتى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ گەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى پەملەپ قۇلىقىنى يېقىن ئەكەلدى. ئەييۇپ بەگچەك زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئە... ئەمىرلەشكەر جانابلىرى... مېنى... كەچۈرسىلە. ئا... ئالدىلىرىدا... كۆپ خىجىلمەن... ماڭا... شەيبانىخاننىڭ ئەمەس... ئە... ئەھمەدبەگ... تەلبەنىڭ... ئوقى... تەگدى... ئۆ... ئۆزۈمگە ئاز... خۇمسىلىقىمنىڭ جازاسىنى... تا... رتتىم. ئەھمەدبەگ تەلبەدىن... ئېھتىيات...

ئەييۇپ بەگچەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي زۇۋاندىن قالدى. كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىققۇدەك چەكچىيىپ، ئاغزى هاڭدەك ئېچىلىپ قالدى. ئۇ گەپ قىلىشقا زىيادە كۈچەپ كەتكەنلىكتىن جاراھەت ئورنى قايتىدىن قاناپ كەتكەندى. جىددىيلەشكەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا بېشىدا قاراپ تۇرغان نۆكەرلىرىگە ۋارقىرىدى:

— بولۇڭلار، يارا ئېغىزىغا سۇ قۇيۇپ قاننى توختىتىڭلار!

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، ئەمدى ئەلھۆكمىلىللاھ دېيلى، — دېدى ئەييۇپ بەگچەكنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق سەرۋاز، — سەركەردە ئاللىقاچان تىنىقىدىن قالدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئىشەنمىگەن هالدا ئەييۇپ بەگچەكنىڭ بۇرنىغا قولىنى تەگكۈزۈپ باقتى، قۇلىقىنى كۆكرىكىگە يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى. ھەئە، ئەييۇپ بەگچەك پۇشايمان ئىلكىدە نۇرغۇن سىرلارنى ئاشكارىلاشقا ئۈلگۈرمەي قازا قىلغاندى.

— قازا ئوقىغا قالقان يوقتۇر، ئەلھۆكمىلىللاھ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئېچىنغان هالدا.

لەشكەرلەر ئەييۇپ بەگچەكنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

بابۇر شۇ چېكىنگىنچە قۇلبە ئوتلىقىغا كېلىپ، كۆھەك دەرياسىدىن يەنە بىر قېتىم كېچىپ ئۆتتى ـ دە، پېشىن بىلەن دېگەر ئارىلىقىدا شەيخزادە دەرۋازىسىدىن سەمەرقەنت شەھىرىگە كىرىۋالدى.

لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمى تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى. سەركەردىلىرىدىن ئىبراھىم تارخان، ئىبراھىم سارۇ ۋە ئىبراھىم جانۇدىن ئىبارەت ئىبراھىم ئاتلىق ئۈچ چوڭ سەركەردىسى، مىرزا ئابدۇلۋەھھاپ موغۇل، ئوبۇلقاسىم كوھبەر، خۇدا بەردى تۇغچى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنباسار سەركەردىسى قازا قىلغانىدى. ئۇ ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ياردەمگە ئەۋەتكەن خەلىل تەنبەلنىڭ ئۆلۈمگە خېلىلا قايغۇردى. ئاكىسى ئەھمەد تەنبەلگە بولغان ئاداۋىتى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغىنىغا كۆپ پۇشايمان يېدى. ئۆزىگە ئېتىلغان ئەجەل ئوقىغا خەلىل تەنبەلنىڭ مەردانىلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئاشۇ ساداقەتمەن، باھادىر سەركەردىلەرنىڭ ئۆلۈمگە مەن سەۋەبچى بولدۇم، — دېدى بابۇر ئاھ ئۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئالىيلىرى، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن تەسەللىي بېرىپ، — ياغى دېگەن ئۆلۈم ـ يېتىمسىز بولماس. ھەممىمىز ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى تېتىغۇچىلارمىز. پەقەت نۆۋەتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى بار، خالاس. ئەمدىكى گەپ، قازاغا رىزالىق بېرىپ، تىرىكلىكنىڭ غېمىنى يېيىش. شول تاپتا شەيباق سەمەرقەنتنى ئېلىشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

بابۇر ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي، راست سۆزلىرى بابۇرنى سەگەكلەشتۈرگەنىدى.

— تاشكەنتتىن كەلگەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ھەمە-دەمچى لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى ھازىر نېچۇككىن؟

— ئول بۇلاڭچىلاردىن ئەمدى ئۈمىد كۈتمەيلى، — دېدى شىرىم تاغايى غەزەپلەنگەن ھالدا.

— سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى بەكمۇ تەدبىرلىك، ئاقىل سەركەردە دەپ ئويلايتتىم، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئەپ-سۇسلانغان ھالدا، — قانداق بەتبەختنى ئوڭ - سول قاناتقا تۇر-شاۋۇل قىلدىكىن تاڭ. بىزگە ھەمدەملىشىشنى قويۇپ، مال - دۇنيا يىغىش بىلەنلا قالدى، ھەتتا لەشكەرلىرىمىزنىمۇ بۇلاپ - تالىدى. پەقەت سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆزىلا ئەتراپىدىكى نۆكەرلىرى بىلەن جاسارەت كۆرسەتتى.

— سەركەردىلىرىنىڭ بۇ رەزىللىكىدىن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خەۋىرى يوق ئەتىمالىم، — دېدى بابۇر.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. خەۋىرى بولسا يول قويامدىغان. خوش، ئەمدى بىز قاراپ ئولتۇرمايلى ئالىيلىرى، سەركەردىلەر ھەرقايسى دەرۋازىلارنى بېكىتىپ، پۇختا مۇداپىئە كۆرسۇن. شەھەردىكى رە-ئىيەتنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرەيلى، بىز ئۈچۈن ئەمدى بىر مەزگىل شەھەرنى بېكىتىپ پۇرسەت كۈتمەكتىن باشقا چارە يوقتۇر.

بابۇر شۇنداق قىلايلى، دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.



تاشكەنت.

سۇلتان مەھمۇدخاندىن تارتىپ بارلىق ئەمىر - بەگلەرنىڭ باشلىرى غەمدىن ساڭگىلىغان، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سەر-پولدىكى ئېغىر مەغلۇبىيىتى، شەيبانىخاننىڭ كۈندىن - كۈنگە

uyghurkitap.com

كۆچىيىپ كېتىشى ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. ھەئە، ئۇلار بابۇرنىڭ سەمەرقەنتنى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتكىلا قانائەت قىلمايدىغانلىقىنى، ماۋەرا-ئۈننەھرنى تولۇق بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پەرغانە، تاشكەنتكە قاراپ لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقانىدى.

ــ ئەمدى يەنە ساقلاپ تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزۇپ، ــ تۇرپاندىكى ئالاچەخان ئالىيلىرىغا رەسمىي يوسۇندا جىددىي يارلىق ماڭغۇزغايلا. ئۆتكەندە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرى ھېلىغىچە قولىغا تەگكەندۇ. ئەمما، بول تەرەپتىكى ئەھۋالنىڭ قالتىس. كېلەر يىلى ئەتىيازغا ئۆلگۈرۈپ كېلەلىسىمۇ چوڭ ئىش. چىلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى پەرەز قىلالىشى ناتايىن. ھازىر كۆز كىرىپ قالدى. يارلىق تۇرپانغا تېز بولغاندىمۇ قىشقا ئۆلگۈرۈپ ئاران يېتىپ بارالايدۇ. قىشچە لەشكەر باشلاپ كېلەلىشى ئۈنىڭغىچە بىز ئەندىجاندىكى جاھانگىر مىرزا بىلەن بىرلىكتە ھازىرلىق كۆرگەچ تۇرايلى.

ــ جاھانگىر مىرزىنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىدە گەپ يوق، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان تىلىنى چايناپ، ــ ئەمما پەرغانىنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقى ئەھمەد تەنبەلدە. ئاۋۋال ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا يالت ئېتىپ ئەھمەدبەگ تەلبەگە قارىدى. ئۇ سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ قاراشلىرىدىكى مەنانى چۈشىنىپ، قىزارغىنىچە كۆزىنى ئەپقاچتى. سۇلتان مەھمۇدخان بەخىرامان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئەھمەد تەنبەلنى كۆندۈرەلمىسەك ئارىدا نىزا پەيدا بولىدۇ، ئۇل چاغدا ئۇنىڭ شەيبانىخانغا ئەل بولۇپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بىر ئەمەس ئىككى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھېچكىم سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇ ئەندىشىسىنى تۇگەتكۈ-

دەك مۇۋاپىق تەدبىر كۆرسىتەلمىدى. شاھنىشىننىڭ ئىچىنى يەنە
سۈكۈت قاپلىدى.

ــ شۈنچىلىك ھودۇقۇپ كەتكۈدەك ئول تەنبەل قانچىلىك
ئادەم ئىدى، ــ تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى ئەھمەدبەگ تەلبە ئۆزىگە
زور غەيرەت بېرىپ تۇرۇپ، ــ ئۇ ناھايىتى بىر دەرگاھلىرىدىكى
ئەرزىمەس نۆكەر ئىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرى
كۆكۈلداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ مەرھۇم ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تو-
نۇشتۇردى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنى ئەندىجانغا ئەكېتىپ ئىچكى
بەگلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بابۇر پادىشاھ
ئالىيلىرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چوڭ بەگلىككە كۆتۈردى. ئۇزۇن
ھەسەننىڭ قۇترىتىشى بىلەن بابۇر پادىشاھقا سەركەشلىك قى-
لىپ، خانزادە جاھانگىر مىرزىنى ئەندىجان تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش
كويىغا چۈشتى. ئۆز ۋاقتىدا بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغا ھەمدەم-
لىشىپ ئوشقا لەشكەر تارتقانلىرىدا خانزادە جاھانگىر مىرزىغا
يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئاياپ قويمىغان بولسىلا، ئول ئەھمەد تەنبەل-
گە بۇنچىلىك يۈز ـ ئابرۇي، مەرتىۋە نەدە ئىدى، ــ ئەھمەدبەگ
تەلبە ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقان ئەمىرلەرگە تەكشى بىر
قارىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئول بەتبەخت تۇزكورنىڭ
كەمىنىلىرىنىڭ ئىنىسى ــ قېرىندىشى ئىكەنلىكى ھەربىرلىرى-
گە ئايان. شول تاپتا مېنىڭمۇ كۆپ خىجىلچىلىقىم بار. ھەربىر-
لىرىدىن يوشۇرمايمەن، مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭغا پايدا ـ
زىياننى چۈشەندۈرۈپ، ساداقەت، ۋاپادارلىققا ئۈندەپ ئىككى قې-
تىم خەت ئەۋەتتىم، لېكىن، جاۋابىنى ئالالماي سەۋر قاچام يې-
رىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە يۈز ـ خاتىر قىلمايلى. جاھانگىر
مىرزا بولسا خانىمىزنىڭ جىيەنى، پەرمانلىرىغا ئەلۋەتتە بويسۇنى-
دۇ. ئىنىم ئەھمەد تەنبەل ھۆرمەت شارابىنى ئىچىشتىن باش
تارتسا، جازا شارابىنى ئىنئام قىلغايلا. ناۋادا ئۇ بىزگە ھەمدەم بو-
لۇشنى خالىماي، ئول مۇناپىق شەيبانىخاندىن ئۈمىد كۈتىدىكەن،
قۇدرەتلىك تەڭرىم گۇۋاھ بولسۇنكى، ئاشۇ قاپاق كاللىسىنى ئۆز

www.uyghurkitap.com

قولۇم بىلەن كېسىپ ئەكېلىپ ئالدىلىرىغا تاشلىغايمەن.
بابا ئەھمەدبەگ تەلبەگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىغان سەيـ-
يىد مۇھەممەد مىرزا شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى چىن يۈرىكىـ-
دىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى. ئەمما ئۇنىڭ نىـ-
مە ئۈچۈن بۇنداق كەسكىن قارارغا كەلگەنلىكىنىڭ تېگىگە ھەزـ-
قانچە قىلىپمۇ يېتەلمىدى.
«بۇ ئەھمەدبەگ تەلبەنى چۈشەنمەك ئەجەبمۇ تەسكەن. لېكىن
نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ھازىر دەۋاتقان گېپى توغرا. ئەمدى
ئەھمەد تەنبەلگە زىيادە يول قويماسلىق كېرەك. پەرغانىنىڭ لەشـ-
كىرىي كۈچىنى زورلۇق بىلەن بولسىمۇ تارتىۋېلىپ، ئۇنى تاشـ-
كەنت لەشكىرىي كۈچلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى،
شەيبانىخان ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئورتاق دۈشمەن...»
دەسلەپتە مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان، سەييىد مۇھەممەد
مىرزىلارنىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىدىكى ئابرۇيىنى تۆۋەنـ-
لىتىش مەقسىتىدە ھە دەپ شەيبانىخانغا يان باسقان، سۇلتان
مەھمۇدخاننىڭ ئالدىدا ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ، لەشكەرلەرنى پۇـ-
تۇنلەي تارتقۇزۇپ قويغان ئەھمەدبەگ تەلبە، نىغمەت مىرزا، سۇلـ-
تان جۈنەيدى بارلاسلار كېيىنكى ۋاقىتتا شەيبانىخاننىڭ بىراقلا
يۈز ئۆرۈپ، سۇلتان مەھمۇدخانغا قارشى چىقىشىنى خىيالىغا
كەلتۈرۈشمىگەنىدى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى سەرپول جېڭىدىن كېـ-
يىن، ناۋادا شەيبانىخان پەرغانە، تاشكەنتنىمۇ ئىلكىگە ئالسا ئۆزـ-
لىرىگە قىلچىلىك رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت
سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدا ھۆرمەت ـ ئەتىۋارىنىڭ بولىـ-
دىغانلىقىنى، ئەمىر ـ بەگلىك مەرتىۋىسىنىڭ ساقلىنىپ قالىدىـ-
غانلىقىنى، شەيبانىخاننىڭ ئالدىدا ھوقۇق ـ مەرتىۋىسىنى ئەـ-
مەس، جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى.
نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ سۇلتان مەھمۇدخانغا يەنىلا ساداقىتى
بار ئىدى. شۇڭا ئەھمەدبەگ تەلبە ئىنىسى ئەھمەد تەنبەلگە خەت
ئەۋەتىپ، دەرھال سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن يارىشىۋېلىش، بىرـ-

لىكتە شەيبانىخانغا قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. كۈتمە-
گەن يەردىن، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئىنىسى رەت قىلىۋەتتى. گەر-
چە سەرپولدىكى جەڭدە ئەيىۋپ بەگچەك بىلەن قاشقا مەھمۇد ئۆلۈپ
ئۇلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىش سۇيىقەستى ئاشكارىلىنىپ قالمىغان
بولسىمۇ، ئەھمەد تەنبەل مۇشۇنداق بويۇنتاۋلىق قىلىۋېرىدىغان
بولسا، سىر ھامان ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. بۇنى ئاز دەپ سۇلتان
مەھمۇدخانىنىڭ سەلتەنەتىمۇ تۈگىشەتتى. چۈنكى، شەيبانىخانىنىڭ
قانچىلىك كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. شەيبانىخان-
نىڭ ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ
كەلتۈرۈشمىگەنىدى، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئابرۇي ـ ئى-
ناۋىتىنى تۆكۈشنىلا خىيال قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى-
نىڭمۇ ئۆلىنى كولاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، كۆپ پۇشاي-
مان يېيىشكەنىدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۇلارنىڭ بۇ پۇشاي-
مانلىق تۇيغۇسىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى.

ـــ ئالىيلىرى پەرمان بەرسىلە، ـــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە
يەنە ئىلتىجا قىلىپ، ـــ ئول ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشىنى كەمىنە
نۆكەرلىرى بىر تەرەپ قىلاي.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ بۇ جاسارىتىد-
گە قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى:

ـــ ئوردىدا بۇ ئىشقا سىلىدىنمۇ مۇۋاپىق كىشى يوق، ـــ
دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ـــ ئىمكان بار ئەھمەد تەنبەلگە
ئاغىلىق ھۆرمەتلىرى بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، سۆز بىلەن قايىل
قىلغايلا. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ لەشكىري ماھارەتتە كامالەتكە
يەتكەن سەركەردە. شەيبانىخانىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ئا-
شۇنداق ماھارەتلىك سىپاھلار كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

ـــ ئەمىر لەشكەر جانابلىرىنىڭ كالامىنى ئېسىمدە مەھكەم
تۇتىمەن، ـــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە تەۋازۇ بىلەن.

ئەزەلدىن گېپى بىر يەردىن چىقمايدىغان ئىككى ئەمىرنىڭ
بىر ـ بىرىگە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئىشەنچىنى كۆرۈپ، ئوردا

www.uyghurkitap.com

ئەھلى تېڭىرقىغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى بىلگەنچە بىر تەرەپ قىلسىلا، ــ سۇلتان مەھمۇدخان مىرزا دىۋاننىڭ ئەمرىگە قارىدى، ــ دەرھال تۇرپاندىكى ئىنىم سۇلتان ئەھمەدخانغا قارىتىپ يارلىق تەييارلانسۇن. باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەر داۋاملىق ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراغ تەييارلاش ئىشلىرىغا مەشغۇل بولغاي. لەشكىرى دىۋان يېڭىدىن چېرىك يىغىپ مەشىقلەندۈرۈش ئىشىنى تېزلەتكەي.

※ ※ ※

سەمەرقەنت قاتمۇقات مۇھاسىرىدە قالغانىدى. شەيبانىخان توختىماي ھۇجۇم قوزغايتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ھېلى شەيخزادە دەرۋازىسى تەرەپتە، ھېلى ئاھەنىن دەرۋازىسى تەرەپتە، ھېلى گازىرۇستان دەرۋازىسى تەرەپتە، ھېلى سۆزەنگەران دەرۋازىسى تەرەپتە، ھېلى فىرۇزە دەرۋازىسى تەرەپتە چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ ئۈچ ئادەم قاتارلىشىپ چىقالىغۇدەك دەرىجىدە يوغان قىلىپ يېگىرمە بەش شوتا تەييارلاتقۇزغانىدى. سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئەنە ئاشۇ شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە يامىشىپ چىقىشقا تىرىشاتتى. ئەمما سېپىلنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاتقان بابۇرنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. يا ئوقى، زەمبىرەك، مەنجاناق، تاش ـ كۆتەك، قاينىتىلغان ياغ بىلەن شوتىغا يامىشىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرەتتى. ھەر قېتىملىق ھۇجۇمدا ياۋنىڭ نەچچە ئونلىغان لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكى سېپىل تۈۋىدە قالاتتى. بابۇر كۈندۈزى بىر ـ يېرىمدەم ئۇخلىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېچىسى ئاساسەن ئۇخلىمايتتى. بەزىدە قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن، بەزىدە باشقا سەركەردىلىرى بىلەن سېپىلنى چارلايتتى. فىرۇزە دەرۋا-

زىسى بىلەن شەيخزادە دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا سىپىل
ئۈستىدە ئاتلىق ماڭغىلى بولاتتى. باشقا تەرەپلەردە پىيادە مېڭىش۔
قا توغرا كېلەتتى. سېپىلنى تولۇق ئايلىنىپ، لەشكەرلەرنىڭ
مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ كېتەتتى.
ئۇ سەمەرقەنتنى جان تىكىپ قوغداشقا قەسەم قىلغانىدى.

گەرچە بۇغدايلار پىشقان خامان پەسلى بولسىمۇ، سەمەرقەنت
شەھىرىدە ئاچارچىلىق كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەن۔
دى. شەھەر خەلقى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى غورا پېتى
يەپ بولغان، ھەتتا ئۈجمە، ئۆرۈك، ئامۇت، نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ
غازاڭلىرىمۇ قالمىغانىدى. ئاتلارغا بوغۇز ئورنىدا تېرەك غازاڭلى۔
رىنى بېرىۋاتاتتى. ھەتتا غازاڭ تاپالمىغانلار قۇرۇق ياغاچنى رەن۔
دىلەپ، ياغاچ قىرىندىسىنى سۇدا ئىشىتىپ ئاتلارنى بېقىۋاتاتتى.

بابۇر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا، خۇسرەۋ شاھ، زۇنۇن ئار۔
غۇن، بەدىئۇززامان مىرزىلارغا توختىماي ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم
سورايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن نە بىر لەشكەر، نە
بىر تاغار ئاشلىق چاغلىق ياردەم كەلمەيتتى.

ــ بۈگۈن ۋەيس لاغەرىمۇ قېچىپتۇ، ــ دېدى قاسىمبەگ
قاۋچىن بابۇرنىڭ قولىدىكى بىر پارچە كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ يې۔
قىلغان زاغرىغا قاراپ قويۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا، ــ
شەھەر ئاھالىسى سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىۋاتىدۇ.
شەيبانىخانىنىڭ لەشكەرلىرى سېپىلغا يېقىن جايدا يوغان ـ يوغان
داشلارغا پولۇ دەملەپ، رەئىيەتنى قېچىپ كېلىشكە قۇترىتىۋاتى۔
دۇ.

بابۇر ئازابلىق كۈلۈمسىرىدى. كۈلكە تەسىرىدىن ئورۇقلاپ
ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ياڭاقلىرى پۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتنى يوشۇرال۔
مىدى.

ــ لەشكەرلەر قېچىۋاتقانلارنى توسمىسۇن، ــ دېدى ئۇ قو۔
لىدىكى زاغرىنى داستىخانغا قويۇپ، ــ ئۇلارنى توسۇۋالساق ئۆ۔

www.uyghurkitap.com

لۇمگە قىستىغان بولۇپ قالىمىز. ھېلىمۇ كۆپ بەرداشلىق بەردى. شەھەردە ھازىر يېگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى.

ــ ئاڭلىشىمچە، بەزى پەقىر ـ مىسكىنلەر جانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئامالسىز ئىت ـ ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

بابۇر كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى. ئۆپكىسى قازاندەك ئېسىلىپ، لەۋلىرى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى.

ــ بۇنىڭ گۇناھى ماڭا ھېساب جانابى ئەمىر، ــ دېدى ئۇ تەستە ئېغىز ئېچىپ، ــ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھارام نېمەتلەرنى يېيىشكە مەن سەۋەبچى بولدۇم. تەڭرى ئالدىدا گۇناھىم ئېغىر. ئەما، شەھەرنى تاكى ئۆزۈم يالغۇز قالغۇچە قوغدايمەن. ئول مۇناپىق شەيباققا ھەرگىز تىز پۈكمەيمەن.

قاسىمبەگ قاۋچىن قېچىپ كېتىۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى توسمىسا، لەشكەرلەرنىڭمۇ قاچىدىغانلىقىنى دېمەكچى ئىدى. لېكىن، بابۇرنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

«بۈگۈن ۋەيس لاغەرى قاچتى. ئەتە باشقىلارمۇ ئەگىشىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش تارىلىپ كەتسە...»

قاسىمبەگ قاۋچىن خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

ــ قورغاننىڭ مۇداپىئەسىنى يەنە بىر تەكشۈرۈپ كېلەي.

بابۇر ساداقەتمەن، ۋاپادار، خۇددى ئاتىسىدەك كۆيۈمچان بۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ كەينىدىن ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

«ئەندىشىلىرىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ئەمىر، ئەمما نە چارە؟ شول تاپتا سىلىمۇ ئاچ يۈرۈۋاتىدىلا. نۆكەرلەرنى قارىتىپ قويۇپ قورساق توقلاشقا ھەرگىز ۋىجدانلىرى كۆتۈرمەيدۇ. سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى بۇنداق قىيىنغۇچە ھەممىسىگە ئىجازەت بېرەيمەيمەن. ھامىنى بىر ئۆلۈم. تايىنلىق شەيباقنىڭ قىلىچىدا ئۆلمەيدىمەن...»

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يالت قىلىپ ئىككى مومىسى، ئانىسى، ئايالى، ئاچىسى كەلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلارمۇ ئاچلىق ئازابى تار-تىۋاتاتتى.

«توغرا، مەنغۇ ئۆلۈپ تۈگىشەرمەن. لېكىن ئۇلار قانداق قى-لىدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن، يۆلەنگەن تېغى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى ۋەھشىي ياۋغا تاشلاپ بېرىپ ئۆلسەم، يىگىتلىك نامىمغا داغ چۈشمەمدۇ؟ شۇ چاغقىچە ئۇلار قىينالغانلىقىنى دەپ باقمىدى، ۋايسىمىدى، قاقشىمىدى؛ ئاداپتىن پەرقسىز ئۇماچ ئىچىشكە، پوم① دىن پەرقسىز زاغرا يېيىشكە رازى بولدىكى، مېنى ياۋغا تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلمىدى. موملىرىم نېمىدېگەن جاسارەتلىك ـ ھە؟! تېنى ئاجىزلاپ كەتسىمۇ بەرداشلىق بېرىۋاتىدۇ. ‹بابۇر جانىم غەيرەتلىك بولسىلا. تەڭرى بەندىسىنى ھەرگىز نائۇمىد قويمايدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالى بولۇپ قالار› دەپ تەسەللى بېرىدۇ تېخى. نېمىشقىمۇ ئۇلارنى بۇرۇنراق ئۆرەتۆپە، ئەندىجان ياكى تاشكەنتكە يولغا سېلىۋەتمىگەن بولغىيدىم. ئەمدى بولغاندا شۇنچە دەۋەت قىلسامۇ، مېنى تاشلاپ كېتىشكە ئۇنى-مايۋاتىدۇ. شەيباق ھەرقانچە رەزىل بولۇپ كەتسىمۇ ئاياللارغا چې-قىلماس بولغىيدى. ئەتراپتىكى سۇلتانلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتمىسەممۇ بولىدۇ. باشقىلىرىنى دېمىگەندىمۇ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادەك مەردانە، جاسارەتلىك، ئاقىل پادىشاھقا زور ئۈمىد باغ-لىغانىدىم. ياردەم بەرمىسىمۇ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن تەسەل-لى قىلىپ بىرەر پارچە خەتمۇ ئەۋەتىپ قويمىدى. راست، ئۆتكەندە ئەھۋالىم بۇنىڭدىن بەتتەر چاغدىمۇ ھېچكىم ياردەم قولىنى سۇن-مىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئەھۋالدا تېخىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ. ئۇلار-نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، سەمەرقەنتنى مۇداپىئە قىلىشىم بىر خام خىيال ئىكەن. ئاقىللار: ‹قورغاننى بېكىتمەك ئۈچۈن باش كېرەك، ئىككى قول كېرەك، ئىككى پۇت كېرەك›، دېگەنىكەن. بۇنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. باش دېمەك ـــ سەردار

① پوم ـــ تۆگىگە بېرىلىدىغان يېمەكلىك.

دېمەكتۇر. ئىككى قول دېگىنى ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان يار-دەمنى كۆرسىتىدىكەن. ئىككى پۇت دېگىنى بولسا، سۇ بىلەن ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما مەندە ھازىر باشتىن باشقا ھېچنېمە يوق. شەيباق قورغان مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپتى. شۇڭا سىپىل تۈۋىدە قازان ئېسىپ، تاماق ئېتىپ ئاۋام ـ رەئىيەتنى، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى قېچىشقا قۇترىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە؟ ئەمدى بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو جەڭ قىلىمەن دېسەم سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ ئاچلىقتا ئىلىكى قۇرىدى. ماغدۇرىدىن كەتتى. بىلىكىدە قىلىچ كۆتەرگۇدەك قۇۋۋەت قالمىدى. زادى قانداق قىلسام بولاركىن؟...»

— كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى.

بابۇر يېنىدا قاراپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىننى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى گادىرماچ خىيالالارغا ئەسىر بولۇپ، ئۇنىڭ كىرگىنىنى سەزمىگەنىدى.

— خوش، — دېدى ئۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ پاراسەت چاقناپ تۇرغان ئۇرا كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— بۇزرۇك خانىش مومىلىرى دەرگاھىغا چىللاۋاتىدۇ.

بابۇر دەس ئورنىدىن تۇردى، مومىسىنىڭ چاقىرتىش سەۋەبىنى سورىمىدى.

— مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشى باردەك قىلىدۇ. كەمىنىلىرىنىمۇ ئالىيلىرى بىلەن بىللە كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى.

— ئۇنداق بولسا دەرھال بارايلى.

«مەسلىھەتلىشىدىغان قانداق زۆرۈر ئىشى بار بولغىيدى...»

بابۇر دېلىغۇل خىياللار ئىلكىدە مومىلىرىنىڭ سارىيىغا كەلدى. سارايدا ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىممۇ بار ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. بۇزرۇكۋارلىرىمنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟ ئىككى كۈندىن بېرى سالامغا كېلەلمىدىم، بىدەئەدەپلىكىمنى كەچۈرگەيلا.

ــ كەچۇرۇم سوراشلىرى بىھاجەت ھۇما قۇشۇم[1]، ــ دېدى
سەل مۇكچىيىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا تېتىكلىكىنى يوقاتمىغان
ئىسان دۆلەت خېنىم كۆڭگەن ئادىتى بويىچە بابۇرنى مېھرى بىلەن
ئەركىلىتىپ، ــ سىلىگە باشتىلا ئىيتقانمەن، ياۋنىڭ تـەھلىكـ ـ
ـسىدە تۇرۇۋاتقاندا بىزگە كۆڭۈل بۆلمەن دەپ زېھنىلىرىنى چاچ ـ
ـمىسىلا، ــ ئۇ بابۇرغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، ــ كەلسىلە، يې ـ
ـنىمدا ئولتۇرسىلا.

بابۇر مومىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاچ، ئىندىمەي تۇرغان ئا ـ
ـنىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. ئانىسىنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ
كەتكەن كۆزلىرىگە شۇنداقلا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ۋۇ ـ
جۇدىنى خىجىللىق، ئىزتىراپ تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.

«ئانام بۇ قىيىنچىلىق، جاپالارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن
ئوخشايدۇ...»

ــ سىلىمۇ جاي ئالسىلا قاسىمبەگ، ــ دېدى ئىسان دۆلەت
خېنىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ــ قورغاندىكى ئەھۋال ھەم ـ
ـمىمىزگە ئايان. بىچارە رەئىيەت دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازىڭى،
قوۋزىقىنى يېگەننى ئاز دەپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
ھەتتا ئىت ـ ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنىمۇ يېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.
شەپقەتلىك تەڭرى گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي ئىگەكىم.
بەش ـ ئالتە ئايدىن بېرى، ئول شەيباقخان قامالنى كۈندىن ـ
كۈنگە چىڭىتىۋاتىدۇ. ئەمدىلىكتە ئۇچار قۇشلارمۇ سەمەرقەنت
ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتمەس بولدى. مۇشۇ ھالەتتە يەنە قانچە كۈن
بەرداشلىق بېرەلىشىمىز ئۆزىمىزگە ئايان، ــ ئىسان دۆلەت خې ـ
ـنىم كۆرپىنىڭ تېگىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ بابۇرغا ئۇزات ـ
ـتى، ــ سىلىنى چاقىرتىشىم ئۇشبۇ مەكتۇپنىڭ بائىسىدىندۇر.
دۈشمەنلىرى سۈلھى تەلەپ قىلىپتۇ.

سۈلھىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بابۇرنىڭ يۈرىكى ھاياجانلىق
دۈپۈرلەپ كەتتى. خەتكە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتتى.

① ھۇما قۇشۇم ــ بەخت قۇشۇم.

— مۇمكىن ئەمەس! — داۋامىنى ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بابۇر خەتنى پۇرلەپ يەرگە ئاتتى. غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن بايا ئىسان دۆلەت خېنىم چاقىرتقاندا خەۋەر تاپقان قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قارىۋېلىپ يەنە يەرگە قارىۋالدى. ھەئە، شەيبانىخان خەتتە بابۇرنىڭ ئاچىسى مەلىكە خانزادە خېنىمنى خوتۇنلۇققا سورىغان. خانزادە خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىشقا قوشۇلسا، بابۇرنىڭ شەھەردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى.

— سەمەرقەنتنى بەرگەننى ئاز دەپ، ئىگىچەمنىمۇ ئۇستەك بېرىدىكەنمەن تېخى! كىمنى ھاقارەتلىمەكچى ئول ياۋايى مەلئۇن! — دېدى بابۇر بوغۇلغان ھالدا، — چۆچۈرىنى خام سانىمىسۇن! ئۆلۈشكە رازىمەنكى، شەرتىگە ھەرگىز رازىلىق بەرمەيمەن!

قۇتلۇقنىگار خېنىم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

— سىلىگە ئەندىجاننىڭ تەختى يېتىپ ئاشاتتى، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتقانلىرى ئەسلىدىنلا خاتا بولغان...

ئانىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسى يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلىپ، ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك ئازابلانغان بولسىمۇ، بابۇر ئاڭلىمىغانغا سېلىپ بېشىنى كۆتۈرمىدى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدى تىترەپ، مېڭىسى پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— بىزغۇ مەيلى، ئەمما گۇناھسىز خەلق بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ۋابالىدىن چىقىپ بولالمايمىز ئوغلۇم، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم تەمكىنلىك بىلەن، — مەنغۇ ياشايدىغان ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىمەن. ھەر ۋاقلىق نامىزىمدا جانابى ئاللاھتىن تېزرەك رەھمەتلىك مۇرەببىمنىڭ قېشىغا يولغا سېلىشىنى تىلەيمەن. ئەمما سىلى ئانىلىرىنى، ئىگىچىلىرىنى ئويلىسىلا. قارامىلىق قىلىپ ياش ئۆمۈرلىرىنى دوغا تىكمىسىلە. تەقدىر ـ ئىرادە پېشانىمىزگە شۇنداق يازغان بولسا، قېچىپ قۇتۇل-

مىقىمىز بەسى مۈشكۈل.

ھېلىگەر شەيبانىخان بۇ شەرتىگە بابۇرنىڭ قەتئىي قوشۇل-مايدىغانلىقىنى پەملەپ، مەكتۇپنى ئىسان دۆلەت خېنىمغا ئەۋەت-كەنىدى. ھەئە، ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بەش ـ ئالتە ئاي-دىن بېرى سەمەرقەنت مۇھاسىرىسىدىن زېرىككەنىدى. يەنە ۋاقىتنى سوزسا سەركەردىلىرى باشقا تەرەپلەرگە كېتىپ قېلى-شى، ھەتتا بابۇرغا ئەل بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئۆز ۋاقتىدا سۇل-تان مەھمۇدخان ئەۋەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئىگىلەيتتى. ئۇلار مەنپەئەتنى كۆزلەپلا شەيبانىخانىنىڭ ئەتراپىدىن كەتمىگەنى-دى. شۇ سەۋەبتىن شەيبانىخان ئۇلارغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە ۋە خۇراسانغا يېگانە سۇلتان بو-لۇش قارا نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ قوللىشىغا، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بىرەر مەلىكىگە ئۆيلىنىش ئار-قىلىق، ئۆزىنى ئەل ـ يۇرتقا تۆمۈرىيلەر جەمەتىدىن قىلىپ كۆرسىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بابۇرنىڭ ئاچىسى مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ تېخىچە ياتلىق بولمىغانلىقىنى، ھۆسن ـ جا-مالىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالتە ئايلىق مۇھاسى-رىدە ھالىدىن كېتىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بابۇرغا ھاياتلىق يولى بېرىش ئارقىلىق، بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-نى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ــ ئول ھېلىگەر شەيباق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاسى-تە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ــ دېدى بابۇر ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، ــ ئالدىنقى نۆۋەتمۇ سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۈچۈن، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئانىسى زۆھرە بېگىمگە مۇشۇنداق مۇھەببەت مەكتۇپى ئەۋەتكەن. ئاخىرقى ھېسابتا زۆھرە بېگىمنى نىكاھىغا ئېلىش ئۇ-ياقتا تۇرسۇن، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

ــ زۆھرە بېگىم بىلەن خانزادە خېنىمنى قانداقمۇ سېلىش-

www.uyghurkitap.com

تۇرغىلى بولسۇن ئوغلۇم.

ئىسان دۆلەت خېنىم قەتئىي قارارغا كەلگەندەك قىلاتتى. بابۇر مومىسىنىڭ سۆزلىرىدىن بۇنى ئوچۇق ھېس قىلدى. ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىممۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن، بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغاندەك قىلاتتى. بابۇر مەدەت تىلەپ، باياتىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان مومىسى شاھ بېگىمگە قارىدى. ئەمما شاھ بېگىم قولىدىكى تەسۋىنى تىنىمسىز سىيرىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. بابۇر نەزەرىنى قاسىمبەگ قاۋچىنغا ئاغدۇردى. بىراق، قاسىمبەگ قاۋچىنمۇ يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇراتتى.

«ئەجەبا قاسىمبەگ قاۋچىنمۇ بۇ شەرتكە قوشۇلۇش قارارىغا كەلگەنمىدۇ؟ توغرا، بۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇزرۇك مومامنىڭ گېپىنى يىرالىغان ئەمەس. بەلكىم قاسىمبەگ قاۋچىن شۇ سەۋەبتىن گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغاندۇ. چۈنكى تۇرۇۋۋالسام مېنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ سۆزلىشى مۇمكىن...»

تەڭقىسلىقتا قالغان بابۇر يەنە تىركەشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاچىسىنى شەيبانىخانغا بېرىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنچە ئەقىللىق، تەدبىرلىك مومىسى نېمىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟

— خانزادە خېنىمنى ئەلۋەتتە زۆھرە بېگىم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى بابۇر تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىپ، — ئويلاپ باقسىلا موما، ئۇ شەيباق نەچچە ياشتا؟ خانزادە خېنىم نەچچە ياشتا؟

— جاھىللىق قىلماي ئەقىل بىلەن ئويلانسىلا ئوغلۇم، — دېدى شاھ بېگىم بىردىنلا تەسۋى سىيرىشتىن توختاپ، — سىلى دېگەن بىر سەلتەنەتنىڭ پاسىبانى. گەرچە ئىنگچىلىرىگە ئاتا يوللۇق بولسىلىمۇ يەنە ئەل ـ يۇرتنىڭ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭمۇ غېمىنى يېيىشلىرى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى ھايات بولمىسىلا بولمايدۇ. بىزگە تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆز گۆھىرىمىزنىڭ تۆكۈلۈپ

كەتكىنىنى كۆرسىتەي دەمدىلا...

شاھ بېگىم بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

بابۇرنىڭ يۈرىكى يەنە قايتىدىن تىلىندى. ئۇ ئادەتتە بۇ كەم سۆز، مۇلايىم مومىسىنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا ئەركىلىسىمۇ مومىسى ئىسان دۆلەت خېنىمغا قىلغان شوخلۇقنى قىلمايتتى. كۆپىنچە ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ يېتىشقا ئامراق ئىدى.

«ئەل ـ يۇرت، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ غېمى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئىگىچەمدىن كېچىشىم كېرەك، ئۇنى ئاشۇ مەلئۇننىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىشىم كېرەك. ياق! تاجۇتەخت، سەلتەنەتتىن كەچسەم كېچىمەنكى، بۇ خورلۇقنى ئۆزۈمگىمۇ، ئىگىچەمگىمۇ راۋا كۆرمەيمەن! ئى قۇدرەتلىك ئاللاھ! ئاجىز بەندەڭنى بۇ تەڭقىسلىقتىن ئۆزۈڭ خالاس قىلغايسەن...»

مومىلىرىنىڭ قارارىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىغان بابۇر ئامالسىز ئىندىمەي تۇرۇۋالدى.

— بولدى تالاشماڭلار! — تۇيۇقسىز ياندىكى ھوجرىدىن مەلىكە خانزادە خېنىمنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىنىسىغا كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولۇپ يان ھوجرىغا كىرىۋالغاندى، — كىچىك ۋاقتىمدا، جەننەتماكان بۇزرۇكۋار بوۋام سۇلتان ئۆۋەيسخان ئالىيلىرى ئىلى دەرياسى بويىدا موغۇللارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىدا، سىڭلىسى مەختۇمسۇلۇ خېنىمنىڭ ئاغىسى ۋە تەخت ـ سەلتەنەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇل موغۇل خانغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ جاسارىتىگە بىر تەرەپتىن قايىل بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن قارا قىسمەتنىڭ مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. سۆيۈملۈك بابۇرجانىم، كۆڭۈللىرىنى زىنھار يېرىم قىلمىسىلا. ئاتا ـ بابىلىرىمىزدىن قالغان تاجۇ تەختنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىلى ئامان بولمـ

www.uyghurkitap.com

ــسىلا بولمايدۇ. ھېلىمۇ كۆپ جەبىر ـ جاپالارنى تارتتىلا. سىلى تارتقان ئاشۇ جەبىر ـ جاپالار، مۇشكۇلاتلارنىڭ ئالدىدا ماڭا كەلگەن بۇ قىسمەت ھېچنېمە ئەمەس. تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن، ئەزىز بېشىڭلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، شەھەردىكى ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان ئاۋام ـ رەئىيەتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن بۇ نىكاھقا رازى. ئەمدى بۇ ھەقتە دەتالاش قىلماي، شەھەردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كېتىشنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈڭلەر.

قۇتلۇقنىگار خېنىم ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلگۈدەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. بىئىلاجلىقتا قەپەزگە چۈشۈپ قالغان شىردەك قىينالغان بابۇر لەۋلىرىنى چىشلىدى. ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. ھەئە، ئاچچىق رېئاللىقتا بابۇر ئاخىر تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

بابۇر شۇ كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا مومىسى شاھ بېگىم، ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم، ئايالى ئايشە سۇلتان بېگىمنى خىزمەتكارلىرى بىلەن ئېلىپ، قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق سەركەردە ـ نۆكەرلىرىنى باشلاپ، شەيخزادە دەرۋازىسى ئارقىلىق سەمەرقەنت شەھرىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا مومىسى ئىسان دۆلەت خېنىم مەلىكە خانزادە خېنىمنى ئېلىپ ئالللىقاچان شەيبانىخاننىڭ بارگاھىغا بېرىپ بولغانىدى. شۇڭا بابۇرنىڭ ئالدىنى شەيبانىخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى توسمىدى.



مىلادىيە 1503 ـ يىلى، باش باھار. تۇرپان.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوردىسى كىشىگە تولىمۇ ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. ئوردا سېپىلىنىمۇ شەھەر سېپىلىغا ئوخشاشلا

مىڭلىغان ياساۋۇللار مۇھاپىزەت قىلاتتى. مەھكەم يېپىلغىنىغا قارىماي قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ياساۋۇللار مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغان ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئاددىي شەھەر ئاھالىسى ئېھتىيات بىلەن تەشۋىشلىك تۈيغۇلار ئىلكىدە ئەگىپ ئۆتۈشەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن تارتىپ نەچچە ئەۋلاد خان ـ سۇلتانلار يارلىق، پەرمان جاكارلاپ كەلگەن شاھنىشىنىنىڭ ئەتراپىنىمۇ ئونلىغان ياساۋۇللار كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا مەھرەملىرى ۋە خىزمەتكارلار بۇ ئالىي سارايغا خالىغانچە يېقىنلىشالمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ شاھنىشىن كىشىگە خۇددى ئوردىغا ئوخشاش ھەم سىرلىق، ھەم ۋەھىملىك تۈيغۇ بېغىشلايتتى.

بۈگۈن شاھنىشىنغا ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمىر ـ سەركەردىلەر تولۇق يىغىلغان بولۇپ، ئىككى سەپ بولۇپ ئۆرە تۇرۇشقىنىچە خاننىڭ قوبۇلىنى كۈتۈۋاتاتتى.

— ئالىيلىرى كەلدى! — باش مەھرەم بېگىنىڭ ئىنچىكە، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭ، سۇلتان ئەھمەدخان شاھنىشىنىنىڭ تەختكە يېقىن تەرىپىگە قويۇلغان خاس ئىشىكىدىن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە قول باغلاشقىنىچە قەددىلىرىنى پۈككەن ئەمىرلەر سالام بېرىشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي!

سۇلتان ئەھمەدخان ئالدىرىماي كېلىپ، يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئالتۇن تەختكە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىجازەت!

— قۇدرەتلىك شاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر!

ئەمىرلەر خانغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، مەنسەپ ـ دەرىجىسى بويىچە ئۆز ئورۇنلىرىدىن جاي ئېلىشتى.

ــ خانزادىلەر كىرگەي!

باش مەھرەم بېگىنىڭ ئۇنى ئۈچۈشى ھامان شاھنىشىنغا چوڭ ئىشىكتىن مەنسۇرخان، ئىسكەندەرخان، سەئىدخان، باباچاقخان، شەيخ مۇھەممەدخان، ئابدۇخېلىلخان، ئىمىن خوجاخان، چىن تۆمۈرخان، يۇسۇنتۆمۈرخان ۋە توختە بۇغاخان قاتارلىق ئون نەپەر خانزادە بويىسىرى كىرىپ كەلدى ـ دە، تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە سۇلتان ئەھمەدخانغا سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئوغۇللىرىغا ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئۇستازلار! ــ دېدى خانزادىلەر ئەمىرلەرگە قاراپ.

ئەمىرلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ خانزادىلەرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىشتى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. خانزادىلەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاي!

سۇلتان ئەھمەدخان چوڭ خانزادىسى مەنسۇرخانغا تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان كۇرسىدىن، باشقا خانزادىلەرگە تۆۋەن تەرەپتىن ئورۇن بەردى.

چوڭ خانزادە مەنسۇرخاندىن باشقا خانزادىلەرنىڭمۇ بۈگۈنكى ئوردا كېڭەشىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىرلەر مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە كېڭەش بولىدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ قويىدى. دېمىسىمۇ بىرنەچچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمىرلەردىن باشقا ئەمىرلەرنىڭ بۇ قېتىمقى كېڭەشنىڭ مەقسىتىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

ــ جانابى ئەمىرلەر، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان شاھنىشىندىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ، ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، ــ يېقىندا ئاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن جىددىي

يارلىق تاپشۇرۇپ ئالدۇق. شول كۈنلەردە خان ئاغامنىڭ بىھېساب ھىممەت ـ شەپقىتىگە نائىل بولغان شەيبانىخان تۈزكورلۇق قىلـ ـ لىپ، بۇخارا، سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەرلەرنى بېسىۋالغىنىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، ئىسيان ناغرىسىنى چېلىپ، پەرغانە ۋادىسى بىلەن تاشكەنتكە تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ. شول سەۋەبتىن ئول رەزىل ياۋغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باھادىر سەر ـ كەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى دەرھال ئېلىپ بېرىشىمىزغا پەرمان بې ـ رىپتۇ، ئەلۋەتتە، خان يارلىقى مۇقەددەستۇر. ئول ئاسىي شەيبا ـ نىخان بۈيۈك سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن خەتەرلىك دۈشمەندۇر. ئۇنى جازالاش ھەممىمىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇ يىل يازدا ياركەنتكە لەشكەر تار ـ تىپ بېرىپ، مىرزا ئابابەكرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مۇددىئاسى ـ نىڭ بارلىقىدىن ھەممە ئەمىرلەرنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. كۈتۈل ـ مىگەندە ئۇنىڭ ياركەنتكە ئەمەس، تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ بار ـ ماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەمىرلەر گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن مىرزا ئابابەكرىمۇ شەيبانىخانغا ئوخشاشلا كۈچلۈك تەھدىت ئىدى. شۇ تاپتا ھەممە ئەمىرلەرنىڭ ئاۋۋال مىرزا ئابا ـ بەكرىنى يوقىتىپ، ماڭلايسۆيەنى قايتۇرۇۋېلىپ، زېمىنىنى بىر ـ لىككە كەلتۈرۈپ ئەل ـ يۇرت، تەخت ـ سەلتەنەتنى خاتىرجەم قىلىش ئارزۇسى بار ئىدى.

ـــ ئۇنداقتا ماڭلايسۆيەگە لەشكەر تارتىش ئىشى يەنە ئارقىغا سۈرۈلەمدۇ ئالىيلىرى؟

ـــ ئاگال مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلساق ياخشى بولاتتى.

ـــ يەنە تەخىر قىلساق، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتەرمى ـ كىن؟

ـــ ناۋادا خان ئالىيلىرىنىڭ تاشكەنتكە ھەمدەمگە كەتكىنى ـ دىن خەۋەر تاپسا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ تىنچىتماسمىكىن؟

ـــ ھېلىمۇ لەشكەر ئەۋەتىپ پات ـ پات پاراكەندە قىلىۋاتىد ـ

www.uyghurkitap.com

دۇ.
سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىرلەرنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشىنەت-
تى. ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ ئاۋۋال ياركەنتكە لەشكەر تارتقۇسى بار ئى-
دى. ئەمما ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان
هامان دەرھال يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇڭا ئاكىسىنى
خەتەرگە تاشلاپ قويۇپ، قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا كۆڭلى ئۇنى-
مىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسى، ئىگىچىلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىلى
ئۇزۇن يىللار بولغانىدى، ھەتتا دادىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ
تۇپراق بېشىنىمۇ يوقلاپ بېرىپ باقمىغانىدى. مۇشۇنداق خەتەر-
لىك ئەھۋالدا ئانىسى، ئاكىسى ۋە ئاچىلىرى بىلەن كارى بولمىسا
بولمايتتى.
ــ ئاقسۇ ـ ئۇچ ئەمىرى مىرجاپپار بەردى بەگ جانابلىرى-
نىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇنۇملۇك توسۇشقا قۇربى
يېتىدۇ. يەنە مارالبېشى، پىچاق سۇندى بەگلىرىنى ھەمدەمدە بو-
لۇشقا پەرمان بەردۇق. چوڭ خانزادە مەنسۇرخان بىرنەچچە يىلدىن
بېرى تۇرپان، قومۇللاردا يۇرتدارچىلىق قىلىپ سەلتەنەت ئىشلى-
رىغا خېلى ئوبدان پىشىپ قالدى، ــ ئۇ ئەمىرلەرگە تەكشى بىر
نەزەر تاشلىۋېتىپ داۋام قىلدى، ــ ئەلۋەتتە ھەربىرلىرىنىڭ ئەن-
دىشىسىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس. ئەمما ئاقسۇ، ئۇچتا مىرجاپپار بەر-
دى بەگدەك ساداقەتمەن، ئىستىپداتلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمىز
باردۇر. ئۇلارغا كۈچار، قاراشەھەر ئەمىرلىرى ھەمدەمدە بولىدۇ.
مېنىڭچە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈشكە
ماغدۇرى يەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، تەختكە چوڭ خانزادە مەنسۇرخاننى
نائىب خان قىلىپ سەلتەنەت تىزگىنىنى تاپشۇرماقچىمەن. چوڭ
خانزادىگە ھازىردىن باشلاپ سۇلتانلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەي.
مەنسۇرخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ
يۈكۈندى:
ــ خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر. كەمىنە ئوغۇللىرى
ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن سەلتەنەتكە قارانچۇق بولۇپ، كۈتكەن ئۈ-

مىدلىرىنى ئاقلايمەن. بۇيۇك سەلتەنەت ئۇچۇن بارلىقىمنى پىدا قىلىمەن.

سۇلتان ئەھمەدخان سەلتەنەت ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان چاسا شەكىللىك قاشتېشى مۆھۈرنى مەنسۇرخانغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— خانزادە باباچاقخان، شەيخ مۇھەممەدخان، ئىمىن خوجاخانلار ئاستانىدە قېپقېلىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولىدۇ. خانزادە ئىسكەندەرخان ئالمالىق، ئىلىبالىق، بېشبالىق ۋىلايەتلىرىگە، خانزادە ئابدۇخېلىلخان يەتتە سۇ، سايرام ۋىلايەتلىرىگە قايتىپ ئۆز سۇيۇرغاللىقلىرىغا پاسبان بولغاي.

— پەرمانبەردارمىز! ئاغام سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ، سەلتەنەت ئۇچۇن كۈچ قوشىمىز، — دېدى پەرمان تاپشۇرۇۋالغان خانزادىلەر يۈكۈنۈپ تۇرۇپ.

— خانزادە سەئىدخان بىلەن خانزادە باباچاقخان تاشكەنت يۇرۇشىگە قاتنىشىدۇ.

دادىسى بىلەن بىللە تاشكەنتكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان سەئىدخان بىلەن باباچاقخان ھاياجانلانغان ھالدا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تەختنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى:

— پەرمانبەردارمىز!

ئىككى خانزادىسىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان قاپىقىنى تۈردى:

— بىز تاشكەنتكە مېھماندارچىلىققا بارمايمىز. سەلتەنەت دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش دېگەن سۆز ھەرقاچان يادىڭلاردا بولسۇن.

ئىككى خانزادە جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— خان ئاتامنىڭ كالامىنى ئېسىمىزدە تۇتىمىز. سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا تەييارمىز!

سۇلتان ئەھمەدخان ئەمدىلا يىگىتلىككە قەدەم قويغان ئوغۇللىرىغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويدى. باشقا خانزادىلەر تېخى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىچىك ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىدى.
لەشكىرى دىۋاننىڭ مىرزىسى بۇ قېتىمقى لەشكىرى يۈرۈشكە بېكىتىلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى.
ــ لەشكىرى يۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئىلكىدىكى لەشكەرلەرنىڭ سانىنى لەشكىرى دىۋانغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، خەزىنىدىن ئالتە ئايلىق تەمىناتىنى ئالدىن ئېلىۋالغاي. ئاللاھ خالىسا يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز.
سۇلتان ئەھمەدخان كېڭەشنىڭ تامام بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. بارلىق ئەمىرلەر دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، خاننى ئېھتىرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

※ ※ ※

ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ھەسەن، ئەلى سەردار قاتارلىق يىگىرمە نەپەر ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن ئون بەش مىڭ كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ، ئايازبېك قۇشچى، مەۋلانە جالالىددىن تۇرپانى قاتارلىق خانلىق مەدرىسەنىڭ بىرقانچە مۇدەررىسلىرىنىمۇ لەشكىرى مۇشاۋىرلار قاتارىدا ئېلىۋالغانىدى.
سەئىدخان ئات ئۈستىدە قىن ـ قىنىغا پاتماي كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ نامىنى تولا ئاڭلاپ، خۇددى چۆچەكلەردىكى ساماۋى شەھەرلەردەك ھېس قىلىدىغان تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەندىجانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغانلىقىدىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىچە چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان خان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان، پەھلىۋانلىق داڭقىنى تولا ئاڭلىغان مەشھۇر سەركەردە مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان، سەييىد مۇھەممەد مىرزا، بولۇپمۇ ئون ئىككى ياش ۋاقتىدىلا دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ، ئاجايىپ كاتتا جەڭلەرنى قىلغان، باھادىرلىق نامى

تىللاردا داستان بولغان نەۋرە ئاكىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىرزا بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىدىن ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەخت ـ سەلتەنەت دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقىدىن ھاياجانلىناتتى. ئۇلارنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى غايىبانە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. باھادىرلىق نامى خېلىدىن بېرى تونۇش بولغان نەۋرە ئاكىسى بابۇر ئۇنىڭ قەلبىدىكى رۇستەمى داستاندىنمۇ ئارتۇق قەھرىمان ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ تاشكەنتكە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بابۇرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئېتىغا توختىماي قامچا سېلىپ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. تۇغچى بەگ[1] ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇنى ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن بەلگىلەنگەن سەپتە مېڭىشقا جورۇيتتى. ئىلاجسىز سەپكە قايتىشقا مەجبۇر بولغان سەئىدخان ھېلى ئىنىسى باباچاقخاننى ياۋاش، ئېزىلەڭگۈلۈكتە ئەيىبلەپ چىشىغا تەگسە، ھېلى خانلىق مەدرىسەدىكى ھەمساۋاق دوستى تاھىر بەگ بىلەن بەسلىشىپ ئات چېپىشاتتى. تاھىر بەگمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ بۇ لەشكىرىي يۈرۈشكە قاتناشقانىدى. چۈنكى، ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىللە ئېلىپ مېڭىشىغا يول قويۇلاتتى. ئۇلار پەقەت سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن ئۇستازى ئايازبېك قۇشچىنىڭ ئالدىدا شوخلۇق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەندىجان، ئوش...ھەققىدە ئۆزلىرى بىلگەنچە سۆزلىشەتتى. ھەرقانداق پاراڭنىڭ تېمىسى ئاخىرى بېرىپ بابۇردا توختايتتى.

— ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئىككى قولتۇقىغا بىردىن نۆكەرنى قولتۇقلىۋېلىپ يۈگۈرەيدىغان بولسا، ساياق نۆكەرلەرمۇ يېتىشەلمەيمىش. ئاتقان ئوقى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشنىڭ بېشىغا تېگەرمىش. قىلىچۋازلىقتا تەڭدىشى يوقمىش، — دەيتتى سەئىدخان.

— ئاشۇنداق باھادىرلىقى بولمىسا، سەمەرقەنتتەك كاتتا

① تۇغچى بەگ — يۈرۈشتە قوشۇننىڭ تەرتىپىگە مەسئۇل بەگ.

www.uyghurkitap.com

شەھەرنى ئىككى قېتىم ئالالامتى، — دەيتتى تاھىر بەگ قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئادەم زاتى ھەرقانچە پەھلىۋان بولسا شۇنچىلىك بولار.

زور قوشۇن يوللاردا ئاۋامنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق، ئاشلىق ـ زىرائەتلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بوستانلىق، ئېكىنلەرنى، يۇرت ـ مەھەللە ئىچىنى تاشلاپ، خەتەرلىك، قىيىن بولسىمۇ ئۇدۇل بولغان تاغ ۋە چۆل يوللىرى بىلەن ماڭاتتى. بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان يېزا ـ قىشلاقلارغا توغرا كەلگەندە تەرتىپكە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. پۇقرالارغا قىلچىلىك زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيتتى. ھەئە، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ لەشكىرىي تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. سەل ـ پەللا سەۋەنلىك كۆرۈلسە يۈز ـ خاتىر قىلماي قاتتىق جازالايتتى.

※ ※ ※

زور ئۈمىد بىلەن نىجاتلىق ئىزدەپ تاشكەنتكە كەلگەن بابۇرنى يەنە ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى چىرمىۋالدى. گەرچە تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى خان ـ سۇلتانلارغا خاس كاتتا ھەشەم بىلەن كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، تېخىچىلا سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماي، خۇددى مېھمانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئەمما بابۇرنىڭ تاشكەنتكە كېلىشتىكى مەقسىتى مېھمان بولۇپ، قورساق بېقىش ئەمەس، خان تاغىسى بىلەن بىرلىكتە پەرغانىنى ئەھمەد تەنبەلدىن تارتىۋېلىپ، قايتىدىن لەشكىرىي كۈچ توپلاپ شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. بۇ مۇددىئاسىنى بىرقانچە قېتىم پۇرىتىپ باقتى. ئەمما سۇلتان مەھمۇدخان بابۇرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى قەستەن گالۋاڭلىق قىلىۋالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

شۇ كۈنلەردە ئەھمەد تەنبەلنىڭ خورىكى بارغانسېرى ئۆسۈپ ئۆرەتۆپىگە لەشكەر تارتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلى كۈزدە سۇلتان

مەھمۇدخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەن
ئاكىسى ئەھمەدبەگ تەلبەنى ئۆلتۈرۈپ، خان لەشكەرلىرىنى تىرە ـ
پىرەن قىلىۋەتكەندىن كېيىن، يۇرتكى يوغىناپ، ھەددىدىن ئېشىپ
كەتكەنىدى. خانزادە جاھانگىر مىرزىنىمۇ نەزەربەنت قىلىپ، پەر ـ
غانىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. تاشكەنتتە
«ئەھمەد تەنبەل شەيبانىخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپتۇيەي، شەيبا ـ
نىخان لەشكەر تارتىپ كەلسە، ئەندىجان بىلەن ئۆرەتۆپىنى ئەھمەد
تەنبەلگە بېرىشكە ۋەدە قىلىپتۇيەي» دېگەندەك مىش ـ مىش گەپ ـ
لەر ئاۋۇپ قالغانىدى. بابۇر ھەر كۈنى دېگۈدەك تاغىسى سۇلتان
مەھمۇدخاننىڭ ئالدىغا سالامغا باراتتى. بىراق، سۇلتان مەھمۇد ـ
خان ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغاندەك، ئىززىتىنى قىلىۋاتقاندەك،
كۆيۈمچانلىق بىلەن ئەھۋال سوراۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئوردا
كېڭەشلىرىگە قاتناشتۇرمايتتى. سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆ ـ
رەتۆپىنى ئەھمەد تەنبەلنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن، ئاكىسى
مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ھەمدەم بولغىلى كەتكەنلىكىنىمۇ،
ئىككى كۈندىن كېيىن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ
قەسرىگە بارغىنىدا ئاندىن بىلدى. خان تاغىسىنىڭ مۇشۇنچىۋالا
چوڭ ئىشنىمۇ ئۆزىدىن سىر تۇتقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى تولىمۇ
يېرىم بولدى. ئەسلىدە سۇلتان مەھمۇدخانغا مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا
دېيىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئاۋۋال سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن
سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمدى سەييىد مۇھەممەد
مىرزىمۇ ئۆرەتۆپىگە كەتكەن، تاشكەنتتە كۆڭۈل سىرىنى ئېيتقۇ ـ
دەك ئىچ كۆيەر ئادىمى قالمىغانىدى.

«ھېچبولمىغاندا مومام ئىسان دۆلەت خېنىم بولغان بولسى ـ
مۇ كاشكى...»

بابۇر سېغىنىش ئىلكىدە تەدبىرلىك، ئۆز سۆزلۈك مومىسى ـ
نى ئېسىگە ئالدى. ھەئە، ئۇ سەمەرقەنتنى تاشلاپ چىققىنىدا مو ـ
مىسى ئىسان دۆلەت خېنىم ئاچىسى خانزادە خېنىمنى شەيبانى ـ
خانغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قېپقالغانىدى. ئۇ ئۆرەتۆپىگە كەل ـ

uyghurkitap.com

ـگەندە مومىسى ئىسان دۆلەت خېنىممۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. بۇ چاغدا ئۆرەتۆپە ئەمىرى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ئاغىچە ـ سى بولغان ھامىسى خۇبنىگار خېنىمنىڭ ۋاپات بولغىنىغا يىرىم يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن مومىسى قىزى خۇبنىگار خېنىمنىڭ تۇپراق بېشىدا بىر مەزگىل قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ھەم ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن نەۋرىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيـ ـدەرنى ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىش ئۇچۇن ئۆرەتۆپىدە قالغا ـ نىدى. يەنە بىر مومىسى شاھ بېگىم، ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم، ھامىسى مېھرىنىگار خېنىم ۋە دۆلەتسۇلتان خېنىملارمۇ ئۆرەتۆ ـ پىدە ئىدى. شۇڭا بابۇر ئۆزىنى تىكەندەك يالغۇز سېزەتتى. تاش ـ كەنتكە كېلىشىنىڭ ئالدىدا قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ ھىسارغا كې ـ تىشىگە ئىجازەت بەرگىنىگە پۇشايمان قىلاتتى. سۆيۈملۈك نۆكـ ـرى نويان كۆكۆلداشنىڭ ئۆلۈمىنى ئېسىگە ئالسا ۋۇجۇدىغا قايتـ ـدىن يىغا ئولىشاتتى.

«تاشكەنتكە قانداق ئارمانلار بىلەن كەلگەنىدىم ـ ھە؟! ئەمدى پۇت قويغۇدەك ۋىلايىتىممۇ يوق. بېشىمدىن دوپپام چۈشۈپ كەتسە باشقىلارنىڭ زېمىنىغا چۈشىدۇ. ماڭا ئەگەشكەن سەركەردە ـ نۆ ـ كەرلىرىمنىڭ كەتكىنى كېتىپ، قاچقىنى قاچتى. خان تاغامنىڭ مېھماندەك ئەزىزلەشلىرىدىن جاق تويدۇم. نۆكىرى قاتارىدا كۆر ـ گەن بولسا كاشكى، ئادەمدىن بەخت ـ ئامەت قاچقاندا ھەممە ئىشى تەتۈرىسىگە ماڭىدىكەن. ھېلىمۇ ياخشى مومام شاھ بېگىم، ھاممـ ـلىرىم ئوغلۇم دېسە ئوغلۇم، دەپ ئەركىلىتىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇنـ ـدۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارمۇ ئۆرەتۆپىدە. ئۇلارنىڭ يېنىغا باراي دېسەم خان تاغامنىڭ ئىجازەت بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، جىمجىتلا كېتىۋېرەي دېسەم رەنجىپ قالىدۇ. ئۇنى رەنجىتسەم شەيباقتا تاقا ـ بىل تۇرىدىغان چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىپ قالىدۇ. قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن نويان كۆكۆلداش يېنىمدا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟...»

بابۇر ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇدى.

ھەئە، ئۇ سەمەرقەنتنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۆرەتۆپىگە كېلىپ توختىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئىستىقبالىغا شەخسەن ئۆزى چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۆرەتۆپىدىكى چوڭ تۇمەنلەردىن بىرى بولغان دەخكەتنى بابۇرغا ۋاقىتلىق پاناھگاھ قىلىپ بەردى.

— سىلى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىۋەرسىلە، كەمىنىلىرى ھىسارغا باراي، — دېدى بىر كۈنى قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ تاشكەنتكە بېرىش خىيالىنى بىلگەندىن كېيىن.

— خان تاغامنىڭ ئالدىغا مەن بىللە بارمامدىلا؟ — دەپ سورىدى بابۇر ئەجەبلىنىپ، — ھىساردا خۇسرەۋ شاھ بار. ئۇ سىلىنى قارشى ئالارمۇ؟

— خۇسرەۋ شاھنىڭ بىزنى قارشى ئالمايدىغانلىقى ئېنىق، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئالىيلىرىغا راست گەپنى قىلسام، كەمىنىلىرىنى خۇسرەۋ شاھ ئەمەس، ئىنىسى باقى تارخان چاغانىيانى تەكلىپ قىلغانىدى.

بابۇر ياقتۇرمىغان ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. باقى چاغانىيانىنىڭ كۆمەكلىشىشكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ سەرپولدىكى جەڭگە كەلمىگەنلىكى تېخىچىلا كۆڭلىدىن چىقمىغانىدى.

— ئۇمۇ ئاغىسى خۇسرەۋ شاھقا ئوخشاش تۇتۇرۇقسىز ئادەممىكىن دەيمەن.

— سەمەرقەنتتىن چىققاندىن بېرى كۆڭۈللىرىنىڭ ئارامى بولمىغاچقا، غەش قىلماي دەپ يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن بىرنەچچە پارچە مەكتۇپ تاپشۇرۇپ ئالدىم. سەرپولدىكى جەڭگە ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىكىدىن كۆپ خىجالىتى بار ئىكەن. بىزنىڭمۇ جەڭگە ئالدىراپ قالغان يېرىمىز بار. كېيىن سەمەرقەنتنىڭ قاتمۇقات قورشاۋدا قالغىنىنى كۆرۈپ، ئازغىنە لەشكەر-

لىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. بىز بىلەن ئالاقىلىشەي دەپ تۇرسا، ئاغىسى خۇسرەۋ شاھنىڭ غەيرىي نىيىتىدىن خەۋەر بېرىپ ئايغاقچى كەپتۇ. ئول پاسىق، ئاچكۆز، بەتنىيەت خۇسرەۋ شاھنىڭ مال ـ دۇنيا، زېمىن ئۈچۈن، دوست ـ دۈشمەن، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان دەپ ئايرىمايدىغانلىقى ئۆزلىرىگىمۇ ئايان. شۇنىڭ بىلەن چاغانىيانىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغىنىكەن. ھازىر ھىساردىكى كۆپ قىسىم ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ خۇسرەۋ شاھتىن رايى قايتىپتۇ. باقى چاغانىيانى يازغان خېتىدە ئاۋۋال سىلى كەلسىلە، بەگلەر بىلەن خۇپىيانە كېڭىشىپ بار مەسلىھەت ئىش كۆرەيلى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنى ھىسار تەختىگە تەكلىپ قىلايلى، دەپ مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپتۇ. ھازىر ئىلكىمىزدە نە ۋىلايەت، نە لەشكەرنىڭ تايىنى يوق. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ سىلىگە بەرەر ۋىلايەتنى بېرىشى تېخى نائېنىق. شۇڭا ھىسارغا بېرىشقا تەۋەككۇل قىلىشنى لايىق تاپتىم.

گەرچە بابۇرنىڭ قاسىمبەگ قاۋچىننى يېنىدىن ئايرىغۇسى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكەن ئورۇنلۇق سەۋەبلىرى ئالدىدا ياق دېيىشكە باھانە تاپالماي، ئىجازەت بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تېخى بىر ئاي ئىلگىرى ئاھەنگەران تەۋەسىگە كېلىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ قالغىنىدا، مۆمىن ئىسىملىك بىر تونۇشىنىڭ كەچلىك زىياپىتىگە كەتكەن نويان كۆكەلداشنىڭ جەسىتىنى ئەتىسى نۆكەرلىرى بىر يارنىڭ تېگىدىن تېپىپ كەلدى. گەرچە نۆكەرلىرى «مۆمىن مىرزا سەمەرقەنتتىكى ۋاقتىدا نويان كۆكەلداش بىلەن بىر قېتىم خېلى بەك سەتلىشىپ قالغانىدى. مۆمىن مىرزا مۇشۇ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن نويان كۆكەلداشنى زىياپەتكە چاقىرىپ، مەست قىلىپ قويۇپ، ياردىن ئىتتىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى دەلىللەيدىغان پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئەلھۆكمىللىللاھ» دېيىشكە مەجبۇر بولغا-

نىدى.

كىچىكىدىن تارتىپ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن نويان كۆكۆلداشنىڭ ئۆلۈمى بابۇرغا بەكلا ئېغىر كەلگەنىدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئۇنى ئېسىگە ئالسا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى.

بابۇر كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، قايسى كۈنى تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن غىزالانغاچ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغان رۇبائىيسىنى ئېسىگە ئالدى.

ياد ئېتمەس ئىمىش كىشىنى مېھنەتتە كىشى،
شاد ئېتمەس ئىمىش كۆڭۈلنى غۇربەتتە كىشى.
كۆڭلۈم بۇ غېرىبلىقتا شاد بولمادى ھېچ،
غۇربەتتە سېۋىنمەس[1] ئىمىش ئەلبەتتە كىشى.

ھەئە، سۇلتان مەھمۇدخان شېئىر ـ سەنئەتكە قىزىقاتتى. گەرچە يازغانلىرى ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىسىمۇ، ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىپ تۇراتتى. خۇشى تۇتسا بەزمە ـ باراۋەتلەردە يازغانلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بابۇر ئۇنى شېئىرنى ئوبدان چۈشەنمىدۇ دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن، بۇ رۇبائىينى ئالايتەن ئوقۇغانىدى. لېكىن، سۇلتان مەھمۇدخان رۇبائىينىڭ پاساھىتىنى ھە دەپ ماختاپ، يوشۇرۇنغان مەزمۇنى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغانىدى.

«خان تاغام مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى قەستەنگە بىلمەسكە سېلىۋاتامدىغاندۇ ياكى باشقا خىيالى بارمىدۇ؟ سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ئاغىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىغا ھەمدەمدە بولۇپ ئۆرەتۆپىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ ـ يۇ، ئەمما كۆپرەك لەشكەر بىلەن يولغا سالماپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا شەيباقا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ھەممە لەشكىرىنى ئەۋەتىپ قويغىنى ئۈچۈن، ئەمدىلىكتە ئېشەنچلىك، ساداقەتمەن سەركەردىلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىپ

[1] سېۋىنمەس ــ سۆيۈنمەس.

ئېھتىيات قىلىشۋاتامدۇ ـ يا؟ لەشكەر دېمەكلىكنىڭ ئۆزى سەلتەنەت، ھاكىمىيەت دېمەكلىكتۇر. ئەلۋەتتە ئۇنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، لەشكەر كىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتسە، سەلتەنەت شۇنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئەمما ئاتا ـ بابىلىرىدىن تارتىپ، بۇ خانىدانغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىدىن ئۇنچىۋالا گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئاغىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بولسا تاغامنىڭ يېقىن دوستى، ئاداش ئاغىنىسى. ئۇل ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ تاغامغا ئاسىيلىق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم مەندىنمۇ ئاشۇنداق گۇمانلار بىلەن ئېھتىيات قىلغاندۇ. ئۇنىڭغا بۇ مۇددىئايىمنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولاركىن؟ مۇناپىق شەيباق بىلەن تۈزكور ئەھمەد تەنبەلنى يوقىتىپ ئابا ـ ئەجدادىمىزدىن قالغان تەخت ـ سەلتەنەتنى ساقلاپ قالالىساملا، ماڭا تاجۇ تەختىنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. خان تاغامدىن ھەرگىزمۇ تەخت ـ سەلتەنەت تالاشمايتتىم. ھەممىدىن ئەل ـ يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى، باياشادلىقى، ئاسايىشلىقى ئەۋزەل. ھەئە، بارچە خان ـ سۇلتانلار ھەۋەس قىلىدىغان سەمەرقەنت تەختىدە بىر ئەمەس ئىككى قېتىم ئولتۇردۇم. ئاخىرقى ھېسابتا نېمىگە ئېرىشتىم؟ ماۋەرائۇننەھرنى ئۇرۇش تەھلىكىسىدىن قۇتۇلدۇرالىمىدىم. تاجۇ تەختنى دەپ ئاۋام ـ رەئىيەتنى ئاچارچىلىق ئاپىتىگە دۇچار قىلدىم. نۇرغۇن ئاياللار تۇل، نۇرغۇن پەرزەنتلەر يېتىم بولدى. ھەتتا جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى، قوۋزاقلىرىنى يېدى، شەرىئەتتە يېيىش قەتئىي چەكلەنگەن، يېسە گۇناھى كەبىر سانىلىدىغان ئىت ـ ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەل ـ ئاۋامنى ئاشۇنچىلىك بالالارغا مۇپتىلا قىلىپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ ھېچنېمىگە! ھەتتا پۇت قويغۇدەك زېمىنى يوق ساياققا ئايلاندىم. بۇ دۇنيانىڭ كارى شۇنچىلىككەنغۇ ئاخىر. تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بۇنى چۈشەنسە ئىدى كاشكى...»

بابۇر دەخكەتتە تۇرۇۋاتقان چېغىدا مەسھا تېغى باغرىدىكى بۇلاقنىڭ بېشىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ، نۆكەرلىرىنى بۇيرۇپ تاشقا ئويدۇرۇپ قويغان شېئىرنى پارس تىلىدا پەس ئاۋازدا يادلىدى:

شۇنىدەم كى جەمشىدى فەررۇخ سىرىشت،
بۇ سەرچەشمەئى بەر سەنگى نەۋشت،
بەرىن چەشمەچۇن مابەسى دەم زەدەند،
بىرەفتەند تا چەشمى بەرھەم زەدەند،
گىرىفتىم ئالەم بەمەردىيۇ زور،
ۋە لېكىن، نە بۇردىم باخۇد بەگۇر[1].

بابۇرغا بۇ شېئىرنىڭ «مەردلىك ۋە كۈچ بىلەن بۇ دۇنيانى ئالدۇق، لېكىن ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كېتەلمىدۇق» دېگەن ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بەكمۇ يارايتتى. يېقىندىن بېرى كۆڭۈل غەشلىكىنى ئاشۇ مىسرالار بىلەن بېسىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتاتتى.

«بۇنداق دىشۋارچىلىق بىلەن ياشىغۇچە، بېشىمنى ئېلىپ كەتكىنىم ياخشى. بۇنداق خارلىق ۋە زارلىق بىلەن كىشىلەرگە دوقۇرۇپ يۈرگۈچە، ئايىغىم يەتكەن يەرگە كەتكىنىم ياخشى. ئەمما نەگە كەتسەم بولۇر؟ ھە راست، كىچىكىمدىن رەھمەتلىك بوز-رۇكۋار بابام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ تەسەررۇپىدىكى جايلارغا بېرىش، تۇرپان، قەشقەر، ياركەنت، ئاقسۇ، كۇچار، قامىل، خوتەن، ئارتبالىق، بېشبالىق، ئىلىبالىق، ئالمالىق... قا-

① يەشمىسى: ئاڭلىدىمكى، قۇتلۇق تەبىئەتلىك جەمشىد بىر بۇلاق بې-شىدا تاش ئۇستىگە شۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «بۇ بۇلاق بويىدا بىزدەك نۇرغۇن ئادەم دەم ئالغان. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەممىسى كېتىشتى. مەردلىك ۋە كۈچ بىلەن بۇ دۇنيانى ئالدۇق، لېكىن ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كېتەلمىدۇق.

تارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدىغۇ. ئويلاپ باقسام پەقەت سەلتەنەتتىن ۋاز كېچەلمەي، تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىشقا قىيماي بۇ ئارزۇيۇمغا يېتىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى قولۇمدىن سەلتەنەت كەتتى. ئانام ئانىلىرى، ئىگىچە ـ سىڭىللىرى ۋە ئىنىلىرىغا قوشۇلدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمىسەممۇ بولىدۇ. ئالدىمنى توسۇپ تۇرغان توسالغۇلارمۇ تۈگىدى. بۇرۇنقى سەلتەنەت ھەققىدىكى ئارزۇ ـ غايىلىرىممۇ قالمىدى. چوڭ خان تاغام بىلەن كىچىك خان تاغامنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش يىلچە بولۇپتۇ. كىچىك خان تاغامنىڭ باھادىرلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بولساممۇ تېخىچە ئۇنى كۆرۈپ باقماپتىمەن. ھازىر شەيباقتەك بىر دۈشمەن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ زېيىنى ھەممىمىزگە ئوخشاش. ئۇ تامامەن ھاكىممۇتلەق بولۇۋېلىشتىن ۋە بەك زورىيىپ كېتىشتىن بۇرۇن، جىددىي ئامالىنى قىلىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى دانىشمەنلەر: «قولۇڭدىن كەلسە ئوتنى بۇگۈن ئۆچۈر، ناۋادا ئوت ئۇلغىيىپ كەتسە جاھاننى كۆيدۈرىدۇ. دۈشمەننى بىر ئوق بىلەن مىخلاپ قويۇش مۇمكىن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ياسىنى كېرىشكە ئىمكان بەرمە» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما ھازىر ئول شەيباقنى كىچىك خان تاغامنىڭ ياردىمىسىز يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەجەبا مېنىڭ تۇرپانغا بېرىپ كىچىك خان تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا ۋاستە، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە رەزىل دۈشمەننى يوقىتىشىغا تۈرتكە بولۇشۇمنىڭ ئىمكانىيىتى يوقمىدۇر زادى؟...»

ھەئە، بابۇر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ مۇددىئاسىنى سۇلتان مەھمۇدخانغا بىلدۈردى. ئۇنىڭ تاجۇ تەخت، سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىش خىيالىغا كەلگىنىمۇ، تۇرپانغا بېرىپ كىچىك خان تاغىسى سۇلتان ئەھمەدخاننى باشلاپ كەلمەكچى بولغىنىمۇ راست ئىدى. ئەمما سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنى: «ئوردامدا ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگىنىدىن رەنجىپ، مۇشۇنداق باھانە بىلەن كەت-

مەكچى بولغان ئوخشايدۇ» دەپ چۈشەندى. بابۇرنىڭ مەيلى تۇرپاز-
غا، مەيلى باشقا يەرگە كېتىشى ئوخشاشلا سۇلتان مەھمۇدخان
ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش ئىدى. ئاڭلىغان كىشىلەر جىيەننى پاز-
قۇزماپتۇ، دەپ پىتنە قىلىشاتتى.

ــ يەنە بىر ئاز تەخىر قىلسىلا قەدىرلىك ئوغلۇم، ــ دېدى
سۇلتان مەھمۇدخان سىپايىلىك بىلەن، ــ ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ
كۆڭلۈمدىكىدەك بىر مۇددىئانى كۆڭۈللىرىگە پۈككەن ئىكەنلا.
بىراق، ئۆتكەن يىلى كۈزدە تۇرپانغا يارلىق ماڭدۇرۇپ ئىنىم ئالا-
چەخاننى سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن تاشكەنتكە چىللىغاز-
مەن. بەلكىم پات يېقىندا كېلىپ قالار. ناۋادا يەنە كەلمەي قالسا
ئاندىن بارسىلىمۇ كېچىكىپ قالمايدىلا. ئول ھەمدەمچى قوشۇند-
مىز كېلىپ بولغۇچە بىز پەرغانىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان رىيا-
كار ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاچ تۇرايلى.

بابۇرغا تاغىسىنىڭ مۇشۇنچىلىك گېپى كۇپايە قىلاتتى.
سۇلتان مەھمۇدخان ئاخىر ئۇنى لەشكىري ئىشلارغا ئارىلاشتۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

شۇ ئەسنادا سەييىد مۇھەممەد مىرزا بابۇرنىڭ ئىككى موما-
سى، ئانىسى ۋە ھامىلىرىنى ئېلىپ ئۆرەتۆپىدىن تاشكەنتكە قاي-
تىپ كەلدى. مومىسى ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ئاغرىپ خېلىلا
ئاجىزلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ بابۇرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان بول-
سىمۇ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى كۆرۈپ باشقىچە جانلاندى. ئۇ
شەيبانىخانغا قارشى جازا يۈرۈشىنىڭ ئۈمىدىنى سەييىد مۇھەممەد
مىرزىغا باغلىغانىدى. شۇڭا پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم
سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئىككى مومىسىنى، ئانىسىنى ۋە ھام-
ملىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ئېسەنلىك سورىغۇەتكەندىن كېيىن،
سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئوردىغا
كىرگەن بابۇر ئوردا پەرمانچىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ــ ھەرنېمە بولسا يولۇمنى قىسقارتتىلا پادىشاھ ئالىيلى-

ـرى، ـــ دېـدى پەرمانچـى بەگ، ـــ خان ئالىيلىـرى دەرگاھىغا چىللايدۇ.

بابۇر ئالدىراش شاھنشىنغا كىردى.

ـــ ئىنىم سۇلتان ئەھمەدخاندىن چاپارمەن كەلدى، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇد خـان ھاياجانلانغان ھالـدا، ـــ ئۇلار ھازىر تاشـ كەنتكە يېقىنلاپ قاپتۇ. سىـلى بۇزرۇك مومىـلىرى شـاھ بېگىـم، ھامىملىرى سۇلتانىنىگار خېنىم، دۆلەتسۇلتان خېنىم ھەمدە چوك خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە ۋە مىرزاخانلار بىلەن بىرلىكتە ياغا قىشلىقىغا بېرىپ، كىچىك خان تاغىلىرىدىن ھاردۇق سورىـ سىلا. بۇزرۇك ئانام ئىسان دۆلەت خېنىمنىـڭ سالامەتلىكى تـازا ياخشى ئەمەس، ئىگىچەم قۇتلۇقنىگار خېنىم بىـلەن مېھرىنىگار خېنىم ئۇنىڭ ھـالىدىن خەۋەر ئالسۇن. مـەن سەيىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئوردا ئەركانلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدا ئىستىقـ بالىغا چىقاي.

كىچىك خان تاغىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان بابۇر خۇشالـ لىقتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى:

ـــ پەرمانبەردارمەن! ھازىرلا بۇزرۇك مومام شاھ بېگىمگە خەۋەر يەتكۈزۈپ يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي.

بابۇر تاغىسىدىن ئىجازەت كۈتمەيلا ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

※ ※ ※

بابۇر ئىككى كۈندىن بېرى ياغا قىشلىقىدا تاغىسى سۇلتان ئەھمەد خاننى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئوغلىنى كۆرمىگىـ لى يىگىرمە بەش يىل بولغان شاھ بېگىممۇ پات ـ پات چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلغىنىچە يىراق ـ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تەقەززالىقى چوك خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكىگە پەقەتلا ياقمايتتى.

ـــ بۇنداق قاراپ قانچىلىك يىراقنى كۆرەلەيدىلا موما؟ ـــ

دەيتتى ئۇ شاھ بېگىمنى زاڭلىق قىلىپ، ـــ تاغام يېقىنلاپ قالسا ھامىنى خەۋەر تاپىمىز. بابۇرجاننىڭ كۆڭلىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئون بەش ـ يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ـ كېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلا. بۇنداق تەقەززا بولماي خاتىرجەم ئارام ئالسىلا.

ـــ كۆزۈم كۆرەلمىگىنى بىلەن كۆڭلۈم كۆرىدۇ، ـــ دەيتتى شاھ بېگىم چوڭ نەۋرىسىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى پىسەنتىگە ئالماي، ـــ سىلىمۇ ئوغۇللىرىدىن ئۇزاق زامان ئايرىلسىلا ئاندىن بىلىدىلا. كىچىك خان تاغىلىرى خۇددى خان ئاتىلىرىغا ئوخشاشلا كۆزۈمنىڭ ئاقۇ ھەم قارىسى ئىدى. ئۇنى كۆرمىگىلى مانا توپتوغرا يىگىرمە بەش يىل بولۇپتۇ. پەرزەنت ۋىسالىغىمۇ يېتىدىكەن كىشى. ئول يۇرەك پارەمنى باغرىمغا بىر بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق.

شاھ بېگىم لىچىكىنىڭ ئۈچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ـ دە، يەنە يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى.

ـــ مەن يەنە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي موما.

بابۇر مومىسىغا شۇنداق دېدى ـ دە، بەخىرامان تۇرغان سۇلتان مۇھەممەد خانىكەگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، ئېتىغا لىككىدە مىندى، ھايال ئۆتمەي بىر بەلدىن ئېشىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بابۇر كىشىلەردىن ياغا قىشلىقىغا سايرامدىن كېلىدىغان بۇنىڭدىن باشقا يول يوقلۇقىنى سوراپ بىلىۋالغانىدى. كۆڭلىگە نەچچە قېتىم مىڭىۋېرىپ، بۇ يول مىنىۋالغان ئېتىغىمۇ يادقا بولۇپ كەتكەنىدى.

ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ كېتىپ بارغان بابۇر تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاتلىقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاسمانپەلەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلگەنىدى. ئاشۇ چاڭ ـ توزانلار توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلارنى ئېنىق كۆرەلمىدى. ئەمما، ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن ئۆرلەپ پۇر-

www.uygurkitap.com

قىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلارنىڭ قويۇقلۇقىدىن، ئاتلىقلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ سانىنىڭ تۈمەندىن ئاشىدىغانلىقىنى پەملىدى. دېمىسىمۇ تۈمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ئاڭلانغان دۈپۈرلىگەن ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

«كېلىۋاتقانلارنىڭ كىيىنىشىدىن، سالاپىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار چوقۇم كىچىك خان تاغام ھەم ئۇنىڭ سىپاھلىرى. كىچىك خان تاغام قايسىدۇر. ھە، ئاۋۇ ئوتتۇرىسىدىكى كىشىكەن ـ دە. پاھ، ئۇنىڭ ئاتتا ئولتۇرۇشىمۇ، ئەتراپقا مەغرۇر قاراشلىرىمۇ نېمىدېگەن سۆلەتلىك. بىر قاراشتىلا باھادىرلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىكەن. ھەقىقىي جاھانگىرلارغا خاس سۈر ـ ھەيۋىسى بار ئىكەن...»

ئاتلىقلار يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بابۇر خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى. ئاللىقانداق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ كېتىپ بارغان سۇلتان ئەھمەدخان ھۆكۈمدارلارغا خاس كىيىنگەن يۈزچە نۆكەر ئەگەشتۈرۈۋالغان بىر ياش يىگىتنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئېھتىرام بىلدۈرگىنىنى كۆرۈپ بىرئاز تەئەججۈپلەندى، ھېلىمۇ ياخشى ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن چاپارمەنى يېنىدا بار ئىدى. ئۇ بىر قاراپلا بابۇرنى تونۇدى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ جىيەن ئوغۇللىرى بابۇر پادىشاھ بولىدۇ ئالىيلىرى.

سۇلتان ئەھمەدخان شاققىدە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ـ دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭغىچە بابۇر يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جاھان باھادىرلىرىنىڭ سۇلتانىغا كەمىنە جىيەنلىرى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇردىن ئېھتىرام بولغاي! ھارمىغايلا خان تاغا. قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!

بابۇر يۈكۈنمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنى سۇلتان ئەھمەدخان چاق-

قانلىق بىلەن يۆلىۋالدى ۋە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا مەھكەم باستى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، — سۇلتان ئەھمەدخان بابۇرنىڭ بەستىگە قايىللىق بىلەن نەزەر تاشلىدى، — كۆز تەگمىسۇن. ئاڭلىغىنىمدىن ئارتۇق ئوغلان بولۇپلا. كۆزۈمنىڭ كورلۇقىدىن جىيەن ئوغلۇمنى تونۇماپتىمەن ئەمەسمۇ؟ رەھمەتلىك ئاتىلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان بولساممۇ، ئەھۋال سوراپ كېلەلمىدىم.

— ئۇنداق دېمىسىلە تاغا. ئاتا مىراس زېمىنلىرىمىزنى مۇناپىق شەيباقنىڭ تەھلىكىسىدىن قوغداش ئۈچۈن، شۇنچە يىراق يەردىن لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكلىرىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى، — دېدى بابۇر.

— بۇزرۇكۋار ئانىلىرىم، خان ئاغام، ئىگىچە - سىڭىللىرىم تىنچلىقمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ھەممىسى ئامان ئېسەن. تۇرپاندىكى قان - قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ تىنچلىقتۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، سالامەتچىلىك، — سۇلتان ئەھمەدخان كەينىگە قايرىلىپ ئەمىر - سەركەردىلەر ئارىسىدا تۇرغان ئىككى ئوغلىنى چاقىردى.

— سالام بېرىڭلار. مانا بۇياق سىلەر كېچە - كۈندۈز كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان باھادىر ئاغاڭلار بابۇر پادىشاھ بولىدۇ.

سەئىدخان بىلەن باباچاقخان موككىدە تىزلاندى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باھادىر ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئىككى ئىنىمنى كۆرۈپ خۇددى قانات كۆكلەپ چىققاندەك بولدۇم، — دېدى بابۇر ئىككى نەۋرە ئىنىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزغاچ.

سۇلتان ئەھمەدخان بابۇرغا ئىككى ئوغلىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ ئۈچىنچى خانزادەم سەئىدخان بولىدۇ، بۇ تۆتىنچى

www.uyghurkitap.com

خانزادەم باباچاقخان بولىدۇ.

ـــ قەدىرلىك ئىنىلىرىم بىلەن دىدارلاشقىنىمدىن تولىمۇ بەختىيارمەن، ـــ دېدى بابۇر، گەرچە ئەمدىلا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردەك بويلۇق ھەم تەمكىن كۆرۈنىدىغان نەۋرە ئىنىلىرىغا مېھرى بىلەن قاراپ، ـــ ھازىردىن ئېتىبارەن بىر قورساق قېرىنداشلاردەك ئۆتۈپ، سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا تەڭ قىلىچ چاپايلى، ـــ دېدى.

ـــ ئىنشائاللاھ، ـــ دېدى ئىككى خانزادە.

سەئىدخاننىڭ شۇ تاپتا نېرىراقتا قاراپ تۇرغان دوستى تاھىر بەگنى بابۇر بىلەن كۆرۈشتۈرگۈسى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ نەسەبى، مەرتىۋىسى توغرا كەلمىگەچكە كۆرۈشتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى.

ـــ بۇزرۇك مومام شاھ بېگىم، ھاممىلىرىم سۇلتاننىگار خېنىم، دۆلەتسۇلتان خېنىم، نەۋرە ئاغام خانىكە سۇلتان، نەۋرە ئىنىم مىرزاخانلار ئالىيلىرىدىن ھاردۇق سوراش ئۈچۈن ساقلاۋاتىدۇ، ـــ دېدى بابۇر تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ـــ ئىجازەت بەرسىلە، ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي.

ئانىسى شاھ بېگىمنىڭ ئالايتەن ئالدىغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان ئەھمەدخان ھاياجاندىن تۇرالمايلا قالدى:

ـــ ماقۇل، سىلى بېرىۋەرسىلە ئوغلۇم، بىزمۇ ئارقىلىرىدىن تاپ باستۇرۇپ يېتىپ بارىمىز.

بابۇر چوڭقۇر بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىغا مىنىپ قامچا سالدى. ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ قالغان سۇلتان ئەھمەدخانمۇ بابۇرنىڭ كەينىدىنلا ئېتىغا قامچا سالدى. ئۇلار بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ياغادىكى شاھ بېگىمنىڭ چېدىرىغا يېتىپ كەلدى.

چېدىردىن ئېتىلىپ چىققان شاھ بېگىم: «ئانام بالام!» دەپ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بوينىغا ئېسىل-

دى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە، مەڭزىگە، پېشانىسىگە يېنىش ـ يې-
نىشلاپ سۆيدى. شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كۆزىدىنمۇ
بوراندەك ياش كەتكەنىدى. بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە گۇۋاھ بولۇپ
تۇرغانلارمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىشتى.

سۇلتان ئەھمەدخان سىڭىللىرى سۇلتانىنىگار خېنىم، دۆ-
لەتسۇلتان خېنىم بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ، كۆز يېشى قىلىپ كۆ-
رۈشتى. جىيەنى خانىكە سۇلتان، مىرزاخانلارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ
پېشانىسىدىن سۆيدى، ئاندىن ئۇلارغا بىللە ئېلىپ كەلگەن خوتۇن-
لىرىنى ۋە ئىككى خانزادىسىنى تونۇشتۇردى. ئۇلارنى ئانىسىدىن
باشلاپ بىر ـ بىرلەپ سالام بەرگۈزدى ۋە بۇ كېچە ئانىسىنىڭ
چېدىرىدا قونۇپ قالدى.

※ ※ ※

بابۇر ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، مومىسى بى-
لەن تاغىسىغا سالام بېرىش ئۈچۈن شاھ بېگىمنىڭ چېدىرىغا
كىردى ۋە ھەر ئىككىلىسىگە تىزلىنىپ سالام بەردى.

— تۈنۈگۈن يول ئۈستىدە مۇمكىن بولماي قالدى، كېيىن
ئانامنى كۆرۈپ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، — دېدى سۇل-
تان ئەھمەدخان ۋە نۆكىرىنى بۇيرۇپ بىر ياقىلىق شاھانە تون ـ
تامبال، كالۋۇتۇنلۇق بۆك، قونچى نەقىشلەنگەن ئۆتۈك ئەكەلدۈر-
دى، — ئالا قاشقا يورغامنى توقۇپ ئەپكەل، — دېدى ئاختىچىسى-
غا قاراپ، ئاندىن بېلىدىن قاشتېشى، ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان
ئالتۇن كەمىرىنى يېشىپ بابۇرغا ئۇزاتتى، — بۇ سوۋغاتلارنى قو-
بۇل قىلسىلا ئوغلۇم، ئۇستىبېشىمدىكىلەردىن پەقەت مۇشۇ كە-
مەرلا ھۆرمەتلىرىگە لايىقتەك قىلىدۇ.

بابۇر كىچىك خان تاغىسىنىڭ بۇ قەدەر كۆرسەتكەن ھۆر-
مەت، ئىنئاملىرىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن كۆزىگە لىققىدە ياش ئال-
دى. چۈنكى، چوڭ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخانمۇ بۇ چاغقىچە ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭغا ئۆتۈك چاغلىق كىيىمنى بېرىپ ئىززەت كۆرسەتمىگەنىدى. بابۇر ئالتۇن كەمەرنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاۋۋال پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تاۋاپ قىلدى، ئاندىن سۆيدى ـ دە، دەرھال بېلىدىكى كەمىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاغىسى ئىنئام قىلغان كەمەرنى باغلىۋالدى.

تۈركىي يوسۇن بويىچە خان ـ پادىشاھلار ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىگە، جەڭدە ئالاھىدە چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن باھادىر سەركەردىلىرىگە ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى ئىنئام قىلاتتى. خان ـ سۇلتانلارنىڭ مۇبارەك بەدىنى تەگكەن بۇ كىيىملەر كاتتا ئىنئام ھېسابلىناتتى. كەمەر بولسا ئاشۇ ئىنئاملارنىڭ كاتتىسى ئىدى. كەمەردىن قالسا بېشىدىكى بۆك ـ دوپپىسى، قىلىچ ـ خەنجىرى، ئاندىن تونى، كۆڭلىكى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتۈكى تۇراتتى. بابۇر بۇ ئىنئاملارنىڭ ئەڭ كاتتىسىغا ئېرىشكەنىدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئالا يورغا تەييار بولدى، — دېدى ئاختىچى بەگ.

سۇلتان ئەھمەدخان بابۇرنى باشلاپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— قوبۇل قىلسىلا ئوغلۇم، ئالا يورغا سىلىگە قانات بولغاي، — دېدى ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى بابۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

— بۇنچىلىك ئىززەت كۆرسىتىشلىرىگە لايىق ئەمەس ئىدىم تاغا، — دېدى بابۇر ھاياجىنىنى باسالماي.

— سىلىدەك باھادىر ئەزىمەتكە ھەرقانچە ئىززەت ئازلىق قىلۇر. يۈرسىلە بىللە ناشتا قىلايلى.

ئۇلار شاھ بېگىمنىڭ قېشىغا يەنە قايتىپ كىرىشتى.

— كەمەر بىلەن ئات مۇبارەك بولسۇن جىگەرىم، — دېدى شاھ بېگىم بابۇرنى قۇتلۇقلاپ، — مەن سىلىگە نېمە بەرسەم بولۇر ئەمدى؟

— مۇبارەك تىزلىرىغا بېشىمنى قويۇپ يېتىۋېلىش بەختى-

دىن مەھرۇم قالمىساملا بولىدۇ موما. قالدىسىغا دۇئالىرىنى ئايد-
مىغايلا.

ــ ئەلۋەتتە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن. ھەر ۋاقىلىق نامىزىمدىكى دۇئالىرىمنىڭ ھەممىسى سىلىدەك پەرزەنتلىرىمنىڭ بەختى - دۆلىتى ئۈچۈن. ئەمما ئەل - رەئىيەتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقىمۇ تىرىشقايلا. چۈنكى، ئەلنىڭ دۇئاسى بىلەن ئەر كۆكرىدۇ، يامغۇر بىلەن يەر دەيدۇ ئەمەسمۇ.

ــ بۇزرۇكۋارىمنىڭ كالامىنى قەلبىمگە نەقىشلىۋالغايمەن.

بابۇر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، شاھ چېدىرىغا سەئىدخان بىلەن باباچاقخان كىرىپ كەلدى - دە، ئاۋۋال موم-سىغا، ئاندىن دادىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسى بابۇرغا سالام بەردى. با-بۇر بايا بېلىدىن يېشىۋەتكەن كەمىرىنى سەئىدخانغا، يېنىغا ئې-سىۋالغان قىسقا ساپلىق خەنجىرىنى باباچاقخانغا تەقدىم قىلدى.

سۇلتان ئەھمەدخان باھادىرلىق شۆھرىتىنى خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەن بۇ جىيەن ئوغلىنىڭ پەزىلىتىنىڭ تەسەۋۋۇرىدى-كىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىشتە ئەمەس، كىچىكلەرگە ئىززەت بىلدۇرۇشتىمۇ قا-ئىدە - يوسۇنلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تو-لىمۇ مەمنۇن بولدى.

«ئەجدادىمىزدىن قالغان بۈيۈك سەلتەنەت مۇشۇنداق پەرزەنت-لەر بىلەن تېخىمۇ شۆھرەت تاپىدۇ. بابۇر پادشاھنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانا تەرەپ ئەجدادى تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئاتا تەرەپ ئەجدادى ئە-مىر تۆمۈرنىڭ باھادىرلىق جاسارىتى تەڭ نامايان بولۇپتۇ. كەل-گۈسىدە ئۇل بابائى بۇزرۇكلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك جاھان-گىر بولۇشىدا گەپ يوق. قۇدرەتلىك تەڭرىم ماڭا ئون ئوغۇل ئى-نايەت قىلىپتۇ. ئۇلاردىن قايسىسى بابۇر مىرزىغا تەڭلىشەلەر-كىن؟ ئى، يېگانە ئاللاھ ئىنايىتىڭدىن ئۈمىدۋارمەن...»

چېدىرغا مىرزاخان بىلەن بىللە سۇلتانىنگار خېنىم، دۆ-

www.uyghurkitap.com

لەتسۇلتان خېنىم قاتارلىق ھەمشىرىلىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. مىرزاخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سىڭلىسى سۇلتانىنىگار خېنىمنىڭ مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ يېشى بابۇردىن خېلى كىچىك بولسىمۇ، سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭغىمۇ بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ۋە بېشىدىكى كالۋۇتۇنلۇق دوپپىسىنى سوۋغا قىلدى.

— خانىكە سۇلتان كۆرۈنمەيدىغۇ؟

نەۋرىلىرىنىڭ قاتارىدا چوڭ نەۋرىسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان شاھ بېگىم بىكاۋۇل بەگدىن سورىدى.

— چوڭ خانزادە تېخى ئورنىدىن تۇرمىدىمىكىن؟

— ئويغىتىڭلار! — دېدى شاھ بېگىم قاپىقىنى تۈرۈپ، — تېزدىن كېلىپ خان تاغىسىغا سالام بەرسۇن.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە چېدىرغا ئەسنىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. تۇرقىدىن ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋۋال شاھ بېگىمگە، ئاندىن سۇلتان ئەھمەدخانغا، ئاخىرىدا ئىككى ھامىدىسىغا سالام بەردى. بابۇرغا شۇنداقلا قاراپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى. سەئىدخان، باباچاقخان، مىرزاخان قاتارلىق نەۋرە ئىنىلىرىنىڭ سالامىنى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئىلىك ئېلىپ بولدى قىلدى. جاۋابەن ئەھۋال سوراپ قويمىدى. گەرچە بابۇرنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھلىق مەرتىۋىسى بولغاچقا سالاھىيىتىنى ساقلاپ سالام بەرمىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، چاندۇرمىدى ۋە ئۆز لايىقىدا ئۇنىڭغىمۇ سوۋغا بەردى.

كۆرۈشۈش، سالام ـ سەھەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىرلىكتە ناشتا قىلىشىپ، تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقىشتى.

※ ※ ※

سۇلتان مەھمۇدخان خانىش ـ بانۇلىرىنى ۋە چوڭ ـ كىچىك
ئەمىر ـ سىپاھلىرىنى ئېلىپ تاشكەنت شەھىرىدىن يىگىرمە
بەش ـ ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتا چېدىر تىكىپ، پاياندار سېلىپ
ساقلاپ تۇرغانىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىنىڭ چىرايىنى ئې-
نىق كۆرگىلى بولىدىغان يەرگە كەلگەندە ئاتتىن سەكرەپ چۈش-
تى ـ دە، توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن،
ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى،
سۇلتان مەھمۇدخانمۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇلاچلىرىنى كەڭرى
يايغىنىچە ئىنىسىغا باغرىنى ئاچتى. ئاغا ـ ئىنىلەر مەھكەم قۇ-
چاقلاشتى، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. بۇ چاغدا شاھ بېگىم ئىككى
ئوغلىنىڭ خانىشلىرىنى ئايرىم بىر چېدىردا تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.
سۇلتان ئەھمەدخان ئاۋۋال ئىككى ئوغلىنى، ئاندىن يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمىر ـ بەگلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ، ئاكى-
سىغا سالام بەرگۈزدى. سۇلتان مەھمۇدخانمۇ سەييىد مۇھەممەد
مىرزا قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرلىرىنى ئىنىسىغا سالام
بەرگۈزۈپ تونۇشتۇردى.
كۆرۈشۈش، سالام بېرىش رەسمىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كې-
يىن، سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىغا تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن
توققۇز ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتېشى، ياقۇت، ئۈنچە ـ
مەرۋايىت، توققۇز تۆگىلىك ئەتلەس، توققۇز تۆگىلىك شايى، توق-
قۇز تۆگىلىك كىمخاپ، توققۇز تۆگىلىك گەزلىمە، توققۇز تۆگە-
لىك گىلەم، توققۇز تۆگىلىك قۇرۇق ئۈزۈم، ئېگەر ـ جابدۇقلىرى
بىلەن توققۇز يۈز ئات سوۋغا قىلدى.
سوۋغا تەقدىم قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۇلتان
ئەھمەدخاننىڭ ئىشارىتى بىلەن باش كانايچى كاناي چالدى. ئۇ-
نىڭغا ئۇلاپلا ناغرا ـ دۇمباقلار چېلىندى. شۇ ھامان سۇلتان

ئەھمەدخان باشلاپ كەلگەن ئون بەش مىڭ لەشكەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، يەرگە يۈكۈنگىنىچە سۇلتان مەھمۇدخانغا ھۆرمەت بىلدۈردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قۇدرەتلىك سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي. سەلتەنەت ـ دۆلەتلىرى زىيادە، دۈشمەنلىرى خار ـ زەبۇن بولغاي!

ئون بەش مىڭ لەشكەرنىڭ ھۆرمەت سادالىرىدىن پۈتكۈل دالا لەرزىگە كەلدى.

ــ ئىجازەت! ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان لەشكەرلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا رۇخسەت بېرىپ، ــ سەركەردە ـ لەشكەرلەر يول جاپاسى تارتتىڭلار!

ــ شاھىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

لەشكەرلەر گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يەنە ئاتلىرىغا مىنىشتى.

ئون بەش مىڭ لەشكەر ئوخشاش رەڭدە كىيىنگەنىدى. بېشىدىكى بۆكلىرى، ئۈچىسىدىكى كەشتىلىك تونلار، كۆن ئۆتۈكلىرى، يېشىل چەمدىن ئىشلەنگەن ساداقلار ئوپمۇئوخشاش ئىدى. مىنىۋالغان ئاتلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بابۇر بۇ لەشكەرلەرنىڭ قىلىچۋازلىرى ئايرىم، نەيزىۋازلىرى ئايرىم، كاماندازلىرى ئايرىم، سۇپەرچىلىرى ئايرىم سەپ تۈزگەنلىكىنى، بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلاشماي، تەرتىپ ساقلاپ ئات ئۈستىدە قەددىنى رۇسلاپ، ھەيۋەت بىلەن تۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ ھەم مەمنۇن بولدى، ھەم ھەۋەس قىلدى.

«كىچىك خان تاغام لەشكىرىي ماھارەتتىلا ئەمەس، لەشكەرنى قانداق تۇتۇش، لەشكىرىي تۈزۈك، سەپ تۈزەش، يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىق ئىنچىكە ئىشلاردىمۇ ئالاھىدە ئىستېدات ئىگىسى ئىكەن. موغۇللارنىڭ ئۇنىڭغا ‹ئالاچەخان› دەپ لەقەم قويۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن. پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭدىن كۆپرەك ماھارەت، پەزىلەت ئۆگىنىۋالسام بولغۇدەك...»

شۇ تاپتا بابۇر كىچىك تاغىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندەك، سەئىدخانمۇ بابۇرغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالغانىدى. بابۇرنىڭ شۇنچە ياشلىقىغا قارىماي، ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتۇشى، گەپ ــ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىكى تەمكىنلىكى، ھەرقانداق نەرسىگە سالقىن نەزەر بىلەن قاراشلىرى سەئىدخاننىڭ قەلبىدە ھەسسىلەپ ھۆرمەت، قايىللىق قوزغىغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. سەئىدخاننىڭ ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن بابۇر بۇ نەۋرە ئىنىسىغا چوڭقۇر بىر نەزەر تاشلىدى ــ دە، بېشىنى سەل ئېگىپ سۇس كۇلۇمسىرىدى.

كۆرۈشۈش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان تاشكەنتكە قاراپ ماڭدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئون بەش مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى مۇشۇ يەردە بارگاھ تىكىپ، پەرمان كۈتۈشكە بۇيرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر ــ سەركەردىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالغانىدى.

شەھەرگە كىرىپ ئاۋۋال بۇزرۇك خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمغا سالام بەردى. گەرچە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان شاھ بېگىمدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئىسان دۆلەت خېنىم چوڭ خانىش بولغاچقا، ئۇنى ئانىسىدىن بەكرەك ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىسان دۆلەت خېنىم بۇ ئىككى خانزادىنى شاھ بېگىم بىلەن بىللە ھەقىقىي ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ چوڭ قىلغانىدى. بۇ ئاكا ــ ئۇكىلار توققۇز ــ ئون ياشقا كىرگۈچە ئىككى خانىشتىن قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىنى تۇغقان ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي چوڭ بولغانىدى.

كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان ئىسان دۆلەت خېنىم ئىش ــ ھەرىكەتتىن قالغانىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ھۇجرىغا كىرىپ ئۆمىلەپ كەلگىنىچە ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ئاۋۋال پۇتىنى قۇچاقلىدى، ئاندىن باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىسان دۆلەت خېنىم بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن سۇلتان ئەھ-

www.uyghurkitap.com

مەدخاننىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلىدى، پېشانىسىگە ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆيدى، نەۋرىسى سەئىدخان، باباچاقخانلار بىلەنمۇ ئاشۇ تەرىزدە كۆرۈشتى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئاچىسى مېھرىنىگار خېنىم، قۇتلۇقنىدگار خېنىملار بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، مەرھۇم دادىسى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مەرھۇم ئاچىسى خۇبنىگار خېنىمنىڭ ھازىسىنى ئاچتى. ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. كۆرۈشۈش رەسمىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئىككى ئوغلىنى ۋە ئەمىر ـ بەگلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ دادىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

تاشكەنت خەلقى كوچا ـ رەستىلەرگە چىقىپ، ئاكا ـ ئۇكا خانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. پۇتكۇل شەھەر سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ پەرمانى بىلەن بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەندى. مەسچىتلەرنىڭ ئۈستىدە، ئاۋات رەستىلەرنىڭ دوقمۇشىدا، مەيدان ـ سەينالاردا كەچ كىرگۈچە ناغرا چېلىندى. سۇلتان ئەھمەدخان دادىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا نەزىر ھېسابىدا پۇل ـ پۇچەك تارقاتتى.

※ ※ ※

كەچتە سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسىنىڭ شەرىپىگە كاتتا سورۇن ھازىرلىدى. داستىخانلار شورپا، تونۇر، زىخ كاۋاپلىرى، بۇغا، قىرغاۋۇل، كەكلىك، ئۇلار گۆشلىرى، پوشكال، بوغۇرساق، تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈملەر، ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى.

سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە بابۇرغا ئالتۇن قەدەھتە، باشقىلارغا كۈمۈش قەدەھتە شاراب كەلتۈرۈلدى. سەئىدخان بىلەن باباچاقخانغا چوڭ خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خاندكەنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىلگەندى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە چوڭ

ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ زورى بىلەن تۇنجى قېتىم شاراب ئىچىپ باققان سەئىدخان كېيىنكى كۈنلەردە دوستى تاھىر بەگلەر بىلەن ئانچە ـ مۇنچە شاراب ئىچىدىغان بولغانىدى. ئەمما، مەست بولغۇ ـ چە ئىچمىگەنىدى. گەرچە بۈگۈن دادىسى بىلەن شاراب سورۇنىدا تۇنجى ئولتۇرۇشى بولسىمۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى ۋە تاغىسىدىن ئانچە تار ـ تىنىپ، قورۇنۇپ كەتمىدى.

پەگاھتا ئولتۇرغان سازەندىلەر داپ، دۇتار، راۋاب، تەمبۇر، قالۇن، ساتار، ئۇد، چىلتار... قاتارلىق سازلارغا تەڭكەش قىلىپ لەرزان ئاۋازدا مۇقام توۋلايتتى. ئاكا ـ ئۇكا خانلار ھېلى بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىسە، ھېلى ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەمىر ـ سەركەر ـ دىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. تۆردە ئولتۇر ـ غان ئۈچ خاننىڭ خاس شارابچىسىدىن باشقا ساقىيلار توختىماي مېڭىپ يۈرۈپ، بوشىغان قەدەھلەرگە شاراب قۇياتتى.

ئىنىسى باباچاقخان بىلەن نەۋرە ئىنىسى مىرزاخان شاراب ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن، سەئىدخان ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم تاپالماي ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ، گەپ قىستۇرماي ئەدەپ ساقلاپ ئول ـ تۇرغان بابۇرغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. بابۇر بىلەن ئۇلپەتچى ـ لىك قىلغاچ پاراڭلىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. يېنىدا ئولتۇر ـ غان چوڭ نەۋرە ئاغىسى خانىكە سۇلتان شارابنى سۇدەك ئىچەتتى، توختىماي سۆزلەيتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇ چوڭ خانزادىسى خېلىلا تەكەببۇر ئىدى. ئەدەپ يۈزىدىن بولسىمۇ، سەئىدخانغا ئىككى ئېغىز تۇزۇت قىلىپ، غىزا ـ شارابقا تەكلىپ قىلىپ قويمايتتى. ئۇنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەت ـ مەي، يېنىدىكى ئەمىرلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. گەپ ـ سۆزلىرى ھەم لاۋزا، ھەم تاققا ـ تۇققا ئىدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئېتىقسىز پاراڭلىرىغا زورىغا قۇلاق سېلىپ، خۇشامەتگۈيلۇق بى ـ

www.uyghurkitap.com

لەن ھېجىيىشاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، سورۇن ئەھلى مەست بو-لۇشقا باشلىدى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كۆڭلى تارتقان كىشى-لەرگە شاراب تۇتۇشاتتى. ئاكا ـ ئۇكا خانلارغا خۇشامەت قىلىشات-تى. گاھلىرى ئوردا قىزىقچىسى بىلەن بەسلىشىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرەتتى. سەئىدخاننىڭ بابۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ شاراب تۇتقۇسى بولسىمۇ، لېكىن دادىسى بىلەن تا-غىسىدىن ھېيىقىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

شۇ ئەسنادا بابۇر شاراب تولدۇرۇلغان ئالتۇن جامنى كۆتۈ-رۈپ سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. سەئىدخان بىلەن يانمۇيان ئول-تۇرغان خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە بابۇر شاراب تۇتۇش ئۈچۈن ئالايتەن ئالدىمغا كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، ئىرىنچەكلىك بىلەن بابۇرغا قارىدى. بابۇر ئۇنىڭغا سۇس تەبەس-سۇم قىلىپ قويۇپ، قولىدىكى ئالتۇن قەدەھنى سەئىدخانغا تەڭ-لىدى:

ــ ئالسىلا ئەزىز ئىنىم، ھازىرچە بۇ بىر جام شاراب بىلەن ئۆزلىرىدىن ھاردۇق سورىۋالغاچ تۇراي.

بابۇر سەئىدخاننىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن زىيادە ھۆرمىتىدىن تەسىرلەنگەن، يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئەدەپ ـ قائىدىگە رىئايە قىلىپ ئولتۇرۇشىدىن، كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئە-قىل ـ پاراسەت، ۋۇجۇدىدىن بىلىنىپ تۇرغان جاسارەتتىن قايىل بولغانىدى.

بابۇرنىڭ بۇنچىۋالا كاتتا ئىززەت كۆرسىتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن سەئىدخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلىدى:

ــ بۇنچىۋالا كاتتا ئىززەت كۆرسىتىشلىرىگە لايىق ئەمەس-مەن شاھ ئاغا.

ــ ئەزىز ئىنىم، زىنھار ئۇنداق دېمىسىلە. ھەممىمىز بىر نەسلىنىڭ پۇشتىدىنمىز. تۈزكور، مۇناپىق ياۋغا بىرلىكتە تاقابىل

تۆرىمىز، دەپ جەم بولغان بۇ خاسىيەتلىك سورۇندا مەرتىۋە سۇ -
رۇشتۇرۇش بىھاجەت.

بابۇرنىڭ بۇ سۆزلىرى خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنىڭ
يۈزىنى چىمىلداتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ ۋەلىئەھدىلىكىنى پەش قىلىپ
چوڭچىلىق قىلىشلىرىنى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەرگە ھاكا -
ۋۇرلارچە مۇئامىلە قىلىشلىرىنى، ئالدىدا ئۆزىنى قەستەن چوڭ
تۇتۇشلىرىنى بابۇر ياراتمايتتى.

— ئىلتىپات قىلدىلا شاھ ئاغا.

سەئىدخان ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي، بابۇرنىڭ
قولىدىن ئالتۇن قەدەھنى قوش قوللاپ ئالدى.

بابۇر سەئىدخاننىڭ ئالدىدىكى لىق شاراب تولدۇرۇلغان كۇ -
مۈش جامنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— نامەرد شەيباقنى يوقىتىپ، بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنى روناق
تاپقۇزۇپ، ئەل - يۇرتنى ئاسايىشلىقتا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆ -
تۈرەيلى، — دېدى.

ئىككى نەۋرە قېرىنداشنىڭ ئۇلپەتچىلىكىنى كۆرۈپ تۇر -
غان خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنىڭ شاراب تەسىرىدىن
قىزارغان ئاق پىشماق چىرايى سېزىلەرلىك تاتاردى ۋە قەستەنگە
بېشىنى بۇراپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.



بۈگۈن شاھىنشىندا بولغۇسى جەڭ ھەققىدە رەسمىي كېڭەش
باشلانغانىدى. كېڭەشكە بابۇر بىلەن ئاكا - ئۇكا خانلارنىڭ ئالىي
دەرىجىلىك ئەمىر - سىپاھلىرىمۇ قاتناشتى.

— ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلىرىدىن قارد -

غاندا، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ۋەزىيەتنى بىر قۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن رەسمىي مەقسەتكە كۆچۈپ، ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بىلەن ئىزچىل تىركىشىپ كەلگەن ئەھمەد تەنبەل خانزادە جاھانگىر مىرزىنى نەزەربەند قىلىپ، تۆت كور شەيبانىخاننىڭ قېشىغا نەۋرە ئىنىسى شەيخ بايازىدنى ئەۋەتىپ ساداقەت بىلدۈرۈپتۇ. بىلىشىمىزچە، ھازىر شەيبانىخان ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن بىرلىكتە جوغى جەمئىي ئاتمىش مىڭ لاۋا ـ لەشكەرلىرى بىلەن بىز تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. گەردەنكەش ئەھمەد تەنبەل بولسا، ئاخسىنى شەيخ بايازىدقا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئەندىجاننى بېكىتىپ شەيبانىخاننىڭ كېلىشىنى ساقلاۋېتىپتۇ. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئاۋۋال ئاخسى قەلئەسىنى ئېلىپ، ئۇل شەيبانىخاننىڭ ئالدىنى توسۇش ياكى ئۆرەتۆپىدە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ھەمدەمدە بولۇپ شەيبانىخانغا زەربە بېرىپ، ئەندىجاننى ھمايىسىز قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بار. باشقىلارنىڭ تەدبىرى بولسا ئاڭلاپ باقساق.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەمىرلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا قاراپ قويۇپ جىم تۇرۇشتى. ئۇلار لەشكىرىي ئىشلاردا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئادەتلىنىشكەنىدى. ئادەتتە سەييىد مۇھەممەد مىرزا باشقىچە پىكىر بىلدۈرمىسە، مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ پىكرىنى بەس ـ بەستە ماختىشاتتى. چۈنكى ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ لەشكىرىي ئىشلاردا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ پىكرىگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. لېكىن شۇ تاپتا سەييىد مۇھەممەد مىرزىمۇ جىم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇنداق جىم تۇرۇۋېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى. ھەئە، بۇ كېڭەشتە سۇلتان مەھمۇدخاندىن قالسا سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بابۇرنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلاردىن ئاۋۋال ئۇي ـ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا ئېغىز غېرىبچىلىغاندەك بولۇپ قالاتتى. ناۋادا ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرى سۇلتان ئەھمەدخان ياكى بابۇر تەرىپىدىن رەت قىلىنىۋې-

تىلسە يۈزى تۆكۈلەتتى.
شاھىنشىنىڭ ئىچىنى بىر پەس تىمتاسلىق باستى. سۇلتان ئەھمەدخان بۇ تەرەپنىڭ تۇپراق شارائىتى ۋە ئەھۋالىدىن تازا خە-ۋەرسىز بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمىدى.
ــ مېنىڭچە ئاۋۋال ئەندىجاننى ئالغىنىمىز ئەۋزەل، ــ دېدى بابۇر ئارتۇقچە سۆكۈتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇ كىچىك خان تا-غىسى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى باشقىچە تېتىكلىشىپ قالغانىدى، چۈنكى، ئەندىجاننىڭ سېپىللىرى ئې-گىز ھەم مۇستەھكەم، پۇقرالىرى باي، سۈيى ئەلۋەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكى مول. شۇڭا شەيباقخان كېلىپ بولغۇچە ئەھمەد تەنبەلگە زەربە بېرىپ ئەندىجاننى قولىمىزغا ئالساق، بىرىنچىدىن، كىچىك خان تاغامنىڭ لەشكەرلىرىگە مۇقىم تۇرۇشقا جاي چىقىدۇ؛ ئىك-كىنچىدىن، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى ئاشىدۇ؛ ئۈ-چىنچىدىن، ئەھمەد تەنبەلدەك بىر دۈشمەندىن خالاس بولغاچ تۇ-رىمىز. مەن ئول تۈزكورنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ تۇتامى يوق، ئىك-كى يۈزلىمچى بىر مەلئۇن. شۇ تاپتا كىچىك خان تاغامنىڭ تۇ-مەندىن ئارتۇق باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلگە-نىنى بىلىپ چوقۇم شەيباقتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەندىجانغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولساق، شەھەرنى چوقۇم قارشىلىقسىزلا تاپشۇرىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماي كۆچىمىزنى شەيباقنىڭ ئالدىنى توسۇشقا قارىتىدىغان بولساق، ئەھمەد تەنبەل پۇرسەت كۈتىدۇ ـ دە، قايتىدىن ئۈمىدلىنىپ، بىز بىلەن تىغمۇتىغ قارشىلىششقا پېتىنىدۇ، بەلكىم شەيباقنى ماس-لىشىپ ئارقا تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇمدا لەشكەر-لىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇنۇپ، ئېشەنچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.
سۇلتان مەھمۇدخان ياقتۇرمىغاننى قىلىپ چىرايىنى پۈ-رۈشتۈردى. ناۋادا بۇ تەدبىر بابۇرنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئاغزى-دىن چىققان بولسا خېلى ئېتىبار قىلغان بولاتتى. نېمىشقىدۇر

www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق جەڭدە بابۇرنىڭ ساقال غېرىچلاپ، تەدبىر كۆرسىتىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ بۇ جىيەن ئوغلىنىڭ ئۆزى كىچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان سەمەرقەنت تەختىدە ئۇدا ئىككى قېتىم ئولتۇرغانلىقىغا، بولۇپمۇ ئاخىرقى قېتىم سەمەرقەنت تەختىنى شەيبانىخاندەك كۈچلۈك رەقىبتىن تارتىۋېلىپ ئولتۇرغانلىقىغا كۆڭلىدە ھەسەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتا جەمەتى تۆمۈرىيلەر نەسلىدىن بولغان بابۇرنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈچىيىپ كېتىپ، شەۋكىتىنىڭ ئۆز سەلتەنەتىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن، تاجۇ تەختىگە تەھدىت بولۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتى. زىيادە ئىشىنىپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى تۇتقۇزغان شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنت، بۇخارادەك كاتتا شەھەرلەرگە قانائەت قىلماي، ئۆز سەلتەنەتىگە كۆز تىكىشى سەۋەبىدىن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، خۇدۇكسىرەپ قالغاندى. گەرچە سۇر ـ ھەيۋىسىنى، لەشكىرىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىپ، تۆكۈلگەن ئابرۇيىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئەھمەد تەنبەلگە قارشى بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، نۇسرەت قازىنالماي تاشكەنتكە قايتىشقا مەجبۇر بولغاندى. ئۇ بابۇرنىڭ قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق غەلىبىلىك جېڭىنى تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى بولسا، تەلىيىنىڭ تەتۈر كېلىپ قالغانلىقىدىن دەپ قارايتتى. شۇ تاپتا ئاشۇ ئوغلى دېمەتلىك جىيەنىنىڭ تەدبىر كۆرسىتىشىنى ئاشۇ ئىلگىرىكى بىرنەچچە قېتىملىق غەلىبىسىنى ئۆزى ئالدىدا پەش قىلىپ، ئاقساقاللىق قىلغانلىق دەپ چۈشىنىۋالغانىدى.

— ئەزىز ئوغلۇم، سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشتان سېلىش بىھاجەت، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئەندىجاننى بېكىتىپ ياتقان ئول ئەھمەد تەنبەل قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز ئالدىدا بىر پىيادىدۇر، خالاس. ئەسلىرىدە بولسۇنكى، شاھمات ئويۇنىدا پىيادىگە زەرەر يەتكۈزمەي شاھنى مات قىلالىغان كىشى

ھەقىقىي غالىبتۇر. شول بائىستىن تۈزكور شەيبانىخان بولسا،
ئاۋۋال مات قىلىشىمىزغا تېگىشلىك شاھتۇر. شۇڭا باستۇرۇپ
كېلىۋاتقان كۈچلۈك ياۋنى تاشلاپ قويۇپ ئەندىجاننى ئالىمىز دې-
سەك، تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغاندەك ئىش بولۇپ قال-
دۇ ـ دە، لەشكەرلىرىمىزنىڭ كۈچىنى خورىتىپ قويىمىز. ئۇل
چاغدا كۈچلۈك ياۋغا تاقابىل تۇرمىقىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ. پە-
قەت شەيبانىخاننى مەغلۇپ قىلساقلا، ئەھمەد تەنبەل، شەيخ بايا-
زىددەك پىيادىلەر ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ ئەل بول-
دۇ.

تاغىسىنىڭ مۇلاھىزىسىگە قايىل بولمىغان بابۇر: «ناۋادا ئۇل
شەيباقتىن يېڭىلىپ قالساقچۇ؟» دەپ سورىغۇسى كەلگەن بولسى-
مۇ، كىچىك تاغىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ گەپ قىلماي ئولتۇر-
غىنىنى كۆرۈپ، تىركىشىشنى لايىق تاپمىدى. شۇ تاپتا سۇلتان
ئەھمەدخان بولسا، بابۇرنىڭ تەدبىرىنى لايىق كۆرگەنىدى. ئەمما،
ئاكىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قاتتىقلىقنى، بابۇرغا قىلچىلىك يۈز ـ
خاتىر قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بابۇرنىڭ تەدبىرىنى قوللىسا
ئاكىسىنىڭ رەنجىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يىگىرمە
بەش يىلدىن بېرى ئاران بىر قېتىم كۆرۈشكەن ئاكىسىنى رەنجى-
تىشنى خالىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاكىسىنىڭ كۆرسەتكەن
تەدبىرىنىڭمۇ ئاساسى باردەك ھېس قىلدى.

«بولدىلا خان تاغامنى رەنجىتمەي، ــ دەپ ئويلىدى بابۇر
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ــ ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىنىڭمۇ بىر ھېسابتا
ئاساسى بار. ناۋادا شەيباقنىڭ ئالدىنى توسۇپ، پەرغانىنىڭ بوسۇ-
غىسىدىلا تۇمشۇقىغا سېلىپ مەغلۇپ قىلساق، ئۇل ئەھمەد تەن-
بەلدەك ئىككى يۈزلىمچى، يالاقچى ئىتلار ئۇچۇن ئۆزىمىزنى
ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيمىز. گەرچە مېنىڭ توغرا، يوللۇق بولسىمۇ،
بۇنىڭدىن ئارتۇق كۈچىسەم بولمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ ئىلكىمدە
سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنىڭ تۈزۈك تايىنى يوق، ھەممىسىنى
يىغسام يۈزگىمۇ يەتمەيدۇ. ئىككى تاغامنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانى

بولسا ئەللىك مىڭغا يېتىدۇ. ناۋادا ئىنىم جاھانگىر مىرزا ئەھمەد تەنبەلنىڭ دامىغا چۈشۈپ، سەركەشلىك قىلمىغان بولسا، شۇ تاپ-تا يېنىمدا ھەمدەم بولۇپ تۇرغان بولسا، لەشكەرلىرىمىز تۈمەنگە يەتمىسىمۇ يەتتە ـ سەككىز مىڭغا يېتەتتى، ئول چاغدا تاغىلىرىم ئالدىدا تىلىم ئۇزۇنراق بولاتتى. مانا ئەمدى جاھانگىر مىرزىمۇ نەزەربەندتە. بىر نۆكەرگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتىغىمۇ بۇي-رۇق بېرىش ئىختىيارىدا ئەمەس. شەيخ بايازىد ئۇنىڭغا قانداقراق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ زىندانغا تاشلاشقا پېتىنالمىغاندۇ، ماڭىمۇ قىلدى، ئۆزىگىمۇ قىلدى. قېرىندىشىدىن يۈز ئۆرۈپ، ياتلار بىلەن بولۇشقاندىكىن ئۆزىگە ئاز...»

بابۇر ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ ھەر-بىر چىراي ئىپادىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان سەئىدخان خۇددى بابۇر ئادالەتسىزلىككە ئۇچراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، بىر قىسما بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. شۇ دەقىقىدە دادىسىنىڭ ئادىللىق بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىنى، بابۇر-نى قوللىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. گەرچە ئۇ تاغىسى بىلەن نەۋرە ئا-كىسىنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرىدىن قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلى-كىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بابۇرنىڭ تەدبىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى، بۇ قېتىمقى جەڭگە قەلبىدىكى بۇ باھادىر ئەزىمەت-نىڭ قوماندانلىق قىلىشىنى، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ ياۋ بىلەن جەڭ قىلىشنى بەكمۇ خالايتتى.

ھېچكىمنىڭ ئىنكاس بىلدۈرمىگىنىنى كۆرۈپ، كۆرسەتكەن تەدبىرىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى دەپ ئويلىغان سۇلتان مەھمۇد-خان ئالدىراپ پەرمان جاكارلىدى:

— ئەمىسە جەڭ مۇشۇ تەدبىر بويىچە بولسۇن. بابۇر پادىشاھ ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرىگە قوشۇپ، جان ھەسەن نارىن، مۇھەممەد ھىسارى دوغلات، سۇلتان ئەھمەد دوغلات، خوجا مۇھەممەد ئەلى، سارىغباش مىرزا ئىنتارچى قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن بەش مىڭ

لەشكەرنى ئېلىپ خوجەنت دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوش ۋە ئۆزكەنتنى
ئىشغال قىلىپ، ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتسۇن. سەيىد مۇھەمـ ـ
ـمەد مىرزا مىرزا ئابدۇشۈكۈر دوغلات، قارا قاسىم چاپاۋۇل قاتارـ ـ
لىق سەركەردىلەر بىلەن بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ ئۆرەتۆپىگە بې ـ
ـرىپ مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان بىلەن بىرلىكتە ياۋنىڭ مۇقاـ ـ
بىلىسىگە چىقىشقا ھازىرلانسۇن. چوڭ خانزادە مۇھەممەد خانىكە
نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلار بىلەن بىرلىكتە تاشـ ـ
كەنتنى ساقلىغاچ، ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل
بولسۇن. مەن ئىنىم سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى بىلەن بىللە
قالغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى ئېلىپ، ئۇدۇل ئاخسىغا
بېرىپ شەيبانىخاننىڭ ئالدىنى توسۇيمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئۈچ
تەرەپتىن تەڭلا ياۋغا زەربە بېرىمىز.
— پەرمانبەردارمىز!
بارلىق سەركەردىلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى.
تاغىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن بىر
قىسىم سەركەردىلەرنى تاپشۇرغىنىدىن مەمنۇن بولغان بابۇر بايـ ـ
قى كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى.

※ ※ ※

سەمەرقەنتتىن زور قوشۇننى باشلاپ يولغا چىققان شەيبانىـ ـ
خان تولىمۇ ھاياجان بىلەن كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىدە پەرغانە ۋادىسى
بىلەن تاشكەنتنى ئىستېلا قىلىش ھەققىدە قىلچىلىك شەك يوق
ئىدى. ۋۇجۇدى ئىشەنچ بىلەن تولۇپ تاشقانىدى.
ھەئە، ئۇ سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن نەيزىسىنىڭ ئۇچىدـ ـ
ـنى قايسى تەرەپكە قارىتىش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى. باي
خۇراسان مەملىكىتى، شەۋكىتى سەمەرقەنتتىن قېلىشمايدىغان
ھىرات شەھىرى گۈزەل بىر نازىنىندەك ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتـ ـ
ـتى. ھىراتنى قولىغا ئېلىپ بۈيۈك جاھانگىر ئەمىر تۆمۈر ئولـ ـ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان تەختتە ئولتۇرسا، بىراقلا ھاردۇقى چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما، ھىرات تەختىدە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادەك مويسىپىت، تەجرىبىلىك ھەم قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈمدار پۈتكۈل خۇراسان ۋادىسىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن پات ـ پات جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، تەختى يەنىلا مۇستەھكەم ئىدى. شۇڭا، خۇراسانغا يەڭگىللىك بىلەن لەشكەر تارتىشقا بولمايتتى. ناۋادا خۇراسانغا لەشكەر تارتسا، ئاتا دۈشمەنلىرى بولمىش سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بابۇر پادىشاھ بىرلىكتە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى، ھىسار، قۇندۇزنى تىزگىنلەپ تۇرغان خۇسرەۋ شاھمۇ سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا ھەمدەمدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ بىرقاتار ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئالغان شەيبانىخان ئاۋۋال ئارقا تەرىپىنى تىنجىتىپ، ئاندىن خۇراسانغا يۈرۈش قىلىش نىيىتىگە كەلگەندى. كۈتمىگەندە ئەھمەد تەنبەلنىڭ نەۋرە ئىنىسى شەيخ بايازىدنى ئەۋەتىپ ساداقەت بىلدۈرۈشى ئۇنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتقانىدى.

«ئەھمەد تەنبەل پەرغانىنى قولىغا ئالغان بولسا، بابۇرنىڭ ماڭا شىلتىڭ ئاتقۇدەك ماغدۇرى قالماپتۇ. ئەمدى سۇلتان مەھمۇدخانىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەنتنى قولۇمغا ئالسام، ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىشى ئاسان. ماقۇل دېسە سەركەردىلىك مەرتىۋىسى بېرىپ، پەرغانىدىن ئايرىپ يېنىمدا ساقلايمەن. ناۋادا بابۇرغا قىلغاندەك ئىككى يۈزلىمىچىلىككە نىيەت قىلسا، بىر باھانە بىلەن كاللىسىنى ئالىمەن. قارىغاندا شەپقەتلىك تەڭرى ماڭا ماۋەرائۇننەھرنىلا ئەمەس، پەرغانە بىلەن تاشكەنتنىمۇ بۇيرۇغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام بىر قىسىم رەقىبلىرىم: ‹خەلىفەئى رەھمان، ئىمامى زامان، ئىسكەندەر سانى› دېگەن ئۇنۋانىمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكۈدەك. ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا بارلىق مەملىكەتلەرنى ئۇلۇغ جاھانگىر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندەك ئىشغال قىلىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمان ئالەمىنىڭ رەھنەماسى — خەلىفەئى

رەھمان بولغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام...»

ئات ئۈستىدە مەغرۇر كېتىپ بارغان شەيبانىخاننىڭ شېرىن خىياللىرى تۈگىمەيتتى. تاشكەنت ئاياقتىكى ئاشتەكلا قولىغا چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇ سۇلتان مەھ-مۇدخاننىڭ لەشكىري ئىستىبداتىنىڭ يوقلۇقىنى، سىپاھلىقىقا يا-رىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. پەقەت ئۇنىڭ يېنىدىكى سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئۆرەتۆپىدىكى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرە-گاندىن بىرئاز ئېھتىيات قىلاتتى.

«ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ تەڭداشسىز باھادىر، ئەزد-مەتلىكى راست، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەلتەنەتىمۇ پەقەت شۇلار ئارقىلىق ئۆرە تۇرىدۇ. لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ ئىلكىدە تۇ-زۈك لەشكەر يوق. جەڭ كۆرگەن، يۈرىكى قاتقان، جەڭگە يارايدىغان تەجرىبىلىك سەرۋاز ـ لەشكەرلىرىنى ئالىقاچان ماڭا بېرىۋەت-كەن. ئاڭلىسام يېڭىدىن چېرىك يىغىپ مەشىقلەندۈرۈۋېتىپتە-مىش. لېكىن چېرىك دېگەن بەرىبىر چېرىك. سانغا ھېساب، لەشكەرلىككە ھېساب ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي جەڭ كۆرۈپ يۈرىكى قاتمىغان، كۆزى پىشمىغان. شۇڭا ئول ئاغا ـ ئىنى مىر-زىلارنىڭ ھەرقانچە كارامىتى بولسىمۇ، يېڭى چېرىكلەر بىلەن مېنىڭ قۇدرەتلىك لەشكەرلىرىمنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالىشى بەسىي مۇشكۇل. بابۇر بىچارە نەلەردە قېقىنىدى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرۈيدىكىن تاڭ؟ ئاڭلىسام خۇسرەۋ شاھتىن مەدەت تىلىگەنمىش. لېكىن خۇسرەۋ شاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قولىنى سۇنغان تەقدىر-دىمۇ ھەممە لەشكەرلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشى ناتايىن. چۈنكى، گەردىنىدە بابۇرنىڭ ئىككى نەۋرە قېرىندىشىنىڭ قان قىساسىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ...»

— جانابى خەلىفەئى رەھمان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي.

شەيبانىخان شېرىن خىياللىرىغا دەخلى يەتكۈزگەن سەركەر-دىسىگە سەت ئالايدى:

— نېمە گەپ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ تاشكەنتتىن ئايغاقچى كەلدى ئالىيلىرى.
شەيبانىخان دىققىتىنى يىغدى.
ــ خوش.
ــ سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ تۇرپاندىكى ئىنىسى سۇلتان ئالاچەخان ئون بەش مىڭ لەشكەر بىلەن تاشكەنتكە يېتىپ كەپتۇ.
بۇ خەۋەر شەيبانىخاننى خېلىلا چۆچۈتتى. ۋۇجۇدىدىكى بايا-تىنقى تاتلىق تۇيغۇلار تارقاپ كەتتى. چۈنكى ئۇ سۇلتان مەھمۇد-خانىنىڭ «ئالاچەخان» لەقەملىك بۇ ئىنىسىنىڭ مەشھۇر نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. لەشكىرىي ماھارەتتە ئاكىسىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، لەشكەر ئىشلىتىشتە تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىدىكى موغۇل خانلىرىغا جازا يۈرۈشى قى-لىپ، ئۇلارنى تەسەررۇپىغا قاراشقا پېتىنالماس قىلىپ قويغانلى-قىنى ئۇنىڭغا ئايغاقچىلىرى يەتكۈزۈشكەنىدى.
«بەربىر تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقىپ بولدۇم. ئەمدى ئې-تىمنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىسام سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم مې-نى كۆزگە ئىلمايدۇ، دۈشمەنلىرىمنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ، رەقىبلىرىم مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇل ئالاچەخان ئاغىسىغا كۆمەك-لىشىش ئۈچۈن ئالايىتەن لەشكەر باشلاپ كەلگەن بولسا، چوقۇم سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتماي بولدى قىلمايدۇ. ھامىنى ئۇنىڭ بى-لەن ئۇچراشماي قۇتۇلالمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئالدىغا بېرىۋې-رەي. ئۇ ئۆگەنگەن لەشكىرىي ئىلىم، ماھارەتنى مەنمۇ ئۆگەنگەن. شۇ چاغقىچە نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدىم. نۇرغۇن پەھلىۋان رەقىب-لىرىمنى يەر چىشلەتتىم. ئاللاھ خالىسا ئۇنىمۇ شەرمىسار قىلىپ كەلگەن ماكانىغا ھەيدەرمەن ياكى ئالدىمدا تىزلاندۇرارمەن. رەقىب بىلەن ئېلىشماي تۇرۇپ، ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تەقدىرنىڭ پېشانەمگە پۈتكىنى باردۇر...»
ئۇ تاشكەنتكە توختىماي ئايغاقچى ماڭغۇزۇپ، رەقىبلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. ئۆرەتۆپە چېگرىسىغا كەلگەندە ئەڭ ئاخىرقى ئايغاقچىسى تاشكەنتتىن يېتىپ كەلدى.

ــ جانابى ئىسكەندەر سانى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. سۇلـ-تان مەھمۇدخان قوشۇنىنى ئۈچ تارامغا بۆلۈپتۇ. بابۇر پادشاھنى بىر تارام لەشكەر بىلەن ئوش، ئۆزكەنت تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتۈشكە، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى بىر تارام لەشكەر بىلەن ئۆرەتۆپىگە بېرىپ، ئاغىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇقابىلىمىزگە چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆزى ئىنىسى ئالاچەخان بىلەن ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ، ئاخـ-سىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مۇددىئاسى ئۇدۇلىمىزدىن توسۇپ زەربە بېرىش ئىكەن. تاشكەنتنى قوغداشقا چوڭ خانزادىسى خانىكە سۇلتاننى ئازغىنە لەشكەرلىرى بىلەن قالدۇرۇپتۇ.

شەيبانىخان خاتىرجەملىك بىلەن ئۇھ دەۋالدى.

«بۇ قايسى كالۋانىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرىدۇر؟ تـوۋا، سەييىد مۇھەممەد مىرزا، بابۇر، ھەتتا ئالاچەخاندەك تەدبىرلىك سەركەردىـ-لەر تۇرۇپ، مۇشۇنداق تەدبىر تۈزگەن بولسا ـ ھە؟ ئى شەپقەتلىك تەڭرىم، رەقىبلىرىمنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئىشىمنى ئاسان قىلـ-غىنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكـۈر. سۇلتان مـەھمۇدخان كـۈچىنى پار-چىلاپ بابۇر، سەييىد مۇھەممەد مىرزا، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرە-گاندەك غەيۇر سەركەردىلىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتـۇرغان بولسـا، ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقماق تەس ئەمەس. شۇنداق بىر جەڭ تەد-بىرى تۈزەيكى، سۇلتان مەھمۇدخان پۇشايمان ئىلكىدە بارماقلىـ-رىنى گاچىلدىتىپ چىشلىسۇن...»

ئۇ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان، كۈيئوغلى جانىبېك سۇلتـان، ئوغلى تۆمۈر سۇلتان قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك سەركەردىلىرىنى يىغىپ جىددىي كېڭەش قىلدى.

ــ لەشكەرلەر ئۆرەتۆپىگە يېقىنلاشماي ئايلىنىپ ئۆتسۇن. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، سەييىد مۇھەممەد مىـرزىلار بىلـەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ساقلىنـايلى. چاقـماق تېزلىكىدە يـۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇل ئاخسىغا بارايلى ـ دە، ئاغـا ـ ئىنى خـانلار بىلـەن ئۇچرىشىپ تېزلىكتە جەڭ قىلايلى. شۇنداق قىلساق ئۆرەتۆپىنـى

www.uyghurkitap.com

ساقلاۋاتقان ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار بىلەن ئۇش، ئۆزكەنتنى ئېلىپ ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتمەكچى بولغان بابۇر مىرزا ھەممىگە كېلىشكە ئۇلگۇرەلمەي قالىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىمۇ بىرلـ بىرلەپ يوقىتىمىز. ئالالاھقا شۇكۈركى، بىز ئۇلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ بولغۇچە، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن بۆلۈنۈپتۇ. بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، ئول ئاغا ـ ئىنى خانلارنى بۇنداق يالغۇز ئۇچرىتىش يەنە نېسىپ بولمايدۇ. لەشكەرلەرنى ئىلدام مېڭىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىڭلار. ھېچكىمنىڭ سۆرەلمىلىك قىلىشىغا رۇخسەت يوق. ئاخسىغا ئاغا ـ ئىنى خانلاردىن بۇرۇن بېرىۋالساق ھاردۇقنى بىراقلا ئالىمىز.

شەيبانىخان پەرماننى جاكارلاپ بولۇپ، ئېتىغا زور ئىشەنچ بىلەن قامچا سالدى. يول بويى يورغىلاپ كېلىۋاتقان ئەرەب ئېتى ئاچچىق قامچا ئازابىغا چىدىماي كىشنىۋەتتى ـ دە، قۇيۇندەك ئۇچتى.

※ ※ ※

ئەندىجان.

ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە، غەم، تەشۋىش چۇلغىۋالغان ئەھمەد تەنبەل پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالماي قالغانىدى. ئۇ ئۇش، ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلىپ، ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان بابۇرغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تۇرۇۋاتقاندا، تاشكەنتتىن ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

«سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى ئالاچەخان بىلەن زور قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتقان بولسا، ئېنىقكى ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئەندىجانغا تېگىش قىلىدۇ. ئەمما ئىلكىمدە ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۆپ لەشكەر يوق. بار ـ يوقى بىر تۈمەنگە يېقىن لەشكىرىم قانداقسىگە ئۆزىدىن تۆت ـ بەش ھەسسە كۆپ لەشكەرگە تاقابىل تۇرالـ

سۇن؟ ناۋادا سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزى يالغۇز لەشكەر تارتىپ كەلگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە تىركىشىپ بېقىشقا جۇرئەت قىلاتتىم. ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ كېلىپ، مېنى ھېچنېمە قىلالمىغانىدى. ئەمما ھازىر يېنىدا ئىنىسى ئالاچەخان بار. ئۇنىڭ ھەمدەمگە ئېلىپ كەلگەن ئون بەش مىڭ لەشكىرىنىڭ ھەممىسى ئاتلىق باھادىرلارمىش؛ ھەربىرى ئون ـ ئون بەش لەشكەرگە تېتىيدىغان پەھلىۋانلارمىش؛ تۇرپاندەك شۇنچە يىراق يەردىن ھەمدەمگە كەلگەندىكىن لەشكەرلىرىنىمۇ ئالاھىدە تاللاپ، ئەڭ غەيۇر، جاسارەتلىك قان ئىچەرلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ ـ دە؛ ئۆزدىنىمۇ تەڭداشسىز قىلىچۋازلاردىن دەپ ئاڭلىغانىدىم، غەزەپكە كەلسە ئۆزى يالغۇزلا بىرەر مىڭ لەشكەرگە تېتىيارلارمىش. ئادەمنىڭ بېشىنى خۇددى پىلەكتىن قوغۇن ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلارمىش؛ كۆزىنى مىت قىلىپمۇ قويماسمىش. بىر تەرەپتىن بابۇر، بىر تەرەپتىن ئول ئاغا ـ ئىنى خانلار. ئەمدى ئۇلارنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئاھ خۇدا! پەيمانىم توشۇپ قالدىمۇ نىمە؟ كۈزدىن ئاغام ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، ئەل بولسام بوپتىكەن. نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىساڭ پۇشايمان يەيسەن دېسە پەرۋا قىلماپتىمەن. سۆزىنى ئاڭلىمىسامۇ جېنىغا قەست قىلمىسام بوپتىكەن. شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلغان بولغىيتتىم. ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسام، بەلكىم ھازىر يەنە غېمىمنى يەر بولغىيتتى. بىرەر چارە ـ ئامال تېپىپ مېنى بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالار بولغىيتتى. ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغان ئەمەسمىدى؟ نېمىشقا بۇنى ئويلىمىدىم؟ قېرىندىشىم، ئاغام ئىدىغۇ ئاخىر؟! شۇ چاغدا ئۆزىنى ئەمەس، مېنى ئويلىغانىكەن. مەن بولسام ئۆزىنىڭ شەيبانىخانغا يان باسقان گۇناھىنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، مېنى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى، دەپ ئويلاپتىمەن. مېنى ئاغامنىڭ قىساسى تۇتقان ئوخشايدۇ. شەيبانىخانغا نېمانچە ئۈمىد باغلاپ كەتكەندىمەن؟ مانا ئەمدى بېشىمغا ئە-

جەل قىلىچى سايە تاشلىغاندا ئۇ يوق، بەلكىم ئول شەيبانىخانمۇ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈيدىغاندۇ؟...»

باش ـ ئاخىرى يوق، پۇشايمانلىق خىياللار ئەھمەد تەنبەلنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ بەك قىينايتتى.

«... جاھانگىر مىرزىنى ئاخسىدىن ئەندىجانغا ئەكەلدۈرۈۋالسام بوپتىكەن. شەيخ بايازىد ئۇنىڭغا قانداقراق مۇئامىلە قىلغاندۇ؟ ھەددىدىن ئېشىپ، ئازار بەرگەنمىدۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلغان بولسام، مۇشۇنداق پەيتتە خان تاغىلىرىغا ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ، مېنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالالايتتى. ھازىر ئاخسىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ ئەندىجانغا ئالدۇرۇپ كەلسەم ئۈلگۈرەلەرمەنمۇ؟ ئايغاقچىلارنىڭ دېيىشىچە، ئاغا ـ ئىنى خانلار يېقىنلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئۈلگۈرمەيدۇ. ئۈلگۈرگەن تەقدىردىمۇ، جاھانگىر مىرزا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەزەربەند قىلغىنىمنى ئاداۋەت تۇتۇپ، خان تاغىلىرىغا ياخشى گېپىمنى قىلىشقا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. بوپتۇلا، ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇلارنىڭ ئالدىغا قىلىچىمنى بوينۇمغا ئېسىپ چىقىپ گۇناھىمنى تىلەي، ئەپۇ سوراپ ئەندىجاننى تاپشۇراي، بەلكىم سىيلە ـ رەھىم قىلىپ قالار. قارشىلاشسام ئۆزۈمنىلا ئەمەس، بالا ـ چاقامنىڭ ھاياتىنىمۇ ساقلاپ قالالمايمەن. ھېچ بولمىسا شۇلار بولسىمۇ ھايات قېلىپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەر. ئىسىت، پەرغانىگە پادىشاھ بولۇش چۈشۈم مۇشۇنداق تېز ئاخىرلاشتى دېسە...»

بىر قارارغا كەلگەن ئەھمەد تەنبەل بارلىق سەركەردىلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۈتۈپ تۇردى. كۈن قوزا چۈش بولاي دېگەندە ئاسمانپەلەك توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ بۇيرۇق بېرىپ شەھەر دەرۋازىلىرىنى داغدام ئاچقۇزۇۋەتتى. بۇ ئارقىلىق ئاكا ـ ئۇكا خانلارغا ئەل بولۇش ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. بىراق، چوڭ قوشۇن شەھەر تەرەپكە بۇرۇلماي ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. بۇنى

كۆرۈپ ئەھمەد تەنبەل تەئەججۈپلەندى. ئاكا ـ ئۇكا خانلار بىرەر ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ئىزتىراپقا چۈشتى.

«نېمىشقىمۇ ساداقىتىمنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاپارمەن ئەۋەتمىگەندىمەن؟ دەرۋازىلارنى ئاچتۇرۇپ ساقلاپ تۇرغىنىمنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ ناۋادا بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئەل بولۇش مۇددىئايىمنى بىلدۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىمەن. بەلكىم ئۇ چاغدا ئۇلار ئىشەنمەسلىكى، مېنى جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن. نېمانچە گالۋاڭلىق قىلغاندىمەن ـ ھە...»

ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى چوڭ قوشۇننىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يىتتى.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچى مىڭ بىر خىل غەم بىلەن ئولتۇرغان ئەھمەد تەنبەلنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — ئاغا ـ ئىنى خانلارنىڭ لەشكەرلىرى ئون نەچچە چاقىرىم ئۇزاپ كەتتى.

بىرئاز ئېسىگە كەلگەن ئەھمەد تەنبەل ئالدىراپ سورىدى:

— ئۇلارنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

— بەندسالار يولى بىلەن ئۇدۇل ئاخسىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلماقچىمىش.

— ھە، مۇنداق دېگىن...

ئۇ ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال ئەندىجانغا تېگىش قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئۇزاق باش قاتۇردى. ئەمما، چوڭ بىر بالا ـ قازادىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، ئەندىجاننىڭ ھېلىمۇ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى.

«قۇدرەتلىك تەڭرىگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. ئاللاھ ئىگەمنىڭ پەرغانىنى ماڭا بۇيرۇغىنى راست ئوخشايدۇ...»

كىتاب تورى  ئۇيغۇرچە كىتابلار ئامبىرى  www.uyghurkitap.com

ئەھمەد تەنبەل خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ چاپارمەنگە قارىدى:
ــ دەرھال شەيبانىخان ئالىيلىرىغا خەۋەر يەتكۈز. ئات قوشلىشۇال[1]، يول بويى ھەرگىز توختاپ قالما!
ــ پەرمانبەردارمەن!
چاپارمەننى يولغا سېلىپ بىرئاز خاتىرجەم بولغان ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز بابۇر كېلىشى بىلەن، يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدى.
ــ بابۇر تەرەپتىن خەۋەر كەلدىمۇ؟
ــ بايىلا خەۋەر كەلدى، سەركەردە ــ لەشكەرلىرى بىلەن كەرنان تەۋەسىگە يېقىنلاپ قاپتۇ.
ــ پەرمان! ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل، ــ بارلىق سەركەردە ــ لەشكەرلەر سېپىلغا چىقىپ قورغاننى مۇھاپىزەت قىلسۇن!

※ ※ ※

سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان ئاخسىغا كېلىپ بولغان شەيبانىخان قارارگاھلىرىنى قۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى دەم ئالدۇرغاچ جەڭگە ھازىرلىنىپ بولغانىدى.
ــ ياۋ لەشكەرلىرى ئەجەب بىزدىن بۇرۇن كېلىپ بوپتۇ ـ يا؟ ــ دەپ سورىدى تەئەججۈپلەنگەن سۇلتان ئەھمەدخان.
ــ قەدىرلىك ئىنىم، مەنمۇ شۇ ئويدا، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، ــ مۆلچەرىمىزچە ئۇلار ئالدىرىغاندا ئەتە يېتىپ كەلسە توغرا بولاتتى. ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئۆرەتۆپىدىنمۇ خەۋەر كەلمىگەنىدى.
ــ شەيبانىخان لەشكەرلىرىنى ئۆرەتۆپىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ ماڭغان بولسا، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا خەۋەرسىز قالغان ئوخشايدۇ.

---

[1] ئات قوشلاش ــ زاپاس ئات ياندۇرۇپ مېڭىش.

— ئېھتىمال. بىراق ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلا تولىمۇ ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان ئىدى، قانداقسىگە تۇيماي قالدىكىن؟ ئۆرەتۆپىدىن جاپارمەن كەلمىگىلىمۇ بىر كۈن بولاي دەپ قالدى.

— ياۋنىڭ تەييارلىقى پۇختىدەك قىلىدۇ ئاغا، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان، — جەڭ قىلىشقا ئالدىرىماي، ئاۋۋال بارگاھ قۇرۇۋالايلى.

— بۇنداق قىلساق ئول شەيبانىخان دېگەن مەلئۇنىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالارمىكىن، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان. شۇ تاپتا ئۇنىڭ شەيبانىخانغا بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىگە يەتكەنىدى. ھازىرلا شەيبانىخاننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قىلغان ئاسىيلىقىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىپ چىقارغۇسى بار ئىدى.

— ئۆرەتۆپىدىن ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار، ئوش تەرەپتىن بابۇر پادىشاھ يېتىپ كەلسە، ئۇلار بىلەن بار مەسلىھەت جەڭ تەدبىرى تۈزەيلىمىكىن دەيمەن، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىغا ئىلتىجا قىلغان تەرىزدە، — ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن تېخى تولۇق خەۋىرىمىز يوق. شەيبانىخان پۇختىلاپ بارگاھ قۇرغىنىغا قارىغاندا جەڭگە ئاللىقاچان ھازىرلىنىپ بولدى.

— بابۇر مىرزىنىڭ ئوش، ئۆزكەنتنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەتىگەن سىلىمۇ خەۋەر تاپتىلا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان جاھىللىق بىلەن، — پەمىمچە، ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارمۇ شەيبانىخاننىڭ ئۆرەتۆپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپتى. بەلكىم ئۇلار ھازىر ئاخسى يولىدا بولۇشى مۇمكىن. ياۋ بىلەن روبىرو كېلىپ جەڭ قىلماي تۇرۇۋالساق، يالغۇز تۇزكور شەيبانىخانلا ئەمەس، ئاشۇ ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار بىلەن بابۇر مىرزىمۇ بىزنى ئىچىدە قورقۇنچاقلىق قىلىپتۇ دەپ مازاق قىلىشىدۇ. ئۇلارسىزمۇ شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىدىغۇچىلىكىمىز بار. دۈشمەنلىرىمىز بىزنى ئۇلارسىز ھېچ ئىش قىلالمايدىكەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

www.uyghurkitap.com

ــ بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئىنىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي، ــ ئەمما سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز توختىماي يول يۈرۈپ ھېرىپ قالدى. ھېچ بولمىسا بىر ـ ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇۋالساق ياخشى بولاتتى.

ــ تاشكەنت بىلەن ئاخسىنىڭ ئارىلىقى لەشكەرلەرنى ھارـ دۇرۇۋەتكۈدەك يول ئەمەس ئەزىز ئىنىم، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان چوڭ سۆزلەپ، ــ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۇزاق يول يۈرۈپمۇ ھاردۇق ئالماي جەڭ قىلىدىغان ئىشلار بار. شۇڭا ئارتۇقچە تەشۋىشلەنمىگەيلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلىرىمىزمۇ يول بويى ئارام ئالغاچ ماڭدى، ھېرىپ كەتكۈدەك بولمىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ جەڭگە چۈشسەك، تېخىمۇ زىيادە پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدۇ. ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار بىلەن بابۇر مىرزا كېلىپ بولغۇچە، شەيبانىخاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلساق، ئۇلار بىزگە تېخىمۇ قايىل بولىدۇ. ناۋادا كۆڭۈللىرى بەك خالاپ كەتمىسە، سىلى قارارگاھ قورۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇرسىلا، ياۋغا مەن ھۇجۇم قىلاي.

ئاكىسىغا يەنە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئەھمەدخان ئىلاجسىز بېشىنى ئەگدى:

ــ ئۇنداق بولسا پەرمان بەرسىلە ئاغا. ياۋغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلايلى.

ــ ھەببەللى! ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ھاياجانلىنىپ، ــ ئەھمەد تەنبەلدىن خاتىرجەم بولساقمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىمىزدىن لەشكەر باشلاپ كەلگۈدەك جۈرئىتى يوق. ناۋادا شۇنداق خىيالدا بولسىمۇ بابۇر مىرزا ئۇنى قىمىرلاتمايدۇ. ئاخسى قەلئەسىدىكى شەيخ بايازىد بولسا تېخىمۇ توخۇ يۈرەك بىر نېمە، قورغاننىڭ سىرتىغا چىقىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ.

شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كەت ـ

كەندى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ناغرا ـ دۇمباقلارنى چې-
لىپ بىر ـ بىرىگە ھەيۋە كۆرسەتكەچ سەپ تۈزۈشكە باشلىدى. ھا-
يال ئۆتمەي جەڭ باشلاندى. جەڭ مەيدانى نەچچە تۈمەنلىگەن لەش-
كەرلەرنىڭ قىر ـ چاپ سادالىرىدىن لەرزىگە كەلدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلى سەئىدخان، باباچاقخان ۋە تاھىر
بەگ قاتارلىق ياش سەركەردىلەرنى ھىماتچى قوشۇنغا ئايرىپ ئارقا
سەپنى قوغداشقا بۇيرۇغانىدى، ئەمما، سەئىدخاننىڭ ئارقا سەپتە
قاراپ تۇرغۇسى كەلمىدى ـ دە، ئېتىغا قامچا سالغىنىچە ئالدىنقى
سەپكە قاراپ چاپتى. ئۇنىڭ كاماندازلىق ماھارىتى ئىنتايىن يۇ-
قىرى ئىدى، ئاتقان ئوقى پەقەتلا زايا كەتمەيتتى، ھەربىر تال ئو-
قى بىردىن ياۋ لەشكىرىنى يەر چىشلىتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆ-
لۇم ۋەھىمىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

«بۇ جەڭدە ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىمۇ بولغان بولسا،
ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ياۋغا بىرلىكتە زەربە بەرگەن بولسام، مەر-
گەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويغان بولسام...»

ياۋ لەشكەرلىرىگە توختىماي ئوق ئېتىپ زەربە بېرىۋاتقان
سەئىدخاننىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۇچ نەپەر ياۋ سەركەردىسىنىڭ
قورشاۋىدا قالغان دادىسىغا چۈشتى.

«نامەردلەر، بىرگە بىر كەلمەي...»

ئۇ كامانغا ئوق سېلىپ بىر ياۋ سەركەردىسىنىڭ بوينىنى
بەتلىدى. ئوقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياۋ سەركەر-
دىسى ئاتتىن يىقىلدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوقىمۇ يەنە بىر ياۋ
سەركەردىسىنىڭ بېلىكىگە سانجىلدى. يارىلانغان سەركەردە قىد-
لىچنى ئوينىتىشقا ئامالسىز قالدى. ئىككى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ
قالغان يەنە بىر سەركەردە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ شىددەت بىلەن
چاپقان قىلىچى زەربىسىدە، ئۈزۈلمەي قالغان بېشى مەيدىسىگىچە
ساڭگىلاپ، ئاتتىن موللاقلىدى. ئۇنىڭغىچە ئۇچقاندەك كەلگەن

uyghurkitap.com

سەئىدخان بېلىكى يارىلانغان سەركەردىنىڭ بوينىغا قىلىچ چاپتى.

ئۆزىنى ياۋنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان سەركەردىنىڭ ئوغلى سەئىدخان ئىكەنلىكىنى كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان قايىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— جاسارىتىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم. ئۆزۈڭگىمۇ ئاگاھ بول.

جەڭ شۇ تەرزىدە داۋاملاشماقتا. قۇياش بارا ـ بارا قىيسىيىشقا باشلىغانىدى. كەچكى شەپەق نۇرىدا تۇپراققا سىڭىشكە ئۈلگۈرمىگەن قانلار ئوتقاشتەك جۇلالايتتى. جەڭ مەيدانى ساينىڭ تېشىدەك ياتقان ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەۋاتاتتى. ئۇلار شىددەت بىلەن قىر ـ چاپ قىلىپ ئىلگىرىلەپ ياۋ قارارگاھىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز ياۋ قارارگاھىدىن ناغرا ـ دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. شۇ ھامان قارارگاھنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى تۆپىلىكتىن مىڭلىغان لەشكەرلەر نەرە تارتقىنىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە ھىيلىگەر شەيبانىخان قارارگاھنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆكتۈرمە قويغانىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئەھۋال ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ لەشكەرلىرىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار يا ئىلگىرىلەشنى، يا چېكىنىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، قارارگاھ ئىچىدىنمۇ يامغۇردەك يا ئوقى يېغىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىنمۇ قىر ـ چاپ سادالىرى ئاڭلاندى. ھە ـ ئە، شەيبانىخاننىڭ لەشكەرلىرى تولغىما سەپ تۈزۈشكە ماھىر ئىدى. ھەرىكەتچان بۇ جەڭ سېپىنىڭ شەكلىنى جەڭ قىلغاچ خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولاتتى. ئوتتۇرا قىسمى مۇداپىئەدە تۇرۇپ، باش، قۇيرۇق قىسمى ھۇجۇمغا ئۆتەلەيتتى، قارشى تەرەپنى يۆگەپ مۇھاسىرىگە ئالغىلى بولاتتى. قارىماققا بىر يىلاننىڭ تولغانغان شەكلىگە ئوخشايتتى. شۇ تاپتا ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بۇ تولغىما سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالغانىدى. قورشاۋدا قالغانلىقىنى سەزگەن تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ

بىر دىنلا روھى چۈشۈپ، جاسارىتى سۇسلاشتى. جەڭ قىلىشقا رايى بارماي جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقى تۇرپاندىن ياردەمگە كەلگەن لەشكەرلەرگىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتتى. مۇستەھكەم جەڭ سېپى بىر دىنلا قالايمىقانلاشتى. سۇلتان ئەھمەدخان تۇغچىسى ئارقىلىق لەشكەرلىرىنى جەڭ سېپىنى قايتىدىن تۈزەشكە بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. جان قايغۇسىدا قالغان لەشكەرلەرنىڭ تۇغچىنىڭ بايراق ئىشارىتىگە قاراشقا ھەپىلىسى قالمىغانىدى.

— سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى!

چۆچۈپ كەتكەن سۇلتان ئەھمەدخان نۆكىرى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئون نەچچە ياۋ لەشكىرى سۇلتان مەھمۇدخاننى بارگاھ تەرەپكە سۆرەپ كېتىپ باراتتى.

«ئاغام ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ...»

ئۇ ئاغىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئات سالدى. تېخى يېگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەممۇ ماڭمىغانىدى، ئېتى بىر نەرسىگە پۇتلاشقاندەك بولۇپ گۈلۈپپىدە يىقىلدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئات ئۈستىدىن قاڭقىپ موللاقلاپ چۈشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە بىر توپ ياۋ لەشكىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بېسىۋالدى. ھەئە، ياۋ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىغا سالما تاشلاپ يىقىتقانىدى. بار ئەس ـ يادى ئاكىسىنى قۇتقۇزۇشتا قالغان سۇلتان ئەھمەدخان بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى.

جەڭ كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن شەيبانىخاننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. قانلار تۇپراقنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن، قۇياش بۇ پاجىئەنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن تاغ كەينىگە مۆكۈۋالغانىدى. كەچكى شەپەق ئۆلۈك قاپلىغان بۇ دالىنى قىپقىزىل نۇرى بىلەن ئوتقاشتەك جۇلالاندۇرۇۋەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 121

ئوش بىلەن ئۆزكەنتنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئالغان بابۇرنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ ئاخسىغا بېرىپ، شەيبانىخانغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ياكى ئاۋۋال ئەندىجانغا بېرىپ ئەھمەد تەنبەل بىلەن جەڭ قىلىپ ئەندىجاننىمۇ ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاخسىغا بېرىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قالغانىدى. ئەندىجانغا لەشكەر تارتىش ئارزۇسى بەكرەك كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، ئەندىجاندا ئەشەددىي رەقىبى ئەھمەد تەنبەل بار ئىدى. ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئاخسىغا بېرىشقا كۆڭۈل ئارزۇسى يول قويمايۋاتاتتى.

«شەيباقنىڭ خان تاغىلىرىمدىن ئاۋۋال ئاخسىغا يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھەرقانچە تېز يۈرگەندىمۇ ئۆرەتۆپىدە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار شەيباقنى ئاخسى تەرەپكە ئاسانلىقچە ئۆتكۈزمەيدۇ. شۇڭا ئاخسىغا ئالدىراپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىر ئەھمەد تەنبەل ۋەھىمىدە قالدى. خان تاغىلىرىمنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئەندىجاننى تاشلاپ قېچىشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، ئۆز بېشىنىڭ غېمىدە. ئەندىجان ئاھالىسىمۇ مېنى خالايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەندىجانغا تېگىش قىلمىسام پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمەن. ئەسلىدىمۇ ئاۋۋال ئەندىجانغا تېگىش قىلىپ، ئەھمەد تەنبەلدىن ئۇزۇل ـ كېسىل خالاس بولۇش كېرەك ئىدى، لېكىن، بۇ تەكلىپىمگە تاغام قوشۇلمىدى. ئاخسىغا بېرىش ئۈچۈنمۇ ئەندىجاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈم كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا تېگىش قىلمايمەن؟

ئەندىجانغا تېگىش قىلىپ، ئەھمەد تەنبەلنى يوقاتسام، خان تاغام-
نىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە يەنىلا
تۆھپە كۆرسەتكەن بولىمەن، كىچىك خان تاغام ئالاچەخان ئالىي-
لىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئىززەت ـ ئابرۇيۇم ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئەندىجان ئاتا مىراس تەختىگاھىم، ئۇنى ياتلارنىڭ قولىغا تاشلاپ
قويۇش نومۇس. شۇنداق قىلاي، ئاۋۋال ئەندىجانغا تېگىش قىلاي.
ئەندىجاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاخسىغا بارسامىمۇ
كېچىكمەيمەن. ئەندىجان بىلەن ئاخسىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يې-
رىم كۈنلۈك يول...»

بابۇر بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، قوشۇننى ئىككىگە
ئايرىدى. بىر بۆلەك لەشكەرلەرگە كىچىك خان تاغىسى سۇلتان
ئەھمەدخاننىڭ سەركەردىسى خوجا مۇھەممەد ئەلىنى سەركەردى-
لىككە بەلگىلىدى.

— ئەھمەد تەنبەل بەكمۇ ھىيلىگەر نەرسە، — دېدى ئۇ خو-
جا مۇھەممەد ئەلىگە، — پەمىمچە ئۇ ھازىر ۋەھىمىدە تۇرۇۋاتىدۇ.
بەش مىڭ لەشكەر بىلەن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ بارساق، جەڭگە چىق-
قىلى ئۇنىماي ئەندىجان قورغىنىنى بېكىتىپ يېتىۋېلىشى مۇم-
كىن. قورغاننىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، ھۇجۇم قىلىپ ئالماق
تەس. ناۋادا مۇداپىئەدە تۇرۇۋالسا، جەڭ سوزۇلۇپ كېتىپ خان تا-
غىلىرىمنىڭ يېنىغا بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە يېتىپ بارالماي قالى-
مىز. شۇڭا مەن بىر بۆلەك لەشكەرلەر بىلەن تۇرشاۋۇل بولۇپ
ئالدىن ماڭغاچ تۇراي. سىلى ئارقىمىزدىن كېچىلەپ يېتىپ بار-
سىلا. ئەھمەد تەنبەل لەشكەرلىرىمنىڭ ئازلىقىنى كۆرسە چوقۇم
جەڭگە چىقىدۇ. ئۇنىڭغىچە سىلى يېتىپ كەلسىلە، ئىككى تەرەپ-
تىن قىسماققا ئېلىپ بىراقلا ھۇجۇم قىلىمىز. كېچىدە ئۇقۇش-
ماسلىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇچراشقاندا
ئۇرانلىشايلى. ئۇران «تاشكەنت» بىلەن «سايرام» بولسۇن.

بابۇرنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭ
ئازغىنە لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال

ئەندىجان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىلدۇختەرانىدا بارگاھ تىكىپ ساقلاپ تۇردى.

بابۇر نامازشام بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەھمەد تەنبەلگە قورققاندەك تۇيغۇ بېرىش ئۈچۈن، ئارقىسىغا ئىككى چاقىرىم چېكىنىپ بارگاھ تىكتى. ئەمەلىيەتتە ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان خوجا مۇھەممەد ئەلىنى ساقلاۋاتاتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەھمەد تەنبەلمۇ دەماللىققا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قوشۇن ناغرا ـ دۇمباق چېلىپ بىر ـ بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندى.

ــ قوروقچىلار سەگەك بولسۇن، ــ دېدى بابۇر تۇنقاتار بەگ① كە جېكىلەپ، ــ ھاۋا تۇتۇق تۇرىدۇ، تۈن قاراڭغۇسى بولۇشى مۇمكىن. ياۋنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەبخۇن② ئۇرۇش ئېھتىمالى بار. زىنھار بىخەستەلىككە يول قويۇلمىغاي. لەشكەرگاھقا يېقىنلاشماقچى بولغانلاردىن ئۇران سوراڭلار.

تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. بابۇرنىڭ تۇيۇقسىز شەبخۇن ئۇرۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئەھمەد تەنبەلمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى سەگەك تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى.

راستىنلا بۇ كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ بولدى. قولنى سوزسا بارماقلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا شەپە چىقارماي كېلىۋاتقان خوجا مۇھەممەد ئەلىنىڭ لەشكەرلىرى بابۇرنىڭ بارگاھىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بارگاھ قوروقچىلىرى بىر توپ ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بىردىنلا سەگەكلەشتى ۋە ئۇلاردىن ئۇران سورىدى:

ــ تاشكەنت!

خوجا مۇھەممەد ئەلى ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ قاراۋۇللارغا

① تۇنقاتار بەگ ــ كېچىلىك قاراۋۇللار بېگى.

② شەبخۇن ــ كېچىسى تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇم.

www.uyghurkitap.com

جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:
ـــ تاشكەنت!
قاراۋۇللار كېلىشۋاتقانلارنىڭ ئورنىغا خاتا جاۋاب بەرگەنلىكىد-
نى بىلىپ بىردىنلا جىددىيلەشتى. ئەسلىدە «تاشكەنت» دەپ
سورالسا «سايرام» دەپ، «سايرام» دەپ سورالسا «تاشكەنت» دەپ
جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى. خوجا مۇھەممەد ئەلى ئالدىراشچىد-
لىقتا «سايرام» دېمەي، «تاشكەنت» دەپ خاتا جاۋاب بېرىپ قويغا-
نىدى.
ياۋ لەشكەرلىرى شەبخۇن ئۇرۇشقا كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ
ئويلىغان قاراۋۇللار دەرھال قوللىرىدىكى تەبلۋاز[1]نى چېلىپ
بارگاھقا خەۋەر بەردى.
بابۇرنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىشقانىدى. تەبلۋازنىڭ
ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، قىلىچىنى ئې-
لىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى توقۇپ تەييارلاپ، چېدىر تۈۋىگە
باغلاپ قويغان ئېتىغا مىندى. لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەڭ
كىيىمى بىلەنلا ياتقانىدى.
تەۋىلبازنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ دۇمباقچىلار جەڭ دۇمباقلىد-
رىنى چېلىپ، سۈرەن سېلىشقا باشلىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسە
خوجا مۇھەممەد ئەلىنىمۇ كېچىدە ئادىشىپ، ياۋ بارگاھىغا يې-
قىنلاپ قالغان ئوخشايمىز دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.
ئورنىغا خاتا جاۋاب بېرىپ قويغانلىقى خىيالىغا كەلمەيتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇلارمۇ جەڭگە ھازىرلاندى. ئۇلار ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە
قارىسىغىلا ئوق ئېتىشتى، ئاندىن قىلىچلىششقا باشلىدى. شۇ
دەقىقىدە ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇقۇشماستىن قىرغىنچىلىققا
چۈشكەنىدى. ئۇلار شۇ تەرىزدە بىر ھازا چېپىشقاندىن كېيىن،
ئاندىن ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بۇ
چاغدا خېلى كۆپ لەشكەرلەر جېنىدىن ئايرىلغانىدى.

① تەبلۋاز ـــ بەلگە بېرىدىغان مىس ئەسۋاب.

www.uyghurkitap.com

بابۇرنىڭ بارگاھىدىن ئاڭلانغان قىر ـ چاپ سادالىرى ئەھ ـ مەد تەنبەلنىمۇ ئويغىتىۋەتكەندى.

«شەيبانىخان ئالىيلىرى ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتكەن ئوخشاي ـ دۇ. نېمىگە قاراپ تۇرىمەن. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بابۇرنى كۆزدىن يوقىتاي...»

ئۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى تېزدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇي ـ رۇدى.

بىر مەيدان ئۆزئارا قىرغىندىن كېيىن، ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلەر ئەمدى رەسمىي ياۋغا دۇچ كەلگەندە جاسارىتىنى يوقات ـ قانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن ياۋغا تاقابىل تۇرالماي قېچىشقا باشلىدى.

ــ لەشكەرلەر چېكىنسۇن! ــ دېدى يەنە تىركەشسە تېخىمۇ كۆپ تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بابۇر.

ــ قايسى تەرەپكە چېكىنىمىز ئالىيلىرى؟

تۈزگەن پىلانىنىڭ سۇغا چىلاشقىنىنى ئاز دەپ، ئۆزئارا قىر ـ غىن قىلىپ نۇرغۇن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا جىلى بولغان بابۇر جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ نەگە بولاتتى، ئوشقا!

بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، بابۇر ئاللىقاچان قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ سەركەردىلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن تىركەشتى. قىلىچ ـ لىنىشۋېتىپ ئەھمەد تەنبەلگە روبىرو كېلىپ قالدى. ئىككى رە ـ قىبنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. بىر ـ بىرىگە جەھلى بىلەن قىلىچ چېپىشتى. ئەھمەد تەنبەل چاققانلىق بىلەن پەنت ئىشلىتىپ، بابۇرنىڭ بېشىغا قىلىچ چاپتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بېشىدا پولات دۇبۇلغىسى بار ئىدى. قىلىچ دۇبۇلغىنىڭ بىر پار ـ چىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. بابۇرنىڭ كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئۇنىڭغىچە شىرىمبەگ تاغايى ئۇنى يۆ ـ

لىۋالدى. نۆكەرلىرى ئەھمەد تەنبەلگە تاشلاندى. ئەھمەد تەنبەل ئۆزىگە شەيبانىخاندىن ياردەمچى لەشكەر كەلمىگەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان ۋە بابۇر مىنى جەڭگە چىقىرىش ئۈچۈن، كېچىدە ھىيلە ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قالغاندى. شۇڭا ئۇ ئىشەنچىنى يوقىتىپ لەشكەرلىرىنى دەرھال چېكىندۈردى ۋە شۇ قاچقانچە ئەندىجان شەھىرىگە كىرىۋالدى.

گەرچە بابۇر يارىلانمىغان بولسىمۇ، بېشى توختىماي ئاغرىيتتى. ئۇ ئەھمەد تەنبەل بېشىغا چاپقان قىلىچنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئاشۇ قىلىچتا جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغاندى.

«خان تاغام بەرگەن بەش مىڭ لەشكەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تالاپەتكە ئۇچراپتۇ. ئامان قالغانلىرىنىڭمۇ يېرىمىدىن كۆپرەكى يارىلىنىپتۇ. ئەمدى بۇ ئەھۋالدا تاغىلىرىمنىڭ ئالدىغا قانداق بارارمەن. ئەڭ ياخشىسى ئوشقا قايتاي، بەلكىم ئوشتا لەشكەر تولۇقلىۋالارمەن...»

ئۇ ئەنە شۇ خىيال بىلەن ئوشقا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

تاشكەنت شەھىرىنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. سودىگەرلەر، دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى تاقىغان، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئىش توختاتقان، ھەتتا چاربازارچى، ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلارمۇ ئاللىقاياقلارغىمدۇر غايىب بولۇشقان، ئاشپۇزۇل خوجايىنلىرى، ناۋاي، قاسساپ، باققال، دوغاپچىلارمۇ تىجارەتلىرىنى توختىتىشقانىدى. كوچا ـ رەستىلەردە ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاللىقانداق بىر ھاجەت بىلەن كوچىغا چىققانلارمۇ ۋەھىمە، تەشۋىش ئىلكىدە ئىككى يېنىغا قاراپ، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، تام تۈۋى، دالدىلار

uyghurkitap.com

بىلەن مېڭىپ مەنزىلگە بىرىشقا ئالدىرايتتى. ھەئە، شەھەر ئاھا-لىسى ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، قاراڭغۇ قازناقلا-رىغا بېكىنىۋېلىشقانىدى. پەقەت شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى چارلاۋات-قان شەيبانىخاننىڭ غالىب لەشكەرلىرى ئاتلىرىدا گىدىيىپ ئول-تۇرۇشقىنىچە، قايسى قورۇ ـ جاينىڭ ئىچىدە جىقراق مال ـ دۇنيانىڭ بارلىقىنى دىتلاۋاتقاندەك ئەتراپقا ئالا قويماي قاراپ تىن-مىسقىلايتتى. شەيبانىخان شەھەر ئاھالىسىنى بۇلاپ ـ تالىماس-لىققا قاتتىق پەرمان چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئىگىسىنىڭ باي ـ زەردارلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جايلارغا باستۇرۇپ كىرىشتىن ئۆزلىرىنى ئاران بېسىپ تۇرۇشاتتى.

ھەئە، دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە شەيبانىخانغا قار-شىلىقسىزلا تاشكەنت شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن-دى. شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە ئۇلار-نىڭ ئەسىرگە چۈشكەن بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قاتتىق نەزەربەند قىلىنغانىدى.

شەيبانىخان تاشكەنتكە كىرگەن ئۈچ كۈندىن بېرى سەركەر-دە ـ لەشكەرلىرىنى شەھەر ئاھالىسىگە ۋەھىمە سالماسلىق ھەق-قىدە قاتتىق پەرمان بېرىپ، بەش ۋاق نامىزىنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئادا قىلغاندىن سىرت، باشقا ۋاقىتلاردا خالىسا ئۇخلاپ، خالىسا ئېسىل غىزالارنى يەپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئەسىرگە چۈشكەن ئاكا ـ ئۇكا خانلار بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى. تۇرقىدىن ئۇلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

ـــ مەلۇم بولغاي!

ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان، ئوغلى تۆمۈر سۇلتان ۋە كۈيئوغ-لى جانىبېكخانلار بىلەن چۈشلۈك غىزا يەۋاتقان شەيبانىخان پە-گاھتا قول باغلاپ تۇرغان ھۆدەيچى بەگكە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ

قويۇپ، قولىدىكى چالا غاجىلىغان قىرغاۋۇل پاچىقىنى داستىخان-
غا قويدى.

— خوش.

— ئاخسىدىكى شەيخ بايازىددىن چاپارمەن كەلدى.

ئەرزىمەس بىر بەگنىڭ چاپارمىنىنى قوبۇل قىلىشنى خالى-
مىغان شەيبانىخان ئېرىنچەكلىك بىلەن سورىدى:

— مۇددىئاسى نېمىكەن؟

— چاپارمەننىڭ دېيىشىچە، ئاخسىدىكى جەڭ مەيدانىنى تا-
زىلاۋاتقان لەشكەرلىرى ئالاچەخاننىڭ خانزادىسى سەئىدخاننى
قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

بۇ خەۋەر شەيبانىخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى:

— ئول خانزادىنى قانداق تۇتۇۋاپتۇ؟

— جەڭدە ئول خانزادىنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان
چېغى. ئۆلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلار بىر ئازگالدا پاناھلى-
نىپ يېتىۋالغان يېرىدىن بايقاپتۇ.

— ھازىر نەدىكەن؟

— قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن
دەرگاھلىرىغا ئەۋەتىپتۇ.

— شەيخ بايازىدنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن بىر ياقىلىق زەرباب
تون ئەۋەتىپ بېرىلگەي، — دېدى شەيبانىخان مەمنۇن بولغان
ھالدا، — جەرراھلار ئالاچەخاننىڭ ئول خانزادىسىنىڭ جاراھىتى-
نى ياخشى ئەملەپ ئايرىم كۈتكەي. ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتۈرمى-
سۇن.

ئۇ پەرمان بېرىپ بولۇپ، قىرغاۋۇل پاچىقىنى يەنە غاجىلاش-
قا باشلىدى.

— جانابى خان ئاتام ئول ئاغا ـ ئىنى خانلارنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىشنى ئويلاشتىكىن؟ — ئېھتىيات بىلەن سورىدى تۆ-
مۈر سۇلتان.

www.uyghurkitap.com

شەيبانىخان ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنىسى، ئوغلى ۋە كۈيئوغلى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالغانىدى.

— سىلەرچە ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟

ئولتۇرغانلار دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— مېنىڭچە كاللىسىنى ئالايلى، — دېدى تۆمۈر سۇلتان دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بۇ ئارقىلىق جانابى خان ئاتامغا سەركەشلىك قىلىشقا نىيەت قىلغان ئەتراپىمىزدىكى خان ـ سۇلتانلارغا ئىبرەت قىلايلى. ئۇل ئاغا ـ ئىنى خانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن تەختىگاھلىرىغا ئىتائەت گەردىنىنى سۇنىدۇ.

شەيبانىخان ئوغلىنىڭ چىرايىغا راسا بىر قارىۋېلىپ، يەنە قولىدىكى ئۈستىخاننى غاجىلاشقا باشلىدى. ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى. ئۇنىڭ ئىنكاس بىلدۈرمىگىنىنى كۆرۈپ ئىنىسى بىلەن كۈيئوغلى لام ـ جىم دېمىدى.

— مەن سىلەرگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى شەيبانىخان بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — قايسى بىر شەھەردە بىر مەنسەپداردىن گۇناھ سادىر بولغانىكەن. شەھەر ھاكىمى ئۇل مەنسەپدارنى جازالاش ئۈچۈن، بىرمۇنچە پۇل جەرىمانە قويۇپتۇ. ئەمما ئۇل مەنسەپدارنىڭ بىساتىدا جەرىمانىنى تۆلىگۈدەك مال ـ مۈلۈك، پۇل ـ پۇچەك يوق ئىكەن. شۇڭا ھاكىم ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ جازالاپتۇ. نەق مەيداندا بەكمۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك ھەم زەردار بىر خوجا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھېلىقى مەنسەپدارغا ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قويۇلغان جەرىمانىنى تۆلەپ بېرىپ، ئازابتىن خالاس قىلىپتۇ. ئاندىن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ كۆپ مېھرىبانلىقلار بىلەن مېھمان قىلىپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى مەنسەپدار ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانىكەن، خوجا تاسادىپىي پۇر-

سەتتە ئۇل ئاتا ـ بالىنىڭ سۆھبىتىنى دالدىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قاپ ـ
تۇ. ئوغلى ئاتىسىدىن: «ئى ئاتا، خوجا ھەزرەتلىرى بىزگە كۆپ
ياخشىلىق قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىق، مېھرىبانلىقىنى
قانداق قايتۇرۇپ بولارمىز؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى مەنسەپدار
ئوغلىغا جاۋاب بېرىپتۇكى: «ئىلگىرىكى مەنسىپىم ئەسلىگە كەل ـ
سە بۇنىڭ چارىسى ئاسان»، ئوغلى يەنە سوراپتۇ: «بۇنچىۋالا زور
ياخشىلىقنى قايتۇرۇش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن؟». مەنسەپدار ئوغ ـ
لىغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئىلگىرىكى مەنسىپىم قولۇمغا
كەلسە، ئۇل خوجىغا بىر گۇناھ ئارتىپ، ناھايىتى كۆپ مال ـ
دۇنيا جەرىمانە قويىمەن. بۇ جەرىمانىنى تۆلەشكە خوجىنىڭ مال ـ
بىساتى يېتىشمەي قالىدۇ. شۇ چاغدا بىر رەھىمسىز نۆكەرنى ئە ـ
ۋەتىپ، خوجىنى چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئازابلاي ـ
مەن. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىلاجسىز ماڭا بار ـ يوقىنىڭ ھەممى ـ
سىنى بېرىدۇ. كەم قالغان جەرىمانىنى خوجىنىڭ ماڭا قىلغان
ياخشىلىقىنىڭ يۈزىنى قىلغان بولۇپ كەچۈرۈم قىلىۋېتىمەن.
شۇنىڭ بىلەن خوجا مەندىن چەكسىز مىننەتدار بولىدۇ ۋە ماڭا
قىلغان بۇ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغىنىمدىن خۇشال بولىدۇ».
بۇ ھېكايەتنى ئېيتىپ بېرىشمدىكى مۇددىئا شۇلكى، ـــ دېدى
شەيبانىخان چىرايىغا ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ـــ
ئىلگىرىكى ھاكىم تەرىپىدىن جازالانغان ھېلىقى مەنسەپدارغا
ئوخشايتتىم. سۇلتان مەھمۇدخان بولسا دەل ھېلىقى شەپقەتلىك
خوجا ئىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ ئاشۇ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرىدى ـ
غان پۇرسەت كەلدى، ئەمدىلىكتە ئۇنى ئۆلتۈرسەم ئەل ـ يۇرتقا
نامەرد دېگەن يامان ئاتىقىم تارقايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى
ھېلىقى مەنسەپدارنىڭ تەدبىرى بويىچە قايتۇرماقچىمەن.

ـــ يەنىلا خان ئاغام دانادۇر، ـــ دېدى ئىنىسى مەھمۇد سۇل ـ
تان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ـــ ئۇل چاغدا ئەل ـ يۇرت سى ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

لىنى كەڭ قورساق، مېھرىبان، شەپقەتلىك دەپ ماختىشىدۇ. ئې-سىل پەزىلەتلىرى يۇرت ـ يۇرتقا تارايدۇ.

— ئۆرەتۆپىدىن خەۋەر بارمۇ؟

شەيبانىخان ئىنىسىنىڭ ماختاشلىرىغا ئېرەن قىلماي، چالا ھەجىيىپ ئولتۇرغان كۈيۈئوغلى جانىبېك سۇلتاندىن سورىدى.

— خەۋەر بار، — دېدى جانىبېك سۇلتان، — پاسىبانلىرى-نىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار بىز بىلەن سۇلھى تۈزۈشكە ھازىرلىنىۋاتقانىكەن. ئالىي-لىرىنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سۇلھى تۈزگۈ-دەك يۇرسەتنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. سەييىد مۇھەممەد مىرزا سالام بېرىش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتۇ. كەچكىچە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىر-زىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرىگەن شەيبانىخان ئۆرە-تۆپىگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلار قارشىلىق كۆر-سەتسە، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننى ئۆلتۈ-رۈۋېتىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئالدىغا چىرايلىقچە سالامغا كەلسە، ئىشلارنى چىرايلىقچە ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازغا-نىدى.

— مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان كەلمەي قويۇپتۇ ـ دە، — دېدى شەيبانىخان ئەپسۇسلانغان ھالدا، — بوپتۇ، ئىنىسى بولسى-مۇ كەپتۇ. ئول سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى بوش چاغلىغىلى بول-مايدۇ. تاشكەنتكە كەلسە ياخشى مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋېلىڭلار.

— ئايرىم سولامدۇق؟

— ياق. ئول ئاغا ـ ئىنى خانلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار. پا-سىبانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قويسۇن. ئايغاقچىلار بابۇرنىڭ دېرىكىنى ئالالاپتىمۇ؟

ــ تېخىچە خەۋەر يوق، ــ دېدى جانىبېك سۇلتان، ــ ئەندىجاندا ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلگەندىن كېيىن، ئوش تەرەپكە كەتكەنمىش. بىراق، بېرىپ بولغۇچە ئوشقا قالدۇرۇپ قويغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئاھالىنى بۇلاپ ـ تالىغاچقا، ئوش ئاھالىسى قوزغىلىپ ئۇلارنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوشتىمۇ تۇرالماي بەراكۇھ تاغلىرىغا قېچىپ كېتىپتۇ. دېرىكىنى ئېلىشقا يەنە چاپارمەن ماڭغۇزدۇم.

شەيبانىخان ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۇرمىدى. ئەمما، بابۇرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ قالغانىدى. قۇچىقى كەڭرى، ئوۋ نېمەتلىرى مول بەراكۇھ تاغلىرىدىن بىر قاچقۇننى ئىزدەپ تېپىشنىڭ تەسلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

※ ※ ※

ئەسىرگە چۈشكەندىن بېرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ، غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالغان سۇلتان مەھمۇدخان خۇددى شىلىۋالغاندەكلا ياداپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇ، زەي ئىچكىرى قازناقنىڭ تۆگىلۈكىدىن كۇنبويى كۆز ئۈزمەيتتى. تىرىققىدە قىلغان شەپىدىنمۇ چۆچۈيتتى. تاماق كۆتۈرۈپ كىرگەن خىزمەتكارلارغىمۇ ھېجىيىپ خۇشامەت قىلاتتى. «شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر. مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويغايلا» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ھەر ۋاقىلىق نامىزىدا بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن دۇئا قىلاتتى. تەگرىدىن شەيبانىخاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب ـ تەۋپىق تىلەيتتى. ئاكىسىنىڭ بۇقەدەر قورقۇنچاقلىقىنى، ئاددىي خىزمەتكارلارغا قىلىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

قۇللارچە خۇشامەتتىنى كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. ئەمما، ئاكىسىغا چىش يېرىپ بىر ئېغىز نەسىھەت قىلمايتتى، تەسەللىمۇ بەرمەيتتى. نومۇس، خورلۇق، ئەركسىزلىك يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، قىيناپ ئارام بەرمەيتتى. كۈنبويى قاپىقىنى تۈرۈپ، ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى. ھەئە، تېخىچىلا ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى ھەققىدە خەۋەر ئالالمىغان ئوغلى سەئىدخاندىن ۋايىم يەيتتى. ئاللاھتىن ئوغلىغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيتتى.

بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن، شەيبانىخاننىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخان باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.

— شەيبانىخان ئالىيلىرى بىزگە چوقۇم رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ دېمىگەنمىدىم، — دېدى ئۇ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىگە قاراپ، — ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولسا، دەرگاھىغا چىللاپ يۈرمەيتتى. بۇ ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتى. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان. مېنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن بۇخارا، سەمەرقەنتلەرنى بويسۇندۇرغان...

— بولدى قىلسىلا خان ئالىيلىرى، — سەييىد مۇھەممەد مىرزا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي زەردە قىلدى، — شۇنىمۇ ئەسلىرىدە تۇتسىلا، ئول شەيبانىخان ئاشۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا سىلىنىمۇ ئەسىرگە ئالدى، تاجۇتەخت، سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالدى. سىلى ھازىرمۇ ھەم بىزنىڭ پاسىبانىمىز. خانلىق ھۆرمەتلىرىنى ساقلىغايلا.

سۇلتان مەھمۇدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا يەرنىڭ تېگىدىن ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— قېنى جانابلار، شەپقەتلىك خانىمىز، قۇدرەتلىك ئىسكەندەر سانى شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا مەرھەمەت قى-

لىشىسىلا.

ئىشىك تۆۋىدە پەيدا بولغان جانىبېك سۇلتان ئۇلارغا قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كىردى. تەلەپپۇزىدىن قىلچىلىك ھۆرمەت، تەۋازۇ يوق ئىدى. كۆزلىرىدىن كۈچلۈك مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقتى. سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ شەيبانىخانىنىڭ ئالدىغا بارغۇسى، بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان خۇشامىتىنى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىچارە تۇرقىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى. ناۋادا جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان بولسا، بېشىنى تىك تۇتۇپ باراتتى. ئۇ جانىبېك سۇلتانىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، تىرەجەپ تۇرۇۋالسا مەجبۇرىي ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئىلاجسىز ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا سەييىد مۇھەممەد مىرزا، سۇلتان مۇھەممەد خانىكە، نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس ۋە باشقا سەركەردىلەر ئەگەشتى.

شەيبانىخان ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ئوردىسىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزى ئولتۇرغان تەختتە شەيبانىخانىنىڭ سۈر ـ ھەيۋە بىلەن كىردىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ يۈرىكى چايان چاققاندەك ۋىژژىدە ئېچىشتى. غەزەپتىنمۇ، خورلۇقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. بىراق يەنىلا ئۆلۈم ۋەھىمىسى، جېنىنى ساقلاپ قېلىش تەمەسى غالىب كەلدى ـ دە، پايپاسلاپ كەلگىنىچە تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى:

— مۆھتەرەم سۇلتان شەيبانىخان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي!

شەيبانىخان غالىبلارچە قىياپەت بىلەن سۇلتان مەھمۇدخانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، شاھنىشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىچە

www.uyghurkitap.com

ئۆرە تۇرغان سۇلتان ئەھمەدخان، سەييىد مۇھەممەد مىرزىلارغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. كۆڭلىدە ئۇلارمۇ سۇلتان مەھمۇدخاننى دوراپ يۇكۈنىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يا يۇكۈنمەي، يا قول باغلىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بىچارە تۇرقىدىن بىرئاز تەسەللىي تېپىپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا ئالىيلىرى، — دېدى شەيبانىخان «ئالىيلىرى» دېگەن سۆزنى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا قىلىپ، — شول تاپتا بول دەرگاھتا ئىككىمىزنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ قىلىشى پۇتۇنلەي تەڭرىنىڭ ئىرادىسى. نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا سىلىگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. ناۋادا ئەينى ۋاقىتتا ياردەملىرىگە ئېرىشەلمىگەن بولسام بۇ تەخت ـ سەلتەنەت ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ. ھەرقانچە ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ كەتسەممۇ، سىلىنىڭ قىلغان ئول ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرۇش مەجبۇرىيىتىم باردۇر.

— ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا كۇرسى قويۇپ بېرىڭلار.

سارايبېگى بىر ياغاچ كۇرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تەختنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەردى.

— قېنى جاي ئالسىلا، — دېدى شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ.

ياغاچ كۇرسى بەكمۇ كونا ئىدى. ئۇنى شەيبانىخان مەخسۇس سۇلتان مەھمۇدخاننى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن نەدىندۇر تاپتۇرۇپ كەلگەندەك قىلاتتى. ياغاچ كۇرسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بەستلىك گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي نالىلىك غىچىرلاپ كەتتى. شۇ ھامان

ئىككى تەرەپتە غادىيىپ ئولتۇرۇشقان شەيبانىخاننىڭ سەركەردى ـ
لىرى پىخىلداپ مەسخىرىلىك كۈلۈشتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ
ئولتۇرغان بۇ ئورنى شاھنىشىنىنىڭ يا تۆرىگە، يا پەگاھ تەرىپىگە
توغرا كەلمەيتتى. ئوڭ ـ سول تەرەپتە ئولتۇرغان ئەمىر ـ سەر ـ
كەردىلەرنىڭ ئورنىغىمۇ تەۋە ئەمەس ئىدى. خۇددى سوراق قوبۇل
قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىدىن پەرقلەنمەيتتى.
ھەئە، شەيبانىخان ئولتۇرغان ئالتۇن تەخت بىلەن سۇلتان مەھ ـ
مۇدخان ئولتۇرغان ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بۇ ياغاچ كۇرسى رو ـ
شەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. ئاكىسىنىڭ بۇقەدەر ھاقارەت ـ
لىك مەسخىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئەھ ـ
مەدخان غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، شاھ ـ
نىشىنىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان بىر توپ
جاللاتلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن قولىنى مەھكەم تۇتقىنىچە سوغۇق
تەرلەپ تۇرغان ئوغلى باباچاقخان ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىپ قويدى.
شۇنداق، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئاتا ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا
خورلىنىشىنى، ھاقارەتلىنىشىنى ياكى ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغ ـ
لىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى خالىمايدۇ. شۇ تاپتا غەزىپىنى باسالمىسا
شەيبانىخان بۇ ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ خالىغان بىرىنى قىلىشى
مۇمكىن ئىدى. شۇڭا غەزىپىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئوغلىنىڭ قو ـ
لىنى مەھكەم قىستى.

ــ گەپنى ئۇزارتمايلى، ــ دېدى شەيبانىخان ئاردىكى ئې ـ
غىر سۈكۈتنى بۇزۇپ، ــ جانابى ئاغا ـ ئىنى سۇلتانلارنىڭ سە ـ
مىگە ئاۋۋال شۇنى سېلىپ قويايكى، كۆڭلۈڭلارنى توق تۇتۇڭلار.
سىلەرنى زىنھار ئۆلتۈرۈش خىيالىم يوق. لېكىن، ھەرقانداق مې ـ
ھىر ـ شەپقەتنىڭمۇ ئاز ـ تولا مۇددىئاسى بولىدۇ. تا مۇشۇ كەم ـ
گىچە خانلار نەسلىدىن بىرەر مەلىكىگە نىكاھلىنىشنى ئارزۇ قى ـ
لىپ كەلگەنىدىم، سەمەرقەنتنى ئالغىنىمدا، بابۇر مىرزا مۇرادىم ـ

نى ھاسىل قىلىپ، ئىنگچىسى خانزادە خېنىمنى نىكاھىمغا بەردى. دېمەك، ئەمىر تۆمۈر نەسلىگە ئۆيلىنىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىغىمۇ ئۆيلەنگۈم بار. ئەمەلىيەتتە بۇ نىكاھ بىزنى تۇغقاندارچىلىققا باشلايدۇ. ئۇرۇق ــ تۇغقان بولۇپ ئۆتسەك، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز دۈشمەنلىكنى تاشلاپ، ئۆم، ئىتتىپاق ياشايدۇ. شۇڭا سىلەردىن ئۆزۈمگە، ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانغا ۋە كۈيئوغلۇم جانىبېك سۇلتانغا ئۈچ خاتۇننى سورايمەن.

— ئادالەتپاناھ خان ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەتنى كۆتۈرۈۋېتىپ، دۈشمەنلىكنى نىكاھ يولى بىلەن تۇغقاندارچىلىققا ئالماشتۇرماق بولغانلىقى بىز ئۈچۈن كاتتا شەرەپتۇر، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئالىيلىرى شۇنچىلىك شەپقەت قولىنى سۇنغان يەردە ھېلىقى ئۈچ خاتۇنكەن، ئوتتۇز خاتۇن سورىسىلىمۇ قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ئاكىسىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ سۇلتان ئەھمەدخان نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

— سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئەزەلدىن مەرھەمەتلىكتۇر، — دېدى شەيبانىخان مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەمىسە سىلى شۇنداق دەپ رازىلىق بەرگەندىكىن، مەنمۇ كۆڭلۈمگە پۈككىنىمنى دەۋېرەي. ئالىيلىرىنىڭ كىچىك سىڭلىسى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنى ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانغا نىكاھلاپ قويايلى. جاھاندا ياتلارنى تۇغقان قىلىش ئۈچۈن قۇدا بولۇشتىنمۇ ياخشى يول يوقتۇر. ئەمدى ئۆزۈم بىلەن جانىبېك سۇلتانغا كەلسەك، جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ ھەرەمدە بىر ــ بىرىدىن گۈزەل، ئاي مەسەللىك خانىش ــ بانۇلار كۆپتۇر. ناۋادا ئالىيلىرىغا ماقۇل كەلسە، ئاشۇلاردىن خانىش ئايشە سۇلتان خېنىم بىلەن خانىش قۇتىنىگار خېنىمنى تالاق قىلغان بولسىلا، ئۇلارنى بىردىن نىكاھىمىزغا

ئالغان بولساق، ھەم بۇنى ئالىيلىرىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن چەك-سىز ھىممىتى دەپ بىلسەك.

«ھايۋان! مۇناپىق! بۇنداق خورلىغىچە ئۆلتۈرۈپلىۋەتسەڭ بولماسمىدى؟!...»

شەيبانىخاننىڭ تەپ تارتماي ئاكىسىنىڭ خانىشلىرىنى خو-تۇنلۇققا سورىشى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگكە-نىدى. غەزەپتىن دىر ـ دىر تىترىدى، كۆزلىرى قانغا تولدى.

ــ قۇدرەتلىك خان ئالىيلىرىنىڭ تەلىپى ئىجابەت بول-غاي، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئىگىرىغاندەك بىر ئاۋازدا، ــ ھازىردىن باشلاپ خانىش ئايشە سۇلتان خېنىم بىلەن خانىش قۇت-نىگار خېنىم ئۈچ تالاق.

«ئاھ تەڭرىم، يەنە قانداق خورلۇقلارغا گۇۋاھ قىلارسەن؟!...»

ئاكىسىنىڭ بۇ شەرمەندىلەرچە جاۋابىنى ئاڭلاپ، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ ھەممىسى مېڭىسىگە ئۆرلە-دى. ئەمدى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى پۇتۇنلەي تولغانىدى. گەپ قىل-ماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا مېڭىسىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ـ دە، سەن-تۈرۈلۈپ يىقىلدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەر دەرھال ئۇنى يۆلەشكە تۇتۇندى. بۇ خورلۇق، ھاقارەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن سۇلتان ئەھمەدخان غەزەپتىن بوغۇلۇپ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

شەيبانىخان بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا، ئۆزىگە ھاماقەت-لەرچە قاراپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا تەشەككۇر بىلدۈردى:

ــ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى ھەقىقەتەن دەريادەك كەڭرى ئىكەن، كۆللى ئىنسان قېرىنداشتۇر، دەيدىغان گەپ بار. بىزلەرگە دۈشمەنلىشىش نە ھاجەت. بىردەمدىلا تۇغقان بولۇپ قالدۇق مانا. شول تاپتا كىممۇ بىزنى رەقىبلەر دەپ پىتىنە قىلا-

www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

لىسۇن. خالىسىلا بىرنەچچە كۈن تۇرسىلا، مېھماندارچىلىق قىلـ-
لىشايلى. سىلىگە ساھىبخانىلىق قىلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن بىر
پىيالە چاي تۇتۇۋالاي.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۈر، ــ دېدى بېشىنىڭ
ئامان قالغىنىغا خوش بولغان سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخانىنىڭ
قېشىدىن تېزرەك كېتىشكە ئالدىراپ، ــ كۆڭۈللىرىگە كەلمىسە
مېھماندارچىلىقتىن ئۆزرە سورايمەن.

ــ ئۇنداق بولسا مەنمۇ تۇتۇۋالماي، ھەرقاچان سىلىمۇ ئاتا
مىراس زېمىنلىرىنى سېغىندىلا. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەسەررۇپقا
مېھمان تەرىقىسىدە كەلسىلە، ھەرقاچان قولۇم كۆكسۇمدە. شەرت
شۇكى، يالغۇز كەلسىلە. ھە راست، ئىنىلىرى ئالاچەخانىنىڭ
خانزادىسى سەئىدخاننى ئاخسى ئەمىرى شەيخ بايازىد جەڭ مەيدانـ-
دىن جاراھەتلەنگەن ھالەتتە تېپىۋېلىپ دەرگاھىمغا ئەۋەتىپتۇ.
ھازىر جەرراھلار ئەملەۋاتىدۇ. ئۇل خانزادىنىڭ ئاخسىدىكى جەڭدە
كۆرسەتكەن باھادىرلىقىنى كۆرۈپ، بەكلا قايىل بولۇپ قالغانـ-
دىم. شۇڭا ئۇنى تەربىيەمگە ئېلىپ، بىرنەچچە ۋاق يېنىمدا تۇر-
غۇزماقچىمەن.

ــ شۇنداق قىلسىلا. ئۇمۇ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش، ــ دېدى
سۇلتان مەھمۇدخان خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن، ــ يانلىرىدا تۇرسا
پەزىلەت ئۆگىنىدۇ، باھادىرلىقلىرى ئۇدۇم بولىدۇ.

شەيبانىخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۇرپانغا قايتقاندىن كېـ-
يىن قايتا لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سەئىدخاننى
تۇرغاق قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان بېشىنىڭ ئامان قالغىـ-
نىغا شۈكۈر قىلىپ، ھوشسىز ياتقان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخانـ-
نى مەپىگە سېلىپ تاشكەنتتىن چىقىپ كەتتى.

# 122

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى شەپقەتسىزلىك بىلەن نەشتەر سانجىيتتى. بابۇر ئوت ـ چۆپلىرى قۇرۇپ، گۈزەللىكىنى يوقاتقان ئىلەك يايلىقىدا قەلبىدىكى ئازاب، ھەسرەت، قايغۇ، تەشۋىشلىرىگە قىلچىلىك تەسەللى تاپالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىچىمۇ مۇشۇ يايلاقتەك قۇپقۇرۇق ئىدى. ئاچچىق شامال ھۇشقىتىپ تۇرغان دالىدا ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ يالغۇز ئايلىناتتى. گاھ ئۈمىد، گاھ ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان تۇيغۇلار يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپ ئارام بەرمەيتتى. يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن مۇڭ ـ ھەسرەت تۆكۈلەتتى. توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. نۆكەرلىرى ئوۋلاپ كەلگەن ياۋا توشقان، كېيىك، جەرەنلەرنىڭ كاۋاپلىرى ئاغزىغا تېتىمايتتى. ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ چېدىرىغا ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ كىرەتتى. گەرچە ئانىسى قاقشىمىغان، دەرد تۆكمىگەن بولسىمۇ، بۇ ۋەيرانچىلىق، سەرگەردانلىقنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزىدەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە، غەمكىن چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ھەئە، ئەندىجاندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئوشتا تۇرۇشقىمۇ ئامال بولماي، بەراكۇھ تاغلىرىغا قېچىپ كەلگەن بابۇر ئايغاقچىلىرى يەتكۈزگەن بىر ـ بىرىدىن دەھشەتلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئىككى تاغىسىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشى، شەيبانىخاننىڭ ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، خوتۇنلىرىنى مەجبۇرىي تالاق قىلدۇرۇپ، كۆز ئالدىدىلا نىكاھىغا ئېلىۋېلىشى، سۆيۈملۈك مومىسى ئىسان

uyghurkitap.com

دۆلەت خىنىمنىڭ قازا قىلىشى...ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلگەندى. ئاخىسىدا نەزەربەند قىلىنغان ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ شەيخ بايازىدنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ كېلىشى ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تەسەللى بولدى. گەرچە بۇ ۋەيرانچىلىق، سەرسانلىقنىڭ تۈنجى سەۋەبچىسى ئاشۇ ئەقىلسىز، ۋاپاسىز ئىنىسى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كۆرۈشتى. قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە سېلىپ خىجىل قىلمىدى.

«خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. ھەرنە بولسا ئانامنى يېنىمدىن ئايرىمىغانىكەنمەن. بولمىسا شەيباقنىڭ تاغىلىرىمغا قىلغان ھاقارەتلىرىگە ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بۈزرۈك موماملار ئىسان دۆلەت خىنىممۇ دەرد ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئىگىچەم خانزادە خىنىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟ ئايغاقچىلارنىڭ دېيىشىچە بويىدا بارمىش. بەلكىم قورسىقىدىكى بالىسىغا تارتىشىپ، ئۇل شەيباقنىڭ ھەرىمىدە ئازاب تارتىشقا رازى بولغاندۇر. ھەرقانداق بىر ئانا پەرزەنتىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئىگىچەممۇ شۇنداق، ئۇ مېنى دەپ ئاشۇ ئازابنى، خورلۇقلارنى تارتىشقا رازى بولغاندى. ئەمدى قورسىقىدىكى بالىسى ئۈچۈن ياشايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئىنىم جاھانگىر مىرزىنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلگىنى ياخشى بولدى. گەرچە قولىمىزدا نە سەلتەنەت، نە زېمىنىمىز بولمىسىمۇ، ئاشۇ شور پېشانە ئىگىچەمدىن باشقا قېرىنداشلار بىللە تۇرۇپتىمىز. شەپقەتلىك ئالLAھنىڭ بۇ ئىنايىتىگىمۇ شۈكۈر...»

ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىۋالغان بابۇر ھىسار تەرەپكە ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلايتتى. چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يەتكۈسىز ئېلەك يايلىقى تىپتىنچ بولۇپ، نە ئاتلىق، نە پىيادە بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

«... خۇسرەۋ شاھنىڭ نامەردلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، زىيادە ئۈمىد باغلاپ كەتتىممۇ نېمە؟ قاسىمبەگ قاۋچىن مېنى ھىسار تەرەپكە كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتىشىدە نېمىنى كۆزدە تۇتقان بول-

غىيدى؟ ئۇ خۇسرەۋ شاھتىن ئېنىق جاۋاب ئالماي تۇرۇپلا ماڭا خەۋەر بەرمىگەندۇ ھەقىچان؟ خۇسرەۋ شاھ ئىشەنچلىك ئادەم ئەمەس. گەرچە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىن ئىككى نۆۋەت ئۆتكەن بولسامۇ، باشقىلارغا قىلغان ئادەمگەرچىلىكىنى ماڭا قىلمىدى. ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ نىيىتى قانداقراقكىن؟ قاسىمبەگ قاۋچىن پۇختا، تەدبىرلىك ئادەم. بىرەر ئاساسى بولمىسا، ھىسار تەۋەسىگە كېلىشىمنى تەلەپ قىلمايتتى. مەيلى، يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلاي. ياخشى خەۋەر كېلىپ قالار...»

ئۇ دۆڭدىن چۈشۈپ چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەندىجاندىكى جەڭدە بار بىساتىدىن تامامەن ئايرىلغانىدى، نۆكەرلىرى ئۇنىڭ شاھانە چېدىرىنىلا ساقلاپ قالغانىدى. ھازىر ئاشۇ چېدىردا ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم تۇرۇۋاتاتتى. نۆكەرلەر ئۇنىڭغا ئالچۇق[1] ياساپ بەرگەنىدى.

«تەقدىر ـ قىسمەت دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. ھەشەمەتلىك ئوردىلاردا، كاتتا قەسىرلەردىمۇ ياشاپتىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەيرانە بىر ئالچۇقنىڭ پاناھگاھىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلىمىغانىكەنمەن. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. باشتا بەرگەن ئىگىسى كېيىنمۇ بېرەر...»

ئالچۇققا كىرگەن بابۇر ئەنە شۇلارنى خىيال قىلغاچ، يۇمشاق تۆشەككە يانپاشلىدى.

— ئانىلىرىغا مەلۇم قىل، كۆرۈشىمەن!

بابۇر شىرىم تاغايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ لىككىدە بېشىنى كۆتەردى:

— تاغا كىرىۋەرسىلە.

شىرىم تاغايى كىرىپ سالام بەردى.

— يۇقىرى ئۆتسىلە تاغا.

شىرىم تاغايى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگىنىچە بابۇرنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇردى. گەرچە كوت ـ كوت، چېقىمچى

① ئالچۇق ـــ كەپە.

بولسىمۇ، يېنىدىن ئايرىلماي خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئانا جەمەت شىرەم تۇغقىنىنى بابۇر خېلىلا ھۆرمەتلەيتتى. ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئارىسىدا يېشى ئەڭ چوڭ كىشىمۇ مۇشۇ ئىدى. بابۇر ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىغا، جۇدەڭگۈ چىرايىغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ــ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى دېرەكلىگىلى كەتكەن ئايغاقچى قايتىپ كەلدى ئالىيلىرى.

ــ كۆرەگان جانابلىرى ھازىر نەدىكەن؟

ــ قارا تىگىن تەرەپتىكى تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپتۇ، ــ دېدى شىرىم تاغايى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ ئىلگىدە شۇنچە كۆپ نۆكىرى تۇرۇپمۇ، شەيبانىخان بىلەن روبىرو كېلىشكە پېتىنالـ ـمىغان چېغى، ياكى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ئارقىسىـ ـدىن بارماپتۇ. خېلى باھادىرلاردىن دەپ ھېسابلايتتىم. ئەسلىدە بىر توخۇ يۈرەك ئادەم ئوخشايدۇ...

شىرىم تاغايى ئادەتتە ھەرقانداق بىر ئادەمنى يامانلاپ، قىلـ ـغان ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ تۇرۇپ گېپىنى قىلاتتى. بابۇر ئۇـ ـنىڭ بۇ خۇيىنى ئوبدان بىلگەچكە، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى يامانلاشلىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى:

ــ مۇددىئاسىنى بىلەلەپتىمۇ؟ قارا تىگىن ئۇزاق جان ساقلاشقا مۇۋاپىق جاي ئەمەس.

ــ خۇسرەۋ شاھ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقان چېغى. مۇددىئاسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئايغاقچىمىز خۇسرەۋ شاھ ئەلچىسىنىڭ ئۇنىڭ دەرگاھىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا خۇسرەۋ شاھتىن پاناھلىق تىلىگەن ئوخشايـ ـدۇ. ئەسلىدە سىلىنىڭ دەرگاھلىرىغا سالامغا كېلىشى كېرەك ئىدـ ـدى...

بابۇرنىڭ قۇلىقىغا شىرىم تاغايىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى كىرمىدى.

«مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان خۇسرەۋ شاھ بىلەن ئالاقە قىلىشقان بولسا، مەن ھىسارغا ئۈمىد باغلىمىسام بولغۇدەك. خۇسرەۋ شاھ ئەزەلدىن مەندىن ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز ـ زىنگە ئىتتىپاقچى ئىزدىسە چوقۇم مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننى تاللايدۇ. قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ قىشىمغا دەرھال چاپارمەن ئەۋەت ـ مەسلىكى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن ـ دە. بوپتۇلا، خۇسرەۋ شاھ بى ـ لەن مېنىڭ كۆمەكلەشكىنىمدىن، مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ـ نىڭ كۆمەكلەشكىنىنىڭ يولى بار. چۈنكى، خۇسرەۋ شاھ ماڭا ئىشەنمەيدۇ. مېنى هامان بىر كۈنى ئىككى نەۋرە قېرىندىشىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ دەپ ئويلايدۇ. كۆرەگان جانابلىرى ئۇنىڭ كۆ ـ چىدىن پايدىلىنىپ شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرسا مەيلى ئەمەسمۇ. ماڭىمۇ باشقا بىر يول چىقار. قاسىمبەگ قاۋچىندىن تېزرەك چا ـ پارمەن كەلسە بولاتتى...»

كوتۇلداشلىرىغا بابۇرنىڭ ئىپادە بىلدۇرمىگىنىنى كۆرگەن شىرىم تاغايى ئاستا سورىدى:

ــ ئىلەك يايلىقىدا تۇرۇۋەرمەي، يۇرت ئىچىگە يۆتكىلەيلى ـ مىكىن. ھېچبولمىغاندا خوجا ئىماد تەۋەسىگە بارساق ھىسارغىمۇ يېقىن. قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن ئالاقىلاشماقمۇ ئاسان بولاتتى. ئۇل قاۋچىنبەگ جانابلىرىمۇ خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتى. يا ھالال، يا ھارام دەپ جۆيلۈسە بولاتتى. سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپ بارىدۇ. ئالچۇق ئەمدى بۇ سوغۇققا دالدا بولالمايدۇ. قاۋچىنبەگ ھىسارنىڭ ئىسسىق سارايلىرىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرىدىغاندۇ بەلكىم.

ــ يەنە بىر ـ ئىككى كۈن ساقلاپ باقايلى، ــ دېدى بابۇر، ــ قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ چاپارمىنىگە مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى دەپ قويۇپتىمىز. قوزغىلىپ كەتسەك ئۇچرىشالماي قالىمىز.

بابۇر توغرا پەرەز قىلغانىدى. ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا قا ـ سىمبەگ قاۋچىننىڭ چاپارمىنى يېتىپ كەلدى. بەگ سۈپەت بىر

www.uyghurkitap.com

ئادەم يەتتە ـ سەككىز نۆكەر بىلەن بىللە كەلگەننىدى.

ــ بۇ كىشى خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىنىسى باقى چاغانىيانى تارخاننىڭ سەركەردىلىرىدىن خەتىپ قارشى بولىدۇ، ــ دەپ تونۇشتۇردى چاپارمەن.

ــ پادشاھ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى خەتىپ قارشى بابۇرغا سالام بېرىپ، ــ كەمىنىلىرىنى باقى چاغانىيانى جانابلىرى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن جانابلىرى ئەۋەتتى. شول تاپتا ئۇلار يوللىرىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ــ ئۇلار ھازىر نەدە؟ ــ ئالدىراپ سورىدى بابۇر.

ــ ئۇلار پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا تىرمىزدا چىقماقچى.

ــ بولىدۇ، بېرىپ جاۋابىمنى يەتكۈزسۇنلا. تىرمىزدا كۆرۈشەيلى.

خەتىپ قارشى بابۇر بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. چاپارمەن يول باشلايدىغان بولۇپ قېپقالدى.

ــ ئول باقى چاغانىيانى ئىشەنچلىكمىدۇر، ــ دېدى شىرىم تاغايى خەتىپ قارشىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ــ ئاغىسىنىڭ ئىرادىسىگە باقماي بىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئىختىيار قىلغىنىغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇشۇق ـ تۆشۈك يول مېڭىپ يۈرمىسەك بولاتتى دەيمىنا. سەرپولدىكى جەڭدىمۇ ھەمدەم بولۇشقا ۋەدە قىلىپ قويۇپ كەلمىگەننىدى.

بابۇر ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرىغا پەرۋا قىلماي، نۆكەرلەرنى يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ سەپەر تەييارلىقى قىلىشقا بۇيرۇدى.

※ ※ ※

مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئارقىسىدىن بىرىشنى ياكى شەيبانىخان بىلەن كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىركىشىشنى بىلەلمەي، باش قېتىنىـ

چىلىقتا قالغانىدى. ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ ئارقىسىدىن بارسا،
ئۇلارنىڭ ھامان لەشكەر توپلاپ قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئا-
يان ئىدى.

«خانلارنىڭ يېنىدا ئىنىم سەييىد مۇھەممەد مىرزا بار. مې-
نىڭ بېرىشىم ھاجەتسىز. ئۇ لەشكىرىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ قايتا لەشكەر تارتىپ كېلىشى-
نى ساقلاپ تۇراي. بىراق، قارا تىگىن ئۇزاق مۇددەت پاناھلانغۇدەك
جاي ئەمەسكەن. ئۆرەتۆپىدىن ئالدىراپ يېنىپ چىقمىسام بوپتى-
كەن. مۇناپىق شەيبانىخاننى خانلارنىڭ جېنىغا قەست قىلمىسۇن
دەپ قايتىپكەنمەن. ئۇنىڭ خانلارنى يولغا سېلىۋېتىدىغانلىقىنى
بىلگەن بولسام، ئۆرەتۆپىنى مەھكەم بېكىتىپ تۇراركەنمەن. مانا
ئەمدى ئۆرەتۆپىمۇ شەيبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. قارا تى-
گىن بولسا چوڭراق ئىش تەۋرىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمگە
پاناھلانغۇدەك جاي ئەمەس. بابۇر پادىشاھنىڭ ئىلكىدە نە لەشكەر،
نە ۋىلايەتنىڭ تايىنى يوق. ئەھۋالى مەندىنمۇ بەتتەر. ياخشىراق
بىرەر ۋىلايەتنى قولۇمغا كىرگۈزۈۋالسام، ئاغا ـ ئىنى خانلار قاي-
تىدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ بولغۇچە، شەيبانىخان بىلەن تىر-
كەشكەچ تۇراتتىم. ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرەيمۇ ـ
يا؟ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ كۆكۈلدىشىم، تەلپىمنى يەردە
قويماس...»

ئۇنىڭ ئەھمەد تەنبەل بىلەن بىرلىشىش پىلانى تېزلا بەربات
بولدى. ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭ تەكلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت
قىلغانىدى. شۇ كۈنلەردە شەيبانىخان بابۇر بىلەن مۇھەممەد ھۇ-
سەيىن كۆرەگاننى تۇتۇپ، تولۇق خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى
ھەر تەرەپتىن ئىزدەۋاتاتتى. شەيبانىخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا
تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ئايان ئى-
دى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تازا غەمگە پېتىپ تۇرغىنىدا،

www.uyghurkitap.com

ئويلىمىغان يەردىن خۇسرەۋ شاھنىڭ چاپارمىنى يېتىپ كەلدى.

ھەئە، شۇ كۈنلەردە شەيبانىخان تەرەپ ـ تەرەپكە پايلاقچى، لەشكەر ئەۋەتىپ، بابۇر بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىنىڭ دېرىكىنى قىلغاچ، خۇسرەۋ شاھنى يوقىتىپ ھىسار بىلەن قۇندۇزنى ئېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. خۇسرەۋ شاھ شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا چاپارمەن ئەۋەتكەنىدى.

ئۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇدى:

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!*

*ھۆرمەت ئېتىبارى پادىشاھ سۇپەتلىك، مەردۇ مەردانىلىقى باھادىر سۇپەتلىك، پەزىلەت ۋە پاراسىتى دانىشمەن سۇپەتلىك مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرىغا كەمىنە خۇسرەۋ شاھتىن بىھېساپ سالاملار بولغاي.*

*ئۇشبۇ كۈنلەردە مۆھتەرەم سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆزى پەرۋىش قىلغان تۇزكور شەيبانىخانغا تۇتقۇن بولۇپ، سەلتەنەت، تاجۇتەختتىن ئايرىلىپ ئاتا مىراس زېمىنىغا ھەيدەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. كۆڭۈل ئارامىم بۇزۇلۇپ، ئۇيقۇم ھارام، تائاملىرىم زوقۇم[1] بولدى. نامەردكە كۆڭۈل بېرىش خۇددى توڭلاپ قالغان يىلاننى ئىچ ئاغرىتىپ قوينىغا سالغاندەك ئېبرەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. خەيرىيەت، بۇ گەپلەرنى دەپ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنى تاتىلىماي. ئايغاقچىلاردىن خەۋەر تاپىشىمكى، ئۇل مۇناپىق شەيبانىخان مۇشۇ نېسىۋىسىگىمۇ شۈكۈر قىلماي، بابۇر پادىشاھ بىلەن جانابلىرىنىڭ جېنىغا قەست قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە لەشكەر ماڭدۇرۇپ ئىزدەتكۈزۈۋېتىپتۇ. سىلىنىڭ رەقىبلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ رەقىبلىرىمىزدۇر. بەلكىم مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئىككى*

---

① زوقۇم ــــ زەھەر.

خانزادىسى ئۈچۈن مەندىن رەنجىگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئۇل ئىككى خانزادە ئۆز پەرزەنتىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. بەلكىم ئۇلاردىنمۇ چارە كۆرەتتىم. ئەمما ئۇلار سۇ. خەنچى ئەمىرلەرنىڭ پىتنىسىگە ئىششىنىپ، مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ، ئاۋۋال چوڭ خانزادە مەسئۇد مىرزا، كېيىن ئوتتۇرانچى خانزادە بايسۇنغۇر مىرزا ئارقا ـ ئارقىدىن مې. نى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشكەنىدى، شۇڭا ۋەھىمە تو. پەيلىدىن ئىلاجسىز ئاشۇ ناچار قىلىقنى قىلىپ، ئۇلاردىن ئاۋۋال قول سالدىم. چۈنكى ئۆلتۈرمەن دېسە توشقان جې. نىدىمۇ ئادەم چىشلەيدۇ ئەمەسمۇ. ئەمدى ئاشۇ گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن سىلىگە بولغان ساداقىتىمنى شۇ دەرىجىدە ئىرشچانلىق بىلەن ئادا قىلىمەنكى، ئۇل قەبىھ ئىشىمغا ئەل ـ جامائەت تەنە ۋە لەنەت ياغدۇرغان بولسا، سىلىگە بىلدۇرگەن ساداقىتىم ئۈچۈن، جاھان ئەھلى ئاپىرىن ئېيتقاي. شول سەۋەبتىن، سىلىنى دەرگاھىمغا تۆۋەنچىلىك بىلەن تەكلىپ قىلىمەن.

سىلىنىڭ ھىسارغا قەدەم كەلتۈرۈشلىرى مەن ئۈچۈن تەڭرىنىڭ چەكسىز ھىممىتىدۇر. ئۆزلىرىگىمۇ ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئايانكى، ھازىر شەيبانىخانىنىڭ ھەيۋەت ـ ھەشە. مىتى ئەڭ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ تېرىسىگە سىغماي قالدى ۋە ئەتراپىدىكى خان ـ سۇلتانلارنىڭ سەلتەنەت ـ زېمىنلد. رىغا كۆز تىككىشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يىل بىزنىڭ ئۈستىمىزگە، ئاندىن خۇراسانغا لەشكەر تارتىش ئېھتىمالى بار دەپ گۇمانلىنىمەن. سىلىدىن قىلچىلىك يوشۇرمايمەن. بىز ھازىرغىچە شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى ئول ئۆزبېك تا. ئىپىسى بىلەن جەڭ قىلىپ باقمىغانمىز. ئۇلارنىڭ ئەھۋا. لىنى، جەڭ ئادەتلىرىنىڭ قانداق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ھەربىر قوۋم، ھەربىر تائىپەنىڭ رەسىم ـ قا.

*ئىدىسى، جەڭ ئۇسۇللىرى باشقىچە بولىدۇ. مەيلى جەڭگى ـ جېدەل، مەيلى سۇلھى ۋە دوستلۇق قىلىشتا بولسۇن، ئادەت ۋە قانۇنلىرى باشقىچە بولىدۇ. ھەربىر تائىپەنىڭ ئادىتىنى بىلمىگۈچە ئۇل تائىپە بىلەن قارشىلىشىش مۇشكۇلدۇر. دەرگاھىمدا خېلى كۆپ سىپاھلار بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ـ قايسىسىنىڭ ئىستىپداتى سىلىگە يەتمەيدۇ. سىلى ئۆزبېكلەر بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ ۋە سۇلھى قىلىشقان. ئارىلىرىدا نۇرغۇن غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر بولغان. نۇرغۇن تەرەپلەر ـ دە ئۇل تائىپە بىلەن ئوخشاشلىقىڭلار ھەم باردۇر. شۇڭا دەرگاھىمغا كەلسىلە. لەشكىرى ئىشلارغا مۇئەككەل بو ـ لۇپ، شەيبانىخانىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشتا رەھنەما بول ـ سىلا. قايسى ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسىلە ئۇنى ماڭا بىلدۈر ـ گەيلا. سىلى كۆرسەتكەن يولنىڭ سىرتىغا قىلچىلىك چىق ـ مايمەن. چۈنكى مېنىڭ ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنەتىمنىڭ بىنا ـ سى سىلىنىڭ ئاقىلانە پىكىر ـ تەدبىرلىرىنىڭ تۈۋرۈكى بىلەن ئۆرە تۇرغۇسىدۇر.*

*يوللىرىغا كېچە ـ كۈندۈز مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغۇچى خۇسرەۋ شاھتىن دەپ بىلۇرلا.»*

خۇسرەۋ شاھنىڭ بۇ تەكلىپى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا خۇددى چاڭقىغاندا دوغاپ ئىچكەندەكلا ياقتى ۋە بۇنى تەڭرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان چەكسىز ئىنايىتى دەپ چۈشەندى.

※ ※ ※

ھىسار شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىنارباغ قارىماققا باستۇ ـ رۇپ كېلىۋاتقان ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلانغان لەش ـ كەرگاھقا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن باراۋەت سورۇنىغا ئوخشاپ قالغانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىنىڭ

مەسلىھەتى بىلەن بارلىق لەشكەرلىرىنى شەھەردىن ئېلىپ چىققان خۇسرەۋ شاھ بارگاھىنى مۇشۇ چىنارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇنىڭغا بارگاھىنى شەيبانىخان كېلىدىغان يول ئۈستىگە قۇرۇش، ئەتراپىدىكى مۇۋاپىق جايلارغا بىر قىسىم لەشكەرلەرنى بۆكتۈرمە قىلىش مەسلىھەتىنى بەرگەن بولسىمۇ، كار قىلمايۋاتاتتى. ئېخى ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، كاتتا ھەشەمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغان خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمايتتى. كۆرسەتكەن ھەربىر مەسلىھەتىدىن گۇمانلىناتتى. ھازىر ئۇ نامدا ئەمىر لەشكەر بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قىلچىلىك ھوقۇقى يوق ئىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ بۇ تۇتۇرۇقسىزلىقى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىمۇ ئاللىقاچان بىزار قىلىپ قويغانىدى.

ھەئە، ئىنىسى باقى چاغانىيانىنىڭ بابۇر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئەتراپىغا ھە دەپ لەشكەر جۇغلاۋاتقانلىقىنى، بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ بابۇرنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن خۇسرەۋ شاھ بىردىنلا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن ئېھتىيات قىلىپ قالغانىدى.

خۇسرەۋ شاھ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۆزىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن چىنار باغنىڭ سىرتىغا قارارگاھ تىكتى. ئايغاقچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ قېشىغا يەنە كەلدى.

ــ ياۋ لەشكەرلىرى كېچىككەندىمۇ بۈگۈن كەچتە يېتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى ئۇ پەرۋاسىز ئولتۇرغان خۇسرەۋ شاھقا قاراپ، ــ قارارگاھنى ئەمدى يۆتكىمىسەك كېچىكىپ قالىمىز.

ــ خاتىرجەم بولسىلا كۆرەگان جانابلىرى. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز ئاللىقاچان ھازىرلىنىپ بولدى. بىر ئېغىز پەرما-

نىمىز بىلەن ھەممىسى تەق بولىدۇ. سىلى تۇرشاۋۇل[1] بولۇشنى خالىمىسىلا چاغداۋۇل[2] بولسىلىمۇ مەيلى.

ــ كەمىنىلىرى گەرچە تەكلىپلىرى بىلەن ھېسارغا كەلگەن بولساممۇ، ئول مۇناپىق شەيبانىخان بىلەن ھەرقاچان تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا ئانت ئىچكەنمەن. شۇڭا تۇرشاۋۇللۇقنى ئەلۋەتتە ئۈزۈم زىممەمگە ئالىمەن. ئەمما، ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزۈشىچە، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى خېلى بار ئىمىش. شۇڭا تۇرشاۋۇللاردىن باشقا ئىلغار[3]، جەۋەنغار[4]، بەرانغار[5] قوشۇنلارنىمۇ تەشكىللەش كېرەك. بۇ قوشۇنلار ئۆزئارا ماسلاشقاندىلا ئاندىن ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقالايمىز. شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى تولغىما سەپ تۈزۈپ ھۇجۇم قىلىشقا ماھىر. تولغىما سەپ قارىماققا ئاجىز، كالامپايدەك كۆرۈنگىنى بىلەن تولىمۇ ھەرىكەتچان، جەڭ قىلىۋېتىپ شەكلىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. باش تەرىپى قۇيرۇقى تەرەپكە، ئوتتۇرا قىسمى خالىغان تەرەپكە ھەمدەمدە بولالايدۇ. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بۆكتۈرمە قويۇش ۋە تۇيۇقسىز چاناش.

ــ چاناش دېگەنلىرىنى چۈشىنەلمىدىم جانابلىرى.

ــ چاناش دېگىنىمىز پالتا بىلەن يىلاننىڭ خالىغان يېرىنى چاناپ، پۈتۈن تېنىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە زەرەر يەتكۈزمەككە تەقلىد قىلىنغان ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۆكتۈرمىلىرىمىز ئاشۇ يىلاننى چانايدىغان پالتىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

خۇسرەۋ شاۋ «چۈشەندىم» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمما گەپ قىلمىدى.

ــ سىلى غولدا تۇرۇپ سەركەردە ــ لەشكەرلەرگە مەدەت

---

① تۇرشاۋۇل ــ ھۇجۇمچى.
② چاغداۋۇل ــ مۇھاپىزەتچى.
③ ئىلغار ــ ئالدىن يۈرگۈچى.
④ جەۋەنغار ــ ئوڭ قانات.
⑤ بەرانغار ــ سول قانات.

بەرسىلە. مەن قالغان سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە ياۋنىڭ مۇقا ـ بىلىسىگە چىقاي. شۇڭا بۇگۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى مۇۋاپىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. ياۋنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرىمىز دېسەك ئالدىراپ قالىمىز. جەڭ تەدبىرىمىز پۇختا بولمايدۇ.

— بولىدۇ. سىلى ئاۋۋال قايتىپ تۇرسىلا، — دېدى خۇسرەۋ شاھ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

خۇسرەۋ شاھنىڭ يەنە ئالدىرىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇ ـ ھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۆز قارارگاھىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

«ئۇ نېمىشقا ماڭا كۆڭلىدىكىنى بىلدۇرمەيدۇ؟ شەيبانىخان بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى بارمىسا، ئوچۇق دېسە بولاتتىغۇ؟ ياۋ بۇرنىمىزنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالغاندىمۇ يەنە لامزەللىلىك قى ـ لىپ، تىلىنى چاينايدۇ ـ يا. ئۇنىڭ زادى قانداق مەقسىتى باردۇر. شەيبانىخان بىلەن جەڭ قىلغۇسى بولمىسا، مېنى چىللاپمۇ يۈر ـ مەستى. مەيلى، يەنە ساقلاپ باقاي...»

شۇ دەقىقىدە خۇسرەۋ شاھنىڭ كاللىسىمۇ زىددىيەت بىلەن تولۇپ كەتكەندى. شەيبانىخاننىڭ قانچىلىك زور لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئاللىقاچان خەۋەر تاپقا ـ نىدى. ھىسار بىلەن قۇندۇزنى شەيبانىخانغا تارتتۇرۇپ قويسا، خۇددى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن بابۇرغا ئوخشاش قاچ ـ قۇن، سەرگەردان بولىدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئىلكىدىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا تاپشۇرۇشنى ئەلۋەتتە خالايتتى. لېكىن ئۇنىڭ لەشكىرىي ھوقۇق ـ نى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپلا، ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ گۇمان باشتىكى كۆڭۈل خاھىشىنى پۈتۈنلەي رەت قىلاتتى. ئىنىسى باقى چاغانىيانىنىڭ بابۇر بىلەن بىرلىشىۋېلىشى ئەسلىدىنلا تۇتۇرۇقسىز خۇسرەۋ شاھنى تېخىمۇ گۇمانخور قىلىۋەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

«ئىنىم دېگەن ئەقىلسىز بەدرەكنى قاسىمبەگ قاۋچىن ئاز-دۇرۇپ كەتتى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرنىڭ ھامىنىسى-نىڭ ئېرى. ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن تۇغقان. ۋاقتى كەلگەندە مەن-دىن يۈز ئۆرۈپ، بابۇرغا قوچاق ئاچماي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا ئىل-كىمدە لەشكىرىي ھوقۇق بولمىسا بارماق چىشلەپ قالىمەن. شۇنداق، لەشكىرىي ھوقۇقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇشقا ھەرگىز بولماي-دۇ. بىراق، كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋغا تاقابىل تۇر-ىسام لەشكەردىنمۇ، شۇنچە يىل يىغقان دەپىنە ــ دۇنيايىمدىنمۇ، تەخت ــ سەلتەنەتتىنمۇ ئايرىلىپ قالىمەن. ھىسار بىلەن قۇندۇز ماڭا ھارام بولىدۇ. ناۋادا شەيبانىخانغا ئىتائەت گەردىنىمنى سۇن-سامچۇ؟ ئۇ مېنىڭ ھازىرقى مەرتىۋەمگە رىئايە قىلارمۇ؟ ھىسار بىلەن قۇندۇزنى ئۆز ئالدىمغا باشقۇرۇشۇمغا يول قويارمۇ؟ سۇلتان مەھمۇدخاندەك شەپقەتچىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم ماڭا ھەرگىز ۋاپا قىلمايدۇ. بەلكىم مېنى ئاددىي نۆكەرلىرىچىلىكمۇ كۆرمەس-لىكى مۇمكىن. خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىنىمۇ يوقىلاڭ باھانە-لەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ، سەمەرقەنتنى ئوغچە ئىگىلىۋالدىغۇ ئاخىر. ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈش توشقاننىڭ يولۋاستىن ياخشىلىق كۈتكىنى بىلەن ئوخشاش. بايا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ياخ-شى تەدبىر كۆرسەتتى. شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرىمەن، تەخت ــ سەلتەنەتىمنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەنمەن، ھازىرلا سەركەردە ــ لەشكەرلىرىمنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك. لې-كىن، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىشىم كېرەك. قانداق قىلسام بولىدىكىن؟...»

ئۇ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي، كۈننى كەچ قىلىۋەتتى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بولسا ئۇنىڭ قېشىغا قايتا كەلمىدى.

«بولدىلا، مۇشۇ چاغقىچە شەيبانىخاندىن تېخىچە شەپە يوق. ئەتە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن بىللە تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرەي. شۇنداق قىلسام لەشكىرىي ھوقۇقنىمۇ قولۇمدا تۇتۇپ

تۇرالايمەن، لەشكەرلەرنىمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە جەڭگە ئورۇنلاشتۇرالايمەن...»

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ خۇسرەۋ شاھنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شەيبانىخان باشقىچە ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سۈرەپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېرىم كېچىدە يېتىپ كەلدى ـ دە، ئالدىراش بارگاھ تىكىپ لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىگە ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى لەشكەر تارتىشىمۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ ئەمەلىي لەشكىرىي كۈچىنى سىناپ بېقىش ئىدى. ناۋادا خۇسرەۋ شاھنىڭ كۈچى پەرىزىدىكىدىن كۈچلۈك بولسا، پەم بىلەن چېكىنىپ، باشقىچە تەدبىر قوللىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

※ ※ ※

تاڭ سەھەردە گۈمبۈرلىگەن جەڭ دۇمبىقى چىنار باغدىكى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان خۇسرەۋ شاھنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شەيبانىخان بېشىدىلا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇۋاتقاندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. دەستارپىچىنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن تون، سەللىلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي لاغ ـ لاغ تىترىگىنىچە سىرتقا يۈگۈردى. شۇ تاپتا ھىيلىگەر شەيبانىخاننىڭ رەقىبىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋەھىمە سېلىش ھىيلىسى خۇسرەۋ شاھقا تولۇق ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەنىدى.

ـــ سەركەردىلەرگە خەۋەر قىل!

ـــ سەركەردىلەر ئاللىقاچان جەڭگە ھازىرلىنىپ بولدى ئالىيلىرى.

چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن خۇسرەۋ شاھ جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

ـــ مېنى شەيبانىخانغا تۇتۇپ بېرەي دەمسەن بەتبەخت! جەڭ ـ پەڭنى قوي. سەركەردە ـ لەشكەرلەر دەرھال قورغانغا چېكىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىپىل ـ دەرۋازىلارنى بېكىتسۇن!
قورقۇپ كەتكەن پەرمانچى بەگ دەرھال ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.
«خۇداغا شۈكۈر. ھەرنېمە بولسا چىنار باغقا قارارگاھ جايلاشتۇرۇپتىكەنمەن. بولمىسا شەھەرگە كىرىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالار بولغىيدىم...»
چىنار باغ بىلەن ھىسار شەھىرىنىڭ ئارىلىقى ئىككى چاقىرىممۇ كەلمەيتتى. خۇسرەۋ شاھ ئەڭ ئاۋۋال شەھەرگە قاراپ ئات سالدى.
جەڭگە ھازىرلانغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ھىسار لەشكەرلىرىنىڭ ھە دەپ شەھەرگە قاراپ قېچىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىر پەس گاڭگىراپ قالدى.
«بۇ نېمە ئىش؟ خۇسرەۋ شاھ دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرە ـ كۆرمەي قېچىپ كېتىپ بارامدۇ قانداق؟...»
چىنار باغقا ئەۋەتكەن چاپارمىنى ھايال ئۆتمەي قايتىپ كەلدى.
ـــ خۇسرەۋ شاھ ئاللىقاچان شەھەرگە كىرىۋاپتۇ. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمۇ خۇددى ھۈركىگەن توشقاندەك قورغانغا قاراپ قېچىۋاتىدۇ.
مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى:
ـــ ھۇ توخۇ يۈرەك ئەبلەخ! چۆھرە قوچاقلاپ ياتقىنىدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى ئەركەك ھېسابلايدۇ تېخى. مۇشۇنداق پەيتتە ئاشۇ بىچارە چۆھرىلىرىگىمۇ سەندىن ياخشىراق ئىدى. سەندەك بەچچىۋاز نامەردكە ئۈمىد باغلاپ يۈرگەندىكىن مەنمۇ بىر مازپايىنەك![1]
ـــ بىزمۇ شەھەرگە چېكىنەمدۇق جانابلىرى؟
ئۇ سەركەردىسىگە زەردە بىلەن قارىدى:

① مازپايىنەك ـــ تۇخۇمنىڭ چېكىشكە سالغىلى بولمايدىغان تەرىپى، يەنى پەيىنكىنى دېمەكچى.

— بولدى ھىسارنىمۇ، خۇسرەۋ شاھنىمۇ كۆزۈم كۆرمەسسۇن، چېكىنەيلى!

— نەگە چېكىنىمىز جانابلىرى؟

— قارا تىگىنگە، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىپ باراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يېقىندىن ئۆيلەنگەن خوتۇنى سۇلتان بېگىم بىلەن يۈرەك پارىسى بولغان تۆت ياشلىق ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەر ھىسار شەھىرىدە قالغانىدى.

«ئاللاھ سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!» دەپ پىچىرلىدى ئۇ قىيمىغان ھالدا كەينىگە قاراپ.

※ ※ ※

دۇشمەنلىرىنىڭ ئۇۋسى بۇزۇلغان چۇمۇلىدەك قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شەيبانىخانىنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە پەيدا بولدى:

— يېنىدا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بولمىسا ئىدى، خۇسرەۋ شاھنىڭ بۇ قاچقىنىدىن زىنھار شەكلەنمەيتتىم، — دېدى ئۇ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلىرىگە قاراپ، — بىراق، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بەكمۇ تەدبىرلىك ئادەم. بەلكىم بىزگە ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمايلى. يەزەكلەر[1] ئەھۋالنى بىلىپ كەلسۇن.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە چارلاشقا كەتكەن سەركەردىسى قايتىپ كەلدى.

— خۇسرەۋ شاھنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن قورغانغا قېچىپ كىرىۋالغىنى راست ئىكەن. ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشقا رايى يوقلۇقىنى كۆرگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانمۇ قارا تىگىن تەرەپكە قېچىپتۇ.

① يەزەكلەر — چارلىغۇچىلار.

www.uyghurkitap.com

ــ ھەي، ئىسىت، ــ دېدى شەيبانىخان ئەپسۇسلانغان ھالدا، ــ ئەجەبمۇ بىر ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمىز ـ دە، خۇسرەۋ شاھنىڭ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى تاشلاپ قويۇپ قورغانغا كىرىۋالغىنىنى قارىمامدىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلىدىڭلارمۇ؟

ــ كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، پەقەتلا بىلەلمىدۇق.

ــ ئىشقىلىپ بۇ ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بار. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى خۇسرەۋ شاھ بىزنىڭ مۇقابىلىمىزگە قويۇش ئۇچۇن چىللاپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ يا بۇرۇن، يا كېيىن ئەمەس، دەل بىزنىڭ كېلىشىمىزگە ئۇلگۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكىنىگە ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

ــ قورغانغا ھۇجۇم قىلامدۇق ئالىيلىرى؟

ــ بولدى. خۇسرەۋ شاھ ھىساردا يەنە بىرنەچچە ئاي ئارتۇق ياشىۋالسۇن. ئۇنىڭ كۆچىنى بەكمۇ يۇقىرى چاغلاپ كېتىپتىمەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى داستىخانغا يىغىلغان چىۋىنغە ئوخشاش بىر ئىشارەت بىلەن توزۇپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ.

ــ ئەمىسە نېمىشقا؟...

شەيبانىخان ئوغلى تۆمۈر سۇلتاننىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

ــ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان تېخى ئۇزاپ كەتمىدى. خۇسرەۋ شاھ مەيدان جېڭى قىلىشتىن قورقىدۇ، قورغاننى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. قورغانغا ھۇجۇم قىلساق، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان يېنىپ كېلىپ، ئارقا تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇرمۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىنىسى باقى چاغانىيانى بىلەن بىرلىشىپ قايتىدىن كۈچىيىپ كەتتى. ھازىر ئۇ چاغانىياندا، ھىسار بىلەن بولغان ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس. ناۋادا ئۇمۇ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، بىراقلا ئۈچ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھىسارغا ھازىرچە تەگمەيلى.

— ئەمىسە سەمەرقەنتكە قايتامدۇق ئاتا؟

— ياق، بەلخكە بارىمىز، — ئۇ جاۋابىدىن تەئەججۈپلەنگەن سەركەردىلىرىگە مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى، — بۇ نۆۋەت خۇسرەۋ شاھنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلىۋالدۇق. ئەمدى بەلخكە خىرىس قىلىپ، تايىنلىق خۇراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىمۇ بىر سىناپ باقايلى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇراسانغىمۇ لەشكەر تارتىمىز ئەمەسمۇ، شۇڭا ئاۋۋال ئۇلارنىڭمۇ ئەھۋالىنى بىلىپ باقايلى. كېيىن رەسمىي جەڭ قىلغىنىمىزدا تەمتىرەپ قالمايمىز.

— دەريادىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال كېچىك ئىزدەپ باقىدىكەنمىز ـ دە، ئاتا؟

ئوغلىنىڭ بۇ ئوخشىتىشى شەيبانىخانغا بەكلا ياراپ كەتتى.

— ھەببەللى! جايىدا گەپ قىلدىڭ. ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ئاندىن نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا سۇلتان مەھمۇدخانغىمۇ، خۇسرەۋ شاھقىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپمۇ باقمىدۇق. شۇڭا قاراملىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئاقىللار يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس، دەيدۇ ئەمەسمۇ.

— خان ئالىيلىرى دانادۇر، — دەپ ماختاشتى سەركەردىلىرى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

※ ※ ※

ئەجەر قورغىنى.

خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىنىسى باقى تارخان چاغانىيانى بابۇرغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ چاغانىيان، سەفا، تىرمىزدىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. ئەلۋەتتە، بۇ لەشكەرلەر بىلەن شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىققىلى بولمايتتى. شۇڭا بابۇر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئىتتىپاق

تۇزۇش قارارىغا كەلگەنىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، ئەتراپىغا توپلاشقان سەركەردىلەر ئۇنىڭ قولىدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزغانىدى.

بابۇرنىڭ ئەجەر قورغىنىدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتە بولاي دەپ قالغانىدى. بۇ، باقى چاغانىيانىنىڭ ئوغلى ئەھمەد قاسىم بەگنىڭ ئىلكىدىكى كەھمەرد ۋە باميان تەۋەسىگە جايلاشقان مۇستەھكەم بىر قورغان ئىدى. بابۇر بۇ قورغانغا ئانىسى ۋە باشقا ئاياللار ـ بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاچ، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئالاقىلىشىۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەجەر قورغىنىدا توي بولىۋاتاتتى. ھەئە، بابۇر ئىنىسى جاھانگىر مىرزىغا ئاتا بولۇپ، مەرھۇم تاغىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى بىلەن ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويغانىدى.

— بۇ نىكاھ ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ياخشى قىلدىڭلا ئوغلۇم. مەرھۇم ئاتىلىرى بىلەن مەرھۇم تاغىلىرىنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدىغان بولدى، — دېدى ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم كۆزىگە لىقىدە ياش ئېلىپ، — ئۆز ۋاقتىدا بۇ نىكاھنى ئاتىلىرى بىلەن تاغىلىرى پۈتۈشۈپ قويغانىدى. ھايات بولغان بولسا ئۆزى باش بولاتتى.

— ئاغىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزدىلە ئوغلۇم، — دېدى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئانىسى پاتىمە سۇلتان بېگىممۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — جاھانگىر مىرزا كىچىك، قىلغان ئەقىلسىزلىقلىرىنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە. مانا ئەمدى سىلى ئۇنىڭغا يالغۇز ئاغىلا ئەمەس، ئاتا بولدىلا. ئاللاھ ئىگەم مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلار، مۇرادلىرى ھاسىل بولغاي.

ئۆز ۋاقتىدا ئەھمەد تەنبەل، ئۇزۇن ھەسەنلەر بىلەن بىرلىشىپ ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى بابۇرغا قارشى چىقىشقا، پەرغانە تەختىدە ئولتۇرۇشقا قۇتراتقان پاتىمە سۇلتان بېگىم شۇ تاپتا ئاشۇ قىلغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، خىجىلچىلىقتا ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغانىدى.

جاھانگىر مىرزا بولسا تويىنى قىزىتىۋاتقان ھەييار يىگىتلەردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، يېنىدا ئولتۇرغان قولداشلىرىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجانلارنى چاچقۇ قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئاكىسى بابۇرغا رەھمەت ئېيتىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئېسىگە كەلمەيتتى.

— ھىراتتىن چاپارمەن كەلدى ئالىيلىرى، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، جاھانگىر مىرزىنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بابۇرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

«سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىدىن خەۋەر كەلگەن ئوخشىمامدۇ...»

بابۇر خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئاستا قوزغالدى. ئارقىسىدىن قاسىمبەگ قاۋچىن، باقى چاغانىيانى ئەگەشتى.

— چاپارمەن قېنى؟ — سورىدى بابۇر ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن.

— تەكىيخانىدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — قاسىمبەگ قاۋچىن قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ بابۇرغا تەڭلىدى، — بۇ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپى.

بابۇر خەتكە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا بىرلىكتە شەيبانىخانغا قارشى تۇرۇش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ خەت ئەۋەتكىنىگە خېلى بولغانىدى. بۇ ئاشۇ خېتىنىڭ جاۋابى ئىدى.

خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بابۇر بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى. تۇرقىدىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ خېتىدىن ئانچە رازى بولمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، بىر پەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خەتكە قايتىدىن نەزەرىنى ئاغدۇردى:

*«... ئول شەيبانىخاننىڭ ئۆز شەيقەتچىسى بولمىش سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ دەرىجىدە قىلغان تۇزكورلۇقىدىن ۋە ھەددىدىن ئېشىپ ئەترابىدىكى خان ـ سۇلتانلارغا جا ـ*

www.uyghurkitap.com

*هانگىرلىك قىلىچىنى شىلتىشۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بار... لېكىن، ئۇنىڭدىن ئۇنچە تەشۋىشلىنىپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق... ئەينى يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان مەھمۇد مىرزا قاتارلىق ئاغا ـ ئىنىلەر بىرلىشىپ تەسەررۇپۇمغا هۇجۇم قىلغاندا، مەن مۇرغاپ ياقىسىنى بېكىتكەنىدىم. ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار يېقىنلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، هېچ ئىش قىلالماي يانغانىدى. هازىرمۇ ئەگەر ئۆزبېكلەر كەلسە مەن مۇرغاپ ياقىسىنى بېكىتەي. ئوغلۇم بەدىئۇززامان مىرزا بەلخ، سەبۇرغان، ئەندىغور قورغانلىرىغا كۈچلۈك سەركەردىلىرىنى قويۇپ، ئۆزى گۇرزۇۋان، دەرە ئىزەڭ قاتارلىق تاغ ئۆتكەللىرىنى بېكىتسۇن. سىلى كاھمەرد، ئەجەر ۋە شۇ تەرەپتىكى تاغ ئۆتكەللىرىنى بېكىتسىلە. خۇسرەۋ شاھ هىسار، قۇندۇز قورغانلىرىغا ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى قويۇپ، ئۆزى ئىنىسى بىلەن خەتلان تاغلىرىنى بېكىتسۇن. شۇنداق قىلساق، ئۇل ئۆزبېكلەر هېچ ئىش قىلالماي ئارقىسىغا يانىدۇ...»*

بابۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ هەم ئاچچىق، هەم مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى.

— سۇلتان هۈسەيىن بايقارا ئۆزىنى كىم چاغلاپ قالدىكىن، — دېدى ئۇ خەتنى قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن باقى چاغانىيانىغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — هىراتتىن مىدىرلىماي بۇيرۇق چۇشۇرۇپ كېتىپتۇ تېخى. كۆرۈپ بېقىڭلار، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇل شەيباق بىلەن جەڭ قىلغۇسى يوقتەك قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ زېمىنىنى قوغداپ بەرگۈدەكمىز.

— توۋا، — دېدى باقى چاغانىيانى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، — سۇلتان هۈسەيىن بايقارادەك چوڭ پادشاھ تەخت ـ سەلتەنەتىگە خىرىس قىلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە سۆزلىمەي، مۇداپىئەدە تۇرۇش ئۈستىدە سۆزلىسە، سەركەردە ـ

لەشكەرلىرىدە نېمە ئۈمىدۋارلىق بولسۇن؟!

— توغرا، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، — ھازىر زېمىن ۋە لەشكەر جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغان پادىشاھ يوق. ئۇ ئاشۇ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن بىزگە مەدەت بېرىشى كېرەك ئىدى.

— ئاغام خۇسرەۋ شاھتا ئۈمىد قالمىدى، ئۇ شەيبانىخانغا تىكلىنىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي بەدەر قېچىپتۇ. ئىشەنچلىك ئادىمى — قۇندۇز ھاكىمى موللا مۇھەممەد تۈركىستانى ئاغامدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان جانابلىرىدىن تېخىچە خەۋەر يوق.

— بەلكىم ئۈمىدسىزلىنىپ قارا تىگىن تەرەپكە كەتكەندۇ، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، — ھەي ئىسىت، تېزرەك خەۋەرلەشكەن بولساق يېنىمىزغا تەكلىپ قىلاركەنمىز. جاسارەتلىك ئادەم ئىدى. ھىسارغا ئالايىتەن كېلىپ، ھېچ ئىش قىلالماي ياندى.

— شەيباق مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمايدۇ، پەمىمچە، كېلەر يىلى باھاردا خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، — دېدى بابۇر ئويلانغان ھالدا، — سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھازىر ئۇل شەيباقنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ئالدىرىمىغىنى بىلەن، كېلەر يىلى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ مۇقىم تۇرغۇدەك چوڭراق بىر جاينى قولىمىزغا ئېلىپ ھازىرلىق كۆرەيلى.

— مېنىڭچە كابۇل ئەڭ مۇۋاپىق، — دېدى باقى چاغانىيانى، — ھىراتقىمۇ يېقىن. ئەتراپىدا قەندىھار، لەمغان، خارەزىم، ئەدىنەپۇر، غەزنىدەك باي تۈمەنلىرى بار. چېرىك يىغىشقىمۇ بولىدۇ، ھازىر كابۇلدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ چوڭ ئەمىرى بولمىش زۇنۇن ئارغۇننىڭ ئوغلى مۇقىمى بار. ئۇنىڭدىن كابۇلنى تارتىۋالماق تەس ئەمەس.

— شۇنداق قىلايلى. كەلگۈسىدىكى بۈيۈك ئىشلىرىمىزنى ئاشۇ يەردىن باشلايلى، — دېدى بابۇر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — كابۇل ئىشلىرىمىزنى خەيرلىك قىلسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 123

مىلادىيە 1504 ـ يىلى، ئاقسۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى نېپىز مۇز تۇتۇپ، قىش پەسلىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھەپتىدىن بېرى ھاۋا تۇتۇلۇپ، جۇدۇن كۈچىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانچە ـ مۇنچە قار ئۇچقۇندىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قار رەسمىي ياغمىغانىدى. ئاقسۇ شەھىرىدە تەلپەك، قۇلاقچا، پاختىلىق تون، جۇۋا، ئۆتۈك، پىيما كىيىۋالغان كىشىلەر كۆپىيىپ قالغانىدى.

تاشكەنتتىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. تېۋىپلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان مۇجەررەپ نۇسخىلار ۋە تېبابەت كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل دورىلارنى تەييارلايتتى. ئەمما، بۇ دورىلارنىڭ قىلچىلىك ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. مىرزا جاپپار بەردى بەگ قاتارلىق ئەمىرلەر ئېھسەنلىك سوراپ كەپتۇ.

پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەدخان پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان خاس مەھرەمگە ئاستا جاۋاب قايتۇردى:

— كۆرۈشمەيمەن، مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈز.

تېۋىپلار قايىنىتىپ ئەكىرگەن دورىنى قوشۇق بىلەن سورۇپ سوۋۇتۇۋاتقان شەيخۇلئىسلام خوجا تاجىدىن مۇھەممەد مەۋلانە ئايازبېك قۇشچى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ، سۇلتان ئەھمەدخانغا يۈزلەندى:

— ئالىيلىرىنىڭ ئاقسۇدىكى ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشمىگە-

ىنگە خېلى ئۇزۇن بولدى، كۆرۈشۈپ قويسىلا بولاتتى.
سۇلتان ئەھمەدخان سوغۇق كۈلۈمسىرىدى:
— بۇ بىچارە تۇرقۇمنى ئۇلارغا كۆرسەتكۈم يوق ھەزرد-
تىم، — ئۇ بىر ئېغىز گەپنىمۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ تەستە
قىلاتتى. دېمى كېسىلگەندەك بولۇپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن
داۋام قىلدى، — كۆرۈشسەم، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىشىمغا
توغرا كېلىدۇ. ھازىر مەن ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىشمۇ بە-
سي مۇشكۇل.

سۇلتان ئەھمەدخان گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە خىرىلداپ
كەتتى. چېكىلىرىدە مونچاق - مونچاق تەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ
يېقىندىن بېرى ئادەم خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئىككى ئە-
مىرگە ئايان ئىدى. شۇڭلاشقا قايتا زورلىمىدى.

— ئىككى قوشۇق دورا ئىچىۋالامدىلا ئالىيلىرى، — دېدى
ئايازبېك قۇشچى ئېھتىيات بىلەن.

— بىكار ئاۋارە بولۇشىۋاتىدىلا، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بۇ قىرتاق دورىلارنى ئىچىۋېرىشتىن-
مۇ جاق تويدۇم. ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان. كېسىلىم پىشىپ قال-
دى. ھەكىملەر ئەمدى ئاۋارە بولمىسۇن.

ئايازبېك قۇشچى ئۇنى دورا ئىچىشكە يەنە زورلاشقا جۈرئەت
قىلالمىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ھالىدىن مۇ-
شۇ ئىككىيلەن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان
دەسلەپتە كۈندە يوقلاپ كېلەتتى. يېقىندىن بېرى ئىككى - ئۈچ
كۈندە بىر قېتىم كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— پەرمانىمنى ئەمىرلەرگە يەتكۈزسىلە، — دېدى سۇلتان
ئەھمەدخان ئايازبېك قۇشچىغا قاراپ، — ئۇلار ھەرقانداق مەلۇ-
ماتلارنى ئاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا يەتكۈزسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى. سۇلتان مەھمۇدخان ئا-

www.uyghurkitap.com

لىيلىرى كۆندە ئوردىغا چىقىۋاتىدۇ.

ــ ياخشى بوپتۇ. ئاغامنىڭ كۆڭلى چىگىلىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ھېلىمۇ دەردى يېتىپ ئاشقۇچە بار. تەخت ـ سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىنى باشقىلارنىڭ ھېس قىلمىقى تەس.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئېغىر كېسەل ئازابى تارتىۋېتىپمۇ ئاكىسىنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خوجا تاجىدىن مۇ-ھەممەد بىلەن ئايازبېك قۇشچى تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

ــ ھە راست، ــ دېدى ئايازبېك قۇشچى مەلۇم قىلماقچى بولغان مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، ــ تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار قايتىپ كەلدى. خانزادە سەئىدخان ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋېتىپتۇ. شەيبانىخان گەرچە خانزادىنىڭ ئىختىيارىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. سا-رىيىدا ئىچكى بەگلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىپتۇدەك. بۇ قېتىم-قى ھىسار، قۇندۇز يۈرۈشىگىمۇ خانزادىنى بىللە ئېلىپ كې-تىپتۇ. خانزادىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان پايلاقچىلار بەك ئېھتىياتچان بولغاچقا، ئايغاقچىلار خانزادە بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامال قىلالماپتۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان بىلدىم دېگەننى قىلىپ، بېشىنى لىڭ-شىتتى. ئوغلى كۆز ئالدىغا كېلىشى ھامان يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

«ئىشقىلىپ قۇدرەتلىك تەڭرىم ئامان ـ ئېسەنلىك بېرەر، شەيبانىخاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى ئۆزى قىلار. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، جاسارىتىگە تۇشلۇق پاراسىتىمۇ بار بالا بولغانىدى. مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ. ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىمدىنمۇ چىقالمايمەن. تېنىم ساق بولغان بولسا قايتىدىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئوغلۇمنىمۇ قۇتۇلدۇراتتىم. قولدىن كەتكەن تەخت ـ

سەلتەنەتنىمۇ قايتۇرۇۋالاتتىم. پايخان بولغان غۇرۇر ـ ئابرۇيىمىزنىمۇ تىكلىۋالاتتىم...»

— ئايغاقچىلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان سەرۋازلىرىمىزدىن خوجا ئەلى باھادىر ئاتلىق بىر كىشى بىلەن كۆرۈشەلەپتۇ، — دېدى ئايازبېك قۇشچى، — ئۇل خوجا ئەلى باھادىر: «خان ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسۇن. مۇۋاپىق پۇرسەت كۈتۈۋاتىمەن. ھازىر شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئوبدانلا ئىشەنچىگە ئېرىشىپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ خانزادە بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال بولمايۋاتىدۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ خانزادىنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن» دەپ دۇئايى سالام ئەۋەتىپتۇ.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىرايىدا سۆس مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرى جىلۋىلەندى.

— خانزادىنى ئاللاھ ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى شەيخۇلئىسلام خوجا تاجىدىن مۇھەممەد، — خانزادىمۇ پەم ـ پاراسەتلىك، ئىستىپداتلىق يىگىت بولدى، — ئۇ پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان دورىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ، — ئىككى قوشۇق دورا ئىچسىلە بولاتتى ئالىيلىرى. سوۋۇپ قاپتۇ، قايتا ئىللىتسۇنمىكىن، — دېدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن گۈنسىز كۆزلىرىنى شەيخۇلئىسلامغا تىكتى، ئەمما، يا ماقۇل، يا ياق دېمىدى.

— كىشىلەر ئاغزىدا، ئانھەزرىتىمگە ئۇل شەيبانىخان زەھەر بېرىپتۇ، دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپتۇ. مەگەركى شۇنداق بولسا، زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تەرياق ئىشلىتىش لازىم بولىدۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان ئەمدىلا يۇمغان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ شەيخۇلئىسلامغا يالت ئېتىپ قارىدى. شەيخۇلئىسلام سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپكىمۇ، ئازابقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىپادىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئەپقاچتى.

«ماۋۇ ئادەم ئالجىدىمۇ نېمە؟! — ئايازبېك قۇشچى شەيخۇل-

ئىسلامغا نارازىلىق بىلەن قارىدى، ــ نەدىكى بىر قامالاشمىغان گەپنى سوراپ يۈرىدۇ ــ يا، ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپىپ...»

ــ توغرا، شەيبانىخان ماڭا زەھەر بەردى، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ سۆزلەپ، ــ بەرگەن زەھىرى شولكى: ئول بەتبەخت ئاغامنىڭ چەكسىز ھىممىتى بىلەن كۆچىيىپ، مەرتىۋىسى شۇقەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتتىكى... ئاخىرقى ھېسابتا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئاغامنى ۋە مېنى ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن ئاغامنىڭ قوياش سۈپەت، ئېپپەتلىك خانىشىنى نىكاھىغا ئېلىش بەدىلىگە بىزنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلدى. بۇ قەدەر ئار ــ نومۇس ۋە ھاقارەت تۈپەيلىدىن خۇددى زەھەر يۇتقاندەك بولدۇم. ناۋادا مۇشۇنداق زەھەرگە تەرياق تېپىلىدىغان بولسا، كېسىلىمگە مەنپەئەت قىلار.

ھۆجرىنىڭ ئىچىدە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ نەپەس يېتىشمەي خىرىلداشلىرىدىن بۆلەك ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. قاتتىق ئوڭايسىزلانغان شەيخۇلئىسلام خوجا تاجىدىن مۇھەممەد خىجالەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى:

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى. شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ قويۇپتىمەن.

سۇلتان ئەھمەدخان ئۈندىمىدى.

ئاياز بېك قۇشچى يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان شەيخۇلئىسلامنى ئاستا نوقۇپ پىچىرلىدى:

ــ ئەمدى گەپ قىلمىسىلا تەقسىر.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئەنە شۇنداق تىمتاسلىقتا ئۆتۈپ كەتتى.

ــ ئاياز بېك ھەزرەتلىرى.

ئاياز بېك قۇشچى قول باغلىغىنىچە بېشىنى ئەگدى:

ــ لەببەي قىبلىگاھىم!

ــ كۆرىدىغان كۈنۈم، يەيدىغان رىزقىم ئاخىرلىشىپ قال-

غاندەك قىلىدۇ. دەرھال تۇرپانغا چاپارمەن ماڭدۇرسىلا. چوڭ خانزادە مەنسۇرخان ھەممە ئىنىلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇغا تېزدىن يېتىپ كەلسۇن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا...

سۇلتان ئەھمەدخان تۇيۇقسىز قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. يۆتەل شۇنچىلىك قاتتىق تۇتتىكى، بىر ھازا تېلىقىپ كەتتى. ئايازبېك قۇشچى بىلەن شەيخۇلئىسلام ئۇنى يۆلەپ، گەجگىسىگە يەڭگىل شاپىلاقلىدى. سۇلتان ئەھمەدخان بىردىنلا ھوش بولدى. شۇ ھامان ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقتى. جىددىيلەشكەن ئايازبېك قۇشچى ئىشىككە قاراپ توۋلىدى:

ـــ قايسىڭلار بار؟ ھەكىمنى توۋلاڭلار!

ـــ ئالىيلىرى... ئالىيلىرى...

شەيخۇلئىسلام سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان بېشىنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن يۆلىدى.

ـــ ئايازبېك ھەزرەتلىرى قارىسىلا، خان ئالىيلىرىنىڭ نەپىسى توختاپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئايازبېك قۇشچى سۇلتان ئەھمەدخاننى ئاستا ياتقۇزۇپ، نەپەس ئېلىشىنى تىڭشىدى ـ دە، كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ـــ قىبلىگاھىمىز سەلتەنەت بېغىدىن جەننەت بېغىغا سەپەر قىلىپتۇ تەقسىر.

شەيخۇلئىسلام ئىشەنمىگەن ھالدا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى. ئۇنىڭغىچە ئالدىراپ كىرگەن ئوردا تېۋىپى خاننىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان كۆزىنىڭ جىيەكلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

ـــ قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن[1]...

---

① مەنىسى: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز». «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەر 156 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

بەلخ.

گەرچە قىش پەسلى ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. بەلخنى ئۇزۇكىنىڭ كۆزىدەك قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالغان شەيبانىخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئوتۇن تېرىپ كېلىپ گۇلخان يېقىپ ئىسسىنىش، ئەتراپتىكى ئاھالىدىن بۇلاپ كەلگەن قوي ـ ئۆچكە، توخۇ ـ ئۆردەكلەرنى زىخقا تارتىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھەئە، شەھەرگە پات ـ پات قىلىپ تۇرغان نۇسرەتسىز ھۇجۇملاردىن زېرىككەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئىلگىرىكى جەڭگىۋارلىقى، جاسارىتى سۇسلاشقانىدى. قېرىشقاندەك قىشتىن بېرى تۇزۇك ياغمىغان قار كۆكلەمنىڭ شەپىسى كېلىشى بىلەن ئەدەپ كەتكەنىدى.

شەيبانىخاننىڭ يېنىدا تۇرغاق بولۇپ ياشاۋاتقان خانزادە سەئىدخان ئەركىسىزلىككە كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە شەيبانىخاننىڭ چېدىرىغا بىر قېتىم سالامغا كىرەتتى. شەيبانىخان ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، خۇشى تۇتسا ئۇنى باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن بىللە ئېپقېلىپ، غىزا ياكى باشقا سۆھبەتلەرگە داخىل قىلاتتى. ئەلۋەتتە، مۇھىم كېڭەشلەرگە قاتناشتۇرمايتتى. سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلارغا ھۇرپەيگەندەك ھۇرپەيمەيتتى. ئاھانەت قىلمايتتى. ئەمما، ئانچە ئىززەت كۆرسىتىپمۇ كەتمەيتتى. سەئىدخان ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، قايتىشقا ئىجازەت ئالسا رەھمەت، تەشەككۇر يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۇرۇپ ئۆزىنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كېتەتتى. مەيلى نەگىلا بارمىسۇن، ھەتتا ھاجەتكە چىقسىمۇ شەيبانىخان مەخسۇس تەيىنلىگەن ئەللىك نۆكەر ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى بولمايتتى. ئۇلارنى نۆكەر دېگەندىن كۆرە، ئۇنى نازارەت قىلىشقا تەيىنلەنگەن پايلاق-

چىلار دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق كىچىك ئىشلار ـ دىمۇ نۆكەر بېشىنى خەۋەرلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ نۆكەرلەر بىلەن دوستلىشىپ، چىقىشىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان ھېيلىگەر شەيبانىخان نۆكەرلىرىنى ئايدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئاشۇ ئەللىك جۈپ كۆزنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقى سەئىدخانغا ئايان ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم بىلەن خالىغانچە پاراڭلىشىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. كۈنلىرىنى كىتاب ئوقۇش، شېئىر يېزىش، جەڭبازلىق ماھارىتى مەشىق قىلىش بىـ لەن ئۆتكۈزەتتى. ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش، يۇرت سېغىنچى يۈرىكىـ نى قاماللىۋالغانىدى. نەۋرە ئاكىسى بابۇر بىلەن ھاممىسىنىڭ ئېرى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانىنىڭ شەيبانىخانغا تۇتۇق بەرمەي قېچىپ يۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ لەشكەر توپلاپ كېلىپ شەيبانىخان بىلەن جەڭ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دادىسىنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن كېلىپ ئۆزىنى بۇ تۇتقۇنـ لۇقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بار ئىدى.

«ئاتام ھازىر تۇرپاندىمىدۇر، ئاقسۇدىمىدۇر؟ بۇ تەرەپكە ئەڭ كىچىككەندىمۇ ئورما ۋاقتىغىچە لەشكەر تارتىپ كېلىشى ئېنىق. ھېيلىگەر شەيبانىخانىنىڭ بۇ ئالتۇن قەپىزىدە تۇرۇۋەرمەي قې ـ چىشىنىڭ ئامالىنى قىلسام بولاتتى. شەيبانىخانىنىڭ قولىدىلا بولىـ دىكەنمەن، ئاتامنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلمىكى تەسكە توختايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئاغام بابۇر پادشاھ بىلەن ئۇچرىشىۋالسام ياخشى بولاتتى. مۇمكىن بولسا نەۋرە ئىگىچەم خانزادە خېنىمنىمۇ قۇـ تۇلدۇرۇپ بىللە ئېلىپ كەتسەم... ئۇ مەن بىلەن بىللە ماڭغىلى ئۇنارمۇ؟ ياكى يېڭىلا كۆز ئاچقان ئوغلى خۇررەم شاھنى ئاتىسىز يېتىمغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان دۈشمىنى بىلەن بىللە ياشاشقا رازى بولارمۇ؟ ئۆتكەندە شەيبانىخان مېنى ئۇنىڭ بىلەن نېمە مەقسەتتە كۆرۈشتۈردىكىن تاڭ؟ خانزادە خېنىم كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆزلىرىدىكى مۇڭ ـ ھەسرىتىنى يوشۇرالمىدى. چىرايىدىن ماڭا بىر نەرسە دېگۈسى

باردەك قىلغان، لېكىن، سۆزلىشىشكە ئىمكان بولمىدى. بىر ئامال قىلىپ ئۆي ـ خىيالىنى بىلىۋالسام بولاتتى. ھېچ بولمىسا قېچىپ كېتىشىمگە بولسىمۇ ياردىمى تېگىپ قالاتتى. بەلكى بىر قىش قورشاۋدا تۇردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ لەشكەر تارتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى بەكمۇ قۇدرەتلىك، ئۆزىنى قالتىس جاسارەتلىك دەپ ئاڭلىۋىدىم. بەلكىم كاتتا شەھىرى تەھلىكىدە تۇرسا كارى بولمىدىغۇ ئەجەب ياكى ئۇمۇ شەيبانىخاندىن قورقۇپ قالدىمىكىن؟...»

سەئىدخاننىڭ خىيالىنى ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن نۆكەر بېشى ئۈزۈپ قويدى:

ـــ خانزادەمگە مەلۇم بولغاي. قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىز دەرگاھىغا چىللاپتۇ.

ـــ سەئىدخان دورداي كالپۇك، قىيسىق كۆز نۆكەر بېشىغا ياقتۇرمىغان ھالەتتە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

«نېمە گېپى بار بولغىيدى؟ ئەجەب بۇ چاغ بولغاندا چاقىرىپ قاپتا...»

شاھ چېدىرىغا چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى جۇغلىشىپ بولغانىدى. سەئىدخان قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال تۆردە كېرىلىپ ئولتۇرغان شەيبانىخانغا، ئاندىن باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە تەۋازۇ بىلەن سالام بەردى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئالىيلىرى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم جانابلار!

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

شەيبانىخاندىن باشقىلار باشلىرىنى سەل ئېگىپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشتى.

شەيبانىخان ئارقا رەتتىكى تۆۋەن دەرىجىلىك سەركەردىلەر قاتارىدىكى ئورنىغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېتىپ بارغان سەئىدخانغا مەسخىرىلىك قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ خانزادە ئەتىگەندىن بېرى غىزالانمىدىلىمۇ قانداق، قە-

دەملىرى ئەجەب جانسىزغۇ؟

سەئىدخان تاققىدە توختاپ، بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— يوقسۇ ئالىيلىرى، ئۇبدان غىزالىنىۋاتىمەن. ئاياغلىرىمۇ قۇۋۋەتلىك. كۆزلىرىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ قالغان چېغى.

— مۇنداق دېسىلە. دەرگاھىمىزدا يەپ ـ ئىچىدىغان نېمەتلەر تولا. تويۇنۇپ غىزالىنىپ تۇرسىلا.

— ھىممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت ئالىيلىرى، — دېدى سەئىدخان تەمكىنلىك بىلەن، — بىر قىسىم ئادەملەر بۇ دۇنيادا ياشىنى يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ، ئەمما مەن بولسام بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن يەپ ـ ئىچىمەن.

— ھېكمەت! ھېكمەت! — شەيبانىخان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھىجايدى، — خانزادە كىچىك بولغىنى بىلەن ئوي ـ پىكرى ئاجايىپ ئۆتكۈر ئىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا موغۇلىستاندىمۇ پازىل كىشىلەر بار ئوخشايدۇ.

— ئول جاي گەرچە سەمەرقەنت، ھىرات، بۇخارادەك ئالىم ـ ئۆلىمالار توپلاشقان شەھەرلەردىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن مال ـ دۇنيادىن كۆرە ئىلىم ـ پەزىلەتنى دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئىنسانىي كامىللىقنىڭ نىشانى دەپ بىلىدىغان پازىللار نۇرغۇن. كەمىنىلىرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سەمەرقەنت، ھىرات، بۇخارادەك كاتتا پازىللار جۇغلاشقان شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ يۈرۈپمۇ قىلچىلىك ئىلىم ـ پەزىلەت ئۆگەنمىگىنىگە ھەيرانمەن.

سەئىدخانىنىڭ بۇ گەپنى كىمگە ئىشارە قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن شەيبانىخانىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، چاندۇرمىدى:

— راست ئېيتتىلا خانزادە. مەدرىسەدە خەرمۇ بولدۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ئالىيلىرى. بىراق، ئىلىم ـ پەزىلەت ئۆگەنمىد-

www.uyghurkitap.com

گەن ئۇل كىشىلەردىن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى كۆتۈرۈپ مەدرىسەگە ئېلىپ كەلگەن خەر ياخشىراقتۇر.

سەئىدخاننى مەسخىرە قىلىش مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەن شەيبانىخان گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى:

ــ جاي ئالسۇنلا، ــ دېدى ئۇ چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بېرىپ، ــ ھەربىرلىرىنى دەرگاھىمغا چىللاشتىكى مۇددىئا شۇلكى، قىشتىن بېرى بەلخنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولۇپ، خوراسان ھۆكۈمدارى ھۇسەيىن بايقارا مىرزىنى ئىمتىھان قىلىپ كۆردۇق. ئاقىۋەتتە مەلۇم بولدىكى، ئۇل ھۇسەيىن بايقارامۇ خۇسرەۋ شاھقا ئوخشاش خۇددى داستىخانغا چۈشكەن چىۋىندەك بىر ئىشارىگىمۇ يارىمىغۇدەك. ئەسلىدە بۇ يىل ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاندىن ئىران ـ ئەجەم زېمىنلىرىغا يۈرۈش قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈككەندۇق. ئويلاپ باقسام، ئارقىمىزغا خەتەرلىك بىر دۈشمەننى تاشلاپ قويۇپتىمىز. گەرچە پەرغانىنى ئۇچچى ئىگىلىۋالغان ئۇل ئەھمەد تەنبەل بىزگە ساداقەت ئىزھار قىلىپ ئىتائەت گەردىنىنى سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەدىسىگە زىنھار ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۆز پاسىبانلىرى بولمىش بابۇر مىرزا بىلەن جاھانگىر مىرزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن خائىنلىق قىلغان ئۇل تۈزكوردىن بىزگە قانچىلىك ۋاپا كېلەر؟ شۇڭا دەرھال كەينىمىزگە يېنىپ، ئاۋۋال ئەھمەد تەنبەلدىن تەلتۆكۈس خالاس بولايلى. خۇسرەۋ شاھ بىلەن ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئىشىنى ئاندىن بىر تەرەپ قىلساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز. شۇڭا، بارلىق سەركەردىلەر ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، بۇگۈنلا ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىققاي.

ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېدى ئەمىر ـ سەركەردىلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ.

«ئەھمەد تەنبەل بىلەن شەيبانىخاننىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلغىنى بەلەن بوپتۇ، ــ دەپ ئويلىدى سەئىدخان ئۆز چېدىرىغا كېتىپ بېرىپ، ــ ئەھمەد تەنبەل ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭمۇ

ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ئەمدى شەيبانىخان ئارقا تەرىپىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ ئۇل تۈزكورنى يوقىتىدىغان بولدى. ئىككى سەگ تالاشسا، خىرس قىلىدىغان سەگدىن بىرى ئازىيىدۇ دېگەن گەپ. ئاغام بابۇر پادىشاھ ھازىر نەدىكىن؟ بۇنداق مەلۇماتلارنى شەيبانىخان مەندىن سىر تۇتىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە قېچىشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولارمىكىن...»

※ ※ ※

قارا تىگىننىڭ شەرقى تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان تۇرقىشاران جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى ھەم تار، ھەم ئېگىز قىيا ئىدى. جىلغىنىڭ ئىچىدە بىرەر يۈز ئۆيلۈك چەگرەك[1]لەر چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. خېلىدىن بېرى قارا تىگىن تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان تۇرقىشاران جىلغىسىنىڭ مۇداپىئەگە ئەپلىك، پاناھلىنىشقا ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «جىلغىنىڭ ئېغىزىغا يۈز لەشكەر تۇرغۇزۇپ قويسا، تۈمەن لەشكەر كىرەلمىگۈدەك» دەپ ئويلىغانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئەھمەد تەنبەلنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىغا تاقابىل تۇرالماي، ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ جىلغىدا پاناھلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئويى خاتا چىقمىغانىدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئەھمەد تەنبەلنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى توختىماي ھۇجۇم قىلىپمۇ، جىلغىغا كىرەلمىگەنىدى.

ئەھمەد تەنبەل قارا تىگىن تاغلىرىدا ياشايدىغان چەگرەكلەرنى باج ـ سېلىق تاپشۇرمىدى دېگەن باھانە بىلەن لەشكەر باشلاپ كېلىپ بۇلاپ ـ تالىغان، ئۆلتۈرگەن، ھەتتا ئۇلارغا قاتتىق ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چەگرەك ئەرلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، لىق بىر تاغار ئادەم بېشىنى قېچىرغا ئارتىپ سارايى قىلغا-

① چەگرەك ــ يەرلىك قوۋم.

نىدى. شۇ سەۋەبتىن چەگرەكلەر ئەھمەد تەنبەلگە چىش ـ تىرنىـ قىغىچە ئۆچ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۇچ كۇندىن بېرى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ياردەم بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋغا قىيانىڭ ئۇستىدىن تاش دومىلىتاتتى. گەرچە ئۇلار دۇشمەننىڭ ھۇجۇمنى ئۇنۇملۇك چېكىندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى يەنىلا غەم بېسىۋالغانىدى.

«ئۇچ كۇندىن بېرى جان پىدالىق بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداۋاتىمىز. تەنبەل ھۇجۇمنى توختاتمىسا ئەھۋالىمىز قانداق بولار؟ جىلغىدىكى چەگرەكلەرنىڭ مال ـ چارۋىلىرىمۇ تايىنلىق. ھېلىمۇ ئۇچ كۇندىن بېرى ھېچنېمىسىنى ئايىماي بىزنى بېقىۋاتىدۇ. قوتىنىدىكى مال ـ چارۋىلىرى كۇندىن ـ كۇنگە ئازلاۋاتىدۇ. خېلى كۆپ ئائىلىنىڭ قوتانلىرى قۇرۇقدىلىپ بولدى. جىلغىنىڭ ئارقىسى تاغ، ئۇ يەردىن يامىشىپ چىقىش بەسىي مۇشكۇل. يەنە ئىككى ـ ئۇچ كۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممە چارۋىلىرى تۇگەيدۇ. بەلكىم ئاتلىرىمىزنى ئۆلتۇرۇپ يەپ، بىرەر ـ ئىككى ھەپتە جان ساقلىيالارمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ بۇ جىلغىدا سۇ، ئوت ـ چۆپتىن باشقا ھېچنېمە يوق. تۇزلۇك ئوۋ تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا ئەھمەد تەنبەل چېكىنمەي تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئاچلىقتىن ئۆلۇپ كېتىمىز. بىزغۇ مەيلى، جاننى ئاللىقاچان ئالدىغا ئېلىپ قويغانمىز. ئەمما، ئاق كۆڭۇل، مەرد چەگرەكلەر بىزنىڭ ۋابالىمىزغا كەتمىسە بولاتتى. يېڭىلىپ قالىدىغان بولساق، ئەھمەد تەنبەل ئۇلارغا ھەرگىز رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ. ئەينى يىلىمۇ بىر تاغارغا لىق ئادەم كاللىسىنى قاچىلاپ كەتكەنىكەن ئۇل قانخور. ياكى بولمىسا سۇلھى تەلەپ قىلايمىكىن. ئىشقىلىپ بىگۇناھ چەگرەكلەر ئامان قالىدىغان ئىش بولسا، مېنى نېمە قىلسا مەيلىتى. ھامىنى بىر ئۆلۇم. تەقدىر ـ پېشانەمگە شۇنداق پۇتكەن ئوخشايدۇ. ئىسىت، سۆيۇملۇك ئوغلۇم مۇھەممەد ھەيدەرنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم ـ دە، ھىساردىكى چاغدا نېمىشقىمۇ

ئۇنى ئاغىچام سۇلتان بېگىم بىلەن بىللە تۇغۇ يۈرەك خۇسرەۋ شاھنىڭ ھەرىمىدە قويۇپ قويغان بولغىيدىم؟ بارگاھتا ئۆزۈم بىـ لەن بىللە تۇرغۇزغان بولسام... راست، ئۇلارنىڭ شۇ يەردە قالغىـ نىمۇ ياخشى بوپتىكەن. بولمىسا مېنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنغان ئەھمەد تەنبەل ئوغلۇمنى ئامان قويمايتتى. شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ھىممىتىگە يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر. ھەر ھالدا ئوغلۇم ھايات قالـ غۇدەك. ئەسلىدە شەيبانىخانىنىڭ بەلختىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ پەرغانىنى ئەھمەد تەنبەلدىن تارتىۋالارمەن، ئاندىن سۇلتان مەھـ مۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان ھەمدە ئىنىم سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، بىرلىكتە شەيبانىخانغا لەشكەر تارـ تارمەن دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئاللاھ ئىگەم بۇ مەقسەتكە يەتكۈزـ مەيدىغان ئوخشايدۇ. ئوغلۇم كىچىك تۇرۇپ قارا يېتىم بولۇپ قالارمۇ ئەمدى؟ ھېچبولمىغاندا سۆيۈملۈك رەپىقەم خۇبنىگار خېـ نىم ھايات بولغان بولسىمۇ خاتىرجەم بولاتتىم. سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالارمىكىن؟ پەقەت بولمىغاندا بابۇر مىرـ زىغا تاپشۇرۇپ بەرسىمۇ بولاتتى. نەۋرە ئىنىسى بولغاندىكىن، ئۆز ئىنىسى ياكى ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ پەرۋىش قىلاتتى...»

ئۇ مانا مۇشۇنداق تەگسىز، ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىدى، بامدات ۋاقتى بولۇپ قالغاـ نىدى، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭغىچە سۈبـ ھى كۆتۈرۈلۈپ تۇرقىشاران جىلغىسى سۈزۈلدى. تاغ چوققىلىرىدـ دىكى ئېرىمىگەن قارلار شەرقىي ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا پارقىراشقا باشلىدى.

ئۇ تاغ چوققىلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، جىلغىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ماڭدى. تۇرقىدىن قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك قىلاتتى. ياۋ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئېگىزگە چىدىر تىككۈزگەنىدى. شۇنداقلا پەسكە قاراپ ھەيران قالدى. جىلغىنىڭ ئېغىزىدىن ئىككى چاقىرىم نېرىدا بارگاھ تىككەن ياۋ لەشكەرلىرى توپ ـ توپ بولۇپ چېكىنىۋاتاتـ

www.uyghurkitap.com

تى. چېدىر ـ قارارگاھلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
«بۇ نېمە ئىش، ئەھمەد تەنبەل لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ-تۇ ـ يا؟ ئۈچ كۈندىن بېرى شۇنچە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپمۇ جىلغىغا كىرەلمەي زېرىكتىمۇ ـ يا؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە ئاسان بەل قويۇۋەتمەس. شۇنداق، ئۇ ئۇنچە ئەخمەق ئەمەس. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېگۈدەك ھېچنېمىمىز قالمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەجەبا، چېكىنىش ھىيلىسى ئىشلىتىپ، بىزنى جىلغىدىن ئالداپ چىقارماقچىمىدۇ ـ يا؟ ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، بۇ تەگرىنىڭ قىلغان ئىنايىتى. ھەرقانداق بەدەل تۆلەپمۇ بولسا جىلغىدىن چىقىپ كېتىش كېرەك. توختا، ئاۋۋال ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتەي...»

شۇ دەقىقىدە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇستىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يەڭگىللەپ قالغاندى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىككى نۆكىرى ئېغىر يارىلانغان بىر لەشكەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەھمەد تەنبەل يارىلانغان لەشكەرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدىراپ چېكىنگەندەك قىلاتتى.

ـــ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى، ـــ دېدى يارىلانغان لەشكەر لاغ ـ لاغ تىترىگىنىچە.

ـــ ئېيتە، ئەھمەد تەنبەل نېمىشقا لەشكەر چېكىندۈردى؟

ـــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، تەڭ كېچىدە ئەندىجاندىن چاپارمەن كەلدى. شەيبانىخان لەشكەر تارتىپ كەندىبادامغا يېتىپ كەپتۇدەك. شۇڭا ئەھمەد تەنبەل جانابلىرى ئالدىراش ئارقىسىغا ياندى. مەن ئېغىر يارىلانغانلىقىم ئۈچۈن تاشلاپ قويۇپ كەتتى. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى.

ـــ ئۇنىڭغا يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىڭلار. جەرراھلار يارىسىنى ئەملەپ قويسۇن.

لەشكەرلەر يارىلانغان ياۋ لەشكىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

چېدىردا يالغۇز قالغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان قايتىدىن خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

«ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ بابۇر پادىشاھنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان تەقدىردىمۇ، قولىدا تۈزۈك لەشكەر يوق. شەيبانىخان بولسا كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كې ـ تىپ بارىدۇ. ھازىر بۇ ئىقلىمدا خۇراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادىن باشقا، ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالىغۇدەك خان ـ سۇلتانلار قالمىدى. لېكىن ئۇنىڭمۇ نىيەت ـ ئىقبالىنى بىلمەك تەس. بەلكىم ئۇمۇ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەيبانىخان بىلەن سۈلھى قىلار. مېنىڭ ئەھۋالىم بولسا مۇشۇنچىلىك، ھەتتا ئەھمەد تەنبەلگىمۇ تەڭ كېلەلمىدىم. بۇنداق ئەھۋالدا شەيبانىخان بىلەن يەنە تىركەشسەم، بىلىپ تۇرۇپ تۇ ـ خۇمنى تاشقا ئۇرغان بولىمەن. بىر ئۆمۈر قاچقۇنلۇقتا ياشاشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ياكى بولمىسا ھازىرچە شەيبانىخانغا ئىتائەت بىلدۈرگەچ تۇرايمىكىن. شۇنداق، ياۋغا تاقابىل تۇرالمىغاندا سۈل ـ ھى قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ بويسۇنۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە باشقىچە يول تۇتمايمەنمۇ. سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسى سەئىدخانمۇ شەيبانىخاننىڭ قولىدا، مۇشۇ باھانىدا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقساممۇ ھېساب. ئەھ ـ مەد تەنبەلنىڭ شەيبانىخاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئالدىراش چې ـ كىنگىنىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسى چوقۇم بۇزۇلغان گەپ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا شەيبانىخاندىن ئەپۇ سوراپ، ئىتائەت بىلدۈر ـ سەم چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەيبانىخان بىلەن ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئارىسىنى بۇزاي. ئىككىسىنىڭ قايتىدىن ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاي. ئىككىسى ئېلىشسا ھا ـ مان بىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن دۈشمەن ـ نى يوقىتىش دېيمىز. شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان خېلى تۈزۈك ئادەم، ئاغىسىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئوتتۇرىمىزدا يامان ئەمەس دوستلۇق بار ئىدى. بەلكىم ئۇمۇ ياردەم قىلىشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن...»

بىر قارارغا كەلگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈرۈپ، شەيبانىخانغا ئالدىراش خەت يېزىشقا باشلىدى.

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!*

*جانابى ئىسكەندەر سانى، خەلىپەئى رەھمان، ئىمامى زامان مۇھەممەد شەيبانىخان ئالىيلىرىغا كەمىنە مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان قۇدرەتلىك ئاللاھتىن تەن ساقلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر، تېخىمۇ زىيادە تەخت ـ سەلتەنەت تىلەش بىلەن بىللە بىھېساب دوستلۇق سالىمى يوللايمەن.*

*مۇتلەق دانا ۋە ھەقىقىي ھۆكۈمران بولغان تەڭرى ئۇلۇغلۇقى، روشەن ھېكمىتى ۋە غالىب ھۆكمىنىڭ تەقەززاسى بىلەن خالىسا بىراۋغا تاج ۋە سەلتەنەت بېرىپ ئەزىزلەپ، ئۇنى زامانداشلىرى ئارىسىدا يېگانە قىلىدۇ ۋە جاي ـ جايلاردىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەرد ـ ئەزىمەتلەرنى، جاھان تۇتالايدىغان ئاقىللارنى بىر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى غەپلەت، مەغرۇرلۇق، خاتالىق ۋە بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىگە دۇچار قىلىدۇ، كۆزلىرىنى كور، قۇلاقلىرىنى گاس قىلىدۇ.*

*جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ ھازىرقى يۈكسەك مەرتىۋىلىرى ئالدى بىلەن جانابى ھەقتائاللاھنىڭ ئىنايىتى، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنىڭ دانىشمەنلەرگە خاس ئەقىل ـ پاراسىتى، جاھان مەردلىرىگە خاس جاسارىتى بىلەن قولغا كەلدى. ئۇشبۇ قۇياش كەبى پاكىتنى كۆرگەن كەمىنىلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىرىگە قايىل بولماي، چىن يۈرىكىدىن تەھسىن ئېيتماي ھېچ ئىلاجى يوقتۇر.*

*نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى زاماننىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن، شەيتىنىم شەۋكەتلىرىنى كىچىك كۆرسىتىپ، بويۇنتاۋلىق قىلىپ يۈرگەنىدىم. گەرچە نەچچە قېتىملاپ*

دەرگاھلىرىغا بېرىپ، ئەپۇ سوراپ، گۇناھىمنى تىلەش نىيىتىگە كەلگەن بولساممۇ، ئەۋۋەلەمبار مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالماي، ئىككىنەنچىدىن غەزەپ قىلىشلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىككى تايىن بولۇپ يۈردۈم. مانا ئەمدى قۇلىقىمغا مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا يەتكەنلىكى ئىشىتىلدى. شۇ ھامان جېنىمغا جان قوشۇلغاندەك بولدى. ئۆز ـ ئۆزۈمنى: «ئەمدى يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن. دەرھال قىلمىشىڭنى بوينۇڭغا ئېلىپ گۇناھىڭنى تىلە ۋە ئەپۇ قىلدىشىنى ئۆتۈن، يەنە ئىككىلەنسەڭ پۇرسەت كېتىدۇ. كەڭ قورساق، ئەپۇچان خان ئالىيلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن ئەبەدىي مەھرۇم قالىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇردۇم ـ دە، ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشقا پېتىندىم.

شۇ كۈنلەردە ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن ئەھمەد تەنبەل كىچىككىنە پەرغانە ۋادىسى ۋە ئازغىنە لەشكەرلىرىگە تەمەننا قويۇپ، قۇدرەتلىك سەلتەنەتلىرىنى كۆزگە ئىلماي، پات يېقىندا شەيبانىخاننى بابىسى ئوبۇلخەيرىخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، تەختىمنى ئاۋۋال تاشكەنتكە، ئاندىن سەمەرقەنتكە تىكلەيمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەنىدى. ناۋادا ئالىيلىرى كەمىنە مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ بىلدۈرگەن ساداقىتىگە ئىشەنسە، سەركەشلىك قىلغان گۇناھىمنى يۇيۇشقا بىر قېتىم پۇرسەت بەرسە، ئول تۇزكورنى ئۆز قولۇم بىلەن باغلاپ كېلىپ تەختلىرى ئالدىغا يۈكۈندۈرىمەن. بۇ ئالىيلىرىغا كۆرسەتكەن تۆھپەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بۇنداق دېيىشىمدىكى مەقسەت — ھەرگىزمۇ ئالىيلىرىدىن مەنسەپ، مەرتىۋە، ئىمتىياز تەلەپ قىلىش ئەمەس، نەزەرلىرىگە ئىلىنىپ دەرگاھلىرىدا ئاددىي نۆكەر بولالىسام شۇ كۇپايە. قالدىسى ئالىيلىرىنىڭ جاھاننى يورۇتقۇچى يارلىقى قانداق بېرىلسە

*خىزمەتكە بېشىم بىلەن تەييارمەن.*
*كامالى ئېھتىرام بىلەن نۆكەرلىرى مىرزا مۇھەممەد*
*ھۇسەيىن كۆرەگاندىن دەپ بىلۈرلا.*
*نامە تامام ۋەسسالام».*

خەتنى ئېلىپ كەتكەن سەركەردە مەۋلانە مۇھەممەد ئۈچىنچى كۈنى شەيبانىخاننىڭ جاۋاب خېتىنى ئېلىپ كەلدى.

دىلىغۇللۇق ئىچىدە ئولتۇرغان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان خەتنى ئالدىراش ئېچىپ ئوقۇدى. شەيبانىخان خېتىدە نۇرغۇن ھۆرمەت ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىپ، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ساداقىتىنى ماختىغاندىن كېيىن، ئۇنى تېزرەك يېنىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

ــ ئەندىجان تەرەپتىكى ئەھۋال قانداقراق؟ ــ دەپ سورىدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان سەركەردىسى مەۋلانە مۇھەممەدكە قاراپ.

ــ ئەھمەد تەنبەل شەھەرنى بېكىتىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋېتىپتۇ. شەيبانىخان ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي تېگىش قىلىپمۇ سېپىل تۈۋىگە يېقىنلىشالماپتۇ. جانابلىرىغا مەلۇملۇق، ئەندىجان شەھىرىنىڭ سېپىللىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم، قورال ـ ياراغ ئەسلىھەلىرى خىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ مول. شەيبانىخاننىڭ ئەھمەد تەنبەلنى ئاسانلىقچە بويسۇندۇرالىشى تەس.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئۇ مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، ــ شەيبانىخان ھازىر ئەندىجان شەھىرىنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەھمەد تەنبەلنى تېزدىن بويسۇندۇرالمىسا، نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى تىكلىگەن شانۇ شەۋكىتىگە نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەندىجان شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان مەندەك سەركەردىگە تولىمۇ موھتاج.

ــ ئەينى مۇددىئا، ــ دېدى مەۋلانە مۇھەممەد، ــ شەيبانى-

خان مەكتۇپلىرىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. «تېز بېرىپ كۆرەگان جانابلىرىغا يەتكۈز. تېزرەك يېتىپ كەلسۇن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.

«ئەندىجانغا بېرىشىم يولۋاس ئۇۋىسىغا ئۆز ئايىغىم بىلەن بارغانغا باراۋەر. مېنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ شەيبانىخان تولىمۇ ھىيلىگەر، گۇمانخور ئادەم. ئەھۋالغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلارمەن. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن ئەھمەد تەنبەلنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن...»

ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

※ ※ ※

ئادەتتە ھەرقانداق ئادەمنى بىر ئاش پىشىم ساقلىتىپ ئاندىن قوبۇل قىلىدىغان شەيبانىخان، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ئىستىقبالىغا بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن چىقىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ھەشەم بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ھۆرمىتىگە شاھانە داستىخان راسلاپ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ھەممىڭلار بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، كۆرەگان جانابلىرىغا شاراب تۇتۇڭلار، — دېدى ئۇ ئەمىرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ.

شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاندىن باشلاپ بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا شاراب تۇتتى، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشتى. پەقەت سەئىدخانلا تېخى بۈگۈنگىچە چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ھامىمىسىنىڭ ئېرىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، سوغۇققان كەيپىياتتا ئولتۇرۇۋەردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

«... ئۆز ۋاقتىدا خان ئاتام ئۇنى پات ـ پات تىلغا ئېلىپ ئۇنداق جاسارەتلىكەي، مۇنداق ساداقەتلىكەي دەپ ماختايتتى. ئە-

www.uyghurkitap.com

جەبا، خان ئاتام ئۇنى چۈشەنمىگەن بولغىيمىدى؟ ئۇنىڭغا ھېلىغىچە ئۈمىد باغلاپ يۈرۈپتىمەن تېخى. تايىنلىق ئادەم ئىكەنغۇ. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ، شەيبانىخانىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى مانا. تېخى ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئوبدانلا بۇرادەرچىلىكى باردەك قىلىدۇ. قەدىناسلاردەك كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سورىشىپ كەتتى. ئۇنى تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بىلەن كىچىكىدىن ئاداش ـ ئاغىنە بولۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئول تاغامنىڭ چەكسىز قەدىرلىشىگە، ئەتىۋارلىشىغا نائىل بولغان دەپ ئاڭلىغۇيدىم. ھاممام مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىپ، كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزگەنىكەن. شۇنچىۋالا ئالىي ھىممەتلەرگە قايتۇرغان تەشەككۈرى مۇشۇ بولدىغۇ ئاخىر. ئۆز پاسبانىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى تارتىۋالغان ئادەمگە ساداقەت بىلدۈرگەن ئادەمنى قانداقسىگە ۋاپا ئەھلى دېگىلى بولسۇن؟! ئىسىت، نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى غايىبانە ياد ئەتكىنىم، سېغىنىپ، ئۈمىد باغلىغىنىم. ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ئول شەيبانىخانغا تەۋازۇ قىلىپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى. ئەسلىدە بىر خۇشامەتچى ئىكەن ئەمەسمۇ؟...»

ــ خانزادە تېخىچىلا كۆرەگان جانابلىرىغا شاراب تۇتاي دېمەيلىغۇ؟ ــ دېدى شەيبانىخان سەئىدخاننىڭ ئاچچىق خىياللىرىنى بۆلۈپ، ــ تونۇشۇپ قويسىلا، ئۇ دېگەن مەرھۇم ھاممىلىرى مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنىڭ كۈيۈسى بولىدۇ. بىر ھېسابتا تاغىلىرى بىلەن ئوخشاش.

سەئىدخان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا مەنستىمەسلىك بىلەن يالت ئېتىپ قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ كۆرەگان جانابلىرىنىڭ قورسىقى خان ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ تۇتقان ھۆرمەت شارابىدا ئاللىقاچان شالاقلاپ كەتتى، كەمىنىلىرى بولسىمۇ بىر قەدەھ شارابنى ئىسراپ قىلماي دەيمەن.

شەيبانىخان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ كۆردىلىمۇ كۆرەگان جانابلىرى، ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ خانزادىسى مانا مۇشۇنداق گەپدان. يۈز ـ خاتىر دېگەننىمۇ بىلمەيدۇ.

ــ خانزادە ھەقىقەتەن ئوچۇق سۆزلۈك ئىكەن، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان سەئىدخانغا مېھرى بىلەن قاراپ، ــ مېنى مەست بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئاياۋاتىدۇ.

ھەئە، شۇ تاپتا سەئىدخاننىڭ ئاچچىق كىنايىسىنى پەقەت مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانلا چۈشەنگەنىدى.

«سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ خانزادىسى ھەقىقەتەن شىر يۈرەك ئەزىمەت بولۇپتۇ. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇ مېنىڭ شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بويۇن ئېگىپ كەلگىنىمگە قاتتىق رەنجىدى. شۇڭا كۆزىگە ئىلمايۋاتىدۇ. شەيبانىخاننىڭ ئايىغىدا سەگدەك ئۆملەپ، قۇيۇپ بەرگەن يۇندىسىنى ئىچىۋاتىسەن دەپ تەنە قىلىۋاتىدۇ. مەيلىلا، ھازىرچە رەنجىگەچ تۇرسۇن، كېيىن پۇرسەت تېپىپ چۈشەندۈرۈپ قويارمەن. شەيبانىخان تولىمۇ ھىيلىگەر ئادەم، كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس. ھەتتا ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئوغلى تۆمۈر سۇلتاندىنمۇ سىر يوشۇرىدۇ. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلاي...»

ــ جانابى ئەمىرلەر، ــ دېدى شەيبانىخان ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە تەكشى قاراپ، ــ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرى مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىمدۇر. ھەممىڭلار ئۇنىڭغا مېھماندارچىلىق قىلغايسىلەر.

ــ باش ئۈستىگە! ــ دېدى ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

سورۇن تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشتى. شەيبانىخان سورۇندا ئەندىجان مۇھاسىرىسى، ئەھمەد تەنبەل ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئەمىر ـ سەركەردىلەر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى نۆۋەت بويىچە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ بىر نەچچە كۈندە ئەندىجان شەھىرىگە پەقەتلا تېگىش قىلمىدى. گويا

ئۇلار بۇ چوڭ ئىشنى پۈتۈنلەي ئىسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان سەئىدخان بىلەن ئايرىم ئۇچ-رىشىشقا پەقەتلا پۇرسەت تاپالمىدى. ئەللىك نەپەر نۆكىرىنىڭ سەئىدخان نەگە بارسا بىر قەدەم ئايرىلماي يۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ئېھتىيات قىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شەيبانىخانىنىڭ ئى-نىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن خېلى ئوبدان دوستلۇقى بار ئىدى. شەيبانىخانىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن تارتىپ، مەھمۇد سۇلتان ئۇ-نىڭغا كۈندە دېگۈدەك ھەمراھ بولۇۋاتاتتى.

— تۇرپان تەرەپتىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتامدىلا كۆرەگان جانابلىرى؟ — بىر كۈنى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى مەھ-مۇد سۇلتان.

— يوقسۇ، تېخىچە خەۋەرلىشەلمىدىم، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، — ئەسلىدە چاپارمەن ئەۋەتىپ خەۋەرلىشىش خىيالىم بار ئىدى. لېكىن، مۇقىم بىر جايدا تۇرالمىغانلىقىم ئۈ-چۈن مۇمكىن بولمىدى. ئۇلاردىنمۇ چاپارمەن كەلمىدى.

— بەلكىم كەلگەن بولسىمۇ سىلىنى تاپالمىغاندۇ؟

— بۇمۇ ئېھتىمال. ھېچبولمىغاندا ئىنىم سەيىد مۇھەممەد مىرزا دېرىكىمنى قىلاتتى.

— سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن بو-لۇپ، بۇ ئىشقا چولىسى تەگمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان تۇرۇپلا قالدى:

— نېمە دېدىلە جانابلىرى؟ سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى قازا قىلىپ كەتتىمۇ؟

مەھمۇد سۇلتان ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— بول مۇسىبەتتىن تېخىچىلا خەۋەرسىز ئوخشىمامدىلا؟

— زىنھار خەۋەرسىزمەن. قانداق بولۇپ قازا قىلغاندۇ؟

— تەپسىلاتىنى بىزمۇ بىلمىدۇق. ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ئايغاق-

چى ئاشۇنداق خەۋەر ئېلىپ كەلدى. كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىلىپ كېتىپتۇدەك. خانزادە سەئىدخان ئاتىسىنىڭ مۇسىبىتىدىن تېخىچە خەۋەرسىز. ئاغام شەيبانىخان ئالىيلىرى بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇشىمىزنى جېكىلىگەن بولغاچقا، ھازىرغىچە بىلدۈرمىدۇق. سىلىمۇ بىر مەزگىل سىر تۇتقايلا.

— ئارى، خانزادە ھازىرچە مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپمىغىنى تۈزۈك. كېيىنچە بىلدۈرەرمىز.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى .

«سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى قازا قىلغان بولسا، ئۇل تەرەپتىن ئەمدى زىيادە ئۈمىد كۈتمىسەممۇ بولغۇدەك. ئۇنىڭ چوڭ خانزادىسى تۇرپاندا نائىب خان بولۇپ سەلتەنەتكە پاسىبانلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئۇ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا قانداقراق مۇئامىلە قىلاركىن؟ ياكى تەخت ـ سەلتەنەتتىن ئەنسىرەپ تاغىسىغا ئېتىبار قىلماسمىكىن؟ ئەمدى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس بولغۇدەك. ئامەت قاچسا كېلىشمەسلىك ئارقىمۇئارقا كېلىدىكەن. جىيەن بىلەن تاغىنىڭ مېھرى ھەرگىزمۇ ئاغا ـ ئىنىنىڭ مېھرىدەك بولمايدۇ. شۇڭىمۇ كونىلار تاغاڭدىن تاغار ياخشى، ھاماڭدىن باداڭ ياخشى دەيدۇ ئەمەسمۇ. خان ئالىيلىرى ئەمدىلىكتە جىيەنىنىڭ قولىغا قاراپ قالارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا تەخت ـ سەلتەنەتنى تارتتۇرۇپ قويغاندىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ قېشىغا چاپارمەن ئەۋەتەي. ھېلىمۇ ياخشى يېنىدا ئىنىم سەييىد مۇھەممەد مىرزا بار. تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ تۇرغاندۇ بەلكىم...»

ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ مەھمۇد سۇلتان ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار.

www.uyghurkitap.com

ــ تەسەللى بەرگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ــ سۇلتان ئەھمەد ـ خان ئالىيلىرى ياش ئىدى. تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرگەنىدى.

ــ قانداق قىلىمىز. ئۆلۈم دېگەن ياش ـ قېرىغا باقمايدىكەن. جان تەندە ئامانەت دەيدۇ ئەمەسمۇ. ھەرقانداق بەندە ئەجەل يەتكەندە ئۇل ئامانەتنى تاپشۇرماي ئامالى يوق. ئەمدى تىرىكلىك ـ نىڭ غېمىنى يېسىلە.

ــ سىلىدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان مەھمۇد سۇلتاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ــ خانزادە سەئىدخان بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ باقسام بولاتتى. لېكىن نۆكەرلەر ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولمىغاچقا، پەقەت پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ.

ــ خانزادە سەئىدخان بىلەن كۆرۈشۈش ئىشىغا ھازىرچە ئالدىرىمىسىلا، پۇرسىتىنى مەن كەلتۈرۈپ بېرەي. راستىنى دې ـ سەم، ــ دېدى مەھمۇد سۇلتان سەممىيلىك بىلەن، ــ ئاغام شەيبانىخان ئالىيلىرى مەندەك بىر قورساق ئىنىسىغىمۇ ئىشەن ـ مەيدۇ، سىلىگىمۇ مەلۇملۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئىلكىمدىكى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىپ ئاغامغا ھەمدەمدە بولمىغان بولسام، ئۇنىڭ بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى ئېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئە ـ مەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلكىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بەرگەن. چىڭ يېرىگە كەلگەندە ئۇلار ئاغامنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىمايتتى. پەقەت مېنىڭ ئاشۇ ئىككى تۈمەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرالىدى. شۇڭا بۇنىڭدىن خەۋەردار خالايىقنىڭ ھەممىسى: «شەي ـ بانىخاننىڭ دۆلىتى ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئىشى مەھمۇد سۇلتاننىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى بى ـ لەن بولىدۇ» دېيىشىدۇ. سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن، ئاغام مۇخالىپەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۇلتان مەھمۇدخان

ئالىيلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى. شۇ چاغدا پەقەت بىر ئىشتىن ــ جا ـ نابلىرى بىلەن جەڭگاھتا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ۋايىم يېدىم. چۈنكى، ئاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ئوردىسىدا خىز ـ مەت قىلغاندىن بېرى بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ، سىلى بىلەن ئوت ـ تۇرىمىزدا دوستلۇق رىشتىسى پەيدا بولغانىدى. سىلى قانداق قارايدىلا بىلمەيمەن، ئەمما مەن بۇ دوستلۇقنى بەكمۇ قەدىرلەيت ـ تىم. ئوچۇق سۆزلۈك، مەردۇ مەردانە، ساداقەتمەنلىكلىرىنى ياق ـ تۇراتتىم. گەرچە ئاغامنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىلىمۇ، ماڭا چىن يۈرەكلىرىدىن ئىززەت كۆرسىتەتتىلە. ئالدىمدا ئاغامنىڭ زىنهار يامان گېپىنى قىلمايتتىلە. يېقىن دوستى بىلەن جەڭگاھ ـ تا رەقىبلەردىن بولۇپ قېلىش ھەقىقەتەن دەھشەتلىك ئىش ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، بۇ ھايات دەھشىتى بىزگە نېسىپ بولمىدى. كې ـ يىن تۆرەتۆپىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىرىنى ئاڭلىدىم. ھەردا ـ ئىم غەملىرىنى يەپ تۇردۇم، ئامانلىقلىرىنى تىلىدىم. ھۆ ـ كۈمدارلارنىڭ تەخت ـ سەلتەنەت، زېمىن تالىشىشى ئەزەلدىن بار ئىش. ھەتتا ئاتا ـ بالا، ئاغا ـ ئىنىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. شۇڭا ئاغام شەيبانىخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن تاشكەنتنى تارتىۋېلىپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئىگ ـ گىلىۋېلىشىنى خاتا ئىش دەپ قارىمايمەن. بىراق، ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ خانىشىنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىشى ھە ـ قىقەتەن چەكتىن ئېشىپ كەتتى. ئەسلىدە شۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ سۆيۈملۈك خانىشى قارا كۆز بېگىمنى ماڭا نىكاھلاپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، كەسكىن رەت قىلد ـ ۋەتتىم ھەم ئۇنى توستۇم. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئاغا ـ ئىنى رەنجىشىپمۇ قالدۇق. ئۇ ھەم ئاغا، ھەم خان بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكمىدىن تاشقىرى چىقىشىمغا ئىمكان يوق ئىدى. بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئويلىسام ئالدىلىرىدا خىجىل بولىمەن.

ــ جانابلىرىنى ئەزەلدىن ۋىجدانلىق، مەرد، ۋاپا ئەھلى ھې ـ ساپلاپ كەلگەنىدىم، ھەر ھالدا خاتالاشماپتىمەن. بىر مۇسۇلمان

www.uyghurkitap.com

ئەركەكنى نىكاھىدىكى ھالال خوتۇنىنى تالاق قىلىشقا مەجبۇرلاپ
ئاندىن ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئېلىۋېلىش ئىسلام شەرىئىتىگىمۇ
خىلاپ، لېكىن ئۆزىنى خەلىفەئى رەھمان، ئىمامى زامان دەپ ئا-
تىۋالغان شەيبانىخان ئالىيلىرى بۇ ئىشنى يا بەندىدىن، يا ئاللاھ-
تىن ھايا قىلماي قىلدى. ئاڭلاپ تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدىم.
ھەر بەندىنىڭ گۇناھى ئۆزىگە. بۇ قىلىۋالدىم ـ ئېتىۋالدىم دەيدى-
غان جاھان ئەمەس. بۇ ئالەمدە بولمىسا ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ سورد-
قى بولىدۇ. گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، كەمىنىلىرىمۇ ئامالنىڭ
يوقىدىن شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئىتائەت گەردىنىمنى
سۇنۇپ كەلدىم. ۋاقتى كەلگەندە بول دەرگاھتىن ئامان ـ ئېسەن
كېتىشىمگە ياردەم قىلغايلا.

ــــ ئاللاھ خالىسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. ماڭا ئىشەنگەن-
لىرىگە كۆپ تەشەككۈر، ــــ دېدى مەھمۇد سۇلتان، ــــ بەلكىم
مەنمۇ پات يېقىندا ئاغامدىن ئايرىلىپ، كېتىپ قېلىشىم مۇم-
كىن. ۋاقتىدا ئۆز يولۇمنى تېپىۋالمىسام، ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرد-
مىزدا ئاداۋەت كۆچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئاغام سەر-
كەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىمگە ھەسەت
قىلىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەخت ـ سەلتەنەتىمنى تارتىۋالارمى-
كىن دەپ ئەندىشە قىلىدۇ.

ــــ ئاۋۋال ئەھمەد تەنبەلىنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تەرەپ
قىلايلى، قالدى ئىشلارنى ئاندىن مەسلىھەت قىلارمىز، ــــ دېدى
مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان.

ــــ ئەھمەد تەنبەل ئەندىجاننى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاتىد-
دۇ، ــــ دېدى مەھمۇد سۇلتان ئويلانغان ھالدا، ــــ پەمىمچە، قور-
غاندا بىر يىل يەتكۈدەك ئاشلىق زاپىسى بار ئىكەن. ئۇنى ئاساد-
لىقچە باش ئەگدۈرۈش تەسكە توختارمىكىن.

ــــ كەلگىنىمدىن بېرى نىمە ئۈچۈندۇر شەيبانىخان ئالىي-
لىرى مېنى ئەندىجان مۇھاسىرىسىگە قاتناشتۇرمايۋاتىدۇ. ئاۋۋال
بىر تېگىش قىلىپ باقساق، ئاندىن مۇناسىپ تەدبىر كۆرسەتكەن

بولاتتىم.

ــ ئاغامنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام، ئۇنىڭ ئەھمەد تەن-بەلنى جانابلىرىنىڭ ياردىمىسىز بويسۇندۇرۇش نىيىتى بار. لې-كىن ھازىرغىچە بۇ مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئەتە ئىككىمىز بىر-لىكتە تېگىش قىلايلى.

ــ شەيبانىخان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئالامدۇق قانداق؟ چۈنكى ماڭا نەچچە كۈندىن بېرى بول دەرگاھتا مېھمان تەرىقى-سىدە مۇئامىلە قىلىنىۋاتىدۇ...

ــ بۇنچە ئىنچىكىلەپ كېتىشلىرى ھاجەتسىز، ــ دېدى مەھمۇد سۇلتان، ــ قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋىسى مېنىڭ قولۇمدا، شۇڭا ئاغامدىن ئىجازەت ئېلىشىم ھاجەتسىز. يە-نە بىر تەرەپتىن، ئاغام جانابلىرىغا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئەندىجانغا تېگىش قىلىش پەرمانى بەرسەم، باشقىلار شەيبانىخان ئەھمەد تەن-بەلگە كۈچى يەتمەي، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا مۇراجىئەت قىلىپتۇ دەپ قالىدۇ، دەپ خۇدۇكسىرەيدۇ.

ــ مۇنداق دېسىلە. كۆڭلۈمدىكى تۇگۈچ ئەمدى يېشىلدى.

ــ لېكىن، ئاغامدىن ھەرھالدا ئېھتىيات قىلسىلا.

ــ ئاگاھلاندۇرغانلىرىغا رەھمەت.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان مەھ-مۇد سۇلتان بىلەن بىرلىكتە ئەندىجان شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مەھمۇد سۇلتاننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. شەي-بانىخان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلە-رى بىلەن ئەندىجان ھۇجۇمىغا قاتناشقىنىنى كۆرۈپ ئاق ـ كۆك دېمىدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچىنچى كۈنىگە قەدەم قويۇ-غاندا، بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئەھمەد تەنبەل مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈ-رۈپ ئەلچى چىقاردى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ شەيبانى-خانغا ئەل بولغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولغانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئەلچىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەھمۇد سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «ئەھمەد تەنبەل ئەتە ئەتىگەن سۇبھى ۋاقتى بىلەن سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىقسۇن، شۇ يەردە سۆزلىشەيلى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەتىسى ئۇلار دېيىشكەن مۆھلەتتە ئۇچراشتى.

— ئەي مىرزام! — دەپ ۋارقىرىدى سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىققان ئەھمەد تەنبەل مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، — ھازىرقى ئەھۋالىمنى سۆزلىمىسەممۇ ئۆزلىرىگە ئايان. ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئارازچىلىقلارنى ئەڭ ياخشىسى تەگەشمەيلى. ئىككىمىزنىڭ ئېمىلداشلىقىنى ھەم مېنىڭ خىزمەتكارلىقىمنى يادلىرىغا كەلتۈرۈپ ھۆكۈم قىلسىلا. مەن ھازىر قانداق قىلسام بولار؟ مەسلىھەتلىرىگە موھتاجمەن.

ھەئە، ئەھمەد تەنبەل مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ كۆكۈلدىشى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا ئىنىك ئانا بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا بولغان دوستلۇق ئەقىدىسى يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا ئوردىدا ئىچكىلىك مەرتىۋىسى بەرگەنىدى. كېيىن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخاندىن سوراپ ئەندىجانغا ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان بابۇر ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى، مەرتىۋىسىنى ئىچكىلىكتىن چوڭ ئەمىرلىككە ئۆستۈردى ۋە نۆكەر بېشى نويان كۆكۈلداشنىڭ قىلىچىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. ئەمما ئەھمەد تەنبەل بۇ قەدەر قىلغان ئەتىۋارنى بىلمەي، ئۇزۇن ھەسەن بىلەن بىرلىشىپ، جاھانگىر مىرزىنى قۇترىتىپ بابۇرغا قارشى چىقتى. ھەتتا بابۇر سوۋغا قىلغان ئاشۇ قىلىچتا بابۇرنىڭ كاللىسىنى ئالغىلى تاس قالدى. تېخى يېقىندىلا بىر ئەمچەكنى تارتىشىپ ئەمگەن ئېمىلدىشى بولغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننى تورقىشاران جىلغىسىغا قاپسۇۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

ناۋادا شەيبانىخان لەشكەر تارتىپ كەلمىگەن بولسا مۇھەممەد ھۇ ـ سەيىن كۆرەگان مۇشۇ كۆكۆلدىشىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

دەقىقە ئىچىدە مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەھمەد تەنبەلنىڭ بىچارە تۇرقىغا مەغرۇر نەزەر تاشلىدى.

«تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋال كۆكۆلداشلىقنى ئېسىڭگىمۇ ئال ـ مىغانىدىڭ تۇزكور ئەبلەخ! ئەمدى ئەجەب تىلىڭ كۆيمەيۋاتىدۇ. سەندەك ۋاپاسىز كۆكۆلداشتىن ئاللىقاچان كەچكەنمەن...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئەھمەد تەنبەلنى قەستەن گەپكە سالدى:

— ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ قەلئەنى مەھكەم ساقلىساڭ بولمىدىمۇ؟

ئەھمەد تەنبەل دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ھازىر ئاچچىقلىنىپ مالامەت قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس مىرزام. راست گەپنى قىلسىلا، ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە ـ تەد ـ بىر نېمە؟

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئەمدى ئۇنى ئارتۇقچە گەپكە سېلىشنى لايىق كۆرمىدى:

— ياخشى چارە شولكى، قىلىچىڭنى بويىنۇڭغا ئېسىپ، بى ـ چارىلىك بىلەن تۆۋەنگە چۈشكىن ـ دە، قۇدرەتلىك سۇلتان شەي ـ بانىخان ئالىيلىرىدىن گۇناھىڭنى تىلە. رەھىم قىلىپ بىر قو ـ شۇق قېنىڭدىن كېچىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەھمەد تەنبەل بىر ھازا ئۈن ـ تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا سېپىلدىن چۈشۈپ كەتتى.

— ھۇجۇم قىلامدۇق قانداق؟ — دەپ سورىدى تۆمۈر سۇل ـ تان.

— ئالدىرىمىسىلا، — دېدى مەھمۇد سۇلتان بۇ جىيەنگە قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىر ئاز ساقلاپ باقايلى.

— يەنە نېمىگە ساقلايمىز تاغا؟ نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى بىزگە باش ئەگمىگەن ئۇل تەنبەل، كۆرەگان جانابلىرىنىڭ ئاشۇ ئىككى ئېغىز گېپىگە كىرىپ ئالدىمىزغا ھەرگىز چىقمايدۇ.

— سىلى نېمىنى بىلىدىلا؟! — مەھمۇد سۇلتان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن گۆلەيدى، — ئىچىلىرى پۇشۇپ كەتكەن بولسا، بارگاھقا قايتىپ كەتسىلە.

تۆمۈر سۇلتان جىم بولدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە خاقان دەرۋازىسىنىڭ ئات سۆرىتىپ ئېچىلىدىغان ئېغىر قاناتلىرى ئەنسىز غىچىرلاپ ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە لىق سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكنىڭ ئاسما كۆۋرۈكىمۇ چۈشۈرۈلدى. ھايال ئۆتمەي قىلىچىنى بوينىغا ئاسقان ئەھمەد تەنبەل بىر توپ ئەمىر - سەركەردىلىرىنى باشلاپ دەرۋازىدىن پىيادە چىقىپ كەلدى.

مەھمۇد سۇلتان: «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەننى قىلىپ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قارىدى.

— ئۆزلىرى بىلسىلە، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، — توخۇ يېگەك ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسىمۇ خۇيىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار. تۈزكورلۇق ئۇل تەنبەلنىڭ ئۆزگەرمەس خۇيى.

مەھمۇد سۇلتان يېنىدىكى جىيەنى تۆمۈر سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. بۇ چاغدا ئەھمەد تەنبەل ئۇلارنىڭ ئالدىغا مىڭ بىر خىل غەم - تەشۋىش بىلەن يېتىپ كەلدى - دە، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۇش ئۈچۈن غولچىنى سار قانىتىدەك ئاچتى.

— يېڭىلىشتىڭ كۆكۈلدىشىم، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، — ئاۋۋال مەن بىلەن ئەمەس، مەھمۇد سۇلتان جانابلىرى بىلەن كۆرۈش. قېنى ئۇ سېنى باغرىغا باسارمىكىن.

ئەھمەد تەنبەلنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتتى. ئالدىراپ ئەل

بولغىلى چىققىنىغا پۇشايمان قىلدى.

«كۆرەگانىنىڭ نېمە دېگىنى بۇ؟ مەن تېخى ئۇنى ئارىغا چۈشۈپ ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەجەب بىر گەپ قىلدى ـ يا...»

تاغىسى مەھمۇد سۇلتانىنىڭ كۆز ئىشارىتىنى كۆرگەن تۆمۈر سۇلتان قىلىچىنى شارتتىدە قىنىدىن چىقىرىپ ئەھمەد تەنبەلگە ۋارقىرىدى:

— كىمىڭنى كۆزۈڭگە ئىلماي غادىيىسەن مەلئۇن! ئۆتكەن يىلى خان ئاتامغا تولا يېلىنىپ تۇرۇۋالمىغان بولساڭ، ئاللىقاچان تەختى ـ بەختىڭنىڭ كۆلى سورۇلاتتى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئەدەپسىزلىك قىلىپ قورغاننى بېكىتىۋالدىڭ. مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈنلا ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن!

ئەھمەد تەنبەل خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. كۆزىگە بىر نەرسىنىڭ سوغۇق يالتىرىغانلىقى غىل ـ پال كۆرۈندى. ئەمما، ئاڭقىرىپ بولغۇچە بېشى يەرگە پوككىدە چۈشتى. ھە-ئە، تۆمۈر سۇلتان كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇنى چېپىپ تاشلىغانىدى.

ئەھمەد تەنبەلنىڭ كېسىلگەن بېشىنى كۆرۈپ، ئەمىر ـ سەركەردىلىرى دەرھال تىزلاندى:

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا! ئىختىيارىمىز ئىلكىمىزدە ئەمەس ئىدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باغلاڭلار. سەركەردە ـ لەشكەرلەر دەرھال قورغانغا كىرسۇن، — دېدى مەھمۇد سۇلتان.

شەيبانىخانىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئەندىجان شەھىرىگە سەلدەك ئاقتى ۋە بولدى دېگۈچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

چۈشتىن كېيىن شەھەرگە دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلگەن

شەيبانىخان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننى: «مەندىن بىسوراق لەشكەرلەرگە پەرمان بەردىڭ» دەپ باشباشتاقلىقتا ئەيىبلىدى. ئەمما، مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

— ئاۋۋال قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى، ئاندىن قالسا مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان جانابلىرىنىڭ تۆھپىسى بىلەن ئەندىجان شەھىرىنى قولىمىزغا ئېلىپ، پەرغانە ۋادىسىنى تولۇق ئىستىلا قىلدۇق، — دېدى ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە، — ئەمدى ئارقا تەرىپىمىزدىكى يوشۇرۇن خەۋپتىن پۈتۈنلەي خالاس بولدۇق. ئەندىجان شەھىرىدە سەركەردە جانىبېك سۇلتان قېلىپ، پەرغانە ۋىلايىتىگە شىقدار[1] بولسۇن ھەمدە ئارقىمىزدىن ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ تەمىن ئەتسۇن. قالغان سەركەردىلەر دەرھال سەمەرقەنتكە قايتقاي. ئەمدىلىكتە قۇندۇز بىلەن ھىسارنى ئىشغال قىلىپ، خۇراسانغا لەشكەر تارتىشقا ئاساس سالغايمىز.

— پەرمانبەردارمىز! — ئەمىر - سەركەردىلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى، — قۇدرەتلىك ئىسكەندەر سانى ئالىيلىرىنىڭ شانۇ شەۋكىتى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!



ئاقسۇ.

تېخى كۈن چۈش بولمىغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان دەريا بويىدىكى ئارامگاھتا ئاللىقاچان بىر كۈنلۈك باراۋەتنى باشلىۋەتكەنىدى. گەرچە ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى

① شىقدار — ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى، ۋالىي.

بىلەن پۇتكۇل ئەل ـ يۇرتقا بىر يىلىلىق مۇسىبەت جاكارلىغان، ئاددىي ئاۋامدىن تارتىپ چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرگىچە، باي ـ زەردارلارغىچە قارىلىق كىيىملەرنى سالماي، ئويۇن ـ تاماشا، كۇلكە ـ چاقچاق، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەي ـ شارابلاردىن ئېھتىيات قىلىپ يۇرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى جاكارلىغان بۇ پەرماننى ئاللىقاچان بۇزۇۋەتكەنىدى. ھەئە، شۇ كۇنلەردە سۇلتان مەھمۇدخان يۇرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى پەقەت شاراب بىلەنلا بېسىۋاتقاندەك، كۆڭۈل غەشلىكلىرىگە، نادامەت، ئىچ پۇشۇقلىرىغا شاراب بىلەن تەسەللىي تېپىۋاتقاندەك قىلاتتى. نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قاتارلىق بىرقانچە كونا ئەمىرلىرى بىلەنلا ئۇلپەتچىلىك قىلاتتى. خۇسۇسەن ئىنىسىنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن كۆرۈشمەيتتى. ئۇلار كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلسىمۇ قوبۇل قىلمايتتى. تەكلىپ قىلغان مېھماندارچىلىقلارغىمۇ بارمايتتى. سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ نەسىھەتلىرىگە، سۇنغان مەلۇماتلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئىچىپ غەرق مەست بولغاندا ھۆركىرەپ يىغلايتتى. بىلمىگەنلەر ئۇنى ئىنىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزى قاتتىق ئىشەنگەن شەيبانىخاننىڭ قىلغان چىدىغۇسىز مەسخىرە، ھاقارىتى ھار كېلىپ، يۇرىكىدىكى ئاشۇ خورلۇق، پۇشايمان، ھەسرەتلەرنى كۆز يېشى ئارقىلىق چىقىرىۋاتقانلىقىنى تاشكەنتتىن بىللە كەلگەن بىرقانچە ئەمىرلىرىلا بىلەتتى. ئەمما ئۇلارمۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، تەسەللىي بېرىشكە پېتىنالمايتتى. شۇ كۇنلەردە سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنت شەھىرىنى، ھەشەمەتلىك ئوردىسىنى، تەخت ـ سەلتەنەتىنى سېغىنغانغا ئوخشاش، ئاقسۇغا كۆنەلمىگەن نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلارمۇ تاشكەنتتىكى پاراغەتلىك، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى، ئوردىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىر ـ بەگلەر خوش ـ خوش دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى ياد ئېتەتتى. چۈنكى ئۇلار ھازىر

ئاقسۇدا ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق ئەمىرلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. خاس نۆكەرلىرى، خىزمەتكارلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيتتى.

— ئاڭلىسام ئالىيلىرىنى ياركەنتتىكى مىرزا ئابابەكرى ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بارغۇدەك دېيىشىدۇ، — دەپ سورىدى نىغمەت مىرزا ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىلا؟ — دەپ پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى سۇلتان مەھمۇدخان.

— شۇنداقراق بىر مىش ـ مىش گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— بۇ سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خىيالى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، — تېخىچە ئېنىق جاۋابىنى بەرگىنىم يوق.

— مىرزا ئابابەكرى ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ قەشقەر، ياركەنت، خوتەنلەرنى ئىلكىمىزگە ئېلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، — دېدى سۇلتان جۈنەيدى بارلاس ئېغىز ئېچىپ، — بىلىشىمچە، بۇ رەھمەتلىك سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭمۇ ئارمىنى ئىدى. ئەمما، جانابى پاسىبانىمىز لەشكەر تارتىپ بارسا، سەلتەنەت يوسۇنىغا توغرا كەلمەسمىكىن.

سۇلتان مەھمۇدخان يالت ئېتىپ سۇلتان جۈنەيدى بارلاسقا قارىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى دىققىتىنى تارتقانىدى.

— دېمىنا ئەمدى، — دېدى سۇلتان جۈنەيدى بارلاس تىلىنى چايناپ، — ھازىر بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاستانىسى تۇرپان بولۇپ قالدى. خانىمىز ئەزەلدىن بول سەلتەنەتنىڭ چوڭ خانى بولۇپ كەلگەن. ئەمما ھازىر تۇرپان تەختگاھىدا جىيەنلىرى خانزادە مەنسۇرخان ئولتۇرۇۋاتىدۇ. جەننەتماكان سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا بۇ چوڭ خانزادىسىگە نائىب خانلىق مەرتىۋىسىنى بەرگەنىكەن. ھازىر ئالىيلىرى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتىدىلا. سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە، ئالىيلىرى يا تۇرپانغا بېرىشلىرى ياكى ئاستانىنى ئاقسۇغا كۆچۈرۈپ سەلتەنەت

تەختىنى بول دەرگاھقا تىكلەشلىرى كېرەك ئىدى. شۇنداق بول-غاندا مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈش قىلىش يارلىقىنى ئالىيلىرى جاكارلاشلىرى، ئۇل نائىب خان بولمىش جىيەنلىرى يارلىقلىرىغا بويسۇنۇپ، ياركەنتكە لەشكەر تارتىشى كېرەك ئىدى. ناۋادا ئالىي-لىرى لەشكەر تارتسا، خان بىلەن نائىب خاننىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن.

— بەرھەق، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس جانابلىرى نەق گەپنى قىلدى، — دېدى نىغمەت مىرزا، — دۆلەت قانۇنى، سەلتەنەت يو-سۇنى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتسە زىنھار بولمايدۇ. گەرچە مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى ئايرىش كېرەك. خانزادە مەن-سۇرخان مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تەزىيىسىگە كەلگەندە، قارىماققا جانا-بى خانىمىزغا ھۆرمەت - ئېھتىرام كۆرسەتكەندەك قىلغىنى بىلە-لەن، ھە دېسىلا ئۆز ئالدىغا پەرمان چۈشۈرۈپ خانلارغا خاس كى-بىر كۆرسەتتى. ھېچقانداق بىر ئىشنى ئالىيلىرىنىڭ مەسلىھە-تىگە سالمىدى. ئالىيلىرى مۇسىبەت، ھازا بىلەن بولۇپ بول ئىشلارغا ئېتىبار قىلىپ كەتمىدىلە، ئەمما بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە خېلىلا كەلدى. ئاقسۇ، ئۇچنىڭ ئەمىرى مىر جاپپار بەردى بەگكە: «مىرزا ئابابەكرى ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن پايدىلىنىپ، ئاقسۇغا لەش-كەر تارتىشى مۇمكىن. قاتتىق ئېھتىيات قىلسۇنلار» دەپ جېكى-لەپ قويۇپ، يەنە دەرھال تۇرپانغا ياندى. ئەسلىدە ئالىيلىرىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىشى ياكى ئاستانە بىلەن تەختىنى ئاقسۇغا يۆتكەش ئىشىنى سەمىلىرىگە سېلىشى كېرەك ئىدى.

ئەسلىدىنلا قورسىقى كۆپۈپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئوتقۇيرۇقلۇق بىلەن دېيىلگەن بۇ سۆزلەر تېخىمۇ ھار كەلدى:

— مەيلى تۇرپان، مەيلى ئاقسۇ تەختگاھىدىن تەمەيىم يوق-تۇر، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— راست ئېيتتىلا ئالىيلىرى، ئاقسۇنى تاشكەنتكە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن.

ــ خانزادە مەنسۇرخاننىڭ قىلچىلىك ئادەمگەرچىلىكى يوق ئىكەن. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا شەيبانىخان ئالىيلىرىغا خېلىلا ئادەمگەرچىلىك، ھۆرمەت قىلىدۇ.

نىغمەت مىرزىنىڭ ئادەمگەرچىلىك ھەققىدىكى گېپىنىڭ تېگىگە يەتمىگەن سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. نىغمەت مىرزا بولسا ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىنى باشقىچە چۈشىنىپ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ۋەھىمە باستى ـ دە، قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپ كەتتى. سۇلتان جۇنەيدى بارلاس بولسا دەماللىققا خاننىڭ دىققىتىنى چالغىتقۇدەك گەپ تاپالماي تېپىرلىدى.

دەل شۇ چاغدا سەيىيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇلارنى بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئانىجزىرىتىمگە ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى سەيىيد مۇھەممەد مىرزا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

سۇلتان مەھمۇدخان:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېگىنىچە قىمىرلاپ قويدى. باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

ــ پاسبانىمىزغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى سەيىيد مۇھەممەد مىرزا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ــ ياركەنتكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار قايتىپ كەلدى. مىرزا ئابابەكرى ھېلىمۇ كاشغەر، ياركەنت، خوتەننىڭ كوناشەھەر خارابىلىرىغا ھاشار سېلىپ قازدۇرۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، دەپىنە ـ دۇنيا ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىكەن. قازىققا سالغان ھاشارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، نارازىلىق بىلدۈرگەن بىچارە ئاۋام ئىكەن. مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى ئېغىر گۇناھكارلار قاتارىدا بىر ـ بىرىگە زەنجىر بىلەن چېتىپ، قىشمۇ ـ ياز ئىشقا سالىدىكەن. ئۇ ئاشۇ ئاچكۆزلۈكىگە يارىشا كونا قەلئەلەردىن خېلى كۆپ خەزىنە تاپقانمىش. شۇڭا ھازىر ئول شەھەرلەردىكى ئوردا ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ، ئاستىنى كولاپ ـ قېزىپ، ۋەيران قىلىپ، توختىماي مال ـ دۇنيا ئىزدەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لەش-

كىرىپ ھازىرلىقلارنىمۇ كۆرۈۋېتىپتۇ. پات يېقىندا ئاقسۇغا لەشكەر تارتقۇدەك دېگۈچىلەرمۇ، بەدەخشان، ئەندىجان تەرەپكە لەشكەر تارتقۇدەك دېگۈچىلەرمۇ بار ئىكەن. لېكىن، ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئەمما ئۇل ۋىلايەتلەردىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئاھ ـ زارى پەلەككە يېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ لەشكەر تارتىپ بېرىشىمىزغا تولىمۇ پايدىلىق. ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان ئاۋام چوقۇم بىزنى قوللايدۇ. قەشقەر، ياركەنت، خوتەننى ئىشغال قىلىپ تەسەررۇپىمىزغا ئالساق، جانابىي ئالىيلىرى خالىسا ئۇل شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ياكى ئاقسۇدا سەلتەنەت تەختلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاندىن مۇناپىق شەيبانىخانغا تارتتۇرۇپ قويغان تاشكەنت، پەرغانە، ھەتتا سەمەرقەنتلەرنى بىر ـ بىرلەپ قايتۇرۇۋالالايمىز. شۇڭا خانىمىزنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئىشىدا تېزرەك بىر قارارغا كېلىشىنى سورايمەن.

باياتىن نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلار سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ بۇ ھەقتىكى رايىنى پۇتۇنلەي قايتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرىگە لەشكەر تارتسا جىيەن ئوغلى خانزادە مەنسۇرخانىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغاندەك، ئۆزىنىڭ چوڭ خانلىق سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ قۇلىقىغا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ سۆزلىرى پەقەتلا ياقمىدى.

— مېنى مۇشۇ كىچىككىنە ئاقسۇ شەھىرىنى تەختگاھ قىلىسىلا دېمەكچىمۇ سىلى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قاپىقىنى تۈرۈپ، — گەرچە تەخت ـ سەلتەنەتىمدىن ئايرىلىپ قازاقلىقتا ياشاۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا شەۋكەتلىك نامىم سۇلتان مەھمۇدخاندۇر. خاھىرزادىلەر[1]نىڭ ھامىيلىقىدا ياشىغاندىن كۆرە، مازارغا شەيخلىق قىلغىنىم مىڭ ئەۋزەل.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا گاڭگىرىدى. تەئەججۈپلۈك كۆزلى-

① خاھىرزادىلەر — «جىيەننىم» دېگەن مەنىدە.

ـرىنى يالت ئېتىپ ئۇنىڭغا تىكتى:
ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى ئالىيلىرى؟ ئاقسۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس شەھەرلىرىدۇر. تېخى سەلتەنەتىمىزگە بىر مەزگىل ئاستانە بولغان.
سۇلتان مەھمۇدخان چىرايىنى مەسخىرىلىك پۈرۈشتۈردى:
ــ تولا ئاقسۇ، ئاقسۇ دەۋەرمىسىلە. مەنچە ئاقسۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن تاشكەنتىنىڭ ئۈشتىگەرلىكى[1] ياخشىراق.
سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ تەتۈرلۈكى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بىردىنلا جەھلىنى قاتۇردى. ئۇ تا ھازىرغىچە ئاخسى، تاشكەنتنىكى مەغلۇبىيەتنى سۇلتان مەھمۇدخاندىن كۆرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا قورساق كۆپۈكى، نارازىلىقى بار ئىدى.
«بۇ خان ئالىيلىرىنىڭ نېمە دېگىنى ئەمدى؟ ئۇ تەرەپتىكى تەخت ـ سەلتەنەتقۇ قولدىن كەتتى. ئەمدى ئېلىكىدە بار زېمىن، تەخت ـ سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ كويىغا چۈشمەي ئەجەب ئالاجوقا سۆزلەيدۇ ـ يا؟ ئۆز ۋاقتىدا شەيبانىخاندىن گۇمانلىنىپ قىلغان نەسىھەتلىرىم قۇلىقىغا زىنھار كىرمىگەنىدى. شۇنى ئويلاپمۇ بولسا خىجىل بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ. شۇنچىۋالا تەئەددى قىلغۇدەك ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلدىم؟...»
قورسىقى كۆپكەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۆزىنى تۇ ـ تۇۋالالماي قالدى:
ــ توغرا ئېيتتىلا ئالىيلىرى. شۇنداق، ئاقسۇنىڭ پادىشاھـلىقىدىن تاشكەنتنىڭ ئۈشتىگەرلىكى ياخشىراقتۇر. شەرت شۇ ـ كى، خەق ئۈشتىگەرلىك قىلغىلى قويسا.
سۇلتان مەھمۇدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆزىگە بۇنداق جاۋاب ياندۇرىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇ سۆز يۈرىكىگە خۇددى ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلىپ، جان ـ

① ئۈشتىگەرلىك ــ باپكارلار توقۇغان بۆز ـ ماتانى پاتلايدىغان، نۆشـ ـتە قويىدىغان ھۈنەر.

جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. غەزەپتىن لەۋلىرى تىترەپ، تىلى بىر-
نەچچە دەقىقە گەپكە كەلمىدى.

ــ سىلى ماڭا تۇرپاندىكى مەنسۇرخاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈز-
مەيۋاتقاندىلا مىرزا؟ ــ دېدى ئۇ بىردە تاتىرىپ، بىردە قارىدىغان
ھالدا نەشتەردەك تىكىلىپ.

ــ يوقسۇ ئالىيلىرى، ــ دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا
بېشىنى ئېگىپ، ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزغا پەرمان چۈشۈ-
رۈشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس.

ــ شۇنى بىلسىلە بولدى. مىرزا ئابابەكرىگە لەشكەر تارتىش-
قا مېنى دەۋەت قىلىۋەرمەي، ئۇل مەنسۇرخاننى دەۋەت قىلسىلا.
ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ئەقىللىرىدىن ئېزىپ، سەلتەنەتىمىزنىڭ
پاسىبانىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتامدىلا نېمە؟ نەدىمۇ نائىب خان
تەختتە ئولتۇرۇپ، چوڭ خان لەشكەر تارتىدىغان ئىش بار ئىكەن؟
شۇنداق بولغاندىمۇ يولى بىلەن بولار.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن سەيىد
مۇھەممەد مىرزا ئالدىراپ قىلغان گېپىگە پۇشايمان يېدى:

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى. كەمىنىلىرى گۇناھكارمەن.

سۇلتان مەھمۇدخان باتىنغاننى قىلىپ تەتۈر قارىۋالدى:

ــ باشقا ئىشلىرى بولمىسا يانسىلا بولىدۇ.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. ئامان بولسىلا.

سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلتان مەھمۇد-
خانغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا چىقىپ
كەتتى. بۇ ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ داستىخىنىدىن تۇنجى
قېتىم قوغلىنىشى ئىدى.

نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس سەيىد مۇ-
ھەممەد مىرزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئىچىدە
خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشقا پېتىن-
نالمىدى ھەمدە دەرھال سۇلتان مەھمۇدخانغا تەسەللى بېرىشكە
ئالدىرىدى.

※ ※ ※

ھىسار شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئېچىش خام خىيالى بىلەن كەلگەن شەيبانىخانغا بىر ھەپتىلىك مۇھاسىرە بەكمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ھىسارغا قويغان ئەمىرى شىرىم چۆھرە بەگ بىر ھەپتىدىن بېرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. شەھەرنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم، لىق سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكلىرى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوق ـ تاشلارنى زىيادە كۆپ تەييارلىۋالغانىدى. ھەرقېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شەيبانىخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى مەنچاناق، ئوقيالاردىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان تاش، ئوقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆپلەپ تالاپەت يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. خېلى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپمۇ تەييارلىغان شوتىلىرىنى سېپىلغا تىرەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانىدى.

— ئېيت! قۇندۇزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى شەيبانىخان ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن ئايغاقچىسىغا ھازىرلا چېپىپ تاشلايدىغاندەك ئەلپازدا گۆلىيىپ.

— قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئايغاقچى تىترەپ تۇرۇپ، — خۇسرەۋ شاھ لەشكەرلىرىنىلا ئەمەس، شەھەردىكى رەئىيەتنىمۇ سېپىل مۇداپىئەسىگە چىقىرىپتۇ. سېپىل ئىچىگە دۆۋىلىۋالغان تاشلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. باغلام ـ باغلام يا ئوقلىرى تاغدەك كۆرۈنىدۇ. ئاشلىق، يەم ـ خەشەك زاپىسىنىڭ موللۇقىدىن سانىنى ئېيتالاش مۇمكىن ئەمەس. ئول خۇسرەۋ شاھ: «قەلئەگە يىگىرمە يىللىق ئەسلىھە تەييار قىلدىم. شەيبانىخاننى چېكىندۇرۇشكە قۇربىم يەتمىسە، قەلئەنى بېكىتىپ ياتىمەن. يىگىرمە يىلغىچە كىم بار، كىم يوق. شەيبانىخاننىڭ ئۆمرى يار بەرسە قۇندۇز شەھىرىنى يىگىرمە يىل مۇھا-

سىرە قىلسۇن. بۇنىڭدىن زىنھار غېمىم يوق» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرىدۇ.

— ئۇل قېرى ئەبلەخ يىگىرمە يىل ئەمەس، ئىككى يىل ياشىيالايمەنمۇ يوق، دېگەننى ئويلىماي مېنىڭ ئۆمرۈم بىلەن قاپتىغۇ.

شاھ چېدىرىنىڭ ئىچىنى ئېغىر تىمتاسلىق قاپلىدى. شەيبانىخان غەزەپلەنگەندە ئەمىرلەر ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، گەپتىن قېيىق كەتسىلا، شەيبانىخان ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئاچچىقىنى باساتتى.

— ئالىيلىرى پەرمان بەرسىلە. قوشۇنىمىزنى ئىككى تارامغا بۆلەيلى، — دېدى ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان ئېھتىيات بىلەن سۆزلەپ، — كەمىنىلىرى بىر تارام لەشكەرنى باشلاپ قۇندۇزغا تېگىش قىلاي. ئۇل قېرى ئەبلەخنىڭ قانچىلىك كارامىتى باركىن، قېنى بىر كۆرەي.

ئىنىسىنىڭ تەكلىپى شەيبانىخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

«ھىسارنىڭ قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك ئەسلىھەلىرىنىڭ موللۇقىغا قارىغاندا، قۇندۇزنىڭ ئەسلىھەلىرى ئۇنىڭدىنمۇ مول. ھىسارنى تېخىچە ئالالمىغىنىمنى بىلىپ خۇسرەۋ شاھ ئاشۇنداق چوڭ سۆزلىگەن گەپ. مەھمۇد سۇلتاننى قۇندۇزغا ئەۋەتسەم ئەۋەتەي. ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ بارسام، مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزىراپ كەتسە شەۋكىتىمگە تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭغىچە ھىسارنى ئىشغال قىلسام، قۇندۇزغا بېرىپ ھەمدەمدە بولارمەن. شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن ھىسارنى مۇھاسىرە قىلغاندىن كۆرە، ئىككى تەرەپكە تەڭ ھۇجۇم قىلىش مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. بەلكىم دۈشمەنگە ۋەھىمە پەيدا قىلغىلى، ئۆزئارا خەۋەرلىشىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولار...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى:

— بولىدۇ، سەركەردە ـ لەشكەرلەردىن خالىغىنىڭچە ئېلىپ دەرھال قۇندۇزغا يۈرۈش قىل.

www.uyghurkitap.com

ــ پەرمانبەردارمەن! ــ دېدى مەھمۇد سۇلتان.
ــ خان ئالىيلىرىدىن كىچىككىنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، ــ دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان قول باغلىغىنىچە.
ــ خوش، ــ دېدى شەيبانىخان.
ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسا كېرەك، ئۆتكەن يىلى خۇسرەۋ شاھ قۇدرەتلىك قوشۇنلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا قەلئەگە چېكىنگەندە، كەمىنىلىرىنىڭ ئاغىچىسى بىلەن ئەمىرزادىسىمۇ قەلئەگە سولىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ھازىر خۇسرەۋ شاھنىڭ ھامىيلىقىدا قۇندۇزدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىجازەت بەرسىلە، ئەمىر لەشكەر مەھمۇد سۇلتان جانابلىرى بىلەن بىللە قۇندۇزغا يۈرۈش قىلىپ، بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى دېرەكلىسەم.
ــ سەركەردە ـ لەشكەر تاللاش مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئىختىيارىدا. ئۆزىدىن ئۆتۈنگەيلا، ــ دېدى شەيبانىخان ۋە ئىنىسىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ چوڭ خانزادە تۆمۈر سۇلتان بىلەن ئالاچەخاننىڭ خانزادىسى سەئىدخان يېنىمدا قالسۇن.
مەھمۇد سۇلتان بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان بىر بۆلەك سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى ئېلىپ، شۇ كۈنىلا قۇندۇزغا قاراپ يولغا چىقتى.
ــ ئەسلىدە خانزادە سەئىدخانىنىمۇ قۇندۇز يۈرۈشىگە ھەمراھ قىلىۋالاي دېگەنىدىم، ــ دېدى مەھمۇد سۇلتان يولدا كېتىۋېتىپ، ــ ئاغام نېمىنى ئويلىدىكىن تاڭ، ئۇنى يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمىدى.
ــ بەلكىم سەئىدخان بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەڭلا قۇندۇزغا بېرىشىمىزنى خالىمىغاندۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان، ــ سەئىدخاننى يېنىدا ساقلىسا مەندىنمۇ، ئاقسۇدىكى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىنمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردا شەيبانىخان ئالىيلىرى تولىمۇ ئېھتىياتچان.
ــ توغرا، ــ دېدى مەھمۇد سۇلتان، ــ باشقىلار تاش سانىغۇچە ئاغام قوم سانايدۇ. ئەسلىدە سەئىدخاننى ئېلىۋالغان بول-

سام، ئىككىلىرىگە سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقىرىپ بېرەرمەن دې-
گەن ئويۇم بار ئىدى. ئاغام بۇ خىيالىمنى بىلىپ قالدىمىكىن
تاڭ. گاھى ۋاقىتلاردا يېنىدا ئولتۇرسام كۆڭلۈمدىكى ئوي ـ خى-
ياللىرىمنى بىلىپ قالارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىپ كېتىمەن.

مەھمۇد سۇلتانىنىڭ سەمىمىيىتىگە قايىل بولغان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بېشىنى لىڭشىتتى:

ـــ جانابلىرى تۇز، ئاق كۆڭۈل تۇرسىلا، قانداقمۇ غەيرىي ئوي ـ خىياللاردا بولىدىلا.

ـــ شۇنى دېسىلە. لېكىن ئاغام تولىمۇ گۇمانخور. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئىككىمىزنىڭ زىيادە يېقىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغان-دەك قىلىدۇ. قۇندۇزدا ئاغىچىلىرى بىلەن ئەمىرزادىلىرىنىڭ بار-لىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىجازەت بەردى، بولمىسا ھەرگىز ئىجازەت بەرمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھە دېگەندە ھىسارنى ئالالماي ئىچى پۇشۇپ كەتتى. شۇڭا ئىككىمىز بىرلىكتە قۇندۇز-نى ئالساق، ھىسارنى ئالمىقى ئاسانغا توختايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى ئەتىمالىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئاغامنىڭ دىققىتىنى تارتىش-تىن ئېھتىيات قىلايلى.

ـــ بولىدۇ، ئىككى قېتىم كۆرۈشكەنىنىڭ ئورنىدا بىر قې-تىم كۆرۈشەيلى. خاس مۇلاقاتنى ئاز قىلايلى.

ئۇلار قۇندۇزغا يېتىپ كەلگەندە، توخۇ يۇرەك خۇسرەۋ شاھ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.

ـــ توۋا، جاھانغا پاتماي داۋراڭ سالغان خۇسرەۋ شاھنىڭ كارامىتى شۇنچىلىك بولغىيمىدى؟ ـــ دېدى مەھمۇد سۇلتان قۇندۇز شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەتسىز دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ.

ـــ گەپنى يوغان قىلغان بىلەن ئاشۇنداق توخۇ يۇرەك ئادەم ئۇ، ـــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، ـــ ھېلىقى تەمسىلنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلە؟

ـــ قايسى تەمسىلنى دەيدىلا جانابلىرى؟

ـــ بۇقا ھۆكىرەيدۇ، كۆتى تىترەيدۇ، دېگەن تەمسىلنى دەي-

www.uyghurkitap.com

منا. بۇ دەل خۇسرەۋ شاھقا ماس كېلىدۇ.
مەھمۇد سۇلتان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
ــ سىلى ئوردىغا كىرگەچ تۇرسىلا، مەن ئاغىچام بىلەن ئە-مىرزادەمنىڭ دېرىكىنى قىلاي، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان.
ــ بولىدۇ، ئوردىدىكى بەگلەردىن دېرىكىنى ئالالىسام، ياش-لىرىغا چاپارمەن ئەۋەتەرمەن.
ھەئە، ئايغاقچىلىرىدىن مەھمۇد سۇلتان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ زور قوشۇن بىلەن قۇندۇزغا قاراپ كې-لىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى مەشھۇر سەركەردىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچىگە ۋەھىمە كىرىۋالغان خۇسرەۋ شاھ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ ساقلاشقا كۆزى يەتمەي، مال-دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۇرگىنىچە بەدەر قاچقانىدى.
مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان خۇسرەۋ شاھنىڭ چۆلدەرەپ قالغان ھەرىمىدىن ئايالى سۇلتان بېگىم بىلەن ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەرنى ئاسانلا تاپتى. سۇلتان بېگىم-نىڭ قۇچىقىدا تۇغۇلغىنىغا بىر ئاي بولغان ئوغۇل بوۋاق بار ئى-دى. ھەئە، ئۇ ئۆتكەن يىلى خۇسرەۋ شاھنىڭ قېشىغا كەلگىنىدە سۇلتان بېگىمنى نىكاھىغا ئالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ بويىدا قالغان-لىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ قۇچاقتا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا مېھرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەرنى دەس كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى ـ دە، باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە مەڭزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى.
ــ كۆپ رىيازەت چەكتىلە، ــ دېدى ئۇ خوتۇنىغا قاراپ، ــ ئەمىرزادەمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتىلا. تېخى يەنە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتىلا. سىلىنى جاپادا قويدۇم.
ئەتىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان

شەيبانىخانغا چاپارمەن ماڭغۇزۇشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشىغا، ھىساردىن چاپارمەن كەلدى.

— خان ئالىيلىرى ھىسارنى پەتھى قىلدى، — دېدى چاپارمەن، — خۇسرەۋ شاھنىڭ قۇندۇزنى تاشلاپ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شىرىم چۆھرەبەگ خان ئالىيلىرىدىن گۇناھىنى تىلەپ قورغاننى تاپشۇردى. ئىككىلىرىنى دەرھال خۇراسانغا قاراپ يولغا چىقسۇن، تىرمىز يولىدا ئۇچرىشايلى دەپ پەرمان بەردى.

— خۇراسانغا لەشكەر تارتىشقا نېمانچە ئالدىرايدىغاندۇ؟ — دەپ غۇدۇرىدى مەھمۇد سۇلتان چاپارمەننى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، — ھېلىمۇ توختىماي يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. ئەندىجانىنىمۇ، ھىسار، قۇندۇزنىمۇ ئالدۇق. ئەمدى بىرەر ئاي ئارام ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئالدىرىسا ماڭغاچ تۇرسۇن. بىز قۇندۇزدا بىرەر ھەپتە ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقايلى.

— شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ خۇراسانغا لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمدىلا جانابلىرى؟

— ئاغام كۆڭلىدىكىنى ئەزەلدىن بىر كىمگە بىلدۈرمەيدۇ، — دېدى مەھمۇد سۇلتان، — بەلكىم ئەندىجان بىلەن ھىساردىكى غەلىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىراق، خۇراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا خۇسرەۋ شاھقا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇ دېگەن نۇرغۇن جەڭلەرنى كۆرگەن، لەشكىرىي ئىلىمدە، جەڭبازلىق ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن تەجرىبىلىك پادىشاھ. بىزنىڭ دەبدەبىمىزدىن ئەندىشە قىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇر پادىشاھ ھازىر كابۇلنى قولغا ئېلىپ، ئەتراپىغا نۇرغۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى جۇغلىدى. ئاڭلىشىمچە لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئىككى تۈمەندىن ئاشارمىش. ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىرلەشسە ئىشىمىز تېخىمۇ تەسلىشىدۇ. ئاغام ئەمدى ئىلكىدىكى زېمىنلارغا قانائەت قىلسا بولاتتى. ئۆزىنى «ئىسكەندەر سانى» دەپ ئاتىۋېلىپ، ئەمدىلىكتە ئۆزد-

نى راستىتىنلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن چاغلاپ قالغان چېغى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان مەھمۇد سۇلتانىنىڭ ئاكىسى شەيبانىخان بىلەن ئانچە چىقىشالمايدىغانلىقىنى يېقىندىن بېرى ھېس قىلىپ يەتكەندى. ئاكىسىنىڭ سىياسەت ـ پەرمانلىرىدىن ئىنچىكە نارازى بولۇپ كەلگەن مەھمۇد سۇلتان كۆڭلىدىكىنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن يوشۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق سىر يوشۇرمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچەيگەندى.

ـــ كەمىنىلىرىنى دوستۇم دەپ بىلىپ كۆڭۈللىرىدىكىنى دېگەن يەردە، جانابلىرىدىن سىر يوشۇرۇپ يۈرسەممۇ بولماس، ـــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، ـــ ھازىر ئېغىز ئاچمىسام سىلىگە يۈز كېلەلمىگۈدەكمەن.

ـــ جانابلىرىنىڭ مەندىن يوشۇرغۇدەك سىرلىرىمۇ بارمىدى؟ ـــ سورىدى مەھمۇد سۇلتان كۈلۈپ.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان خىجىللىق ئىلكىدە سۆس كۈلۈمسىرىدى:

ـــ ئامالىنىڭ يوقىدىن شەيبانىخان ئالىيلىرىغا ئىتائەت گەردىنىمنى سۇنغىنىمنى ئۆزلىرىگىمۇ ئايان. ھازىر ئەھمەد تەنبەل بىلەن خۇسرەۋ شاھلاردەك رەقىبلىرىمدىن خالاس بولدۇم. دېمەكچىمەنكى، شەيبانىخانغا ھاجىتىم قالمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە تۇرۇۋەرسەم، بىر بولسا ئۆز قېرىنداشلىرىم بىلەن دۈشمەنلىشىشكە مەجبۇر بولىمەن، بىر بولسا شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ قىلىچىدا ئۆلىمەن. بۇ دورەم قۇندۇزغا كېلىشنى تەلەپ قىلىشىمدا، خاتۇن ـ بالىلىرىمنى ئىزدەش زۆرۈرىيىتى بولسىمۇ، مۇھىمى مۇشۇ باھانىدە ئاستا ئۆز يولۇمنى تېپىۋېلىش ئىدى. سىلىگە بۇ مۇددىئايىمنى بىلدۈرمەي، جىم ـ جىملا كېتىپ قالسام نامەردلىك بولغۇدەك. شۇڭا ئىجازەت بەرسىلە، ئاستا كېتىۋالاي دەيمەن.

ـــ نەگە باراي دەيدىلا؟

ـــ ئېنىق بىر قارارغا تېخى كەلگىنىم يوق. يا سۇلتان ھۇ-



www.uyghurkitap.com

سەيىن بايقارانىڭ دەرگاھىغا، يا بابۇر پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىشىم مۇمكىن.

— توغرا ئويلاپسىلا، — دېدى مەھمۇد سۇلتان، — مېنىڭمۇ ئاغامدىن ئاللىقاچان رايىم قايتقان. دەشتى قىپچاق دالىسىغا، ئاتا - بابامنىڭ ئەسلىي ماكانىغا قايتىپ ئارامخۇدا ياشاي دەيمەن. تەخت - سەلتەنەت، زېمىن دەپ شۇنچىۋالا قان تۆككىنىم يېتەر ئەمدى.

— بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلاپ قويغانىدىم. ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىدىن بىرەرى ئارقىلىق خانزادە سەئىدخانغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىلا.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى مەھمۇد سۇلتان.



— ئەسلىدە خانزادە سەئىدخاننى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەرمەن دېگەن ئويۇم بار ئىدى. بۇ مۇمكىن بولمىدى. شەيبانىـ خان ئالىيلىرى مېنىڭ قاچقىنىمنى بىلسە، خانزادىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىمۇ پۇرسەت تېپىپ دەرھال قېچىشقا دەۋەت قىلماقچىمەن.

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا. خوجا ئەلى باھادىر ئىسمىـ لىك بىر يىگىت بار. مەرھۇم ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ ئاخسىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن سەرۋازلىرىدىن بولىدۇ. پەم - پاراستى ۋە جەڭبازلىق ماھارىتىنىڭ يېگانىلىقىنى كۆرۈپ، خاس نۆكەر - لىرىم قاتارىغا قېتىۋالغانىدىم. كېيىن مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ ئورۇنباسار ياتىش بەگلىككە تەيىنلىگەنىدىم. ھازىر ئاغامنىڭ بارگاھىدا، بۇ ئىشلارنى شۇنىڭغا تاپشۇرساق، خانزادە سەئىدخاـ نىڭ ئامان - ئېسەن قېچىشىغا ھەمدەمدە بولىدۇ. ئەمما، خانزادىـ نىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، سىلى يەنە بىرنەچچە كۈن قۇندۇزدىن ئايرىلمىسىلا.

— ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى مۇھەممەد ھۈسەـ يىن كۆرەگان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — ئول خوجا ئەلى باھاـ دىر مەرھۇم ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ سەرۋازلىرىدىن بولسا، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىغا ئىشەنچ قىلسام بولغۇدەك. خانزادە سە-ئىدخان چوقۇم سىلىدىن مىننەتدار بولىدۇ.

— بۇ ھاجەت ئەمەس كۆرەگان جانابلىرى، — دېدى مەھمۇد سۇلتان، — ئەزەل ـ ئەزەلدىن بىراۋنىڭ زېمىنىنى، تەخت ـ سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىپ ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان ئەمەس. ھەركىم ئۆز زېمىنىدا ياشىغىنى ئەۋزەل. مەيلى تاشكەنت، مەيلى پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر بولسۇن بىزنىڭ زېمىنىمىز ئەمەس. گەرچە ھازىر بىز كۈچ ـ ھوقۇقىمىز بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلساقمۇ، بۇ يەرلەرنىڭ ئەسلىي ئىگىلىرى ھامان بىر كۈنى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ زېمىنلار تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئەمىر تۆمۈر-نىڭ ئەۋلادىغا تەئەللۇق. كەمىنىلىرىنىڭ دەشتى قىپچاق دالىسىغا كېتىش قارارىغا كېلىشىمىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ، بۇ ھەقىقەتنى تو-لىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلغىنىمدىن ئۆكۈنىمەن.

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

※ ※ ※

ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇرنىڭ شەپىسى كېلىۋاتاتتى. لايقىلاپ ئې-قىۋاتقان ئەندەراب دەرياسى ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. دەريا بويىدى-كى چىنارنىڭ ئاستىغا ۋاقىتلىق ياسالغان شاھ سۇپىدا ئولتۇرغان بابۇر تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى.

«خۇسرەۋ شاھ توخۇ يۈرەك، پاسىق، مەرەز ئادەم، ئۇنىڭ بى-لەن ئىتتىپاق تۈزسەم ئىشلىرىم ھەرگىز ئىلگىرى باسمايدۇ. بەلكىم نەس بېسىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىنىسى باقى چاغانىيان-نىڭ ساداقىتىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايمەن. بوپتۇ، شۇنىڭ يۈزىنى قىلاي. ئېمىلا دېگەنبىلەن خۇسرەۋ شاھ ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكى-سى، قېرىندىشى ئەمەسمۇ. ماڭا ھەرقانچە ۋاپادارلىق كۆرسەتسىمۇ قېرىنداش دېگەن بەرىبىر قېرىنداش. خۇسرەۋ شاھ بىلەن كۆ-رۈشمەيمەن دېسەم ئاغزىدا بىرنېمە دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە يو-

زۇمنى قىلمىدى دەپ رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن. خۇسرەۋ شاھنىڭ
ئالدىمغا كېلىشكە ئەجەب يۈزى چىداپتۇ دېسە... ماڭا بىرنەچچە
مەرتەم يۈزسىزلىك قىلغىنى ئېسىدە بارمىكىن؟ شۇ چاغدا مەرد-
لىك قىلىپ، دوستلۇق قۇچىقىنى ئاچقان بولسا بەلكىم ھازىر
شەيباقىقا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغان بولاربدۇق. بېلى باغلاقلىق ئەر
كىشى بولغاندىكىن، شەيباق بىلەن بىر مەرتەم ئېلىشىپ كۆر-
مەي، خۇددى بۆرىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن توشقاندەك شەھەرنى
تاشلاپ بەدەر قېچىپتۇ...»

ھەئە، خۇسرەۋ شاھ قۇندۇزنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭدىن قاتتىق رايى قايتقان بىر بۆلۈك سەركەردە ـ لەشكەرلىرى
ئۇدۇل بابۇرنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى. بۇ ئىش خۇسرەۋ شاھنى تې-
خىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى ـ دە، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
بابۇردىن پاناھلىق تىلەشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. كۆيۈئوغلى
ياقۇپبەگنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەۋەتىپ، قۇللۇق ۋە
ساداقەت ئىزھار قىلدى. بابۇرنىڭ خۇسرەۋ شاھ بىلەن پەقەت كۆ-
رۈشكۈسى يوق ئىدى. ئەمما ئېغىر كۇنلەردە ئۆزىگە ھەمراھ بول-
غان باقى چاغانىيانىنىڭ يۈزىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەردلىكىنى ئەلا بىلىپ، ئاداۋەت
ساقلىماي ئۇل ساداقەتسىز ئاغام بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىق-
لىرىغا كۆپ تەسەننا، ــ دېدى باقى چاغانىيانى مىننەتدارلىقىنى
بىلدۈرۈپ، ــ ئاغامغا دەرگاھلىرىدا پاناھلىق بېرىش ـ بەرمەس-
لىك ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى. مېنىڭچە ئۇنىڭ بول دەرگاھتا
تۇرغىنىدىن تۇرمىغىنى ياخشىراق. ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق
بىر ھاياتلىق يولى كۆرسەتكەيلا.

ــ مېنى چۈشەنگەنلىكلىرىگە كۆپ تەشەككۇر، ــ دېدى با-
بۇر، ــ سىلىگىمۇ مەلۇملۇق، مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر
مىرزىلار مېنىڭ نەۋرە قېرىنداشلىرىم ئىدى، خۇسرەۋ شاھ ئۇل
خانزادىلەرگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلماقتا يوق، ئۇلار-
نى ئۆلتۈرۈپ، تەخت ـ سەلتەنەتىنى تارتىۋالدى. ماڭا قىلغان

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتسىزلىكىنى كۆڭلۈمدىن تامامەن چىقىرىۋېتەلىشىم مۇم-
كىن، ئەمما يېنىمدا رەھمەتلىك ئول ئىككى خانزادىنىڭ ئىنىسى
مىرزاخان بار. مەن كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ مىرزاخان ھەرگىز
كەچۈرمەيدۇ. خۇسرەۋ شاھقا دەرگاھىمدىن پاناھلىق بەرسەم
مىرزاخان رەنجىيدۇ، ئاغىلىرىدىن ئايرىلىپ، مېنىڭ خىزمىتىم-
گە كەلگەن سەركەردىلەرمۇ ئىزتىراپتا قالىدۇ، بەلكىم مەندىن
رايى يېنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— دانا پىكىر قىلدىلا ئالىيلىرى. پەقەت ئول ئاغامنىڭ ھا-
ياتى ئامان قالسىلا بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئۇنىڭ ئانا باش-
قا ئىنىسى. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتىم
بار.

— بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولسىلا. ئاغىلىرىنىڭ ھاياتى ۋە
مېلىغا زىنھار خەۋپ يەتكۈزمەسلىككە كېپىللىك قىلىمەن. چۈن-
كى، دەرگاھىمغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى
قوغداپ قالالمىسام، نامەرد دېگەن ئاتاققا قالىمەن، باشقىلارمۇ
ئۈستۈمدىن سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ.

— مەن ئاغام بىلەن كۆرۈشمەي، — دېدى باقى چاغانىيا-
نى، — يانلىرىدا تۇرسام سىلىنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇپ قويۇشۇم
مۇمكىن، شۇڭا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالاي دەيمەن.

— توغرا ئويلاپتىلا.

— ناۋادا مېنى سوراپ قالسا، مۇۋاپىق جاۋابىنى بېرەرلا.

بۇگۈن باقى چاغانىيانى ئاكىسى خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۆزى بى-
لەن بولغان قېرىنداشلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ، بابۇرنى تەڭقىس-
لىقتا قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى. شۇ تاپتا
بابۇر خۇسرەۋ شاھنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ ئولتۇراتتى.

«نامەردلىك ۋە تۇزكورلۇقتا ئۈچىغا چىققان بۇ ئەبلەخ مەن
بىلەن قايسى يوسۇندا كۆرۈشەر. ئۇنىڭ ئىشەنگەن ۋە ئېتىبار
قىلغان سەركەردە ـ نۆكەرلىرى تامامى دېگۈدەك كېلىپ ماڭا نۆ-
كەر بولدى. بىرنەچچە مۇددەت جاھانغا پاتماي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ

يۈرگەن بۇ مۇناپىق بۇگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق خارۇ زارلىقتا قې-
لىشىنى ئويلىغان بولغىيمىدى؟ تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى نېمىدېگەن
قىزىق ـ ھە؟ ئاتا ـ بابىلارنىڭ بول دۆلەت سەندە تۇرماس، ئول
مەينەت مەندە، دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك...»

يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى، بابۇر
خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ قەددىنى رۇسلىدى.

خۇسرەۋ شاھ يىراقتىن ئاتتىن چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك
بابۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالغاندا توختاپ ئۈچ
قېتىم يۈكۈندى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قۇدرەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، كە-
مىنە نۆكەرلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلغايلا!

بابۇر ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئول-
تۇرغان جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويماي، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈ-
گۈرتتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

بابۇر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلماي، بويۇن قىسىپ تۇر-
غان بىچارە تۇرقىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى.

«تەڭرى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ـ ھە؟ يىگىرمە ـ ئوتتۇز
مىڭ لەشكەرنىڭ ئىگىسى بولغان، قەھلۇغەدىن تارتىپ ھىندىقۇش
تېغىغىچە بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىدارىسى ئاس-
تىغا ئالغان، شول سەۋەبتىن ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلماي تەكەب-
بۇرانە ياشىغان بۇ تۈزكور ئەبلەخنى مەندەك دۈشمەنلىرى تەرىپى-
دىن مەغلۇپ بولۇپ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالغان ھۆكۈمدارنىڭ
ئالدىغا شۇنچە خار، شۇنچە ئاجىز، شۇنچە بىچارە ھالەتتە ئەكېلىپ
قويدى. مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ نە ئۆز نۆكىرىگە، نە مېلىغا، نە جې-
نىغا ئىگە بولغۇدەك ئىقتىدارى بولسۇن؟! ھە توغرا، ئۇنىڭ ئەس-
لىي ئىسمى ھەسەن بارلاس ئەمەسمىدى؟ مەرھۇم تاغام سۇلتان
مەھمۇد مىرزىنىڭ ئوردىسىدا باجگىر ئىدى، كېيىن ئۆزىنى
خۇسرەۋ شاھ دەپ ئاتىۋالغان...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بابۇر خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىچىدە ئۆرە تۇرغان خۇسرەۋ شاھقا مەسخىرىلىك قارىدى:

ــ قېنى ئولتۇرسىلا ھەسەن بارلاس.

خۇسرەۋ شاھ بابۇرنىڭ ئۆزىنىڭ سەلتەنەت نامىنى ئەمەس، ئەسلي ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغىنىدىن گېگىسىگچە قىزىرىپ كەتتى:

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر.

ئۇ چوڭقۇر ئېگىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، شاھ سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئاندىن بىللە كەلگەن خىزمەتكارلىرىنى بۇيرۇپ بابۇرغا كۆرۈشۈش سوۋغىسى ئۈچۈن تۆت تۆگە، تۆت قېچىرغا ئارتىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى تارتۇق قىلدى. بۇ جەرياندا بابۇرغا يەنە بىرنەچچە قېتىم يۈكۈندى.

ــ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلغايلا، ــ دېدى قول باغلاپ تۇرۇپ.

«بۇ پىخسىق ئوغرىنىڭ بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى توققۇز قاتار تۆگە، توققۇز قاتار قېچىر[1]غا ئارتىپ چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئېلىپ كەلگەن پىشكەشلىرىنى قارىمامدىغان، كۆڭلىدە بابۇرغا كاتتا سوۋغات تارتۇق قىلدىم دەپ ئويلاۋاتقاندۇ ھەرقاچان. ئەسلىدە بۇ مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسى مەرھۇم تاغىلىرىمنىڭ ئىدى. بوپتۇلا، ئىت بىلەن سۆڭەك تالاشقاندەك بولۇپ قالماي...»

بابۇر سوۋغاتلارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي يېنىدىكى خەزىنىچى بەگكە قارىدى:

ــ تاپشۇرۇۋالغايلا.

بابۇرنىڭ رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىش ئويىدا تۇرسۇن، سوۋغاتلارغا قاراپمۇ قويمىغىنىنى كۆرۈپ خۇسرەۋ شاھنىڭ يۈرە-

① توققۇز قاتار قېچىر ــ توققۇز تۆگە ياكى توققۇز قېچىر بىر قاتار ھېسابلىنىدۇ.

كىگە ۋەھىمە ئولاشتى.

«بەرگەن سوۋغاتلىرىمدىن تازا رازى بولمىغاندەك قىلىدۇ. ئۆمۈر بويى جۇغلىغان دەپىنە ـ دۇنيالىرىمنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالامدىمەن نىمە؟ ئىشقىلىپ جېنىم ئامان قالسىلا بولاتتى. شەيبانىخاندىن قېچىپ، خاتا قىلمىغاندىمەن ـ ھە؟ ئاۋۇ سەركەردىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ساپلا شۇملۇق ئەلەڭگىيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنىم باقى بەگ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ بابۇر ئۇنى قەستەن بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇنى بار دەپ بول دەرگاھقا كۆڭلۇم توق كەلگەن ئەمەسمىدىم. ئول بەدرەكمۇ ئىلگىرىكى ئاداۋەتنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي ئۆزىنى چەتكە ئالدىمۇ ـ يا؟ خەپ باقى، ئىت ئۆلۈمدە ئۆلەرسەن. ئاۋۇ بىرنەچچە تۇزكورلارنىڭ ماڭا يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراۋاتقىنىنى. ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋە، تەمىنات بېرىپ ئەتىۋارلىغان ئەمەسمىدىم. ھەپتە بولار ـ بولمايلا بابۇرنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ كېتىپتۇ. كۆرىمىز تېخى، قانچىلىك ئەتىۋارلىنىپ كېتىدىغىنىنى...»

بابۇر خۇسرەۋ شاھتىن ئايرىلىپ، يېنىغا قېچىپ كەلگەن بىرقانچە سەركەردىنى قەستەن شاھ سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىدە ئولتۇرغۇزغانىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۇلارغا يەر تېگىدىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى قىرىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بول سەركەردىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ساداقەت ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىمگە ئالدىم، — دېدى ئۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — چۈنكى، دوستلۇق، ساداقەتنى قەدىرلەش، مەردلىكنى ئەلا بىلىش بىزنىڭ مىزانىمىز.

خۇسرەۋ شاھ تاتارغان ھالدا ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى:

— ھېچقىسى يوق. ئۇلار ئىلگىرىمۇ مەندىن تۆت قېتىم ئايرىلىپ، دەرگاھىمغا يەنە قايتىپ كەلگەنىدى.

بابۇر سوغۇق كۈلۈمسىرىدى.

«ھىيلىگەر مۇناپىق، سەركەردىلىرىڭنى ساداقەتسىزلىكتە ئەيىبلەپ، ماڭا چېقىشتۇرۇۋاتىسەنغۇ تايىنلىق. بۇ چاندۇرماي قىل-

غان پىتنەڭگە مېنى ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلىغان بولساڭ خاتالاشقان بولىسەن...»

ــ مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام، دەيدىغان گەپ بار، ــ دېدى بابۇر تەمكىنلىك بىلەن، ــ بەلكىم ئۇلارمۇ ئىلگىرى سىلىنى دورىغان بولغىيدى. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ ئەللامە بابىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى «قۇتاتغۇبىلىك» ناملىق شاھانە كىتابىدا: «ئارسلانلارغا ئىت باش بولسا، ئارسلانلار ئىتسىمان بولۇر، ئىتلارغا ئارسلان باش بولسا، ئىتلار ئارسلانسىمان بولۇر» دەپ قەيت قىلغان. ھازىر بول سەركەردىلەرنىڭ پاسىبانى مەن، ھەرگىز سىلى ئەمەس.

ــ شۇنداق، شۇنداق، ــ دېدى خۇسرەۋ شاھ خىجىللىقنى يالغان كۈلكىسى بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

سۆھبەت بىر ئاش پىشىم داۋاملاشتى. خۇسرەۋ شاھنىڭ نامەردلىك، تۈزكورلۇقىغا يارىشا سۆزلىرىمۇ پۇچەك ھەم لاۋزا ئىدى. يەنە سۆھبەتلىشىشكە بابۇرنىڭ تاقىتى قالمىغانىدى.

ــ مەن پات يېقىندا مۇناپىق شەيباق بىلەن جەڭ قىلىمەن، ــ دېدى ئۇ خۇسرەۋ شاھقا قاراپ، ــ سىلىنىڭ سىپاھلىق بىلەن ئەزەلدىن خۇشلىرى يوق. خۇسۇسەن ئۇل شەيباقا روبىرو كېلىشتىن خەۋپسىرەيدىلا، شۇڭا سىلىنى ئۇل ياغىغا تەۋسىيە قىلماي. ھازىرچە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئائىلىلىرىنىڭ تەسەررۇپى بولغان خۇراسان تەرەپ تىنچ، شول تەرەپلەرگە بېرىپ تۈپلىغان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ راھىتىنى كۆرگەيلا. بەلكىم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئائىلىلىرى بىرەر شەھەرنى بېرىپ قالار. شىرىن تاغايى جانابلىرى سىلىنى غۇرى ۋە دەھانە ئۆتكەللىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويسۇن.

خۇسرەۋ شاھ گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، بابۇر پۇرسەت بەرمىدى:

ــ ھازىر شەيباقىنىڭ ئىلغار[1] لىرى غۇرى تاغلىرى، تىرمىز

① ئىلغار ــ ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن.

يوللىرىدىكى ئۆتكەللەرنى ئىگىلەپ بولاي دېدى. چاپسان يولغا چىقمىسىلا ئۆلگۈرەلمەي قالىدىلا. ئول چاغدا جانلىرىغا ئارا تۇ-رۇشقا مېنىڭمۇ ئامالىم قالمايدۇ.

شەيبانىخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، خۇسرەۋ شاھنى يەنە ئۆلۈم ۋەھىمىسى باستى. شۇ دەقىقىدە بابۇرغا باغلىغان ئۈمىدىنى پۈتۈن-لەي ئۈزگەندى.

«بابۇرنىڭ قېشىدا تۇرساممۇ ماڭا ئامانلىق يوق ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا خاتا كەپتىمەن، ئۇدۇللا خۇراسانغا بارسام بوپتى-كەن. ھېلىمۇ كېچىكمەسمەن. دەرھال يولغا چىقاي، ناۋادا شەيبا-نىخاننىڭ لەشكەرلىرى يوللارنى تولۇق ئىگىلىۋالسا ئالدى ـ كەي-نىمگە ماڭالماي قالماي يەنە. ئىسىت، بابۇرغا بىكاردىن ـ بىكار بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش تاشلاپ بەردىم...»

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

خۇسرەۋ شاھ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بابۇرغا سالام بەردى.

— ھەسەن بارلاسنى ئۈزىتىپ قويۇڭلار، — دېدى بابۇر مى-دىرلىماي ئولتۇرۇپ.

خۇسرەۋ شاھ كېتىشى ھامان، خانزادە مىرزاخان بابۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى.

— گەپلىرى بولسا ئولتۇرۇپ دېسىلە ئەزىز ئىنىم، يۈكۈ-نۈشلىرى ھاجەتسىز.

بابۇر مىرزاخاننىڭ مەقسىتىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

— قىبلىگاھىمىزغا مەلۇملۇق، — دېدى مىرزاخان غەزەپ-تىن بوغۇلغان ھالدا، — مۇناپىق خۇسرەۋ شاھ مەرھۇم ئاغىلى-رىم مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇ-نىڭدا ئاشۇ ئاغىلىرىمنىڭ خۇن ـ قىساسى بار. شۇڭا پەرمان بەرسىلە، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئاغىلىرىمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك.

بابۇر بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان نەۋرە ئى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى:
ــ تەلەپلىرى يوللۇق، قەدىرلىك ئىنىم. ئەمما ئويلاپ باقسىلا، ئىككى پاك پەرىشتىنى بىر ناپاك دىۋىگە تەڭلەشتۈرسەك، بۇ بىز ئۈچۈن يۈزمىڭ ئەيىب ئەمەسمۇ؟
مىرزاخان گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدى. تۇرقىدىن نىيىتىدىن ئاسانلىقچە يانمايدىغاندەك قىلاتتى. بابۇر يەنە ئېغىز ئاچتى:
ــ ناۋادا ئول تۈزكور مۇناپىق دەرگاھىمىزغا پاناھلىق تىلەپ كەلمىگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە تۇتۇپ ئۆلتۈرسەك تامامەن بولاتتى، ئەمما، ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ پاناھلىق تىلىگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەل ـ يۇرتقا نامەرد دېگەن ئاتىقىمىز تارايدۇ، جاھاندىكى مەرد ـ باھادىرلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىلا ئۇنىڭغا ئامان ـ ئېسەنلىك ۋەدە قىلدۇق. ئەمدى ۋەدىمىزدىن يېنىۋالساق، ئول تۈزكوردىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ تەڭرى ئەڭ ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر. ھېچكىم تەڭرىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالىغان ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مېنى تەڭقىسلىقتا قويمىسىلا.
مىرزاخان يەنە جاھىللىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىلاجسىز بېشىنى تۆۋەن سالدى.
ھەئە، بابۇر راست ئېيتقانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خۇسرەۋ شاھنىڭ يول ئۈستىدە شەيبانىخاننىڭ ھەمزە سۇلتان ئىسىملىك سەركەردىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، مال ـ مۈلكىنىڭ بۇلانغانلىق خەۋىرى كەلدى.
«ئى قۇدرەتلىك تەڭرىم، ــ دەپ ھەمدۇ سانا ئېيتتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بابۇر، ــ جاھاندىكى جىمى پادىشاھلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئۆزۈڭسەن، خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھېچكىمنىڭ قىساسىنى ھېچكىمدە قويمايسەن. ھەممە ياخشىلىق، ئادالەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن...»

※ ※ ※

مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ خېتىنى تېزلا ئوقۇپ تۈگەتكەن خانزادە سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆزىگە گۇمان بىلەن تىكىلدى. ئەمما ئۆزىگە ھۆرمەت، ئىشەنچ بىلدۈرۈپ تۇرغان بۇ كۆزلەردىن ھېچقانداق بىر سۈيىقەست، ساختىلىقنى تاپالمىدى. خەت ئۇنىڭغا قانچىلىك تاسادىپىي تۇيۇلغان بولسا، دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق يېزىلغان قۇرلارمۇ شۇنچىلىك تاسادىپىي تۇيۇلدى.

«بۇ خەت راستتىنلا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭمىدۇر. شەيبانىخان بىرەر شۇملۇق پىلانلاپ، مېنى سىناۋاتمايدىغاندۇ ـ ھە؟...»

سەئىدخان خەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى:

*«... خانزادەم، مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن تولا قايغۇرۇپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا. ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار. بەندە تۇغۇلغان ئىكەن، ھامان بىر كۈنى ئول رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى تېتىماي قويمايدۇ. ھازىرقى مۇھىم ئىش شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىدىن جانلىرىنى ياقىغا ئېلىش. نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، ئۆزلىرى بىلەن خاس مۇلاقاتتا بولۇش پۇرسىتىنى تاپالمىدىم. شەيبانىخاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم. بىلىشلىرى كېرەككى، كەمىنىلىرىمۇ ئامالىنىڭ يوقىدىن شەيبانىخانغا ئىتائەت گەردىنىمنى ۋاقىتلىق سۇنغانمەن. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى. بەلكىم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ياكى بابۇر پادشاھنىڭ دەرگاھىغا بارارمەن، مەيلى قايسىسىنىڭ قېشىغا بارماي، شەيبا-*

*نخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىپ قولدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدمەن. سىلى ئول شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل ئاقسۇغا بارغايلا. سىلى ئول تەرەپتىن باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلسىلە، مەن بۇ تەرەپتىن بابۇر پادشاھ ۋە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن شەيبانىخاننىڭ ئالدىنى توسسام، چوقۇمكى بۈيۈك مەقسەتلىرىمىز مۇراد تاپۇر...»*

مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان خەتنىڭ تېگىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات قوشۇپ قويغانىدى:

*«بابا مەھمۇد سۇلتان جانابلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ مۇددىئايىمنى بايان قىلدىم. ئۇ ماڭا ئىجازەت بەردى ھەمدە سىلىنىڭ ئول دەرگاھتىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىشلىرى ئۈچۈن خوجا ئەلى باھادىر ئىسىملىك ياتىش بېگى ئارقىلىق ياردەم قولىنى سۇنۇدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەلكىم سىلى مەھمۇد سۇلتان شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى تۇرسا، ئۆز ئاغىسىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئىككىلىنىپ قېلىشلىرى مۇمكىن. ئول ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق بارلىقىدىن، خۇسۇسەن مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئاغىسى شەيبانىخاننىڭ سىياسەت ـ پەرمانلىرىدىن نارازى ئىكەنلىكىدىن سىلىنىڭمۇ ئاز ـ تولا خەۋەرلىرى باردۇر. ھازىرچە گەپنى ئۇزارتماي، قالدى گەپلەرنى ئاللاھ خالىسا كېيىن كۆرۈشكەندە تەپسىلىي مۇڭدىشارمىز.»*

شۇ تاپتا سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن پەيدا بولغان ئازاب بەكرەك ئىسكەنجىگە ئالغانىدى.

«تاغدەك ئىشەنگەن، ئۈمىد باغلىغان ئاتامدىنمۇ ئايرىلىپتىد ـ

مەن، شۇنچە ۋاقىت خەۋەرسىز يۈرۈپتىمەن تېخى، ئەمدى بۇ دەر-
گاھتا تۇرسام بولمايدۇ. ھامىنى بىر ئۆلۈم دەپتىكەن. بوپتۇ، بۇ
مەكتۇپقىمۇ، ئالدىمدىكى مۇنۇ ئەزىمەتكىمۇ ئىشىنەي، يامىنى
كەلسە شەيبانىخانىنىڭ قىلىچىدا ئۆلۈپ كېتەرمەن...»

— بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ خانزادەم؟ — سورىدى خوجا ئەلى
باھادىر سەئىدخانىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

سەئىدخان ئۇنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارىدى.

— ماڭا ئىشەنمەيۋاتىدىلا ھەقچان،كەمىنىلىرى مەرھۇم
ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ سەرۋازلىرىدىن بولىمەن. يۇرتۇم پىچاد-
دىن. مېنى تونۇماسلىقلىرى تەبىئىي، ئەمما ئۆزلىرىنى ئوبدان
تونۇيمەن، بولۇپمۇ تاشكەنتكە يۈرۈش قىلغانىدا ھەمساۋاق دوست-
لىرى تاھىربەگ بىلەن يول بويى قىلىپ ماڭغان شوخلۇقلىرى...

— قاچان ماڭىمىز؟ — سورىدى سەئىدخان خوجا ئەلى باھا-
دىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ھەئە، دوستى تاھىر بەگنىڭ ئىسمىنى
ئاڭلاش بىلەن سەئىدخانىنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسى قال-
مىغانىدى.

— ئاللاھ خالىسا بۈگۈن كېچە تۈن نىسپىدىن كېيىن.

— چېدىردىن ھەرقانداق ۋاقىتتا يالغۇز چىقالمايدىغانلىقىم
ئۆزلىرىگە ئايان.

— بىلىمەن. بۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولسىلا، قوللىرىدى-
كى مەكتۇپ ماڭا تونۇگۇن كەلگەن. ھېلىغىچە ھەممە تەييارلىقلار-
نى پۈتتۈرۈپ بولدۇم، بىز يالغۇز ئەمەس.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ: «بىز يالغۇز ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى
سەئىدخانغا باشقىچە يېقىملىق ئاڭلاندى.

— كەچلىك غىزانى يېمىسىلە، — دەپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى خوجا ئەلى باھادىر، — ئەمما، نۆكەرلەرنى تويغۇچە
يېيىشكە زورلىسىلا. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە بېشىدا ناغرا چالسىمۇ
تۇيماي ئۇخلايدۇ.

— نەدە ئۇچرىشىمىز؟

— مەن دېگەن ياتىش بېگى. كېچىدە نەگە بارسام ھېچكىم مەندىن گۇمانلانمايدۇ. سىلى نۆكەرلەردىن بىرىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، نۆكەرچە كىيىنىپ تۇرسىلا. يانلىرىغا ئۆزۈم كېلىمەن ـ دە، چارلىغۇچى نۆكەرلىرىمگە قوشۇپ ئېلىپ كېتىمەن.

— بولىدۇ ئەمىسە، سىلىنى كۈتىمەن.

※ ※ ※

بۈگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىغا شەيبانىخاننىڭ پەقەتلا ئىشتىھاسى تارتمىدى. خۇددى بىرەر مۇھىم خەۋەر كۈتۈۋاتقاندەك پات ـ پات سىرتقا قارايتتى. سالامغا كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. لەشكىري يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش پەرمانىنىمۇ بەرمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن يولغا چىقىشقا ئالدىرىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنى ناشتىغا زورلاشقا پېتىنالمىغان بىكاۋۇل ئەمىر سوۋۇپ كەتكەن ناشتىلىقلارنى يىغدۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

— قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، قابىلشاھ ئوغلان قايتىپ كەلدى.

— دەرھال يېنىمغا كىرسۇن، — دېدى شەيبانىخان مەھرىمگە قاراپ.

قابىلشاھ ئوغلان شەيبانىخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەھرىمى ھەم يوشۇرۇن كاللا كېسەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنى مەخپىي پەرمان بېرىپ قۇندۇزغا ئەۋەتكەنىدى.

— قانداق بولدى؟ — سورىدى ئۇ، قابىلشاھ ئوغلانغا سالام قىلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي.

— ئالىھەزرىتىمىنىڭ پەرمانى تولۇق ئادا بولدى، — دېدى قابىلشاھ ئوغلان يەر سۈيۈپ تۇرۇپ.

— ئول ئىككىسىنىڭ زوقۇم سېلىنغان غىزانى يېگىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟

ــ بىر ئاي ئىلگىرى مەھمۇد سۇلتاننىڭ خاس غىزاخانىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن بىكاۋۇل ئىشلارنى كۆڭۈلمىزدىكىدەك بەجا كەلتۈرۈپ ئاليىلىرى ئىلتىپات قىلغان زوقۇمنى غىزاغا يەم بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. بىراق، ــ قابىلشاھ ئوغلان بىر پەس تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، ــ غىزانى مەھمۇد سۇلتان ئۆزى يالغۇز يېدى. نېمە ئۈچۈندۇر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇنىڭغا غىزادا ھەمراھ بولمىدى. كەمىنىلىرى سوراشنى بىئەپ كۆردۇم.

ــ دېمەك، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان قۇتۇلۇپ قاپتۇ ـ دە؟

شەيبانىخاننىڭ دەھشەتلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قابىلشاھ ئوغلان ۋەھىمىدىن تۈگۈلۈپ كەتتى:

ــ شۇ... شۇنداق بولدى... ئا... ئانھەزرىتىم، كەمىنىلىرى كېچىلەپ بۇياققا ماڭدىم. مەھمۇد سۇلتاننىڭ مۇسىبەت خەۋىرىمۇ ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

ــ بولدى. كۆپ جاپا چېكىپسەن، ئاۋۇ بىر پىيالە چاينى ئىچىۋېلىپ ئارام ئال، ــ شەيبانىخان بىر ھەميان تىللانى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ــ مە، بۇ سۆيۈنچەڭ. ئېسىڭدە تۇت، بۇ سىرنى ئىنسانغا تىنما.

ــ ھەددىم ئەمەس!

قابىلشاھ ئوغلان شەيبانىخان ئىلتىپات قىلغان بىر پىيالە چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئاستا ماڭدى، تېخى چېدىرنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە بارمايلا بەدىنى تۇيۇقسىز تارتىشقاندەك بولۇپ گۆلۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ئاغزى، بۇرنى، قۇلىقىدىن ئۇقتەك قان كەتتى.

ھەئە، ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ زىيادە يېقىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن شەيبانىخان، ئەزەلدىن پەرمانىغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئۆزى ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاپەت ھېسابلىغان

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، قۇندۇزغا قاتىل ئەۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا مەھمۇد سۇلتاننىڭ غىزاسىغا زەھەر سېلىۋەتكەن شور پېشانە قابىلشاھ ئوغلان شەيبانىخان ئىلتىپات قىلغان بىر پىيالە سوغۇق چايدىمۇ ئۆتكۈر زەھەر بارلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

«كىمكى مەن بىلەن قارشىلىششقا، تەخت ـ سەلتەنەتىمنىڭ ئۇلىنى كولاشقا پېتىنىدىكەن، ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايمەن. ھەتتا ئۆز پۇشتۇمدىن تامغان پەرزەنتىم بولسىمۇ ئوخشاش. مەھمۇد سۇلتان ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. مەندەك ئاغىسىنى قايرىپ قويۇپ، رەقىبلىرىم بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشتى. ھېلىمۇ كۆپ سەۋر قىلدىم، بولمىسا ئىككى يىل ئاۋۋاللا جېنىدىن ئايرىلاتتى... ئەمدى ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتاندىنمۇ ئېھتىيات قىلاي. خۇپىيەلىرىمنىڭ يەتكۈزۈشچە، ھە دېسە ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى ئۆز ئالدىغا زىيابەتكە چىللاپ، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلارمىش. تاجۇ تەختىمنى كۆزلىمىسە شۇنداق قىلارمىدى. مەقسىتى ئاۋۋال ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى يېنىغا تارتىپ، ئاندىن ماڭا قول سالماقچى. ئەينى يىللىرى خانزادە ئابدۇللەتىپخانمۇ سەمەرقەنت تەختىنى دەپ ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنى قەستلىگەنىكەن. تۆمۈر سۇلتانىنمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاي...»

شەيبانىخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، تاپسىدا سۇنايىلىنىپ ياتقان قابىلشاھ ئوغلاننىڭ جەسىتىگە قاراپ قويۇپ ۋارقىرىدى:

— قايسىڭ بار؟

— لەببەي ئالىيلىرى!

— ئاۋۇنى ئاچىقىپ يىغىشتۇرۇۋەت.

مەھرەملەر قابىلشاھ ئوغلاننىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا قورۇقچى بەگ پايپاسلاپ كىرىپ كەلدى، چىرايىنىڭ ئۆڭ ـ سۆلى قالمىغانىدى:

— قۇدرەتلىك شاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، خانزادە سەئىدخان

قېچىپتۇ.

بۇ كۈتمىگەن خەۋەر شەيبانىخاننى چۆچۈتۈۋەتتى:

— قاچان؟

— ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. بابا ناشتىلىق ئېلىپ كىرگەن مۇلازىملار نۆكەرلەرنىڭ ھېچنېمىنى تۇيماي، قاتتىق ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى سېزىپتۇ. بېرىپ تەكشۈرسەك سەئىدخان يوق. نۆكەرلەرگە بىھۇش دورىسى بېرىپ ئۇخلىتىۋەتكەن چېغى. يەنە ئوردىباسار ياتىش بېگى خوجا ئەلى باھادىرمۇ ئون بەش نۆكەر بىلەن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپتۇ. پەمىمچە ئۇلار بىرلىكتە...

— بەس! زۇۋانىڭنى يىغ! — قورۇقچى بەگنىڭ سۆزلىرىنى يەنە ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان شەيبانىخان كۆكيۈن چاققان بايىتالدەك چىچاڭشىدى، — ئۇلار قاچقان بولسا، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ بەتبەخت! كېچىدىن قارارگاھنى ئۆزۈڭ چارلىماي خاتۇنۇڭنىڭ ئاشنىسىغا سۇ ئىسسىتىپ بەرگەنمىدىڭ؟!

بېشىدا ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئەلەڭگىگەن قورۇقچى بەگنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، دەرھال دېرىكىنى قىل! كېچىدىن بېرى توڭگۇزدەك ئۇخلاپ ياتقان ھېلىقى ئەللىك نۆكەرنى جاللاتقا تاپشۇر، تايىنلىق گۆردىلا ئۇخلىسۇن.

قورۇقچى بەگ ئۆمىلىگەندەك چىقىپ كەتتى.

شۇ دەقىقىدە شەيبانىخان سەئىدخاننى بۇرۇنراق ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شاھ چېدىرىغا جۇغلاشقان ئەمىرلەر ۋەھىمە ئىلكىدە قاتتىقراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئولتۇرۇشاتتى.

شۇ ئەسنادا ھۆدەيچى بەگ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلدى:

— قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، قۇندۇزدىن چاپارمەن كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىزنىڭ ئادرېسى

شەيبانىخان ھۆدەيچى بەگ قوش قوللاپ ئۇزاتقان مەلۇماتنامىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ، شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى:

ــ ئاختىچىغا يەتكۈز، ئات تەييارلىغاچ تۇرسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپ ياندىكى ھۇجرا چېدىرىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمىر ـ سەركەردىلەر يەڭگىل تىنىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ مەھمۇد سۇلتان قازا قىلىپتۇ جانابلار، ــ دېدى ھۆدەيچى بەگ پەس ئاۋازدا، ــ مېيىتىنى بۇ تەرەپكە ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

ــ مەھمۇد سۇلتان ساپساقلا تۇراتتا؟

ــ ئەجەب بىر تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ــ بىرەرى قەست قىلمىغاندۇ ـ ھە؟

ــ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپتىمىش.

ــ ئۆلۈم دېگەن بىر سىر.

ــ شۇنى دېسىلە، ھېلى بار ئادەم ھېلى يوق.

ــ بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىۋەندە ئەمەس.

بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆلىشىپ كەلگەن شۇم خەۋەرلەر ئەمىرلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. شەيبانىخان ئۇلارغا قايتىشقا ئىجازەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قورساقلىرى ئاچسىمۇ چىداپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ھەممىسى ئۆز كاللىسىنىڭ غېمىدە قالغانىدى. چۈنكى شەيبانىخان غەزەپكە كەلسە، بىرەر ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالماي بولدى قىلمايتتى. ھېلىقى ئەللىك نەپەر شور پېشانە نۆكەرنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپمۇ غەزىپى بېسىلمىغانىدى. مانا ئەمدى مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

شەيبانىخان ناماز پېشىندىن كېيىن ھۇجرىدىن چىقتى ـ دە، ساقلاپ ئولتۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە قاراپمۇ قويماي چېدىردىن چىقىپ، توقۇپ تەييارلاپ قويۇلغان ئېتىغا مىندى. ئە-

مىرلەر ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار شۇ تاپتا شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننىڭ مېيىتىنىڭ ئالدىغا ماڭغانلىقىنى پەرەز قىلىشقانىدى. ئالاھەزەل يىگىرمە ـ ئوتتۇز چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن بىر توپ كىشىلەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارىلىق كىيىۋېلىشقان بولۇپ، مەيىگە سېلىنغان تاۋۇتقا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. شەيبانىخاننىڭ بىرلا ئىشارىتى بىلەن ئەگىشىپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. پەقەت شەيبانىخانلا ئاتتىن چۈشمىدى. ئۇنى كۆرۈپ مېيىتنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلار قايتىدىن ھازا باشلىۋېدى، شەيبانىخان بىرلا ئىشارەت بىلەن ئۇلارنى ھازىدىن توختاتتى. ئېتىنى دېۋىتىپ مەيىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. ئاتنىڭ بېشى تاۋۇتنىڭ ئۈستى بىلەن تەڭ ھالەتتە ئىدى. شەيبانىخان ئاشۇ تەرىزدە بىر ھازا ئۈنچىقماي تۇردى. چىرايى تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى. كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك يىغا ـ زارىمۇ قىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ھېچكىم ھازا ئېيتىشقا پېتىنالمىدى.

ئۇ ئەنە ئاشۇ ھالەتتە بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپىدىكىلەرگە يۈزلەندى:

— مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئۆلگىنى ناھايىتى ئوبدان بولدى. چۈنكى خالايىقنىڭ ھەممىسى: «شاھبېكخان①نىڭ دۆلىتى ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئىشى مەھمۇد سۇلتاننىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى بىلەن بولىدۇ. ناۋادا مەھمۇد سۇلتان ھەمدەمدە بولمىغان بولسا، شاھبېكخان بۇنچىلىك شانۇ شەۋكەتلەرگە، غەلىبە ـ نۇسرەتلەرگە نائىل بولالمايتتى» دېيىشەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، مەن شاھبېكخاننىڭ ھېچ نەرسىسى مەھمۇد سۇلتانغا باغلىق ئەمەس. ئەمدى ئاشۇنداق پىتنە قىلغۇچىلار ئۇنىڭسىزمۇ قانداق كاتتا ئىشلارنى تەۋرەتكىنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قويۇش-

① شاھبېكخان ــ شەيبانىخان.

سۇن. مېيىتنى يۆتكەپ يۇرمەي دەرھال دەپنە قىلىۋېتىڭلار.

ئەمىر ـ سەركەردىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. شەيبانىخان ئات ئۈستىدە تېخىچە مىدىرلىماي تۇرغاچقا، مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا ھېچ- كىم پېتىنالمىدى.

— مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى ئۇ قۇندۇزدىن كەلگەن ئەمىرلەرگە قاراپ.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى قۇندۇزدىن كەلگەن سەركەردىلەردىن بىرى ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ، — مۇھەممەد ھۇسە- يىن كۆرەگان تۈنۈگۈن ئەتىگەن مەرھۇم ئەمىر لەشكەر جانابلىرىدىن ئىجازەت سوراپ نۆكەرلىرى بىلەن خاتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ كې- تىپ قالغان. نەگە بارىدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلمىدۇق.

«مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانمۇ قېچىپتۇ ـ دە، ئۇ سەئىد- خان بىلەن ئالدىقاچان تىل بىرىكتۈرۈۋالغان، ئەمما مەن بولسام ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتىمەن...»

غەزىپىنى باسالمىغان شەيبانىخان قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە چىقىرىپ، جاۋاب بەرگەن ھېلىقى سەركەردىنىڭ بويند- غا قەھرى بىلەن چاپتى. بۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى كۆرگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر ۋەھىمىدىن غال ـ غال تىترەشتى.

125

ئەينى يىللىرى مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخانغا بىر مەزگىل پا- ناھ جاي بولغانلىقى سەۋەبلىك نامى مەشھۇر بولغان يەتتەكەنت يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاۋاتلىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە كىچىكرەك



www.uyghurkitap.com

بىر شەھەرگە ئايلانغانىدى. خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ چىققان سەئىدخان سايرامدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن ئەھمەد يولى بىلەن مېڭىپ يەتتەكەنتكە كەلگەندە تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇدا نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلارنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن قاتتىق ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى جىيەنى سۇلتان مەنسۇرخاندىنمۇ رەنجىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سوراشلىرىمۇ كار قىلمىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىش ئىشىغىمۇ كۆڭۈلسىمىدى، تۇرپاندىكى سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ بولسا نېمە ئۈچۈندۇر تاغىسى بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى. ئەڭ ئاددىيسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئەھۋال سوراپ بىرەر پارچە خەت ياكى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ بىرەر پارچە مەلۇماتنامىمۇ ئەۋەتمىدى. ئۇ تۇرپانغا بىر كەتكەنچە ئاقسۇدا قالغان بۇ تاغىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. يا مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى، يا مال ـ دۇنياسى، يا يۈز ـ ئابرۇيى بولمايۋاتقان نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قاتارلىق بىرنەچچە ئەمىرلەر ئاقسۇدا تۇرۇۋېرىشتىن پۈتۈنلەي زېرىككەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا سۇلتان مەھمۇدخانغا ھېلى جىيەنى مەنسۇرخاننى، ھېلى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى، ھېلى ئاقسۇ ـ ئۈچنىڭ ئەمىرى مىرجاپپار بەردى بەگنى توختىماي چېقىشتۇراتتى. قۇلىقىغا شۇنداقلا كىرىپ قالغان پىتنە ـ پاساتلارنى بىرنى ئون قىلىپ يەتكۈزەتتى ياكى يېڭىدىن يېڭى پىتنە ـ پاساتلارنى ئويدۇرۇپ تارقىتاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننى ئاقسۇدىن كېتىشكە ئۈندەيتتى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان مەھمۇدخان ئاخىر يامانلىغان ھېساپتا ئاقسۇدىن چىقىپ يەتتەكەنتكە كەلگەنىدى.

يول بويى تاغىسىنى ئەتراپىغا نۇرغۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى توپلاپ، قولدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋې-

لىش ئۈچۈن شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتىشقا ھازىرلىنىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن سەئىدخان ئۇنى يەتتەكەنتتەك كىچىككىنە بىر يۇرتتا كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدى. نەزەرىدىكى كاتتا خاقاننىڭ ئادەتتىكى سەھرا بەگلىرىدەك ھەشەم ـ دەبدەبىسىز ياشىشىنى تەسەۋۋۇرىغا پەقەتلا سىغدۇرالمىدى. ئەمما، كۆرۈشۈپلا بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

«بەلكىم خان تاغام ئالدىدىراق يۈرۈپ يەتتەكەنتتە ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئاغام مەنسۇرخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتقاندۇ ھەرقاچان. ئۇلار يېتىپ كەلسە بىرلىكتە تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىمىز. ئۇ تەرەپتىن ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. مۇناپىق شەيبانىخانغا ئىككى تەرەپتىن تەڭ تېگىش قىلىپ، پەرغانە، ماۋەرائۇننەھرنى قايتىدىن ئىلكىمىزگە ئالىمىز...»

ئۇ ئىككى ھەپتە ۋاقتىنى ئەنە ئاشۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ جەرياندا سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ھەقتە بىرەر قېتىممۇ ئېغىز ئاچمىدى. ھەتتا سەئىدخاننىڭ شەيبانىخاننىڭ يېنىدا قانداق كۈن كەچۈرگەنلىكىنى، قانداق قېچىپ چىققانلىقىنىمۇ سوراپ قويمىدى. تاسادىپىي شەيبانىخاننىڭ ياكى بابۇرنىڭ، ياكى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ گېپى چىقىپ قالسا، گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى. سۆھبەتلەردە سەئىدخان ئاڭلاشنى تەمە قىلغان تاشكەنتكە لەشكەر تارتىش، ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىشى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنمايتتى. ئۇنىڭغا تاغىسى بارا ـ بارا تولىمۇ بىپەرۋا، تەخت ـ سەلتەنەت ئارزۇسىدىن تولۇق ۋاز كەچكەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھەئە، ئۇ ئەمدى يەتتەكەنتنىمۇ، تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىشتىنىمۇ زېرىككەنىدى.

«ئەمدى تاغامنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي، ئۆزى ئېغىز ئاچمىغاندىن كېيىن سوراپ باقمايمەنمۇ؟ بەلكىم مېنى

كىچىك كۆرۈپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى دېگۈسى كەلمىگەندۇ. سو ـ رىسام چوقۇم دەپ بېرىدۇ...»

سەئىدخاننىڭ زېرىكىشلىك خىياللىرىنى ئالدىراش كىرىپ كەلگەن خوجا ئەلى باھادىر ئۈزۈپ قويدى:

ـــ ئەمدى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن ئۈمىد كۈتمىـ سىلىمۇ بولغۇدەك خانزادەم.

سەئىدخان ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى:

ـــ قانداق دەيدىلا باھادىر؟

ـــ بايا بىر قىسىم ئەھۋاللاردىن ئاز ـ تولا خەۋەر تاپتىم. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئاغىلىرى مەنسۇرخان بىلەن سەيـ يىد مۇھەممەد مىرزىدىن قاتتىق رەنجىپ، ئاقسۇدىن بۇ تەرەپكە يېنىپ كەلگەنىكەن. بىز بولساق ئۇلارنى زور قوشۇن باشلاپ كېـ لىدۇ دەپ ئۈمىدلىنىپ يۈرۈپتىمىز.

ـــ نېمە دەيدىغانلا، بۇ مۇمكىنمۇ؟

سەئىدخان ئىشەنمىگەن ھالدا خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ـــ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي ئامالىمىز يوق خانزادەم. بولمىسا سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن سوراپ باقاملا ـ يا؟

سەئىدخان گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى.

«ئاغام مەنسۇرخاندىن خان تاغام راستتىنلا رەنجىپ قالغانـ مىدۇ؟ ماقۇل، رەنجىپ قالدىمۇ دەيلى، ئۇ دېگەن ئاتا يوللۇق تاغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ سۇلتانى بولغاندىكىن، ئا ـ غامغا ئىككى ئېغىز تەنبىھ بېرىپ، باشلىۋالسا بولۇۋېرەتتىغۇ؟ چوڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، باتناپ كىچىككىنە يەتتەكەنتكە كىلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ بەلكىم خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئاڭلىغانلىرى يالغاندۇر. خەق دېگەن گەپنى كۆپتۈرۈپ قىلىشقا ئامراق. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىدىن سوراپ باقاي...»

كەچلىك غىزادا سۇلتان مەھمۇدخان سەئىدخاننىڭ ئېھتىيات

بىلەن ئەگىتىپ بىلدۈرگەن مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ قايىقىنى تۇر-دى:

ــ مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئېغىزغا ئالمىسىلا. مېنى قولدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋالغۇسى يوق دەملا؟ بىراق، ھازىر ئۇل شەيبانىخان بەك كۈچەيىپ كەتتى. بۇنى مەندىن سىلى ئوبدان بىلىدىلا. ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمىز.

سەئىدخان پاتىڭغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە چوڭ بىلىپ، كاتتا ئۈمىد باغلاپ كەلگەن تاغىسىنىڭ بۇنچىلىك قورقۇنچاق، ئىرادىسىز، گالۋاڭ ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. مەيلى تۇرغاقلىقتىكى ۋاقتىدا، مەيلى قوتۇلۇپ بۇ تەرەپكە قاچقىنىدا بولسۇن، قەلبىگە قانچىلىك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەنىدى ـ ھە؟ ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ مەنئۇى تۈۋرۈكى مۇشۇ تاغىسى ئەمەسمىدى؟

ــ ئۆزلىرىنى بۇنچىۋالا كەمسۇندۇرمىسىلا خان تاغا، ــ دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، ــ شەيبانىخاننىڭ كۈچىيىپ كەتكىنى راست. لېكىن، ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىكمۇ ئەمەس. شۇ كۈنلەردە شەيبانىخان بىلەن ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ بار. مېنىڭ ئۇل دەرگاھتىن قېچىشىمغىمۇ ئاشۇ مەھمۇد سۇلتان ھەمدەمدە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيبانىخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا سىلى بىلەن مەرھۇم ئاتامنىڭ تۇمەنلىگەن ساداقەتمەن لەشكەرلىرى بار. بىز لەشكەر تارتىپ بارساقلا ئۇلار چوقۇم بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ. يەنە تېخى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن بابۇر پادىشاھمۇ ئەتراپىغا لەشكەر جۇغلاپ پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ.

ــ بالام، بۇ سىلىنىڭ خىياللىرى. مەنمۇ ئىشلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان راسا بىر ئەسنىۋېتىپ، ــ مەھمۇد سۇلتان نېمىلا بولمىسۇن شەيبانىخاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى. سىلىنىڭ قېچىپ كېتىشلىرىگە

ياردەم بەرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپلا ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.
سىلى بىلمەيدىلا، سۇلتان مەھمۇد بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆ-
رەگانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇندىنلا دوستلۇق بار ئىدى. بەل-
كىم ئۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا يۈز كېلەلمەي سىلىنى
تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىشقا ھەمدەمدە بولغان چېغى. شەيبانىخان-
غا ئەسىرگە چۈشكەن ئول سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ بىزنى
ھىمات قىلىدىغان خىيالى بولسا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بى-
لەن خەۋەرلىشەر ئىدى. تا بۈگۈنگىچە ئۇلاردىن بىرەر ئېغىزمۇ
خەت ـ خەۋەر كەلمىدى. سەركەردە ـ لەشكەر دېگەن كىم ھاكىمى-
يەت تۇتسا، كىم نەپ بەرسە شۇنى ھىمات قىلىۋېرىدۇ. تەخت ـ
سەلتەنەت ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. بابۇر مىرزىغا كەلسەك، ئۇ مەن-
دىن تولىمۇ خاپا. ئۇنى كابۇلدىكەن دېگەن خەۋەرنى سىلى يەتكۈز-
دىلە. يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ يىراق كابۇلغا بېرىۋېلىشىدىمۇ
چوقۇم بىر سەۋەب بار. بەلكىم ئاران جېنىنى ساقلاپ يۈرگەندۇ.
مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن زور ئۈمىد كۈتەتتىم، بىراق ئۇ-
مۇ ئاخىرقى ھېسابتا شەيبانىخانغا ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇشقا
مەجبۇر بوپتۇ.

— مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرى ماڭا يازغان خې-
تىدە ئۆزىنىڭمۇ قېچىشقا ھازىرلانغانلىقىنى دېگەنىكەن. بەلكىم
بۇ چاغقا ياكى بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا ياكى ھىراتتىكى سۇلتان
ھۇسەيىن بايقارانىڭ قېشىغا بېرىپ بولغاندۇ، — دېدى سەئىد-
خان.

— قاچقان ئادەمنىڭ ئىلكىدە قانچىلىك نۆكەر بولاتتى.
ئۇنداق سەركەردە بىلەن كۆمەكلىشىشنى كىممۇ خالار، — دېدى
سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — ئەڭ مۇھىم
ئىش تۇرپان تەختگاھىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئاغىلىرى مەنسۇرخان بۇ
تەكلىپلىرىگە ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. ئۇ ھازىر قولدىن كەتكەن
تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئەمەس، بەلكىم ئىلكىدىكى
تەخت ـ سەلتەنەتنى باشقىلارغا بەرمەسلىكنىڭ كويىدا. نىيىتى

دۇرۇس بولسا ئىدى، مەندەك ئاتا يوللۇق تاغىسىغا، يەنە كېلىپ ئاتا مىراس سەلتەنەتىمىزنىڭ چوڭ خاقانىغا بول دەرىجىدە سوغۇق مۇئامىلە قىلماس ئىدى. ئويلاپ باقسىلا، مەن قانداقسىگە جىيەنلىرىمدىن تەخت ـ سەلتەنەت تالىشاي. ئۇنداق مۇددىئايىم بولسا، ئۇ تۇرپاندىن مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ تەزىيەسى ئۈچۈن ئاقسۇغا كەلگىنىدە مۇددىئايىمنى ئاشكارىلىماسمىدىم. ئۇ خانلىق مەرتىۋەمگىلا ئەمەس، ھەتتا ئاتا يوللۇق تاغىلىق ھۆرمىتىمگىمۇ رىئايە قىلمىدى. تۇرپانغا كېتىۋېلىپ مەن بىلەن كارى بولمىدى، ھەتتا مېنى سەلتەنەت ئىشلىرىغىمۇ يېقىن يولاتمىدى.

ــ بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بار، ــ دېدى سەئىدخان ئويچانلىق بىلەن، ــ تۇرپانغا بېرىپ ئاغام بىلەن سۆزلىشىپ كەلسەم بولغۇدەك.

ــ ھاجەتسىز، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قولىنى سىلكىپ، ــ ئاغىلىرى سىلىنىڭ ئول زېمىنلارغا دەسسەشلىرىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. سىلىنى ئۆزىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىگە تەھدىت دەپ قارايدۇ. قېشىغا بارىدىغان بولسىلا بىر باھانە بىلەن نەزەربەند قىلىشتىن يانمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ نىيەتلىرىدىن يانسىلا.

سەئىدخان كۆڭلىدە تاغىسىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولمىغان بولسىمۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە پېتىنالمىدى.

ــ ئۇنداقتا يەتتە سۇغا بېرىپ ئالماتىدىكى ئىنىم ئابدۇخېلىلخان بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، ــ دېدى ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

ــ ئابدۇخېلىلخاننىڭ قولىدا تۈزۈك لەشكەر يوق. مەنسۇرخان ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئىلكىدىكى لەشكەرلەرنى ئاللىقاچان تۇرپانغا يۆتكىۋالغانىكەن، ــ سۇلتان مەھمۇدخان چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ــ بولدىلا، ئارتۇقچە خىياللارنى ئاز قىلسىلا بالام. ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا باقايلى. كونىلار ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن، دەيدۇ ئەمەسمۇ. ھازىر شەيبانىخانغا جازا يۈرۈش قىلىدىغان چاغ ئەمەس. ئۆزىمىزنى چاغلىمىساق تۇ-

خۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك بولىمىز. ئۆيلىنىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بو ـ لۇپ قاپتۇ. يەتتەكەنتتىكى تۆرىلەرنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرىنى تاللاپ ئۆيلەپ قويا. ھازىرچە مۇشۇ پەرزنى بولسىمۇ ئادا قىلغاچ تۇرايلى. ھېچ بولمىسا مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار. كېيىنچە ئاغىلىرى مەنسۇرخان ئىنسابقا كېلىپ قالسا بىر ـ رەر ۋىلايەتنى بېرىپ قالار.

سەئىدخان تاغىسىنىڭ يېنىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا يېـ ـنىپ چىقتى. ئۇ مەيلى ئاخسىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ زىنداندا ياتقاندا بولسۇن، مەيلى شەيبانىخاننىڭ يېنىدا تۇرغاق بو ـ لۇپ تۇرۇۋاتقاندا بولسۇن، بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغاند ـ ـدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېچىپ بېرىپ، دادىسى، تاغىسى، ئاكا ـ ئىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، شەيبانىخانغا جازا يۈرۈش قىلىشنى، ئەجدادىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇ ـ رۇۋېلىشنى بىر كۈنمۇ كۆڭلىدىن نېرى قىلمىغانىدى. مانا ئەمـ ـدى، تاغىسى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىغا سوغۇق سۇ چېچىۋاتاتتى.

«رەھمەتلىك ئاتام ھايات بولغان بولسا، ئىشلار ھەرگىز بۇنداق بولمايتتى. مەن تاغامنى خاتا مۆلچەرلىۋاپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ توخۇ يۈرەك، گالۋاڭ، سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇشقا لاياقىتى يوق ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋەرسەم، چوڭ ئىشلارنى ھەرگىز رويابقا چىقىرالمىغۇدەكمەن...»

ــ ئالىيلىرى بىلەن سۆزلەشتىلىمۇ خانزادەم؟

سەئىدخان خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ، خوجا ئەلى باھادىرغا قارىدى:

ــ سۆزلەشتىم. ئاڭلىغانلىرى تامامەن راست ئىكەن.

ــ ئەمدى قانداق قىلاي دەيدىلا؟

سەئىدخان ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى:

ــ ئىنىم ئابدۇخېلىلخاننىڭ قېشىغا بارىمەن. بىلمىدىم، باھادىرنىڭ مەن بىلەن بىللە بېرىشقا رايى بارمىكىن؟

خوجا ئەلى باھادىر سەئىدخاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كەسكىن جاۋاب بەردى:

ــ خانزادەم بولمىغان دەرگاھتا ماڭا نېمە بار؟ كەمىنىلىرى شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىدىن قاچقاندىلا تەقدىرىمنى سىلىگە باغلىغانمەن. تىرىكمىمۇ، ئۆلۈكۈممۇ سىلى بىلەن بىللە بولىدۇ. نۆكەرلىرى دەپ بىلسىلە، ئاتقان ئوقلىرى بولۇشقا رازىمەن.

سەئىدخان ھاياجانلانغان ھالدا خوجا ئەلى باھادىرنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى:

ــ سىلىگە كۆپ تەشەككۈر باھادىر.

ــ يەتتە سۇغا قاچان يولغا چىقىمىز؟

ــ بۈگۈن كېچىدە.

ــ خان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئالدىلىمۇ؟

ــ تاغام ئىجازەت بېرىدىغاندەك ئەمەس. يەم بىلەن كېتىۋالايلى. كېيىنچە چۈشەندۈرۈپ قويارمەن.

ــ ئەمىسە مەن باشقا نۆكەرلەرگە خەۋەر بېرىپ، يول ھازىرلىقىنى قىلغاچ تۇراي.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن سەئىدخاننىڭ يەتتە سۇغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇدخان قاتتىق رەنجىدى.

«ئوغرىدەك قاچمىسىمۇ چىرايلىقچە ئىجازەت سوراپ، خۇشلىشىپ ماڭسا پۇتىغا ئېسىلىۋالارمىدىم، خۇددى دەرگاھىمدا نەزەربەندتە تۇرغاندەك قاچقىنىنى كۆرمەمدىغان؟ بۇمۇ ئاغىسى مەنسۇرخانغا ئوخشاش ئىززىتىنى قىلغاننى بىلمەيدىغان تۇزكور ئوخشايدۇ. بۇ قىلىقى مەندەك ئاتا يوللۇق تاغىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى بولماي نېمە؟ تۇتۇپ كېلىپ راسا بىر تاناۋىنى تارتاي. ھېچبولمىغاندا باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن...»

ــ مەخسۇد ئەلى! ــ دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان مەھمۇدخان

خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ.

— لەببەي ئالىيلىرى! — دېدى مەخسۇد ئەلى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— دەرھال ئەللىك نۆكەر ئېلىپ خانزادە سەئىدخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يەت. تۇتۇۋالغان يېرىڭدىن باغلاپ دەرگاھىمغا ئېلىپ كەل. ئۇنىڭغا چوڭلارغا بىھۆرمەتلىك قىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي.

— باش ئۈستىگە!

مەخسۇد ئەلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ نۆكەر بېشى بولۇپ، تولىمۇ جاسارەتلىك، جەڭبازلىق ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ نۆكەرلىرى بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن سەئىدخانغا يېتىشىۋالدى.

— خانزادە ئارقىلىرىغا يانسىلا، — دەپ توۋلىدى مەخسۇد ئەلى سەئىدخانغا ئات ئۈستىدە سالام بېرىۋېتىپ، — خان ئالىيلىرى سىلىنى دەرھال قايتىپ كەلسۇن دەپ پەرمان بەردى.

— خان تاغامغا ئېيتقىن، — دېدى سەئىدخان جاۋاب بېرىپ، — ھازىرچە قايتالمايمەن. ئىجازەت سورىمىغان ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرسۇن. ئىنىم ئابدۇخېلىلخان بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتىپ بېرىپ خىزمىتىدە بولىمەن.

— پەرماننى يەتكۈزۈپ بولدۇم، يەنە سەركەشلىك قىلسىلا زورلۇق ئىشلەتمەي ئامالىم يوق.

— ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا! — دەپ ۋارقىرىدى خوجا ئەلى باھادىر، — كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىرىنى بىلىپ سۆزلىسىلە. ئالدىلىرىدا تۇرۇۋاتقىنى بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ خانزادىسىدۇر.

— بۇنى بىلىمەن باھادىر. ئەمما كەمىنىلىرىدە بۈيۈك سەلتەنەت پاسىبانىنىڭ پەرمانى بار.

— ئەدەپ يېمىگۈچە ھوشلىرىنى تاپمايدىغان ئوخشايدىلا، — خوجا ئەلى باھادىر شۇنداق دېگىنىچە شارتتىدە قىلىچىنى چىقاردى.

www.uyghurkitap.com

ــ ھەيۋە كۆرسەتمىسىلە باھادىر. قىلىچىنىڭ سىپى بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ تۇرىدۇ. ئەگ ياخشىسى خانزادىگە نەسىھەت قىلسىلا. ھېلى بىكار پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي قالمىسىلا يەنە!

مەخسۇد ئەلىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى ئەسلىدىنلا ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ تۇرغان سەئىدخاننىڭ ئوغىسىنى قايناتىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ گەپ ـ سۆز قىلمايلا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ مەخسۇد ئەلىگە قاراپ ئات سالدى.

ــ خانزادىنى قوغداڭلار!

خوجا ئەلى باھادىر تۆت نۆكەرنى سەئىدخاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇپ، قالغان نۆكەرلەر بىلەن قوغلاپ كەلگەنلەرگە قاراپ ئېتىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. سەئىدخان بىلەن بىللە قېچىپ كەلگەن بۇ ئون بەش نۆكەر كۆپ جەڭلەرنى كۆرگەن، جەڭ ماھارىتىگە پىشقان، تەجرىبىلىك يىگىتلەر ئىدى. شۇڭا قوغلاپ كەلگەن ئەللىك نۆكەرنى بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. شۇ تاپتا سەئىدخان مەخسۇد ئەلى بىلەن تۇتۇشۇۋاتاتتى. ھە دېگەندە نۆكەرلىرىنىڭ يېڭىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەخسۇد ئەلى ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىدى. ئۇنىڭ سەئىدخان بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا رايى بارمىغانىدى. مەخسۇد ئەلىنىڭ قەستەن ئاياۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن سەئىدخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلىدى. شۇ دەقىقىدە مەخسۇد ئەلى تەڭلىكتە قالغانىدى. گەرچە سەئىدخاننى تامامەن يېڭىۋالالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارالىشىغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. سەئىدخاننىڭ كەينىدىن قوغلىماسلىقىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، ئاچچىقى تېخىچىلا بېسىلمىغان سەئىدخان ئۇنى تىرىك تۇتۇپ راسا بىر ئەدەپلەش كويىغا چۈشكەنىدى.

«ئەمدى بولمىدى. ئوق ئېتىپ خانزادىنى چۆچۈتۈپ قوياي...»

مەخسۇد ئەلى ئىتنى راسا بىر دېۋىتىپ، قولىغا يانى چاق-
قانلىق بىلەن ئالدى ـ دە، كىرىچقا ئوقنى بېسىپ ئارقىسىغا
شارتىدە بۇرۇلۇپ، سەئىدخاننىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىنىڭ پۆپۈ-
كىنى چەنلەپ ئاتتى. ئۇ نىشاننى خاتا قارىغا ئالدىمۇ ياكى ئوق
قېيىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوق سەئىد-
خاننىڭ ئوڭ دولىسىغا تىگىپ تاغىقىغا بېرىپ توختىدى.

«ئاپلا، خانزادىنى يارىلاندۇرۇپ قويدۇممۇ نېمە؟..»

مەخسۇد ئەلى ئېنىق كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن دەرھال ئىتىنىڭ
تىزگىنىنى تارتتى. بۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ جان ـ جەھلى بىلەن
چىپىپ كېلىۋاتقان ئىتى مەخسۇد ئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغا-
نىدى. سەئىدخان قىلىچىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

«خۇداغا شۈكۈر، خانزادىنىڭ زەخمىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس-
كەن. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ جېنى بىلەن بولاي...»

ئۇ ئەللىك قەدەم يىراقلىقتا خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئىتىنى
قامچىلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دەرھال قېچىشقا ئالدىرىدى.

— كەچۈرسىلە خانزادەم، ئەسلىدە سىلىنى زەخمىلەندۈرۈش
نىيىتىم يوق ئىدى.

مەخسۇد ئەلى شۇنداق دېگىنىچە ئىتىغا قامچا سالدى.

سەئىدخاننىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن خوجا ئەلى باھادىر
مەخسۇد ئەلىنى قوغلاش نىيىتىدىن يالتايدى.

※ ※ ※

شۇ كۈنلەردە ئاكىسى مەنسۇرخاندىن دىلى رەنجىپ كۈنلىر-
نى شاراب ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان خانزادە ئابدۇخېلىلخان
ئاكىسى سەئىدخاننىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئاكا ـ ئىنى-
لەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى، ۋاقىتسىز
ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشتى.

— ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر! خەت ـ خەۋەرلىرىنى ئالالماي ئەنسىرەپلا يۈرگەنىدىم، — دېدى ئابدۇخېلىلخان ئۆپكىدىگەن ھالدا، — شۇ تاپتا جەننەتماكان خان ئاتام تىرىلىپ كەلگەندەكلا بولدۇم.

— ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى سەئىدخان.

ھەئە، سەئىدخان بىلەن ئابدۇخېلىلخان بىر ئانىدىن تۇغۇلغانىدى.

— خان ئانام بۈزرۈك مومام شاھ بېگىمنىڭ يېنىدا، — دېدى ئابدۇخېلىلخان، — ئاقسۇغا ئەۋەتكەن چاپارمەن تېخى تۈنۈگۈن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئاغام مەنسۇرخاندىن يامانلاپ ئاقسۇدىن كەتكەندىن كېيىن، بۈزرۈك مومامۇ ئاغام مەنسۇرخاندىن رەنجىپ قالغان چېغى. ئانام ۋە ھامىدىلىرىمىزنى ئېلىپ سەمەرقەنت تەرەپكە كېتىپتۇدەك. بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بارىدىغان ئوخشايدۇ. خان ئاتامنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ قان ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىپ بارىدۇ.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئىنىم، — دېدى سەئىدخان ئىنىسىنى بەزلەپ، — بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا دەپتىكەن. مانا تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشتۇق. مەرھۇم خان ئاتىمىز ھەقىقەتەن ئارماندا كەتتى. ئەمما بىز ئوغۇللىرى تېخى ھايات. ئاغىمىز سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ قولىدا تەخت ـ سەلتەنەت ۋە تۈمەنلىگەن باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلەر باردۇر. ئاغا ـ ئىنىلەر بىرلىشىپ تەڭ كۈچ چىقىرىدىغانلا بولساق، مىرزا ئابابەكرىدىن ماڭلايسۆيەنى تارتىۋېلىپ، ئاتىمىزنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالدۇرغان تۈزكور شەيبانىخاننىمۇ يوقىتىپ، ئەجدادىمىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى قايتا تىكلىيەلەيمىز.

— ئاغام مەنسۇرخانغا ئۇنچە چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتمىسىلە، — دېدى ئابدۇخېلىلخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئۇ ھا-

زىر ئەينى چاغدا قۇمتاغ چۆللىكى قارا بوراندا يوقاپ كەتكەن ئى-
نىسىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە ئات ئۈستىدىن
چۈشمەي، ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇمۇ ئالماي ئىزدىگەن، ئامان ـ
ئېسەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغان كۆيۈمچان،
مېھرىبان قېرىندىشىمىزغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھازىر بىزنى
تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلايدۇ...

— يوقىلاڭ خىياللاردا بولمىسىلا ئەزىز ئىنىم، — دېدى
سەئىدخان ئىنىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. شۇ تاپتا ئۇ ئىنىسى بىلەن
تاغىسىنىڭ ئاكىسى مەنسۇرخان ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ بىر
يەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ پەقەتلا ئىشەنگۈسى
كەلمەيۋاتاتتى، — بىز دېگەن بىر ئاتىنىڭ پۇشتىدىن تامغان قې-
رىنداشلارمىز. ئاغىمىز مەنسۇرخان ئەينى يىلى مەرھۇم ئاتىمىز
ئۆز قولى بىلەن سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان تاج ئى-
گىسىدۇر. بىزلەرنىڭ ئۇنىڭغا پەرمانبەردارچىلىق قىلىش بۇرچى-
مىز باردۇر. پەقەت مۇناپىق مىرزا ئابابەكرى بىلەن تۇزكور شەيبا-
نىخاننى يوقىتىپ، سەلتەنەتىمىزنى مۇستەھكەملىسەكلا، شۇ كۇ-
پايە. تەخت ـ سەلتەنەتتىن زىنھار تەمەيىمىز يوقتۇر.

— ئەزىز ئاغا، كەمىنە ئىنىلىرىڭىزنىڭمۇ ھەم باشقىچە خىيالى
يوقتۇر، — دېدى ئابدۇخېلىلخان كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، —
بولدىلا، ئاران بىر كۆرۈشكەندە بۇ گەپلەرنى دەپ كۆڭۈللىرىنى
غەش قىلماي. قالدى ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالۇرلا.
ھە راست، جاراھەتلىرى خېلىلا ئېغىر دەك قىلىدۇ. دەرگاھىمىدا
ئۇستا جەرراھلار بار، ئەملەپ قويسۇن.

مەخسۇد ئەلىنىڭ ئاتقان ئوقى سەئىدخاننىڭ تاغىقىنى چې-
قىۋەتكەن بولۇپ، يارا ئېغىزى يىرىڭداشقا باشلىغانىدى. ئەمما شۇ
دەقىقىدە ئۇنى تەن ئازابىدىن كۆڭۈل ئازابى بەكرەك قىيناۋاتاتتى.

دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، سۇلتان مەنسۇرخان ئىنىسى
ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئىلكىدىكى چېگرانى قوغدىغۇچى لەشكەرلەرنى
تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانىد-

www.uyghurkitap.com

دى. بىر ئىنىسى ئىمىن خوجا سۇلتانىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تولا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان ئاقسۇغا، يەنە بىر ئىنىسى باباچاق سۇلتانىنى موغۇللار تولا پارا- كەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان قومۇلغا نائىب ئەمىرلىككە بەل- گىلەپ ئەۋەتتەنىدى. بۇنىڭدىن مەنسۇرخانىنىڭ ئىنىلىرىنى ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈپ، چەت ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتكەن- لىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. سەئىدخان ئاكىسىنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئې- تىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. دادىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭلا ئاكىسىنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— ئىلكىلىرىدە قانچىلىك لەشكەر بار؟

— ئەسلىدە مەرھۇم خان ئاتام يەتتىسۇدا چېگرانى قوغداش مۇددىئاسى بىلەن بىر تۈمەن لەشكەر تۇرغۇزغانىدى. ئاغام ئۇلارنى بىرلا پەرمان بىلەن تۇرپانغا يۆتكەپ كەتتى. ھازىر يېنىمدا بەش يۈزچە نۆكىرىم بار.

— بەكلا ئازكەن، — دېدى سەئىدخان ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، — دەرھال چېرىك يىغىپ مەشقلەندۈرەيلى. پەمىمچە، با- بۇر پادىشاھ بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانمۇ شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىزمۇ ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلايلى. ھە راست، سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن خەۋەرلەشكىلى بولۇرمۇ؟

— ئاڭلىشىمچە، سەييىد مۇھەممەد مىرزا بۇزرۇك موما شاھ بېگىم بىلەن بىللە ئىمىش. بۇ يېقىندا خەۋەرلەشكىلى بول- ماسمىكىن.

بۇ جاۋاب سەئىدخاننى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ بىرئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئىنىسىغا قارىدى:

— مۇنداق قىلايلى، مەن ئاغام مەنسۇرخانغا بىر پارچە مەك- تۇپ ئەۋەتەي. ھەرھالدا ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىق بىلىپ باقاي- لى. نېمىلا بولمىسۇن ئاغامغا تىرىكلىكىمدىن نىشانە بېرىش

مەجبۇرىيىتىم بار ئەمەسمۇ؟

— ئىختىيارلىرى، — دېدى ئابدۇخېلىلخان خالىمىغان ھالدا.

سەئىدخان ئاكىسى مەنسۇرخانغا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەسكەرتىپ، دادىسىنىڭ ئارمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مىرزا ئابابەكرى بىلەن شەيبانىخاننى يوقىتىپ، قولدىن بېرىپ قويغان زېمىن، سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى كۆز قاراش، تەدبىرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. ئاندىن ئىنىسى ئابدۇخېلىلخان بىلەن بىرلىكتە يەتتە سۇ ۋادىسىدىن چېرىك يىغىپ، مەشقلەندۈرۈشكە كىرىشتى.

※ ※ ※

ھىرات شەھىرىگە قىرىق ـ ئەللىك چاقىرىم يول قالغاندى. ھىراتقا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي دېگۈدەك يول ماڭغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ خىياللىرى تولىمۇ چىگىش ئىدى. ۋۇجۇدىدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتىش ئۈمىدى بىلەن شەيبانىخاننىڭ ھەرەمىدە قالغان ئىككى قىزى — ھەبىبە سۇلتان خېنىم بىلەن گەۋھەر شاد خېنىمنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئەندىشىلىرى توختىماي تىركىشىپ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزاتتى.

ھەئە، ئۇ مەھمۇد سۇلتان بىلەن قۇندۇزغا لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا، شەيبانىخاننىڭ كىچىك خانىشى خانزادە خېنىم: «نەۋرە سىڭىللىرىم سىلى بىلەن بىللە يۇرسە جاپا تارتىپ قالىدۇ. ئۇلارنى ئۇرۇش، يول جاپاسىغا مۇپتىلا قىلماي قالدۇرۇپ قويسىلا، ماڭا ھەمراھ بولسۇن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. شەيبانىخان ئەندىجاننى ئالغان ۋاقتىدا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ بۇ ئىككى قىزىغا خانزادە خېنىم ھامىيلىق قىلىپ، يېنىغا ئەكېلىۋالغان بولۇپ، بۇ

نەۋرە قېرىنداشلار ئوبدانلا ئىچەكىشىپ قالغانىدى. خانزادە خېنىمنىڭ تەكلىپى ئورۇنلۇق ئىدى. قىزلىرىنىڭمۇ بۇ نەۋرە ئاچىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. خانزادە خېنىمدىن باشقا، شەيبانىخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخاندىن تالاق قىلدۇرۇپ ئالغان يەنە بىر خانىشى ئايشە سۇلتان خېنىممۇ بۇ قىزلارغا ئوبدان قاراۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قىزلارنىڭ كىچىك ھاممىسى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالاتتى. ئەڭ مۇھىمى قىزلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭسا، شەيبانىخاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قوياتتى. شۇڭا ئىلاجسىز ھەساردا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

«شەيبانىخاننىڭ يېنىدىن كېتىش خىيالىم بولغاندىكىن نېمىشقىمۇ قىزلىرىمنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ قويغان بولغىيتتىم؟ شەيبانىخان مەندىن ئالالمىغان ئۆچىنى قىزلىرىمدىن ئالارمۇ ئەمدى؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس. ئۇنداق نامەردلىك قىلسا خان ـ سۇلتانلىق شەۋكىتىگە نۇقسان يېتىدىغانلىقىنى بىلەر. ئۇ يۇز ـ ئابرۇيغا بەك ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم. ئەل ـ يۇرتقا يامان ئاتىقىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ۋايىم يەپ بولسىمۇ قىزلىرىمغا بەتنىيەتلىك قىلماسلىقى مۇمكىن. مەلىكە خانزادە خېنىم، ئايشە سۇلتان خېنىم، مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىملارمۇ قاراپ تۇرماس. ئەڭ ياخشىسى شەيبانىخاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، قىزلىرىمغا ئامانلىق تىلەي...»

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ھەسرەتلىك ئۇھسىندى. ھىراتقا يېقىنلاپ قالغانسېرى يېزا ـ قىشلاقلار، كوچىۇم مەھەللىلەر، باغلار كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

«ھىراتقا ئەۋەتكەن چاپارمەن نېمىشقا ھازىرغىچە خەۋەر ئېلىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئۇنى قوبۇل قىلمىغانمىدۇ ياكى مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغانمىدۇ؟ ئىشقىلىپ بىر خەۋەر كەلسە بولاتتى...»

ئۇ خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ نۆكەرلىرىگە قارىدى. توختىماي يول يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىسىنىڭ ئۇستىباشلىرى توپا ـ چاڭ بىلەن بۇلغانغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

«يول بويى كىشىلەر بىزگە نېمانچە قارايدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئۇستىبېشىمىز قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىكەن ـ دە. كېچىلەپ يول يۈرۈشكە بۇيرۇغىنىمنى نۆكەرلەر نېمىدەپ چۈشىنىپ قالغاندۇ؟ مېنى شەيبانىخانىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ مۇشۇنداق پەرمان بەردى دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئەمىر جانۋاپابەگنىڭ مەكتۇپىنى ئۇلارغا كۆرسەتمىگەنىكەنمەن...»

ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئەمىر جانۋاپابەگنىڭ مەكتۇپىدىكى مەزمۇنلار لىپ قىلىپ ئۆتتى:

*«... كۆرەگان جانابلىرى، ئۇشبۇ مەكتۇپ قوللىرىغا تەگكەن ھامان ئولتۇرغان بولسىلا تۇرسىلا، تۇرغان بولسىلا دەرھال ماڭسىلا. ھازىر شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ پەيلى بۇزۇلدى. مەھمۇد سۇلتانىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىنمۇ قاتتىق گۇمانىم بار. چۈنكى، شەيبانىخان ئالىيلىرى ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قىلچىلىك قايغۇرمىدى. ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورىماقتا يوق، سىلىنى سورىدى. ئىز ـ دېرەكلىرىدىن مەلۇمات ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن غەزىپىنى ئىنىسىنىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باستى. گەرچە سىلى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق بولسىمۇ، بۇنى مەرھۇم مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئىككىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، كەمىنىلىرىمۇ سىلىگە ئوخشاشلا دوستلۇققا ئەقىدە قىلىدىغان ۋاپا ئەھلىمەن.*

*مەقسەتكە كەلسەم، شەيبانىخان ئالىيلىرى ئاساسىي قوشۇنغا خارەزىمگە قاراپ ئىلگىرىلەش پەرمانى چۈشۈردى ھەمدە بىر بۆلۈك لەشكەرلەرگە ئەمىر جالالىدىن يۈسۈپنى*

*باش قىلىپ، سىلىنى قوغلاپ تۇتۇش پەرمانى بەردى. بەل-كىم كالللىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان بولۇشى مۇم-كىن. ئۇ خارەزىمگە مېڭىش ئالدىدا: «ئەگەر خارەزىم قولۇم-غا كىرسە ھېچبىر سەۋەب بىلەن ئۇ يەردىن يانغىلى بولماي-دۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزاققا سوزۇلۇشى مۇمكىن. ھازىر ئىلكىمىزدىكى ساداقەت-مەن ئۆزبېك لەشكەرلىرى ئارىسىدا بىزگە ئەسىرگە چۈش-كەن ئوتتۇز مىڭغا يېقىن موغۇلىستان لەشكىرى بار. ئۇلار-نىڭ ئۇلۇغلىرى ھېچ ۋاقىتتا بىزگە خاس ئەقىدە بىلەن خىزمەت قىلمايدۇ. ئەگەر پۇرسەت تاپسىلا بىز ئۇلارغا قاز-چىلىك قىلغان بولساق، بىزگىمۇ جازاسىنى شۇنچىلىك ياندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندۇر. نەچچە مۇددەتتىن بېرى شۇ ھەقتە ئويلاۋاتقانىدىم. ئەپسۇس، ئۇ چاققان چىقىپ جېنىنى ياقىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەم گوياكى خانلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرگەندەك بولىمەن...» دەپ سىلىگە بولغان مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى. بەلكىم ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىمۇ ئول شەيبانىخاننىڭ قولى باردۇر. بىلگۈچى ئاللاھ. كۆپ ئېھتىيات قىلغايلا، زىنھار قاراملىق قىلمىغايلار...»*

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ نۆكەرلىرىنى ھىراتقا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇشىغا مۇشۇ خەت سەۋەب بولغاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن شەيبانىخاننىڭ ئۆزىنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ھىراتقا تېزرەك يېتىپ بېرىپ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانى شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتىشقا ئۈندەش ئۈچۈن، ئەنە ئاشۇنداق تېزلىك بىلەن يول يۈرگەنىدى.

ــ بىرقانچە نۆكەر بىلەن بېرىپ، ئەتراپتىن بىرەر ئۆستەڭ

تاپقىن، ــ دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان نۆكەر بېشى مەۋلا ـ
نە مۇھەممەدنىڭ چاڭ ـ توزاندا ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن قاش ـ
كىرپىكلىرىگە قاراپ، ــ يۇيۇنۇپ كىيىم يەڭگۈشلىۋالايلى.
ھىراتقا بۇ ئەپتىمىز بىلەن كىرسەك ياخشى بولماس. ئۇنىڭ ئۈس ـ
تىگە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا كىيىنىش، ياسىنىشقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى مەۋلانە مۇھەممەد، ــ بۇ تۇر ـ
قىمىزدا خۇددى گۆردىن قېچىپ چىققان ئۆلۈكتەكلا بولۇپ قاپ ـ
تىمىز.

مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ چاقچاق قىلىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى
مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا باشقىچە تەسىر قىلدى.

«راست ئېيتىسەن، ئەمەلىيەتتىمۇ بىز گۆر ئاغزىدىن قېچىپ
چىقتۇق. بىر قەدەم چاققان چىقمىغان بولساق شەيبانىخان بىزنى
ئاللىقاچان گۆرگە كۆمۈپ بولاتتى...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ مەۋلانە مۇھەممەدكە قارىدى:

ــ ئىلدام بول. يەنە مېڭىۋەرسەك، ئېقىن ئۇچراتساقمۇ يۇ ـ
يۇنۇشقا ئامالسىز قالىمىز. ئالدىمىز تەرەپ ھىراتقا بارغۇچە پۈ ـ
تۈنلەي كۆجۈم مەھەللە.

كۈز پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولغاچقا، ھاۋا خېلىلا
سوغۇق ئىدى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئۆستەڭنىڭ دالدىراق
بىر يېرىدە يۇيۇندى. باشقا نۆكەرلىرى يۇيۇنۇپ، كىيىم ئالماشتۇ ـ
رۇپ بولغۇچە ساتىراش مەھرىمى ئۆسۈپ كەتكەن چېچىنى چۈشۈ ـ
رۇپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياساپ ئۈلگۈر ـ
دى.

ئەمدى پاكىز كىيىنگەن نۆكەرلەر ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپ ـ
تۇرۇپ، توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ ماڭماي، ئاتلىرىنى بىر خىل رىد ـ
تىمدا يورغىغا قويۇۋەتكەنىدى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان بىلەن
مەۋلانە مۇھەممەد ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغانىدى. مۇھەممەد ھۈسە ـ
يىن كۆرەگاننىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن ئوغلى مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەيدەر دادىسىدىن توختىماي گەپ سوراپ خىياللىرىنى چالغىتاتتى:

ــ ھىياتتا مەن بىلەن ئوينايدىغان ئاداشلا بامۇ ئاتا؟

ــ بار ئوغلۇم. ئاللاھ خالىسا بۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئاداشلار بىلەن بىللە مەدرىسەگە بارىسەن.

ــ مەدىيسە دىگەن يىمە ئۇ؟

ــ مەدرىسە دېگەن ساڭا ئوخشاش كىچىك باللارنى تەربىيەلەيدىغان ئوقۇل. ئۇ يەردە خەت يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى، تۈرلۈك جانبازلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىسەن.

ــ مەدىيسەدە ئوقۇسا يىمە بولىدۇ؟

ــ ياخشى ئادەم بولىدۇ بالام.

ــ سىلىگە ئوخشاشما؟

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئوغلىنى ئىچكۆيەرلىك بىلەن باغرىغا باستى:

ــ شۇنداق ئوغلۇم، ياخشى ئوقۇساڭ پەزىلەتلىك ئادەم بولىسەن. ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، ئادەمنىڭ نامى ھايات چېغىدا ئەمەس، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاۋامنىڭ تىلىدا زىكرى قىلىنسا، ئاندىن ياخشى ئادەم بولغان بولىدۇ. بۇنى ئۇل ئادەمنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆمۈر كۆرگىنى دەيمىز.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانمۇ جاھاندىكى بارلىق ئاتىلارغا ئوخشاش ئوغلىدىن نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۈتەتتى. مەرھۇم دادىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ تۇنجى ئوغۇل پەرزەنتىگە دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئوغلى بىلەن تاكى ھىراتقا بارغۇچە مۇشۇ تەرىزدە پاراڭلاشقانمۇ بولار ئىدى، لېكىن ھىراتقا ئەۋەتكەن چاپارمىنىدىن تېخىچە خەۋەر بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، ئوغلى بىلەن يەنە سۆزلىشىشكە رايى بارمىدى.

ــ ئەتكەنىڭ قۇچىقىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تۇر ئوغلۇم. ھىراتقا بارغاندا كەڭ ـ كۈشادە مۇڭدىشىۋالارمىز.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئوغلىنى ئارقىسىدىن بىر ئات بېشى ئارىلىق قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان موللا سۇپەت يىگىتكە ئۇزاتتى.

«سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بولغان ئاداۋەتلىرى قانداق بولدىكىن؟ ئۆزۈمدىن بېرى ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاسيىلىق قىلىشىپ، ئاتىسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ يۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. ھازىر قانداقراقكىن؟ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن زىددىيەت سەلتەنەتنى زاۋال تاپقۇزىدۇ. دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغبەگ سەلتەنەتىمۇ ئاشۇ سەۋەبتىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. پەرزەنتىنىڭ ئىنسابى بولمىسا بىكار...»

يىراقتىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقنىڭ قارىسى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ قويدى. ھايال ئۆتمەي ئاتلىق ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ ھىراتقا كەتكەن چاپارمەن ئىدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى چاپارمەن ئون نەچچە قەدەم ئارىلىق قالغاندا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ــ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى يوللىرىغا مۇنتەزىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان خاتىرجەملىك بىلەن يەڭگىل نەپەس ئالدى:

ــ نېمانچە كېچىكتىڭ؟

ــ ئەمىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس جانابلىرى ھاردۇق چېيى بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتىپ ھايال قويدى.

ئەمىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان يەنە بىر قېتىم خاتىرجەم بولدى. چۈنكى ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئوردىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا ياش ـ قۇرام، ئېسىلزادىلىك، تۆرىلىك مەرتىۋىسىدە ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئەڭ مۆتىۋەر كىشى ھېسابلىناتتى.

«ئەمىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس جانابلىرى ئاددىي چاپارمىنىمگە بۇ دەرىجىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولسا ھىراتتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغۇدەك...»

ئۇ ھىراتنىڭ قىپچاق دەرۋازىسىغا بەش چاقىرىم ئارىلىق قالغاندا بىر توپ بەگ ـ سىپاھلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئىستىقبالىغا چىققان مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس بىلەن كۆرۈشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدەم يەتتى بالا يەتمىگەي، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇبارەك قەدەملىرىگە مەرھابا، ــ دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس.

سالام ـ سەھەت يۇسۇنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى ۋاقىتلىق تەكلىگەن ھەشەمەتلىك چېدىرغا باشلاپ قايتىدىن ھاردۇق سوردى، ئاندىن چاي قۇيۇپ، ئاش تارتقۇزدى. غىزا يېيىلىپ بولغۇچە تەكەللۇپلۇق سۆزلەردىن باشقا پاراڭ بولمىدى. ئۇ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغان مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل، قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھىراتقا قەدەم تەشرىپ قىلىش مۇددىئاسى بىزگە بەش قولدەك ئايان، ــ دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئەسلىي مەقسەتكە كۆچۈپ، ــ ئول شەيبانىخان ھەممىمىزگە ئورتاق دۈشمەندۇر. قۇدرەتلىك پاناھىمىز سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىپ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان ئول سەھرالىقنى ئەدەپلەپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، سالامەتلىكى يار بەرمىگەچكە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مانا ئەمدى جانابلىرى بول دەرگاھقا قەدەم كەلتۈرۈپ كۆچىمىزگە كۆچ قوشتىلا.

ــ كەمىنىلىرى ھازىر بىر قاچقۇن ساياقمەن. ئول شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىش ئۈچۈن، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىغا نۆكەرلىك قىلىشقا رازىمەن، ــ مۇھەممەد ھۇسە-

يىن كۆرەگان بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، يەنە ئېغىز ئاچتى، ـــ بىلمىدىم، بۈگۈن قۇدرەتلىك خان ئالىيلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكىلى بولۇرمىكىن؟

ـــ شول تاپتا خان ئالىيلىرىمۇ ئەمىر جانابلىرىنى ساقلاۋاتىدۇ.

ـــ ئۇنداقتا ئىلتىپات قىلىپ يول باشلىغان بولسىلا.

مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس نېمە ئۈچۈندۇر بىر پەس ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئەمىر جانابلىرىغا بېرىدىغان بىر تەكلىپىم بار ئىدى. بىلمىدىم، قوبۇل كۆرەرمىكىن؟

ـــ جانابلىرى ھىرات ئۆلىمالىرىنىڭ پازىللىرىدىندۇر. كەمىنە تالىپلىرىغا سۆزلىگەندە زىيادە تەۋازۇ قىلىشلىرى ھاجەتسىز.

ـــ ئىلتىپات قىلدىلا، ـــ دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، ـــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ بۈيۈك خاقان سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمىرلەشكىرى ھەم يېقىن دوستى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بىلەن بىر ئەلنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كۆرۈشۈشلىرى كېرەك ئىدى، ئەمما ھازىر ۋەزىيەت قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا خان ئالىيلىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ھەمدە كۆڭۈللىرىگە پۈككەن مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، قائىدە ـ يوسۇن سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي، ئوردىغا كىرگەندە خان ئالىيلىرىغا تىزلىنىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسىلا.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئەندىجاندا شەيبانىخان بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ تىزلانمىغانىدى. بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمرانىغا تىزلىنىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆز ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«قانداق قىلسام بولۇركىن؟ ئەمىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس توغرا دەيدۇ. ھازىر قائىدە ـ يوسۇن سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇ-رىدىغان چاغ ئەمەس. ۋەھشىي ياۋ تاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇراسانغا سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن كەلگىنىم يوق. شۇڭا سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا تىزلانسام قائىدە ـ يوسۇندىن چەتنىگەن بولۇپ قالماسمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرىبىر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمايمەن...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغان مۇھەم-مەد بۇرۇندۇق بارلاسقا قارىدى:

— ماقۇل، جانابلىرىنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، — خان ئالىيلىرىنىڭ بىر پۇتى پالەچ بولۇپ قالغان. ھەرىكەت قى-لىشى ئەپسىز. سالاملىرىغا ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب قايتۇرالما-سلىقى مۇمكىن. شۇڭا زىنھار كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئوردىغا كىرىپ سۇلتان ھۇ-سەيىن بايقاراغا تىزلىنىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇدرەتلىك خان ئالىيلىرىنىڭ ئە-زىز تېنى سالامەت، بەخت ـ دۆلىتى زىيادە، تەخت ـ سەلتەنەتى ئامان بولغاي!

كىيىنىش، ياسىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ياشىنىپ قالغىنىغا ۋە كېسەللىكىگە قارىماي بېشىغا قارا كۆرپە تۇماق كىيىپ، تۇماقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە توز پېيى قىستۇرۇۋالغان، ئۇچىسىغا ئوتقاشتەك قىزىل يىپەك تون كىيىپ، بېلىنى ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەر بىلەن باغ-لىۋالغانىدى. ئۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ سالامىنى سەل قىمىرلاپ قويۇپ ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا كۆرەگان جانابلىرى، — ئۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ بىلدۈرگەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىدىن تولىمۇ مەمنۇن بول-

غانىدى. شۇڭا مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسقا قاراپ ئېغىز ئاچتى، ــ كۆرەگان جانابلىرىغا خانزادە بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ يۇقىرىسىدىن ئورۇن بېرىلگەي.

مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئىتتىك كېلىپ، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى خانزادە بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تەختكە يېقىن جايدىكى كۇرسىغا باشلىدى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئۆزىنى بۇ دەرىجىدە ھۆرمەتلەپ، ئوغۇللىرىنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ سالام بەرگىنىدىن كۆڭلىدە مەمنۇن بولدى ۋە ئۆزىگە بۇ ئەقىلنى كۆرسەتكەن مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسقا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

ــ بۈگۈن سەلتەنەت ئىشلىرىنى سۆزلەشمەيلى، ــ دېدى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا، ــ غىزا ـ شاراب تارتىڭلار. ئەزىز مېھمىنىمىزدىن ئاۋۋال ھىرات قائىدىسى بويىچە ھاردۇق سورايلى.

شۇ ھامان بىكاۋۇل بەگ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، داستىخانغا ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى تارتىشقا باشلىدى. ئارقىدىن ساقىيلار قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇشقا كىرىشتى.

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ بۇ پەرمانى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

«توۋا، بۇ نېمە قىلىق؟ كۆچلۈك ياۋ ئاللىقاچان ئىلكىگە باستۇرۇپ كىرىپ بولغان تۇرسا، شۇ تاپتا ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرماي، بەخىرامان شارابخورلۇققا مەيلى تارتىپ قالغىنى نېمىسى؟ كىشىلەرنىڭ ئۇنى خۇراسان تەختىگە چىققاندىن بېرى ھەر كۈنى پېشىنىدىن كېيىن شاراب ئىچمەي قويمايدۇ، دېگىنى راست ئىكەن ـ دە... ئاتىسى بۇنداق بولسا، ئوغۇللىرى قانچىلىك شارابخوردۇر؟...»

ئۇ كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان بەدىئۇززامان مىرزا، مۇزەپپەر مىرزا قاتارلىق خانزادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرگە يەرنىڭ تېگىدىن نەزەر تاشلىدى.

## 126

كابۇل.

ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، بابۇرنىڭ قولى ھېچ ئىشقا بارمايۋاتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئىدى. ھەئە، ئېغىر كۈنلەرنى بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرى كابۇلغا كەلگەندىن بېرى سىغىنشالمايۋاتاتتى. خۇ ـ سۇسەن ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بىلەن باقى چاغانىيانى ئۇنىڭغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئانامنىڭ كېسىلىگە راستىنلا تاۋۇز شىپا قىلارمۇ؟ — سورىدى بابۇر ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ھەكىمدىن.

— ھەسەبە[1] كېسىلىگە ئادەتتە قان ئالساقلا شىپا قىلاتتى، — دېدى ھەكىم، — لېكىن، خانىش ئايىمنىڭ كېسىلىگە بۇ ئامالمۇ كار قىلمايۋاتىدۇ. خۇراسان تېۋىپلىرىنىڭ قالدۇرغان رىسالىلىرىدە ھەسەبەگە تاۋۇز شىپا قىلۇر دەپ يېزىلغانىكەن، شۇڭا تاۋۇز بەردۇق.

— ھازىر تاۋۇزنىڭ پىشىدىغان ۋاقتى ئەمەس، — دېدى بابۇر ئويلانغان ھالدا، — تاۋۇزنى نەدىن تاپتىڭلار؟

— كابۇلدا تاۋۇز ساقلايدىغان باققاللار بار ئىكەن.

— ياخشى بوپتۇ. يەنە باشقا دورا رىسالىلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ باققايلا.

— باش ئۈستىگە.

[1] ھەسەبە — بەدەندە ئۇششاق تاشما پەيدا قىلىدىغان بىر خىل كېسەل.

ھەكىم چىقىپ كەتتى.

ئەمدى سارايدا قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن بابۇر يالغۇز قالغانىدى.

— خوش، — دېدى بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاراپ، — جاھانگىر مىرزىنىڭ رەنجىشىنىڭ سەۋەبى نېمىكەن؟

— سۇرۇشتۇرۇپ كەلسە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، — ئالىيلىرىغىمۇ مەلۇملۇق. جاھانگىر مىرزا غەزنىدىن كەلگەن چاغدا پەرمانلىرىغا بىنائەن ئىستىقبالىغا چىققانىدىم. يولدا كېلىۋېتىپ جاھانگىر مىرزا بۆدۇنىگە قۇش قويدى. قۇش بۆدۇنىگە چاڭگال سالىدىغان چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر بۆدۇنە ئۆزىنى يەرگە ئۇردى. ئەتراپتىكى بەگلەر: «ئالدىمۇ، ئالدىمۇ؟» دەپ سوراشتى. قۇشنىڭ بۆدۇنە ئوۋلىشى ئادەتتىكى ئىش بولغاچقا، كەمىنىلىرى تۈزلا قىلىپ: «دۈشمەن شۇنچە ئاجىز تۇرسا، ئالماي قويامتى» دەپ جاۋاب بەردىم. شىرئەلى بەگ، يۇسۇپ بەگ ۋە پەھلۇل بەگلەر مېنىڭ بۇ گېپىمنى جاھانگىر مىرزىغا باشقىچە چۈشەندۈرگەن چېغى. شۇنىڭغا رەنجىپ قاپتىمىش.

— جاھانگىر مىرزىنىڭ بۇرنىغا پەقەتلا سۇ كىرمىدى، — دېدى بابۇر كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، — ھەردائىم ئەتراپىدىكى بەگلەرنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىدۇ.

— شۇنداق ئالىيلىرى. شىرئەلى بەگنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. كابۇلدىكى بارلىق پىتنە - پاسات شۇنىڭدىن چىقىۋاتىدۇ. خۇپىيەلىرىمىزنىڭ تىگتىگلاپ بىلىشىچە، ھازىر مۇشۇنى باھانە قىلىپ جاھانگىر مىرزىنى قېچىشقا قۇترىتىۋاتقۇدەك.

«ئۆز ۋاقتىدا ئۇزۇن ھەسەن، ئەھمەد تەنبەللەرنىڭ پىتنىسى ۋە قۇترىتىشى سەۋەبىدىن پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىلغانىدىم. ئەمدى كابۇلدىمۇ بۇ پاجىئەلەرنىڭ تەكرارلىنىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. شىرئەلى بەگنى شۇنداق جازالايكى، باشقا پىتنىچىلەرگە قاتتىق ئىبرەت بولسۇن»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بابۇر جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ مىرغەزەب!

سارايىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان جاللاتلارنىڭ باشلىقى ئالدىراپ دىگۈدەك كىرىپ كەلدى:

ــ لەببەي پادىشاھ ئالىيلىرى!

ــ شىرئەلى بەگ پىتنە تارقىتىپ، قوتراتقۇلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن دەرھال كاللىسى ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىنسۇن! ئائىلە تاۋابىئاتى كابۇلدىن ھەيدەپ چىقىرىلسۇن!

قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ شىرئەلى بەگنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ پەرمانىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئەمما توسۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇ تاپتا ئۇ شىرئەلى بەگنىڭ ئۆلۈمگە ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. سارايىنىڭ ئىچىدە بىر پەس تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، باقى چاغانىيانى جانابلىرى كۆرۈشۈشكە ئىجازەت سورايدۇ.

بابۇرنىڭ غەزىپى تېخىچە بېسىلمىغانىدى.

ــ كىرسۇن! ــ دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ئادەتتە بابۇرنىڭ ئالدىغا بەخىرامان كىرىپ چىقىدىغان باقى چاغانىيانى شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر تولىمۇ ئېھتىياتچان كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق بىر تەشۋىش ئەلەڭگىيتتى.

«شىرئەلى بەگنىڭ ئىشىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولۇپتۇ ـ دە، باشتىلا ئۆزىنى سورىشى كېرەك ئىدى.»

قاسىمبەگ قاۋچىن خىيال قىلغاچ باقى چاغانىيانىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

بابۇر باقى چاغانىيانىغا قاپىقىنى تۈرۈپ، بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ خوش؟

بابۇرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئەپسىز ۋاقىتتا كېلىپ قالغان-

لىقىنى ھېس قىلغان باقى چاغانىيانى دەماللىققا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى. ئەمدى بولغاندا گەپ قىلمايلا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئاخىر ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ ئېغىز ئاچتى:

ــ قۇدرەتلىك شاھىمىزدىن بۇرناكۇنى سۇنغان ئىلتىماسىمنىڭ جاۋابىنى ئالاي دەپ كەلدىم.

بابۇر ئۇنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارىدى. باقى چاغانىيانى بابۇرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزىنى ئەپقېچىشقا مەجبۇر بولدى.

«ئەمدى ئۇنىڭ نازلىنىۋېرىشلىرىگە يول قويسام بولمايدۇ. ماڭا قوشۇلغاندىن بېرى ئۇنىڭغا كۆپ يول قويدۇم. ساداقەتمەن پېشقەدەم ئەمىرىم قاسىمبەگ قاۋچىندىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋە بېرىپ ئەتىۋارىنى قىلدىم. ھەرقانداق ئىشتا رايىغا باقتىم. تۇرلۇك ئەدەپسىزلىك ۋە يامان خۇيىنى كۆرمەسكە سالدىم. باشقا ئەمىر ــ سەركەردىلەرنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتمىسىمۇ مەيلى دېدىم. ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ ھەر كۇنى ئىشىكى ئالدىدا ناغرا چالدۇردى. گەرچە بۇ خان ــ سۇلتانلارغا خاس ئىمتىياز ۋە ئادەت بولسىمۇ، باشقا ئەمىرلەر نارازى بولۇپ، ئەرز قىلىپ كەلسىمۇ يەنىلا سالاۋات قىلدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرگىز يالۋۇرمايمەن. ئۇنداق ئەركىلەشلىرىنى كۆتۈرمەيمەن. ئۇنىڭغا ئوردا ئىشىك ئاغىلىقىدىن تارتىپ كابۇل شەھىرىنىڭ ھاكىملىقىغىچە، لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ھەززارلىقىدىن تارتىپ چاغداۋۇللۇقىغىچە بېرىدىغان ھوقۇق ــ مەرتىۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردىم. ھەتتا تامغىبېجىنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى كىرىملىك ئىمتىيازنىمۇ تۇتقۇزدۇم. قىلغان ــ ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە سالمىدىم. يېتەر ئەمدى شۇنچىلىك قىلغانلىرىم. يولدا قوشۇلغان ھەمراھ راستتىنلا ھەمراھ ئەمەسكەن...»

ــ جانابلىرىنىڭ ئارزۇسىنى رەت قىلىۋەرسەممۇ بولماس، ــ دېدى بابۇر تەمكىنلىك بىلەن، ــ ھازىردىن باشلاپ سىلىگە ئىد-

www.uyghurkitap.com

جازەت بېرىلدى. شەرت شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇندىن ئارتۇق نۆ-كەرنى ھەمراھ قىلمايدىلا. ئىككىنچىدىن، ھىندىستاندىن باشقا تەرەپكە بارمايدىلا. خوش، ئەمدى چىقىپ كەتسىلە بولىدۇ.

باقى چاغانىيانى بابۇرنىڭ ئۆزىگە بۇنداق شەرت بىلەن ئىجا-زەت بېرىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى ئامان بولسىلا، ــ دېدى ئۇ تاتارغان ھالدا.

«ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ» ــ دېدى بابۇر كۆڭلىدە.

قاسىمبەگ قاۋچىن باقى چاغانىيانىنىڭ ئارقىسىدىن مەس-خىرىلىك قاراپ قويدى.

ــ پەرمانىمىز خاتا بولمىغاندۇ ئەمىر جانابلىرى؟ ــ سورى-دى بابۇر.

ــ يوقسۇ، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا قىلغىنىدىن ئارتۇق ھىممەت كۆرسەتكەنىدىلە، ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى.

ــ ئۇنىڭغا بارار يېرىنى كۆرسىتىپ بەرمىسەم، دەرگاھى-مىزدىن كېتىشۈپلىپ ياكى جاھانگىر مىرزىنى ئازدۇرۇشى ياكى شەيباقنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىزگە ساتقىنلىق قىلىشى مۇمكىن. ھە راست، شەيباق تەرەپتىن مەلۇمات بارمۇ؟

ــ مەلۇمات بار ئالىيلىرى. شەيبانىخان ھازىر خارەزمنى قاتمۇقات ئىسكەنجىگە ئالغان بولسىمۇ، خارەزىم ھاكىمى چىن سوپى جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، تې-خىچىلا خارەزمنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالماپتۇدەك. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان جانابلىرى ھىراتتا ئىكەن. بەلكىم پات يېقىندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بىلەن شەيبانىخاننىڭ مۇقا-بىلىسىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشى مۇمكىن.

ــ كابۇلدىكى پىتنە ـ پاساتلارمۇ ھەرھالدا بېسىققان بول-دى. ئەمدى بىزمۇ دىققىتىمىزنى شەيباققا ئاغدۇرايلى. ئول مۇنا-پىقنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىغا يالغۇز تاشلاپ قوي-

ساقمۇ بولماس. ئاڭلىسام، بايقارا ئالىيلىرىنىڭ بىر پۈتى پالەچ بولۇپ قاپتۇدەك.

ــ كەمىنىلىرىمۇ شۇنداقراق ئاڭلىدىم.

شۇ ئەسنادا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن چاپارمەن سارايغا ئۇسۇپلا كىردى:

ــ گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا ئالىيلىرى، ۋالىدەئى بۇزرۇك نەـ پەستىن قالدى.

ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بابۇرغا خۇددى بېشىدا چاقماق چاققاندەك تەسىر قىلدى. چاپارمەندىن يەنە گەپ سوراشقا رايى بارماي ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

※ ※ ※

ــ يۈرىكىمنى يېرىپ چىققان ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرـ سا، ئول ديانەتسىز شاھىبېكخاندىن رەنجىپ نىمە قىلاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆيۈملۈك نەۋرە قىزىم خانزادە خېنىمنى ئۇنىڭغا ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بەرگىنىمىز يوق. ئول نىكاھ ئامالىنىڭ يوقلۇـ قىدىن ئاشۇنداق رويابقا چىقىپ قالغان. تەربىيە كۆرمىگەن سەھرالىق دېگەن بەربىر بەدەۋىيلىكىنى قىلىدىكەن. مېنى خۇددى تىلەمچىنى ھەيدىگەندەك دەرگاھىدىن قوغلىدى. بىچارە نەۋرە قىزـ زىم خانزادە خېنىم بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان يىغلاپ قالدى. تەڭرى ئاشۇنداق ئادەمگىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلىدىكەن. چەۋرەم خۇررەم شاھ ئاجايىپ تاتلىق بالا بولۇپتۇ دېسىلە. ئول شاھىبېكـ خان يول قويغان بولسا ئىدى، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتىم. ئاۋۇ كۈيئوغلۇم بولمىش تۇمۇر سۇلتان ئاتىسى شاـ ھىبېكخاندىن بەتتەر خۇمپەر ئىكەن. قىزىم دۆلەتسۇلتان مەلىكە بىلەن زىنھار كۆرۈشتۈرمىدى. يەنىلا كۈيئو ئوغۇللۇقىنى سىلى يەتكۈزدىلە بالام.

ياشىنىپ قالغان بۇزرۇك خانىش شاھ بېگىمنىڭ يول بويى

قاقشىغىنى قاقشىغانىدى. ئۆزىنى ئاقسۇدا تاشلاپ قويۇپ، يەتتە ـ كەنتكە كېتىۋالغان ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاندىن رەنجىيتتى. قىلچىلىك ھۆرمىتىنى قىلماي يېنىدىن قوغلىۋەتكەن شەيبانى ـ خاننى قارغايتتى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بۇ ياشىنىپ قال ـ غان قېيىنئانىسىغا ئامالىنىڭ بارىچە تەسەللى بېرىشكە، كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشاتتى.

ھەئە، شاھ بېگىم ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ پەرغانە تەۋەسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلگەن سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ شەيبانىخاننىڭ قېشىغا بارماقچى بولغانلىقىنى بى ـ لىپ ئەندىجاندا قېلىپ قالغانىدى. شاھ بېگىم ئۇنى كۆپ زورلى ـ ماي ئۆدۆل شەيبانىخاننىڭ قېشىغا كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئاخ ـ سىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر ـ نىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغىنىنى ئۆلتۈرۈپ، زىندانغا سولايدىغانلىرىنى سولاپ، قوشۇنىنى بىر قېتىم ياتلاردىن تازىلىغان شەيبانىخان تۇ ـ يۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان شاھ بېگىمدىن خۇدۇكسىرىدىمۇ ياكى ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى خالىمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، يوقىلاڭ باھا ـ نە ـ سەۋەبلەر بىلەن يېنىدىن قوغلىغانىدى. شاھ بېگىم شۇ مې ـ ڭىشىدا ئۆدۆل ھىراتقا يېتىپ كەلگەنىدى. گەرچە سۇلتان ھۇسە ـ يىن بايقارا ئۇنىڭغا كاتتا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كۈتۈۋالغان بولسى ـ مۇ، ئەمما شاھ بېگىمنىڭ كۆڭلى كابۇلنى، نەۋرىسى بابۇرنى خالاپ قالغانىدى. ھىراتقا كەلگەندىن بېرى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ خانزادىلىرىنىڭ ئىناقسىزلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. شۇڭا قېيىنئانىسىنى كا ـ بۇلغا قوغداپ بېرىش باھانىسى بىلەن سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادىن ئىجازەت سورىغانىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلار كابۇل يولىدا ئىدى. شاھ بېگىم ئۆزى بىلەن بىللە چوڭ قىزى مېھرىنىگار خېنىمنى ـ مۇ ئېلىۋالغانىدى.

ئۇ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا ئاتتا ئۇزاق ئولتۇرالمايتتى. كابۇل يولى تاغلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولغاچقا

مەپە ماڭالمايتتى. كۆپىنچە تۆگىگە جايلاشتۇرۇلغان كاجۇۋ[1]دا ئولتۇراتتى. شۇڭا تۆگىنىڭ رايىغا بېقىپ يول ئاۋۇمايتتى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان قېيىنئانىسىدىن شەيبانىخاننىڭ ھەرىمىدە خانزادە خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ قالغان ئىككى قىزىنىڭ ئەھۋالىنى بىرقانچە قېتىم سوراشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، شەيبانىخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا قېيىنئانىسىنىڭ چېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىغاندى. مېھرىنىگار خېنىم بولسا مىجەزى يوقمۇ ياكى سەپەر ھاردۇقى يەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، بىر ھەپتىدىن بېرى كاجۇۋدىن چۈشەي دېمەيتتى. بۈگۈن ئۇ ئاخىر تۆگىدىن چۈشۈپ ئاتقا مىندى.

— ئىنىم سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىنىم سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بىلەن ئىنىلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق پەيدا بولدى، — دېدى مېھرىنىگار خېنىم ئاقسۇدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپ، — بۇ چاغدا ئىنىم سۇلتان مەھمۇدخان جىيەنىمىز خانزادە مەنسۇرخانغا قورساق كۆپۈكى بولۇپ تۇرغانىكەن. شۇڭا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈش قىلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىدى ھەمدە يامانلىغان ھېسابتا يەتتەكەنتكە كەتتى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىزنى قوغداپ پەرغانە ۋادىسىغا يەتكۈزۈپ قويدى. بۇ چاغدا سىلىنىڭ خۇراسانغا، خانزادە سەئىدخاننىڭ تۇرپانغا قاچقانلىق ھەمدە شاھىبېكخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئەسىرگە چۈشكەن سەركەردىلەردىن گاھلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، گاھلىرىنى زىندانغا سولىغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئانامغا: «سىلى بىلەن بىللە شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىغا بارسام، ئاغامدىن ئاللىغان ئۆچىنى مەندىن ئېلىشى، ھەتتا جېنىمغا قەست قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئەندىجان، ئاخسى، ئوش، ئۆرەتۆپىدىكى بەگ ـ تۆرىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، پەرغانە ۋادىسىدا ئىسيان قىلىشقا ھازىرلىق كۆرەي» دەپ قېپقالدى.

① كاجۇۋ — تۆگىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان تەختىراۋان.

ــ مەلىكە خانزادە خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ ئىككى قىزىم قېپقالغانىدى. تابۇگۇنگىچە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىم، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان.

ــ تېخى سىلىنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ــ دېدى مېھرىنىگار خېنىم، ــ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئوبدان تۇرۇپتۇ. شاھبېكخان چوڭ قىزلىرى ھەبىبە سۇلتان خېنىمنى مەرھۇم ئىنىسى مەھمۇد سۇلتانىنىڭ ئەمىرزادىسى ئابدۇللاخانغا چوڭ ھەشەم بىلەن نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئەسلىدە كىچىك قىزلىرى گەۋھەرشاد خېنىمنى بىللە ئېلىپ كېلەيلى دېگەنىدۇق. لېكىن ئەمىر جانۋاپا بەگ: «گەۋھەرشاد خېنىمنى كىچىك ئوغلۇم مىرزا يارۋاپاغا نىكاھلاپ بېرىپ، بالا قىلىۋالغۇم بار» دەپ ۋالىدەمگە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ھەتتا: «بۇ مۇددىئايىمنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرى بىلسىمۇ، چوقۇم رازىلىق بېرەتتى. كۆرەگان جانابلىرى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق بار. پەرزەنتىمىزنىڭ نىكاھى بىلەن دوستلۇقىمىز تېخىمۇ قاندارچىلىققا ئۆزگەرسە» دەپ تەڭقىسلىقتا قويۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ۋالىدەم ئىلاجسىز ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەمما شاھبېكخان بىزنى كېتىشكە مەجبۇرلاپ تۇرۇۋالغاچقا، تويىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىدى.

قىزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىرئاز خاتىرجەم بولدى.

«شەيبانىخان نېمە سەۋەبتىن ئىنىسىنىڭ ئوغلىغا قىزىمنى ئېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەندۇ؟ ئەمىر جانۋاپا بەگنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خېلى كۆپ ئەمىرلەر ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن مەھمۇد سۇلتانىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىنى ئاغىسى شەيبانىخاندىن گۇمانلىنىدىكەن، ئول ھىيلىگەر شەيبانىخان ئاشۇ گۇماننى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى ئويلاپ تاپقانمىدۇ ــ يا؟ نېمىلا بولمىسۇن قىزىم ئامان ــ ئېسەن ئىكەن. ئابدۇللا مىرزا مەرھۇم دادىسىغا ئوخشاش دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يې-

تىدىغان، مەرد، راستچىل، جىگەرلىك يىگىت. قىزىم ئۇنىڭ ھە-
رىمىدە ھەرگىز خورلۇق تارتىپ قالمايدۇ. كىچىك قىزىمغا ئەمىر
جانۋاپا بەگنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. بەلكىم
ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇقنى كۆزلەپ شۇ نىيەتكە كەلگەندۇ. ئوغ-
لى يارۋاپابەگ قانداقراق يىگىت بولغاندۇ؟ ئىشقىلىپ ياراتقان ئى-
گەم قىزلىرىمنىڭ بەختىنى بېرەر. ئىنىم سەييىد مۇھەممەد
مىرزىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدا ئىسيانغا نىيەت باغلىغىنى ياخشى
بوپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئالاقىلەشسەم ياخشى بولات-
تى. نۆكەرلىرىمدىن بىرىنى پەرغانىگە ئەۋەتەيمىكىن. لېكىن، ئۇ
ئىنىمنى قانداق تاپار؟ ئىنىم ھازىر پەرغانە ۋادىسىدا ھەرگىزمۇ
ئاشكارا ھەرىكەت قىلالمايدۇ. بولدىلا، ھازىرچە كابۇلغا باراي. قال-
دى ئىشلارنى بابۇر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە مەسلىھەت قىلار-
مەن. كىم بىلىدۇ، ئىنىم بابۇر پادىشاھ بىلەن ئالاقىلەشتىمۇ تې-
خى؟ ياكى خانزادە سەئىدخان بىلەن ئالاقىلەشكەندۇ...»

ئۇلار كابۇلغا قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ قىرقى نەزىرىگە ئۇل-
گۈرۈپ يېتىپ كەلدى. بابۇر مومىسى بىلەن ھامىمىسىنىڭ ئېتەك-
لىرىنى سۆيۈپ، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ ھازىسى قايتا
باشلاندى.

※ ※ ※

بابۇرنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىرئاز ساقلاپ
تۇرغان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن
بېشارەت بېرىپ يۆتىلىپ قويدى.

ـــ كەلسىلە جانابلىرى، ـــ دېدى خىيالدىن باش كۆتۈرگەن
بابۇر ئۇنىڭغا يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ ۋە تاپسىدا قول باغلاپ
تۇرغان ھۆدەيچىگە قارىدى، ـــ قاسىمبەگ قاۋچىنغا چاپارمەن
ماڭغانمىدى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ـــ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى ئالىيلىرى.

ھۆدەيچىنىڭ جاۋابى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، ساراي ئىشىكىدە قاسىمبەگ قاۋچىنىڭ بەستلىك گەۋدىسى كۆرۈندى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرنىڭ قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن ئۆزىنى خاس چاقىرغىنىنى بىلىپ، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بارلىقىنى پەملىدى.

«ئۇ ئاخىر ھىراتقا بېرىش قارارىغا كەلگەن ئوخشايدۇ. ھېلىمۇ بۇ ئىش قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ ۋاپاتى بىلەن خېلىلا كېچىكتى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ بابۇر پادىشاھنى شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتكىنىگە بىرنەچچە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى...»

ـــ ئىككىلىرىنى تەرەپباللا چاقىرتىشىمىدىكى مەقسەت، ـــ دېدى بابۇر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، ـــ بايىلا جاھانگىر مىرزىدىن چاپارمەن كەلدى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتىپ بابا ئىلاھىغا كەلگەندە تەڭرى رەھمىتىگە كېتىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن ئەندىككەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى ۋە تەڭلا قول كۆتۈرۈپ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ روھىغا ئاتاپ قىسقىلا دۇئا قىلدى:

ـــ قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، ـــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

ـــ ئاللاھتىن كەلگەن قازا ئوقىغا قالقان يوقتۇر، بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا دەپتىكەن. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئالىيلىرى، ـــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، ـــ شەيبانىخان چىن سوپىنى ئۆلتۈرۈپ خارەزمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە قايتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىددىم. چاققانراق بولمىساق ھىراتنى ساقلاپ قالالماقمۇ تەس بولۇپ

قالمىسۇن يەنە.

ــ ئانام رەھمىتىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن بولۇپ، ھىراتقا بې-
رىش ئىشىغا تولىمۇ سۇسلۇق قىلغانىكەنمەن، ــ دېدى بابۇر
ھەسرەتلەنگەن ھالدا، ــ ئەسلىدە بايقارا ئالىيلىرىنىڭ ھەمدەم
بولۇش تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامانلا يولغا چىقساق بوپتى-
كەن. چۈنكى، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىنىڭ نەۋرىلى-
رىدىن بولمىش سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادەك چوڭ پادىشاھ ئەترا-
پىغا ھەممە ئوغۇللىرىنى ۋە بەگلىرىنى يىغىپ شەيباقتەك دۈش-
مەنگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا باشقىلار ئاياغ بىلەن بار-
سا بىزنىڭ باش بىلەن بېرىشىمىزغا، باشقىلار تاياق بىلەن بارسا
بىزنىڭ تاش بىلەن بېرىشىمىزغا توغرا كېلەتتى.

ــ ھېلىھەم كېچىكمەيمىز ئالىيلىرى، ــ دېدى قاسىمبەگ
قاۋچىن.

ــ توغرا ئېيتتىلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرە-
گان، ــ شول تاپتا مەرھۇم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرد-
نىڭ مۇسىبىتىدىن شەيبانىخان ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولدى.
چاققان بولمىساق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىراتقا لەشكەر تارتىشى
مۇمكىن. ناۋادا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ھىرات خەتەردە قالىدۇ.
گەرچە خۇراساننىڭ خىللانغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھىراتقا
توپلانغان بولسىمۇ، ئەمما مەرھۇم بايقارا ئالىيلىرىنىڭ خانزادىلىرى
ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، بىرلىك يوق. مەرھۇم خان ئاتىسى ھايات
ۋاقتىدىمۇ ئۇل خانزادىلەرنىڭ پۇرچىقى پىششىمايتتى. ئەمدىلىكتە
تەپرىقىچىلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىشى مۇمكىن.

ــ جاھانگىر مىرزىنىڭ مەكتۇپىمۇ شۇ خۇسۇستا يېزىلىپ-
تۇ، ــ دېدى بابۇر ئالدىدىكى خەتنى ئىككى بىلەن ئىما قىد-
لىپ، ــ ئىككىلىرى كۆرۈپ بېقىشسىلا.

خەتنى ئاۋۋال قاسىمبەگ قاۋچىن، ئاندىن مۇھەممەد ھۈسە-
يىن كۆرەگان ئوقۇدى.

*«... سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ئۇشبۇ كۈن-لەردە بۇ تۇراقسىز ئالەمدىن ئاخىرەت سارىيىغا يۈزلۈپ كېت-تىپتۇ. كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر ئىش كېلىۋاتىدۇكى، مۇشۇ مەھەلدە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ خانزادىلىد-رى بىلەن كۆمەكلەشسەك، مۇھىم ئىشلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى بار. كەمىنە ئىنىلىرى سىلىنىڭ ئىجازەتلىرىنى ئالمايلا ھىراتقا ماڭغاچ تۇردۇم. بەلكىم تېز-رەك يولغا چىقسىلا ئارقامدىن يېتىشىۋالالايدىلا...»*

يۇقىرىقى مەزمۇننى ئىككى نۆۋەت ئوقۇپ چىققان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان كۆڭلىدە جاھانگىر مىرزىغا قايىل بولۇپ قال-دى.

«جاھانگىر مىرزىنى تەدبىرسىز، ھاماقەت، سەلتەنەت ۋە لەشكىري ئىشلارغا ئانچە ئېپى يوق دەپ خاتا چۈشەنگەن ئىكەن-مەن. ئېخى يېقىندا بابۇر پادىشاھ بۇ ئىنىسى ئۈستىدىن شىرئەلى بەگ قاتارلىق بىر قىسىم سەركەردىلەرنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ، يەنە تەپرىقچىلىك قىلىشقا ئۇرۇندى، ئۇنى چۆچۈتۈپ، پىتنىچى-لەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، شىرئەلى بەگنىڭ كاللىسىنى چاپ-قۇزسام مەندىن رەنجىپ غەزنىگە بېرىۋالدى، دەپ داتلاپ بەرگەن-دى. قارىغاندا، جاھانگىر مىرزىمۇ ئۇنچە ھاماقەت ئەمەسكەن. مانا ئاغىسى ئالدىرىمىغانغا ئالدىراپتۇ. ھە راست، بابۇر پادىشاھ نې-مىشقا ھىراتقا بېرىشقا ئالدىرىمىغان بولغىيدى. ئانىسى قۇتلۇق-نىگار خېنىمنىڭ مۇسىبىتى بىر باھانە. بۇنىڭدا چوقۇم باشقا بىر سەۋەب بار...»

ـــ جاھانگىر مىرزا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويۇپتۇ، ـــ دېدى بابۇر ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ـــ قانداق دەيدىلا ئالىيلىرى؟ ـــ سورىدى مۇھەممەد ھۈسە-يىن كۆرەگان ئەجەبلىنىپ.

ـــ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بۇ نۆۋەت بىزگە

ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىپ تەكلىپ ئەۋەتكىنى بىلەن، ئىلگىرى بىرقانچە نۆۋەت پەرمان تەرىقىسىدە مەكتۇپ ئەـ ۋەتكەنىدى. بۇ نۆۋەت تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ بارسام، ئۆزىنى يەنە چوڭ تۇتۇپ، مېنى كۆزگە ئىلماسلىـ قىدىن ئەندىشە قىلغانىدىم. مانا ئەمدى كۆتمىگەندە قازا قىلىپتۇ. خانزادىلىرىنىڭ ئەھۋالى، خۇي ـ پەيلى بولسا بىزگە قاراڭغۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ھىراتقا بارساق، ئۇل خانزادىلەر بىزدىن ئەنـ دىشە قىلىپ قالارمىكىن دەيمەن. شۇڭا ئۇلاردىن قايتا تەكلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بارايلىمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم.

«ھە، بابۇر پادىشاھنىڭ ھىراتقا بېرىشقا ئالدىرىماسلىقىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىكەن ـ دە...»

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرغا قارىدى:

ـــ جاھانگىر مىرزا يولغا چىقىپ بولغان بولسا، ساقلاپ تۇرمايلى ئالىيلىرى. دەرھال يولغا چىقساق ئارقىسىدىن يېتىشىـ ۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ـــ ئەمدى شۇنداق قىلمايمۇ چارە يوقتەك قىلىدۇ، ـــ دېدى بابۇر بىر قارارغا كېلىپ، ـــ ناۋادا جاھانگىر مىرزىنىڭ ئارقىـ سىدىن يېتىشۋالساق، خانزادىلەردىن تەكلىپ كەلگۈچە ھىراتقا بارماي ساقلاپ تۇرارمىز، يېتىشەلمەي قالساق، ھىراتتا كۆرۈشمەي ئامالىمىز يوق.

ـــ جاھانگىر مىرزىنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ چاپارمەن ماڭغۇزامدۇق ـ يا؟ ـــ سورىدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

ـــ ھاجەتسىز، ـــ دېدى بابۇر، ـــ جاھانگىر مىرزىنىڭ خۇـ يى سىلىگىمۇ ئايان. ئۇنىڭ ماڭا بولغان رەنجىشى تېخى بېسىلغىـ نى يوق. بۇنداق چاغدا چاپارمەن ماڭغۇزسام يەنە خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

قاسىمبەگ قاۋچىن قايتا ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ـــ ھە راست، ـــ دېدى بابۇر مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قاراپ، ـــ بايا جاھانگىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

مىرزىنىڭ چاپارمىنىدىن ئاۋۋالراق ماڭلايسۆيە تەرەپكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىمىز قايتىپ كەلدى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان دىققىتىنى يىغدى.

ــ ئايغاقچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ــ دېدى بابۇر بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ــ مىرزا ئابابەكرى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇچنى ئىشغال قىلىپتۇ ھەمدە ئۇچتىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ، ئۇچ قورغىنىدا لەشكەر تۇرغۇزۇپتۇ. ھازىر ئاقسۇغا خىرىس قىلىشقان ئوخشايدۇ.

بۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئۇچۇن يەنە بىر شۇم خەۋەر ئىدى. ئىنىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ھازىر ئۇ تەرەپتە يوق ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخانمۇ يەتتەكەنتكە بېرىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاقسۇدىن ۋايىم يەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندى.

ــ مىرزا ئابابەكرى ئىلگىرىمۇ ئاقسۇغا بىرنەچچە نۆۋەت لەشكەر تارتىپ مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بەلكىم بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولار. ئاقسۇ ئەمىرى مىرجاپپار بەردى بەگ تولىمۇ تەدبىرلىك ئادەم.

ــ ئول مىرزا ئابابەكرىنى جانابلىرى بىلەن ئانا بىر، ئاتا بۆلەك قېرىنداش دەپ ئاڭلىۋېدىم، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

ــ شۇنداق، ئاڭلىغانلىرى تامامەن راستتۇر، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، ــ ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا ـ توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ گەرچە بىز بىر قورساق قېرىنداش بولساقمۇ، خۇي ـ پەيلىمىز بىر ئەمەس.

ــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خۇي ـ پەيلى سەۋەبلىك زىنھار خىجىل بولمىغايلا، ــ دېدى بابۇر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قاراپ، ــ مىجەز ـ خۇلق ئىنسانغا تۇغما بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا يول تاپىدۇ. بىر قېرىندىشىنىڭ بەدخۇيى بىر قېرىندىشى ئۇچۇن زىنھار ئەيىب ئەمەستۇر. مىسالەن

ئالايلى، جاھانگىر مىرزا بىلەن ئىككىمىزمۇ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك
قېرىنداشلارمىز. ئەمما، ئۇنىڭ بەتخۇيى سەۋەبلىك ئاتا مىراس
پەرغانە ۋادىسىنى ياتلارغا تارتتۇرۇپ قويغاننى ئاز دەپ، قازاقلىق
ئازابىنى يەتكۈچە تارتتۇق ئەمەسمۇ.

بابۇرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قاسىمبەگ قاۋچىن پاتىڭغىچە
قىزاردى. شۇ تاپتا ئۇ ئويلانمايلا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن
سورىمايدىغان سوئالنى سوراپ سالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكە-
نىدى.

— كەچۈرسىلە كۆرەگان جانابلىرى، — دېدى ئۇ چىن كۆڭ-
لىدىن ئەپۇ سوراپ.

— يوقسۇ، ئارىمىزدا كەچۈرۈم سورىغۇدەك گەپ - سۆز بو-
لۇنمىدى، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈرتۈپ.

— ئەمىسە ھىرات يۈرۈشى قارار تاپتى، — دېدى بابۇر گەپ-
نى ئەسلى تېمىغا يۆتكەپ، — ھازىرچە شەيباقنىڭ مۇقابىلىسى-
گە چىقىدىغان ئىشقا باش قاتۇرايلى. ئاللاھ خالىسا ماڭلايىسۆيەنىمۇ
مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەئەررۇزىدىن خالاس قىلارمىز، — خانزادە
سەئىدخانىمۇ جىم ياتمىغاندۇ. بۇ چاغقىچە ئاغىسى سۇلتان مەھ-
سۇرخان بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇغا كېلىپ بولدىمۇ تېخى.

— بەلكىم، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئارتۇق
سۆزلەشنى خالىماي.

— كابۇلنى سىلىگە تاپشۇرايمىكىن دەيمەن، — دېدى بابۇر
مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قاراپ، — ھەممىمىز ھىراتقا كەت-
سەك ياخشى بولماس.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرنىڭ بۇنداق تەكلىپ بې-
رىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— كەمىنىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىغا ھەمدەمدە بولغۇم بار ئى-
دى، — دېدى ئۇ تەۋازۇ بىلەن سۆزلەپ، — كابۇلدا مۆتىۋەر ئە-
مىرلەر خېلى كۆپ. ئۇلار ئىشلارغا باش بولۇپ، ھۆددىسىدىن چى-

قالايدۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، سىلى باش بولسىلا تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمەن. ئەسلىدە قاسىمبەگ قاۋچىن جانابلىرىنى قالدۇرۇپ قويىاي دېگەن. لېكىن، ئۇزۇندىن بېرى لەشكىرىي دىۋانىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، يېنىمدا بولمىسا بولمىغۇدەك. باشقا ئەمىرلەرگە ئانچە ئىشەنچىم يوق. سىلى دېگەن ماڭا ھەم تاغا، ھەم ئاتا يوللۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇزرۇك مومام شاھ بېگىم ئالىيلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈنمۇ يەنە سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ.

ــ ئالىيلىرى شۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا، كەمىنىلىرىنىڭ ياق دېيىشكە ھەددى ئەمەس. ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ھەرقانداق ئىشلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.

ــ ماڭا جانابلىرىنىڭ ئېنىق ۋەدىسى كېرەك، ــ دېدى بابۇر.

ــ ۋەدىگە ئاجىزلىق قىلىمەن، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان گەپنى ئۇچۇق قىلىپ، ــ چۈنكى، كەمىنىلىرى كابۇلغا مېھمانمەن. مېھماننىڭ ساھىبخاننى باشقۇرغىنى نەدە بار؟

بابۇر ئۇنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ دەرھال ئېسىنى يىغدى:

ــ جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم، ــ دېدى بابۇر كۈلۈمسىرەپ، ــ مەندىن سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ، ــ ئۇ سارايىنىڭ سىرتىغا قاراپ توۋلىدى، ــ قايسىڭ بار؟

ــ لەببەي ئالىيلىرى! ــ ھۇدەيچى بەگ يۈگۈرۈپ كىردى.

ــ نىزامىددىن ئەلى خەلىپە، مەۋلانە بابا پەشاغەرى، ئەھمەد قاسىم كوھى، شىرىم تاغايى قاتارلىق مۆتىۋەر ئەمىرلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈز، دەرھال يېنىمغا كەلسۇن.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئىسمى ئاتالغان پېشقەدەم ئەمىرلەر سارايغا يىغىلىپ بولدى.

ــ ئەتە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ھىرات سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە شەيباقنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقماقچىد-



www.uyghurkitap.com

مەن، — دېدى بابۇر قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلەرگە قاراپ، — مەملىكەت ئىشلىرى ھەربىرلىرىگە ئامانەت قالدى. سەلتەنەت ئىشلىرىغا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جانابلىرى مۇئەككەل بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشلاردا كۆرەگان جانابلىرىنىڭ پەرمانىغا شەرتسىز بويسۇنغايلا.

— پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى ئەمىرلەر.

بابۇر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قارىدى:

— مەن خۇراسانغا بېرىشتا بارلىق ئىشەنچىمنى سىلىگە باغلىدىم. كابۇلنىڭ تىنچلىقى مەن ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە چۈشەندۇرمىسەممۇ ئۆزلىرىگە ئايان. بۇ ئەمىرلەر ھەرقانداق ئىشلارنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن بېجىرىدۇ. كىمدىكىم بويۇنتاۋلىق قىلىشقا پېتىنىدىكەن، يۈز ـ خاتىر قىلماي جازالىغايلا.

— ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىنى جان ـ دىلىم بىلەن ئاقلاي ـ مەن، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئورنىدىن تۇرۇپ.

بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىننى لەشكىري يۈرۈشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى مومىسى شاھ بېگىم ۋە ھامىملىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ھەرەمگە قاراپ يول ئالدى.

شۇ تاپتا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇپ قالغانىدى.



تۈنۈگۈندىن بېرى سۈس ئۈچقۇنداۋاتقان قار يەتتەسۇ ۋادىسىغا ئاپئاق لىباس ياپقانىدى. ئاتلىق لەشكەرلەر دۈگدىيىشكەندى، پىيادە لەشكەرلەر بولسا توڭلاپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئىسسىـ

تىش ئۈچۈن توختىماي يەر تېپەتتى. شۇ تاپتا سەئىدخاننىڭمۇ پۇتى مۇزلاپ كەتكەنىدى.

— قەددىلىرىنى رۇسلىسىلا ئىنىم، — دېدى ئۇ ئات ئۈستىدە قولىنى يېڭىگە تىقىۋېلىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئىنىسى ئابدۇخېلىلخانغا قاراپ، — بىز بۇنداق تۈگۈلۈۋالساق لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىدۇ.

ئابدۇخېلىلخان دەرھال قولىنى يېڭىدىن چىقىرىپ قەددىنى رۇسلىدى.

سەئىدخان ئالدى تەرەپتىكى بىر چاقىرىم يىراقلىقتا تېخىچە سەپ تۈزۈپ بولالمىغان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ لەشكەرلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ھەئە، سۇلتان مەھمۇدخان يەتتەكەنتتىن ئۆزى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالغان جىيەن ئوغلىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ تاغىلىق ھەم خانلىق سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئالايىتەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدى. تۈنۈگۈن سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتقان بولسىمۇ، تاغىسىنى پەيلىدىن ياندۇرالمىغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۈگۈن ئەتىگەندە ناغرا چالدۇرۇپ ئۇنى جەڭگە ئۈندىدى. شۇ سەۋەبتىن سەئىدخان ئامالسىز جەڭگە چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

«تاغامدىن ئىجازەت سورىماي كېتىپ قالغىنىم ئەلۋەتتە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇنى گۇناھقا جورۇپ ئاتايىن لەشكەر تارتىپ كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغامنىڭ دەرگاھىدىن باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، ئىنىم ئابدۇخېلىلخاننىڭ قېشىغا كەلدىم. تاغامنىڭ غەزەپلىنىدىغان ئىشقا غەزەپلەنمەي، مۇشۇنچىلىك تايىنى يوق ئىشقا غەزەپلىنىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇنىڭغا يول قويۇۋەرسەم بولمايدۇ...»

سەئىدخان قېشىغا يېتىپ كەلگەن خوجا ئەلى باھادىرغا قا-

ردى:

— بۆكتۈرمىگە قويۇلغان لەشكەرلەر ئۆز جايىغا بېرىپ بولدىمۇ؟

— بېرىپ بولدى ئالىيلىرى.

— ئۇلارغا تاغامغا زەخىم يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە تاپىلىدىغانلا؟

— قاتتىق جېكىلەپ قويدۇم، خاتىرجەم بولسىلا.

— تاغام بىلەن ئۆزۈم بىر سۆزلىشىپ باقاي دەيمەن، — دېدى سەئىدخان ئىنىسىغا قاراپ، — ئاتا يوللۇق تاغىغا قىلىچ يالىڭاچلاش پەقەتلا كاللامدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ.

— ئىختىيارلىرى. لېكىن سۆزلىشىشنىڭ ئۈنۈمى بولماسمىكىن.

سەئىدخان جاۋاب بەرمەي ئېتىنى دېۋەتتى.

سوغۇققا چىدىماي توڭۇپ ـ تىترەپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىغا سەئىدخاننىڭ ئۆزى يالغۇز كەلگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى پۇشايمانلىق تۇيغۇلىرى قايتىدىن غەزەپكە ئالماشتى.

«بۇ بەدرەك ئالدىمغا نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ گۇناھىنى تىلەش نىيىتى بولسا، قىلىچىنى بوينىغا ئېسىپ پىيادە كېلەتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بۇ گەردەنكەشلىكىنى ئاسانلىقچە بولدى قىلىۋەتمەيمەن. مەن دېگەن ھېلىھەم ماڭلايسۆيە، تۇرپان، ئالمالىق مۇلكىنىڭ تاج ئىگىسىمەن. ئۆز ۋاقتىدا قوشنا ئەللەرنىڭ خان سۇلتانلىرى ئالدىمدا تىك تۇرۇشاتتى. ئەمدىلىكتە ئىنىمنىڭ بۇ ماڭقىلىرى مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ. ئۇلارنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويمىسام باشقىلارنىڭ مازىقىغا قالىمەن...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان تاغا، — دېدى ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالغاندا ئېتىنى توختاتقان سەئىدخان ئات ئۈستىدە ئېگىلىپ سالام بېرىپ، — كۆرۈشمىگىلى خېلى بولۇپتۇ. ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

سۇلتان مەھمۇدخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:

www.uyghurkitap.com

ــ ئاتتىن چۈشۈپ گەپ قىل ئەدەپسىز!

ــ چىچىلمىغايلا خان تاغا، ــ دېدى سەئىدخان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ ئالدىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلىشقا ھەددىم ئەمەس. غەزەپلىرىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن، ئاتتىن چۈشۈشكە پېتىنالمايۋاتىمەن. پەيلىلىرىدىن يېنىپ ئىجازەت بەرسىلە، دەرھال بېرىپ ئۆزەڭگىلىرىنى سۆيۈشكە تەييارمەن. ئۇيلاپ باقسىلا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تاغا ـ جىيەننىڭ دۈشمەنلىشىشى نە ھاجەت؟ ئەسلىدە قەھر ـ غەزىپىمىزنى مۇناپىق تەخت ئوغرىسى شەيبانىخان بىلەن تۆزكور مىرزا ئابابەكرىگە كۆرسىتىشىمىز كېرەك ئىدى.

ــ ساقلىمنى تارىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سەن ئۆگەتمەسەڭمۇ قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. گۇناھىڭنى تونۇغان بولساڭ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تىزلان.

ــ جانابى خان تاغامنىڭ ھۆرمەت ـ مەرتىۋىسى ئۈچۈن تىزلانسام بولىدۇ، ــ دېدى سەئىدخان تەمكىنلىك بىلەن، ــ لېكىن گۇناھ ئۈچۈن تىزلانمايمەن. چۈنكى، ئالدىلىرىدا تىزلانغۇدەك گۇناھىم يوقتۇر.

سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي، جىلى بولۇپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا سەئىدخاننىڭ بۇ جاۋابى قاتتىق ھار كەلدى:

ــ كېلىڭلار، بۇ ئەدەپسىزنى تۇتۇپ باغلاڭلار!

شۇ ھامان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدىكى مەخسۇد ئەلى قاتارلىق بىر قانچە سەركەردە سەئىدخانغا قاراپ ئات سالدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن سەئىدخان ئېتىنىڭ بېشىنى چاققانلىق بىلەن كەينىگە بۇراپ، ئۆز سېپىگە قاراپ چېپىپ كەتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان ئابدۇخېلىلخان لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەرمانى بەردى.

شۇ ھامان قارلىق دالىدا دەھشەتلىك قىرغىن باشلاندى.

ــ بۆكتۈرمىدىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتسۇن! ــ دېدى سەئىدخان

خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ.

ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان بۆكتۈرمىدىكىلەر ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

جىيەن ئوغۇللىرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ، غەلىبىگە ئىشەنچ باغلىغان سۇلتان مەھمۇدخان تۇيۇقسىز ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەرنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى. ئەسلىدىنلا لەشكىرىي ئىشلارغا خام بولغانلىقى ئۈچۈن، جىيەن ئوغۇللىرىنىڭ بۆكتۈرمە قويۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لەشكەرلىرىنىڭ پاتىپاراق بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى ـ دە، دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىدى.

جەڭ بىر ئاش پىشىمغا يەتمەي ئاخىرلاشتى. سەئىدخان تاغىسىنىڭ يۈزىنى ئاياپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ناغرا چالدۇرۇپ قايتۇرۇۋالغانىدى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىزنىڭ ئاتا يوللۇق تاغىمىز، — دېدى ئۇ ئىنىسىغا قاراپ، — ئۇنى ئەسىرگە ئالغان تەقدىردىمۇ نېمە قىلالايتتۇق.

— توغرا ئويلاپسىلا ئاغا، — دېدى ئابدۇخېلىلخان، — تاغام بۇنى چۈشەنسە، قايتا لەشكەر تارتىپ يۈرمەيدۇ.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن خوجا ئەلى باھادىر، — لەشكەرلىرىمىز سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ بىرقىسىم لەشكەرلىرىنى ئەسىرگە ئاپتۇ، ياساقتا يەتكۈزەمدۇق ياكى باشقىچە بىر تەرەپ قىلامدۇق؟

— ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىمىز ئەمەس، — دېدى سەئىدخان، — شۇڭا كاللىسىنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تاغامنىڭ ئارقىسىدىن يولغا سېلىپ قويۇڭلار.

— ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا مەخسۇد ئەلىمۇ بار، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

ئابدۇخېلىلخان ئالدىراپ سورىدى:

ــ ئاغامنى ئوق بىلەن يارىلاندۇرغان ھېلىقى مەخسۇد ئەلدـمۇ؟

ــ شۇنداق خانزادەم.

ــ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار، ــ دېدى ئابدۇخېلىلخان، ــ ئاغامغا قىلغان قەستىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.

ــ توختاپ تۇرسىلا، ــ دېدى سەئىدخان مېڭىشقا تەمشەلگەن خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ، ــ ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئالدىمغا ئېلىپ كەلسىلە.

ــ باش ئۈستىگە! ــ خوجا ئەلى باھادىر كەينىگە ياندى.

ــ ئول بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئالاي دېگەن ئوخشىمامدىلا ئاغا.

سەئىدخان ئىنىسىغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىگىنىچە باش چايقىدى:

ــ ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولى بېرەي دەيمەن.

ــ نېمىشقا؟ ــ ئەجەبلىنىپ سورىدى ئابدۇخېلىلخان.

سەئىدخاننىڭ ئاشۇ قېتىم مەخسۇد ئەلىنىڭ ئاتقان ئوقىدا يارىلانغان تاغىقى تېخىچىلا ساقايمىغانىدى. ئوڭ قولىنى راۋرۇس ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى.

ــ مەخسۇد ئەلىنىڭ جانبازلىق ماھارىتى بەكمۇ يۇقىرى، ــ دېدى سەئىدخان ئىنىسىغا قاراپ، ــ ئاشۇ چاغدا ئۇ ئوقنى قانداق يېرىمگە چەنلەپ ئاتقان بولسا دەل تەگكۈزەلەيتتى. شۇ چاغدا بەلـكىم تاغىقىمنى چەنلىمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوق تاغىقىمغا تەگكەندىن كېيىن قولۇمنى پەقەتلا ھەرىكەتلەندۈرەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىم تېز چاپقان بولغاچقا، مەخسۇد ئەلىنىڭ ئالدىغىلا بېرىپ قاپتىمەن. شۇ پەيتتە ئۇ ماڭا بىمالال تىغ ئۇرالايتتى. ئەمـما، ئۇنداق قىلمىدى ۋە مەندىن كەچۈرۈم سوراپ قېچىپ كەتتى. تاغامنىڭ سەركەردىلىرى ئارىسىدا جەڭ ماھارىتىگە كامىل بۇنداق سەركەردە ئاز تېپىلىدۇ. ئەمدىلىكتە مەن ئۇنى ئۆلتۈرسەم نامەردـلىك قىلغان بولۇپ قالىمەن. ئۇ قايتىپ بېرىپ يەنىلا تاغامنىڭ

خىزمىتىنى قىلسۇن.

سەئىدخاننىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، خوجا ئەلى باھادىر چەمبەرچاس باغلانغان مەخسۇد ئەلىنى ئېلىپ كەلدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مەخسۇد ئەلى سەئىدخانغا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ يەرگە قارىۋالدى.

ــ ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭ، ــ دېدى سەئىدخان كۈلۈمسىرىگىنىچە، ــ سېنى قولۇمغا چۈشۈرەلمەي كۆڭلۈم غەش بولۇپ يۈرەتتىم.

مەخسۇد ئەلى لام ــ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالغانىدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋالغان بولسا كېرەك، ئۇستىبېشى يېلىڭ ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر جالاقلاپ تىترەيتتى.

ــ ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىڭلار.

سەئىدخان جۇۋىسىنى سېلىپ، خوجا ئەلى باھادىرغا ئۇزاتتى.

ــ مەخسۇد ئەلىگە كىيدۈرۈپ قويۇڭلار.

باغلاقتىن بوشانغان مەخسۇد ئەلى موككىدە تىزلاندى:

ــ ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر. كەمىنىلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھكارمەن. بۇ كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى قوبۇل قىلغۇدەك سالاھىيىتىم يوقتۇر.

ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا سەركەردە، ــ دېدى سەئىدخان مەغرۇر قىياپەتتە، ــ جەڭدىكى زەخىم ــ زەخمەتنى كۆڭلىدە ئاداۋەت قىلىپ ساقلاش مەرد باھادىرلارنىڭ ئىشى ئەمەس. شۇ چاغدا مېنى ئاياپ قويغانلىقلىرىنى بىلىمەن. دەرھال يەتتەكەنتكە قايتىپ، خان تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىلا. ئاللاھ نېسىپ قىلسا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

ــ قۇدرەتلىك تەڭرىم نېسىپ قىلسا، خانزادە ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆلۈشكە رازىمەن، ــ دېدى مەخسۇد ئەلى قايىل بولغان ھالدا، ــ ۋۇجۇدۇمدا قايتىدىن شۇنداق بىر ئىشەنچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيدا بولدىكى، ئالىيلىرىدەك باھادىر، ئەزىمەت سەركەردە بولىدىكەن، بۈيۈك خاندانلىقىمىزنىڭ سەلتەنەت قۇياشى ھەرگىز پاتمايدۇ.

سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرغا قارىدى:

ــ مەخسۇد ئەلى ۋە باشقا ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە ئات، ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىپ يولغا سېلىۋېتىڭلار.

ــ پەرمانبەردارمەن! ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

※ ※ ※

ھىرات. ئۈجمە پىششىقى.

مۇرغاب دەرياسىغا كەلكۈن كەلمىگەن بولسىمۇ، سۈيى خېلىلا ئۇلغىيىپ قالغانىدى. دەريا ساھىلىدىكى قاراغۇلاشقان باغلاردىن، بوستانلىق كۆجۈم مەھەللىلەردىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. پات يېقىندا باستۇرۇپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋەھشىي دۈشمەننىڭ تەھدىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھىرات شۇنچىلىك تىنچ، شۇنچىلىك خاتىرجەم ئىدى.

ھەئە، بابۇر ھىراتقا بېرىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىگەندەك قىلاتتى، گەرچە ياز پەسلى باشلانغان بولسىمۇ، ھىراتقا ئېلىپ بارىدىغان غۇربەند ۋە شىبەرتۇ يولىدىكى قارلار تېخى ئېرىپ بولالمىغانىدى. بابۇر ئىمكان بار ئىنىسى جاھانگىر مىرزىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك، چېدىر، قورال ـ ياراغ ئارتىلغان تۆگىلەرنى ۋەلى خاردىن بەگ بىلەن دۆلەت قەدەمبەگكە تاپشۇرۇپ، باشقا سەركەردىلىرى بىلەن يەڭگىل جابدۇنۇپ ماڭغانىدى. لېكىن، خېلى تېز ماڭغان بولسىمۇ، جاھانگىر مىرزىغا يېتىشەلمىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى ئارقىسىدا قالغان بولغاچقا، يول بويى گەرزەۋان، ئەلمار، قەيسار، چېچەكتۇ دېگەن يۇرتلاردىن ئاشلىق يىغىپ ماڭدى. ئاخىرى دەرەئى بامدا جاھانگىر مىرزا بىلەن ئۇچراشتى. ئەمما، ئۆزىدىن ئىجازەت سورىماي قىلغان باشباشتاق-

لىقىنى يۈزىگە سالمىدى.
ــ بەدىئۈززامان مىرزا، مۇزەپپەر مىرزا قاتارلىق خانزادىلەر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، زۇنۇن ئارغۇن قاتارلىق چوڭ بەگلە- رى بىلەن شەيبانىخاننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىش ئۈچۈن، ھىرات- تىن چىقىپ بادغىستا لەشكەر توپلاۋېتىپتۇ، ــ دېدى جاھانگىر مىرزا ئۆزى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىپ، ــ ھازىر مەرھۇم سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ خانزادىلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بوپتۇ. پەقەت مەشھەدتىكى خانزادە كېپەك مىرزىلا جىم تۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ.
ــ كېپەك مىرزىنىڭ كەلمەسلىكىدە بىرەر سەۋەب باردۇ؟ ــ دېدى بابۇر قىزىقىپ.
ــ كېپەك مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا ئاداۋەت بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ ئاداۋەتنى پەش قىلىپ: «مەن نېمىشقا مۇزەپپەر مىرزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەرمانبەردار- چىلىق قىلغۇدەكمەن» دەپ كەلگىلى ئۇنىماپتۇ.
ــ ئاغا ـ ئىنىلەر يىغىلىپ، ئىتتىپاق بولۇپ، شەيباقتەك ۋەھشىي دۈشمەننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، يوقىلاڭ ئاداۋەتنى دەپ يارىماس غورۇرنى پەش قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ــ دېدى بابۇر نارازى بولغان ھالدا، ــ بۇ دېگەن غورۇر كۆرسەتكەنلىك ئەمەس، نامەردلىك قىلغانلىق. قارىغاندا، كېپەك مىرزا تولىمۇ چاكىنا ئادەم ئوخشايدۇ.
جاھانگىر مىرزا ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئىپادە بىلدۈرمە- دى. شۇ تاپتا ئۇ ئەينى يىلى ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەر- گەن ئارازچىلىقلارنى ئەسلەپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاكىسى بۇ سۆزلەرنى خۇددى ئۆزىگە قارىتىپ دەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، گەردىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇش ئۈ- چۈن، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.
ــ خانزادىلەرگە ھىراتقا يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزدىن خەۋەر بېرىۋېتەيلى، ــ دېدى بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاراپ، ــ سە-

ئىد ئەبزەل بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دولداي خەۋەر يەتكۈزسۇن.

— بىز خەۋەر كەلگۈچە ساقلاپ تۇرىمىزمۇ ياكى ماڭغاچ تۇرىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى جاھانگىر مىرزا.

— ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى بابۇر، — ئۇل ھىرات خانزادىلىرىنىڭ دىمىقى ئۇستۇن دەپ ئاڭلىغانمەن، قائىدە بويىچە ئۇلار ئالدىمىزغا كىشى ئەۋەتىشى كېرەك.

جاھانگىر مىرزا لام ـ جىم دېمىدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسنىڭ ئۆزى كەلدى. گەرچە ئالدىغا خانزادىلەرنىڭ بىرەرى كەلمىگەنلىكىدىن بابۇرنىڭ كۆڭلى بىرئاز يېرىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ھىرات ئوردىسىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك ئەمىرلەردىن بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى ھەمدە ئۇنىڭغا خانزادىلەر بىلەن مۇرغاب دەرياسى بويىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەردى.

بۈگۈن بابۇر ئاشۇ ۋەدىسى بويىچە بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مۇرغاب دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ تۆتىنچى خانزادىسى ئەبۇلھۇسەيىن[1] مىرزا بابۇرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. ئاۋۋال ئەبۇلھۇسەيىن مىرزا ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن بابۇر ئاتتىن چۈشتى. مېڭىپ كېلىپ كۆرۈشۈپ، ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشتى. ئاندىن ئاتقا مىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. مۇرغاب دەرياسى بويىدىكى ھىرات خانزادىلىرىنىڭ كۆچمە ئوردىسى ئالدىدا مۇزەپپەر مىرزا بىلەن ئىبىن ھۇسەيىن مىرزا بىر توپ ئەمىر ـ بەگلەر بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئىككى خانزادە بابۇرنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشمىدى.

«ئىككى خانزادىنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ مېنى كۆرۈپ تۇرۇپ

---

① «ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرى»دە بېرىلگەن ئەمىر تۆمۈر شەجەرىسىدە ئەبۇلھۇسەيىن مىرزىنى ھۇسەيىن بايقارانىڭ تۆتىنچى ئوغلى قاتارىدا كۆرسەتكەن. «بابۇرنامە»دە بۇ ئىسىم «ئەبۇلمۇھسىن» دەپ ئېلىنغان.

ئاتتىن چۈشەيمۇ دېمەيدۇ ـ يا؟ بوپتۇ، ئۇنداقتا مەنمۇ ئاتتىن چۈشمەي...»

بابۇر ئىككى خانزادە بىلەن ئات ئۈستىدىلا سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ئىككى خانزادىنىڭ ئاغزىدىن گۇپپۇلدەپ شاراب پۇرىقى كېلەتتى. كەيپ تەسىرىدىن مەڭىزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى.

«ھە، ئۇلارنىڭ مېنى ئاتتىن چۈشۈپ قارشى ئالمىغىنى تەكەببۇرلۇقتىن ئەمەس، كەيپلىكتىن ئىكەن. توۋا، ئاتىسى تېخى يېقىندا قازا قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈك ياۋ بۇرنى ئاستىغا كېلىپ قالغان تۇرسا، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە قانداقمۇ كۆڭلى تارتقاندۇ؟...»

بابۇر خىيالغا ئەسىر بولۇپ، چوڭ خانزادە بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ شاھانە چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ بىرىنچى بولۇپ چېدىرغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاسىمبەگ قاۋچىن كىردى. تۆردىكى ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان شاھ سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى تەتىللا كۆرپىدە چوڭ خانزادە بەدىئۇززامان مىرزا چارزا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بابۇر ئىشىك تۈۋىدە بىر يۈكۈنۈۋېتىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. قائىدە بويىچە بابۇر يۈكۈنگەندىن كېيىن بەدىئۇززامان مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھ سۇپىدىن چۈشۈپ بابۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بەدىئۇززامان مىرزا تولىمۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا بابۇر چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بولغانىدى. قاسىمبەگ قاۋچىن چەبدەسلىك بىلەن بابۇرنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ تارتتى. بابۇرنى توختىتىۋالمىسا بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن شاھ سۇپىنىڭ قېشىدا كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەملىگەن قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ غۇرۇرىنى، شۆھرىتى، مەرتىۋىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلغانىدى. ساداقەتمەن ئەمىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بابۇر تۇرغان

جايىدا تاققىدە توختىدى. ئۇنىڭغىچە بەدىئۇززامان مىرزا شاھ سۇپىدىن چۈشۈپ بابۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا بابۇر بەدىئۇززامان مىرزىنىڭمۇ ئاغزىدىن شاراب پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شاھ سۇپىغا ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ ئىككى ئورۇن راسلانغانىدى. مۇزەپپەر مىرزا گەپ قىلمايلا بېرىپ، ئاكىسى بەدىئۇززامان مىرزا ئولتۇرغان كۆرپىدە ئولتۇردى.

— پادىشاھ ئالىيلىرىنى تۆشەككە باشلىسىلا.

بەدىئۇززامان مىرزا ئىنىسى ئەبۇلھۇسەيىن مىرزىغا قاراپ شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئەبۇلھۇسەيىن مىرزا بابۇرنى شاھ سۇپىدىكى يەنە بىر كۆرپىگە ئېھتىرام بىلەن باشلىدى. شاھ سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئوڭ ـ سول تەرەپكە يەنە بىرقانچە تۆشەك راسلانغانىدى. باشقا خانزادىلەر جاھانگىر مىرزىنى بابۇرنىڭ ئايىغى تەرەپتىكى تۆشەككە باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىمۇ ياش تەرتىپى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. قاسىمبەگ قاۋچىن مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، زۇنۇن ئارغۇنلار بىلەن بىر تۆشەكتە ئولتۇردى.

قىسقىلا پاتىھەدىن كېيىن، قايتا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. چاققان مۇلازىملار ھەممەيلەننىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئاندىن ھەربىر تۆشەكتىكىلەرنىڭ ئالدىغا بىردىن شىرە قويۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ تەخسىلەردە تۈرلۈك غىزالارنى تارتىشقا باشلىدى. تېخى غىزاغا قول ئۇزاتماي تۇرۇپلا، شارابچىلار قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇشقا باشلىدى.

بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىنىڭ بىر تۆشەكتە ئولتۇرۇۋېلىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان بابۇر، غىزا بىلەن شارابنىڭ داستىخانغا تەڭلا پەيدا بولۇشىدىن تېخىمۇ ئەجەبلەندى. چۈنكى، شاراب ھەرقانداق سورۇندا غىزادىن كېيىن ئىچىلەتتى. بولۇپمۇ بۇگۈنكىدەك چوڭ لەشكىرىي ئىشلار ھەققىدە سۆھبەت بولىدىغان سورۇندا شارابقا چەك قويۇلاتتى. ئەمما، مۇنۇ خۇراسان

خانزادىلىرى بولسا شارابنى خۇددى ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىۋاتاتتى. نە لەشكىرىي ئىشلار ھەققىدە، نە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايتتى. بەدىئۇززامان مىرزا خېلىلا زورلىغان بولسىمۇ، بابۇر شاراب ئىچىشنى قەتئىي رەت قىلدى. ئاچ قورساققا شاراب ئىچكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، خانزادىلەر مەست بولۇشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ھەركىم يېنىدىكىلەر بىلەن بولمىغۇر پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنى ئاز دەپ سازەندىلەر بىلەن رەققاسلارمۇ تەڭلا پەيدا بولدى.

«ئاتا ـ بابىلىرىمىز سەلتەنەت ئىشلىرىدا چىڭگىز ئادىتىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلگەن. ئەمما يىغىلىش، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، باراۋەت، ئولتۇرۇش ، مېھمانىدارچىلىقلاردا چىڭگىز ئادىتىنى بارا ـ بارا تاشلىۋەتكەن ياكى مۇۋاپىق ئۆزگەرتكەنىدى. لېكىن، مۇنۇ خۇراسان خانزادىلىرىنىڭ قىلىقى قايسى ئەجدادىمىزنىڭ يوسۇنىغا كىرىدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار چىڭگىزنىڭ ئادەتلىرىنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ ۋە ياكى ھىراتنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە ـ يوسۇنى بارمىدۇ؟ چىڭگىزنىڭ ئادەتلىرىمۇ قەتئىي ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان قانۇن ئەمەس. ئاتا ـ بابىلىرىمىزمۇ ئۆزگەرتىشكەنغۇ. ئەمما، بىر كىمدىن ياخشى بىر قائىدە قالغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. ناۋادا ئاتا يامان ئادەتكە مايىل بولغان بولسا، پەرزەنت ياخشى ئادەت بىلەن ئۇنى تۈزىتىپ جاۋاب قىلمىقى زۆرۈر. مەرھۇم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنى ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن ئىچىدۇ، ئىچمىگەن بىرمۇ كۈنى يوق دەپ ئاڭلىغۇدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوغۇللىرى بۇنى ھەقىدادىغا يەتكۈزگەندەك قىلىدۇ. بۇنداق خانزادىلەر بىلەن شەيبانىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققىلى بولارمىكىن تاڭ. ئەمدى ئۇلار بىلەن لەشكىرىي ئىشلارنى سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى قايتىپ ئارام ئالاي. ئەتىگىچە سۆھبەتلىشەرمەن...»

بابۇر ئەدەپ ساقلاپ بىر ئاش پىشىم چىداپ ئولتۇردى. ئاندىن

بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىغا ئۆزرە ئېيتىپ، ئۆز قارار گاھىغا قايتىپ كەتتى. جاھانگىر مىرزا سورۇندا قېپقالدى.

※ ※ ※

— بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىدىن يېشىم كىچىك بولسىمۇ، مەرتىۋەم يۇقىرى، — دېدى بابۇر ئەتىگەندە ئالدىغا سالامغا كەلگەن مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسقا قاراپ، — ئاتا ـ بابىلىرىمىز سەلتەنەتىنىڭ ئاستانىسى بولغان سەمەرقەنتنى ئىككى قېتىم جەڭ بىلەن ئېلىپ، ئەجداد تەختىدە ئولتۇردۇم. بۇ خۇراسان خاندانىدا كىم دۈشمەنگە قارشى مەنچىلىك جەڭ قىلىپتۇ؟ قائىدە بويىچە خانزادىلەر بۇگۈن ئەتىگەن ئالدىمغا سالامغا كېلىپ، ھاردۇق سورىشى كېرەك ئىدى. تېگىشلىك تەزىمنىڭ بېجىرىلمەسلىكى مۇۋاپىق ئەمەس.

— كەچۈرگەيلا پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، — ئەسلىدە ئالدىلىرىغا خانزادىلەرنى باشلاپ كېلەرمەن دېگەن. تۈنۈگۈن سىلى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن تۈن نىسپىغىچە ئىچىشتى. ئەتىگەن ھېچقايىسىسى ئورنىدىن تۇرماپتۇ. شۇڭا مەن بولسامۇ كەلگەچ تۇراي دېدىم. بۇ سۆزلىرىنى خانزادىلەرگە چوقۇم يەتكۈزىمەن.

بابۇر چىرايىغا سەل ـ پەل كۈلكە يۇگۈرتتى:

— ئاڭلىسام بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزا ھىرات تەختىگە شېرىك پادىشاھ بوپتىمىش، بۇ راستمۇ؟

— ئىشتىكەنلىرى راست ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — ئەسلىدە قائىدە بويىچە چوڭ خانزادە بەدىئۇززامان مىرزا ۋەلىئەھد ئىدى. ئۇزاقى يىلى مەرھۇم خان ئاتىسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بىلەن زىتلىشىپ ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، خان ئالىيلىرى غەزەپلە-

نىپ ئۇنىڭ ۋەلىئەھدلىكىنى بىكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋە-لىئەھد بېكىتمىگەنىدى. كۆتمىگەندە خان ئالىيلىرى تۇيۇقسىز قازا قىلدى. ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر قايسى خانزادى-نى تەختكە چىقىرىش ئىشىدا بىرلىككە كېلەلمەي، بىرى چوڭ خانزادىنى، بىرى مۇزەپپەر مىرزىنى ياقلاپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاخىرى مانا مۇشۇنداق شېرىك پادشاھلىق تايىن تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بەدىئۇززامان مىرزا ئوردا ئىشىك ئاغىلىقىغا زۇ-نۇنبەگ ئارغۇننى، مۇزەپپەر مىرزا ئوردا ئىشىك ئاغىلىقىغا كەمى-نىلىرىنى تەيىنلىدى. يەنە تېخى ھىرات شەھىرىنىڭ ھاكىملىقى-غىمۇ شەيخ ئەلى تاغايى بەدىئۇززامان مىرزا تەرىپىدىن، يۇسۇپ ئەلى كۆكۇلداش مۇزەپپەر مىرزا تەرىپىدىن تەيىنلەندى.

— ئاجايىپ بىر ئىش بوپتۇ، — دېدى بابۇر ئىستېھزا ئا-رىلاش كۈلۈپ، — بىر ئادەم قىلىدىغان خىزمەتنى ئىككى ئادەم قىلغىلى تۇرسا، ئوردىنىڭ خىراجىتى قانداق يېتىشىدۇ؟ بۇ ئا-خىر بېرىپ ئاۋام ـ رەئىيەتكە يۈك بولمامدۇ؟

بابۇر مۇشۇلارنى دەۋېتىپ شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»دى-كى: «ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ، ئىككى پادشاھ بىر ئىق-لىمغا سىغمايدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ئېسىگە ئالدى ـ يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقارمىدى.

— خانزادىلەر جەڭ تەييارلىقىنى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولغاندۇ؟

— يوقسۇ، تېخى پۈتمىدى، — دېدى مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، — خانزادىلەر مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ھايات ۋاقتى-دىكى پەرمانىغا بويسۇنۇپ مۇرغاب ياقىسىغا كەلگىنى بىلەن، كۆ-پىنچىسى لەشكەرلىرىنى تولۇق ئېلىپ كەلمىدى.

— نېمىشقا؟

— سەۋەبىنى كەمىنىلىرىمۇ بىلمەيمەن. پەمىمچە، ھەممى-سىنىڭ ئاتا تەختىدىن تەمەيى بار. شۇڭا ھېچقايسىسى جەڭدە لەش-كەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ھەممىسى ئۆز ۋىلايەت-

ـلىرىگە بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇشتى.

— ئۇنداقتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغىلى بولـمىغۇدەك، — دېدى بابۇر تېرىككەن ھالدا.

— پادىشاھ ئالىيلىرى خانىش خەدىچە بېگىمگە يولۇققاندا ئېغىر ئالماي بۇ ئەھۋاللارنى بىلدۈرگەن بولسىلا. خەدىچە بېگىم پەرمان بەرسە ھېچقايسىسى ياق دېيەلمەيدۇ.

«ئەمدى يەنە بىر پادىشاھ چىقتى. يەنە كېلىپ ئايال زاتى، — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى بابۇر، — سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ بۇ خانىشىنى تولىمۇ ھىيلىگەر، ھازازۇل، زۇۋانداز بىر خاتۇن دەپ ئاڭلىغۇدىم. ئەينى يىلى ئوغلى مۇزەپپەر مىرزىنى ۋەلىئەھد قىلىش ئۈچۈن، چوڭ خانزادە بەدىئۈززامان مىرزىنى بايقارا ئالىيلىرىغا چېقىشتۇرۇپ، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا تەپرىقچىلىك پەيدا قىلغانىكەن. بايقارا ئالىيلىرىمۇ بۇ خانىشىنىڭ رايىغا بەك باقىدىكەندۇق. ئەمدىلىكتە ئوردىنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋاپتۇ ـ دە، ئاخىر بېرىپ بىر خاتۇن كىشىگە يېلىنامدىم ئەمدى؟ ئەسلىدە ھىراتقا كەلمەي تۇرىدىغان ئىكەن. جاھانگىر مىرزا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قالدى. مانا ئەمدى غېمىدە يوق ئول خانزادىلەر بىلەن شارابىازلىق قىلىۋاتىدۇ. كابۇلغا قايتايمۇ ـ يا؟ بۇ چاغ بولغاندا كەتسەم خەق نېمە دەر، ئۈستۈمدىن قانداق پىتنە تارقىتىشار، خەدىچە بېگىم بىلەن كۆرۈشمەي زادى ئامال بولماسمۇ؟...»

بابۇر لەشكەرلىرىنى مۇرغاب دەرياسى بويىدا قالدۇرۇپ، قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەرنى ئېلىپ ھىرات شەھىرىگە كىردى. بەدىئۈززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىنىڭ ئالاھىدە تەييارلاپ بەرگەن قەسرىدە تۇرغۇسى كەلمەي، كىچىكىدىن بىر كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئەمىرى كەبىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ قەسرىنى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىپ تاللىدى.

## 128

تۈن پەردىسى سەئىدخاننى يوشۇرۇپ قالماقچى بولغاندەك زېمىنغا قېلىن قارا پەردىسىنى يايغانىدى. ئاسماندا بىر تالمۇ يۇلتۇز يوق، قولنى سوزسا بارماقنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھېلى-مۇ ياخشى سەئىدخان مىنىۋالغان ئەقىللىق ئات يولنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى ئاڭقىرىپ ماڭاتتى. شۇ كۈنلەردە سەئىدخانغا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ئىدى. نە بارىدىغان مەنزىلىنى، نە ئارام ئا-لىدىغان ماكانىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرىدىن قۇتۇ-لۇش ئۈمىدى ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمران ئىدى. شۇڭا كۈندۈزى يوشۇرۇ-نۇپ يېتىپ، كېچىسى يول يۈرەتتى.

ھەئە، سەئىدخان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئىنىسى ئابدۇخېلىلخان بىلەن مەس-لىھەتلىشىپ، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەتتە سۇدىن ئالمۇتىغا كەلگەنىدى. گەرچە مەنسۇرخان ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتكەن خەتلىرىگە پەقەتلا جاۋاب قايتۇرمىغان بولسى-مۇ، ئەمما ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى بىرلىكتە ئاتا دۈشمەن-لىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا كۆندۈرۈش نىيىتىدىن يەنىلا ۋاز كەچمىگەنىدى. ئۇ تۇرپانغا بېرىشقا جابدۇنۇۋاتقان كۈنلەردە، ئاي-غاقچىلار سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ نۇرغۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن ئالمۇتىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— ھەرنېمە بولسا ئاغام يولۇمنى قىسقارتىپتۇ، — دېدى سەئىدخان خۇشاللانغان ھالدا، — ئۇنىڭدىن خېتىمگە جاۋاب بەر-

مىدى دەپ بىھۇدە رەنجىپتىمەن. سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كەلگىنىگە قارىغاندا تەكلىپىمگە قوشۇلغان ئوخشايدۇ. ئاۋۋال تاشكەنتنى قايتۇرۇۋالساق، ئاندىن پەرغانە ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىپ ئەندىجاننى ئالساق...

ئابدۇخېلىلخان ئاكىسىنىڭ باللارچە خىيالىنى ئاڭلاپ ئىستىھزا ئارىلاش كۈلدى:

ــ ئالدىراپ ئاغزىلىرىنى تاتلىق قىلمىسىلا ئاغا. چوڭ ئاغامنىڭ نۇرغۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن كېلىشى ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس.

ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى قەدىرلىك ئىنىم؟

ــ چوڭ ئاغام مېنىڭ يەتتە سۇ ۋادىسىدا تۇرۇشۇمغا قوشۇلغان بىلەن، ئالمۇتىغا كېلىشىمگە ئىجازەت بەرمىگەن. شۇ تاپتا ئۇ سىلىنىڭ تەكلىپلىرىگە قوشۇلۇپ ئەمەس، ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن كەلدى. ھەر ھالدا بىخۇد تۇرمايلى.

ــ ئاغامدىن ئۇنچىۋالا گۇمانلانمىسىلا، ــ دېدى سەئىدخان ئىنىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي، ــ ئۇنىڭ سىلىگە ئاز ـ تولا ئادالەتسىزلىك قىلغىنى راست. خان تاغام بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىزمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. پەقەت مۇشۇنى دەپلا ئۇنىڭدىن رەنجىسەك ياخشى بولماس. ئاغاممۇ ھەر نە قىلسا سەلتەنەت، تاجۇ تەخت ئۈچۈن قىلىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنتۇمىسىلاكى، بىز دېگەن قېرىنداش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تاجۇ تەخت تەمەيىمىز يوق.

ئابدۇخېلىلخاننىڭ يەنە چۈشەندۈرگۈسى كەلمىدى. سەئىدخان بولسا ئاكىسى مەنسۇرخاننى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى ھەمدە ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈننى ساناپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە ئابدۇخېلىلخاننىڭ ھۆكۈمى توغرا چىقتى. مەنسۇرخان قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىقبالىغا چىققان سەئىد-

خاننى يىراقتىن كۆرۈش بىلەنلا، خۇددى ئەشەددىي دۈشمىنىنى يولۇقتۇرغاندەك پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىرنەچچە دەقىقە تېڭىرقىغان سەئىدخان ئاكىسىنىڭ پەيلىنىڭ راستتىنلا يامانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراشقا مەجبۇر بولدى. تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغان بولغاچقا، قارشىلىق كۆر-سىتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئالمۇتىدىن قاچتى. لېكىن مەنسۇرخان بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇلارنى تا يەتتىسۇ ۋادىسىنىڭ ئېرىسىغىچە قوغلاپ باردى. ئىنى-سىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە قىرىپ ـ چاپتى. سەئىد-خانغا كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىشكە پۇرسەتمۇ بەرمىدى.

سەئىدخان بىلەن ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئامان قالغان نۆكەرلى-رىنىڭ سانى يۈزگىمۇ يەتمەيتتى.

ـــ ئاغام چوقۇم يېڭىلىشتى. بەلكىم بىرەر پىتنە ـ پاسات ئاڭلاپ قالغان چېغى.

ـــ يەنە ئاشۇ نائىنساپ ئاغامدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزەلمەيۋا-تامدىلا؟ ـــ دېدى ئابدۇخېلىلخان قاپىقىنى تۈرۈپ، ـــ ئەمدى كال-لىلىرىنى سىلكىۋەتسىلە ئاغا. ئۇ ھەرگىز بىزنى خۇشلىمايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى بىزنى تەخت ـ سەلتەنەتىگە يېقىن كەلتۈرمەس-لىك. قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، بىر باھانە بىلەن كاللى-مىزنى ئېلىشتىن يانمايدۇ.

سەئىدخان لام ـ جىم دېمىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقتىن ئاكىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى خېلى ئوبدان چۈشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ـــ ئەمدى مەن يەتتەسۇ تەۋەسىدىمۇ تۇرمايمەن، ـــ دېدى ئابدۇخېلىلخان.

ـــ ئالدىراپ يامانلىمىسىلا، بۇ دېگەن بىزنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىمىز، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ۋەتىنىمىز. ئاغام بۇ قىلمىشىغا ھامان بىر كۈنى پۇشايمان قىلىدۇ.

ـــ بەلكىم پۇشايمان قىلار، ئەمما ئۇ پۇشايمان قىلغان

ۋاقىتتا بىزنىڭ تېنىمىز ئاللىقاچان بۇ قارا تۇپراققا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

ــ نېمانچە ئۈمىدسىزلىنىدىلا قەدىرلىك ئىنىم، ماقۇل، نەگە باراي دېدىلا، تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغىمۇ ياكى شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىغىمۇ ۋە ياكى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغىمۇ؟

ئابدۇخېلىلخان ئاكىسىنىڭ تەئەددىسىنى چۈشەندى. چۈنكى ئاكىسى تىلغا ئالغان يەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنى قارشى ئالمايتتى.

ــ مەن ئۈچۈن جان ساقلىغۇدەك يەر بولسىلا بولدى.

ــ ئاتا ـ بابىلىرىمىزدىن قالغان تەخت ـ سەلتەنەتچۇ؟

ئابدۇخېلىلخان جاۋاب بەرمىدى.

شۇ كۈنى بۇ ئاغا ـ ئىنىلەرمۇ كۆڭۈلسىزلا خوشلاشتى. ئەمدى سەئىدخاننىڭ يېنىدا ئەللىك نەپەرگە يېقىن نۆكەر قالغانىدى.

ــ ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز ئالىيلىرى؟

سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرنىڭ سوئالىغا بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ مەن بۇ ئاتا مىراس زېمىنىمدىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. بىر ئامال قىلىپ ئاغام مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشىمەن. ئۇنىڭغا ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقنى چۈشەندۈرىمەن. ئۇنىڭ ئۆز ئىنىلىرىنىڭ جېنىغا قەست قىلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

ھەئە، سەئىدخان مۇشۇ بەش ـ ئالتە ئايدىن بېرى توختىماي قېچىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئاكىسى مەنسۇرخانغا يەنە ئىككى قېتىم خەت ئەۋەتتى، لېكىن بۇ خەتلەرنىڭمۇ ھېچقانداق جاۋابى ۋە ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قوغلاشقا ئەۋەتكەن سەركەردىلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈشنىمۇ ئويلىدى. مۇشۇ چارە ئارقىلىق ئاكىسى بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمما، قوغلاپ كەلگەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇش خىيالى يوقتەك قىلاتتى. ھە دېسە ئۇنى نىشانلاپ ئەجەل ئوقى ئاتاتتى. ئۇ

ئاخىر ئاكىسىنىڭ ئۆلتۈرۈش پەرمانى بەرگەنلىكىنى ھېس قىلـ ـ دى ـ دە، ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئەمەس، جېنىنى ساقلاپ قېـ ـ لىش كويىغا چۈشتى...

ئاچچىق، ھەسرەتلىك خىياللارغا غەرق بولغان سەئىدخان تاڭنىڭ يورۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالغانىدى.

— ئەمدى يول يۈرۈشنى توختىتىپ، دالدىلانغۇدەك جاي تا ـ پايلى، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

سەئىدخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىق ئىدى. ئېگىز ـ پەس دۆڭلەردە قومۇش، يۇلغۇندىن باشقا ئاندا ـ ساندا توغراقلار كۆزگە چېلىقاتتى.

— سۇ بار يەرنى تاپساق بولاتتى.

— ئىزدەشكە نۆكەر ماڭدۇراي، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

سەئىدخان ئاتتىن چۈشۈپ تەييەمۇم قىلىپ، نۆكەرلىرى بىـ ـ لەن بامدات نامىزى ئوقۇدى. تالقانمۇ، چاناشتىكى سۇمۇ ئاز قالغا ـ نىدى. ناشتا ھېسابىدا بىر كاپام تالقاننى كاپ ئېتىپ، ئىككى يۇ ـ تۇم سۇ ئىچتى.

— قوغلاۋاتقان لەشكەرلەردىنمۇ قۇتۇلغاندەك قىلىمىز. ئوۋ ئىزدەپ باقايلىمىكىن، ياۋا توشقان ئۇچراپ قالسىمۇ ھېساب، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

قوغلاۋاتقان لەشكەرلەرنى ئېزىقتۇرۇۋېتىش كويىدا يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدىن ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تالقاندىن بۆلەك غىزا يەپ باقمىغىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشقانىدى.

— مەيلى، — دېدى سەئىدخان، — ھەر ھالدا ئېھتىيات قىـ ـ لىڭلار.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا خوجا ئەلى باھادىر بىر كېيىك بىلەن سەككىز ـ ئون توشقان ئوۋلاپ كەلدى. نۆكەرلەر تېرىپ كەلگەن ئوتۇنغا چاقماقتاش ئارقىلىق ئوت ياقتى...

ئەتىسى ئەل ياتقۇ مەھەلدە ئەتراپنى چارلاشقا كەتكەن نۆكەر ـ لەر قايتىپ كەلدى.

— بىز سىلەرنى ئېزىپ قالدىمىكىن دېگەنىدۇق، — دېدى سەئىدخان نۆكەرلىرىگە قاراپ، — بەكلا ھايال بولدۇڭلارغۇ؟

— تۇنۇگۈن نامازدىگەر مەھەلدە جاڭگالنىڭ چېتىگە چىقالىدۇق، — دېدى نۆكەرلەر جاۋاب بېرىپ، — تەلىيىمىزگە بىر ئۇۋچى ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، جاڭگالنىڭ چېتىدە ئۇرۇق ئاتلىق بىر يۇرت بار ئىكەن، جامائىتىمۇ خېلى كۆپ ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئارقىمىزغا يانغانىدۇق، كېچىدە نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ ئاخىر ئارام ئالدۇق. تاڭ ئاتقاندىن بېرى يول يۈرۈپ كېلىشىمىز.

— شۇ يەرگە بېرىپ باقايلىمىكىن، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر، — پەمىمچە، بۇ يەر سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان جاي بولۇشى مۇمكىن، ئاشۇ يۇرت جامائىتى بىلەن كۆرۈشۈپ ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۇرسەك، بىزگە ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن، مۇشۇ باھانىدا ئاز ـ تولا كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولۇر.

بىرنەچچە ئايلىق قاچقۇنلۇق جەريانىدا سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرنىڭ تولىمۇ پەم ـ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ كۆرسەتكەن ھەرقانداق تەكلىپكە قوشۇلاتتى.

— شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى سەئىدخان، — مۇشۇ باھانىدە مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋەردار بولۇپ قالارمىز.

— ھە راست، — دېدى ھېلىقى نۆكەرلەردىن بىرى، — بۇ ئەتراپتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ باردەك قىلىدۇ. كۆپرەك ئېھتىيات قىلايلى.

ئۆزىنىڭ بىر تەرەپتىن ئاكىسىنىڭ، بىر تەرەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان سەئىدخان قايتىدىن چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا ئەسىر بولدى.

※ ※ ※

بابۇر مەرھۇم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ خانزادىلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بېرى ئۇلار لەشكەرلىرىنى مۇرغاب دەرياسى بويىغا جۇغلاپ بولالمىغانىدى. ئۇلار يا چوڭىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، يا كىچىكنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. بىرى يەنە بىرى ئۈستىدىن: «لەشكەرلىرىنى يوشۇرۇپ قالدى، مۇددىئاسى دۇرۇس ئەمەس، جەڭ قىلىشقا رايى يوق» دەپ شىكايەت قىلىشاتتى.

ھەئە، بابۇر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇردىنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان خانىش خەدىچە بېگىم بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئەمما بۇ كۆرۈشۈشتىنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. چۈنكى، خەدىچە بېگىم ھەدېسە چوڭ خانزادە بەدىئۈززامان مىرزىنى يامانلاپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇزەپپەر مىرزىنى كۆككە كۆتۈرەتتى. پۈتكۈل خۇراسان لەشكەرلىرىگە ئوغلى مۇزەپپەر مىرزىنىڭ باش بولۇشىنى تەۋسىيە قىلاتتى. باشقا خانزادىلەرنى، خۇسۇسەن چوڭ خانزادە بەدىئۈززامان مىرزىنى لاياقەتسىزلىكتە ئەيىبلەيتتى. خەدىچە سۇلتان بېگىمنىڭ سارىيىدىن يېنىپ چىققان بابۇر خانزادىلەرنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىمۇ بىرلىككە كېلەلمەسلىكىدە مۇشۇ ئايالنىڭ قولى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

«خۇراسان خانزادىلىرىدە كۈچ دېسە كۈچ، لەشكەر دېسە لەشكەر بار. لېكىن ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەمئىي قىلىدىغان بۇيۇك بىر سەركەردە يوق. بۇ يەرگە كېلىپ خاتا قىپتىمەن. ئۇلار شۇ ئەھۋالدا ھېلىغۇ شەيباقتەك كۈچلۈك، تەدبىرلىك سەركەردىكەن، ئادەتتىكى بىر ئوغرى ـ قاراقچىلارغىمۇ ھەرگىز تەڭ كېلەلمىگۇدەك. شۇنداق، ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە ھەرگىزمۇ باش قىلمايدۇ. جەڭدە پەرمانىمغا بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ

پەيلى قايسى كۈنى تولۇق ئاشكارا بولدى. ھەئە، چىچەكتۇ تەۋەسى-
نى ياۋنىڭ چاپقۇن قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، خانزادى-
لەرنىڭ ھېچقايسىسى ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشنى خالىمىدى.
مۇشۇنچىۋالا زۆرۈر ئىشنىمۇ بىر ـ بىرىگە بەس سالدى. چىچەك-
تۇ بىلەن مۇرغاب ئارىلىقى ئاران ئون يىغاچ[1] كېلەتتى. چاپقۇن
قىلىپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسكەن-
تۇق. بەلكىم ھىيلىگەر شەيباق ئازغىنە لەشكەر بىلەن خانزادىلەر-
نى چېكىپ باققان بولغىيتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تېخى بارمىدى، مېنىڭ
بېرىش تەلىپىمگە تېخى قوشۇلمىدى. مېنىڭ ياۋنىڭ مۇقابىلىسى-
گە چىقىشىمغا قاراپ تۇرۇشتىن نومۇس قىلىشتى بولغاي. بۇ
خانزادىلەر زىياپەت، باراۋەت، سۆھبەت ـ ئولتۇرۇشلارغا، ئەيش ـ
ئىشرەتلەرگە چاققان بولسىمۇ، لېكىن سىپاھلىق، جاسارەت بىلەن
قىلىدىغان ھايات ـ ماماتلىق جەڭلەرگە گال ئىكەن...»

بۇنداق چىگىش، ھەسرەتلىك خىياللار بابۇرنى ئارامسىز
قىينايتتى. ئۇنىڭ خانزادىلەر بىلەن بولغۇسى جەڭ ھەققىدە
سۆھبەتلەشكۇسى، شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى مۇزا-
كىرە قىلغۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ سېخىي، مەرد،
مېھماندوست، دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئال-
دىراشقان خانزادىلەر سەندىن مەن قالارمەنمۇ دەپ بابۇرنى بەس ـ
بەستە مېھماندارچىلىققا چاقىرىشاتتى. بىر ـ بىرىدىن كاتتا،
بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك سورۇنلارنى تۈزۈشەتتى. داستىخانغا
تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى تاغدەك دۆۋىلەيتتى، شارابنى بولۇشىغا
قۇياتتى. بابۇرنىڭ ئىچىش ـ ئىچمەسلىكى بىلەن كارى بولمايت-
تى، ئۆزلىرى پىژغىرىم ئاپتاپتا دوغاپ ئىچكەندەك ئىچەتتى،
ھەرخىل قىزىقچىلىقلار، لەتىپىلەر، ناخشىلار، ئۇسسۇللار ئۇزۇل-
مەيتتى. ئەمما، بۇرنى ئاستىغا كېلىپ قالغان دۈشمەنگە تاقابىل
تۇرۇش ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنمايتتى. بولۇپمۇ بەدى-
ئۈززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر مىرزىنىڭ مېھماندارچىلىقى ئۇ-

[1] يىغاچ ـــ مۇساپە ئۆلچىمى. بىر يىغاچ سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ.

زۇلمەي بەس ـ بەستە داۋاملىشىۋاتاتتى. بەدىئۇززامان مىرزا بابۇرغا قانداق سوۋغا بەرسە، مۇزەپپەر مىرزىمۇ شۇنداق سوۋغا بېرەتتى، ھەتتا ئاكىسىدىن ئاشۇرۇۋېتەتتى. بىلمىگەن ئادەملەر بۇ ھەشەمەتلىك، كۆڭۈللۈك باراۋەتلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئەلگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياۋنىڭ ھىرات بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغانلىقىغا زىنھار ئىشەنمەيتتى.

بابۇر دەسلەپتە بۇ سورۇنلارغا خانزادىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىن بارا ـ بارا ئۆزىنى تارتىۋالدى. ئەمما ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بۇ زىياپەتلەرگە بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەندى. كۈندە ئىچەتتى، كۈندە دېگۈدەك مەست يۈرەتتى.

ئەمدى بابۇر خانزادىلەردىن قېچىپ، ھىرات شەھىرىنى ئاتلىق سەيلە قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. گەۋھەرشاد بېگىم مەدرىسەسى، ھۈسەيىن بايقارا مەدرىسەسى، ئەلىشىر نەۋايى سالدۇرغان ئىخلاسىيە مەدرىسەسىدىن تارتىپ، شەيخۇلئىسلام خانىقاسى، خەلاسىيە خانىقاسىغىچە، باغى زاغان، باغى نەۋ، باغى زۇبەيدە، باغى جاھانرا، باغى ئەلىشىر[1] ... قاتارلىق مەشھۇر باغ ـ سەيلىگاھلارنى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا سالدۇرغان ئىراق دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاقسارايدىن تارتىپ، باغى جاھانرانىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوڭ مەرمەر كۆلچەك ۋە كۆلچەكنىڭ تۆت تەرىپىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇسخىدا سېلىنغان تۆت ئىمارەتنى، ھىرات شەھىرىنىڭ دەرۋازەئى مەلىك، دەرۋازەئى ئىراق، دەرۋازەئى فىرۇزە ئاباد، دەرۋازەئى خۇش ۋە دەرۋازەئى قىپچاقتىن ئىبارەت بەش دەرۋازىسىنى، سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى بۇرجلارنى، زەمبىرەكلەرنى، ئاۋات چارسۇلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ تاماشا قىلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى پايتەخت قىلىدىغان شەھەرگىمۇ ئاشۇنداق كاتتا، ھەشەمەتلىك، ئابىدە تۈسىنى ئالغان ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىشنى خىيال قىلدى. سەئىدىدىن كاشغەرىي، ئابدۇراخمان جامىي، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەقبەرىلىرىنى تاۋاپ قىلدى، ئەلىشىر

① باغى ئەلىشىر ــ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بېغى.

نەۋايى ئۆزى باش بولۇپ، ئۆز يېنىدىن خىراجەت چىقىرىپ ياساتقان «شىپائىيە» ناملىق ھەم تېۋىپ تەربىيەلەيدىغان، ھەم كېسەل داۋالايدىغان شىپاخانا بىلەن ھەر ساھەدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى قەرەللىك ئۇچرىشىپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان «ئۇنسىيە»① ناملىق كاتتا ئىمارەت ۋە بۇ ئىمارەتكە جايلاشقان كۇتۇپخانا بابۇرنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلدى. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنى ۋاراقلاۋېتىپ، ئەينى يىلى سەمەرقەنتنى تۇنجى ئالغىنىدا نەۋايىغا يازغان مەكتۇپىنى ۋە نەۋايىنىڭ ئۆزىگە يازغان جاۋاب مەكتۇپىنى ئېسىگە ئالدى. مۇشۇ ئىلىم دەرگاھىدا زامانىسىنىڭ ئاشۇ بۈيۈك شائىرى، دۆلەت ئەربابى بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ قانغۇچە دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى ـ ھە؟ ئەپسۇس، كاج پەلەك ئۇنى شائىر بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلمىدى. «بۇ كىتابلارغا ئۇلۇغ شائىرنىڭ مۇبارەك قوللىرى تەگكەن، ۋاراقلىرىنى مۇبارەك بارماقلىرى تالاي قېتىملاپ ۋاراقلىغان بولغىيتتى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەۋايى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندەك تۇيغۇغا كەلدى. كۆز ئالدىدا نەۋايىنىڭ بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق سىيمالىرى غايىبانە زاھىر بولدى.

ئەنە، بەش ـ ئالتە ياشلىق ئەلىشىر ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان «كىچىك باخشى» لەقەملىك دادىسى مەۋلانە غىياسىددىننىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغىنىچە، بويى بىلەن تەڭ كىتابلارغا تەلمۈرمەكتە. ئەنە، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىينىڭ ھوزۇرىدا شېئىرىيەت ئىلمىدىن ساۋاق ئالماقتا. ئەنە، بالىلىق چاغدىكى ھەمساۋاق دوستى، خۇراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن سەلتەنەت ئىشلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە. ئەنە، شام چىراغىنىڭ يورۇقىدا «پەرھاد ـ شىرىن»نى ئىجتىھات بىلەن يازماقتا. ئەنە، بەگلەرنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئاددىي خەلقنىڭ ئەرز ـ دادىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىماقتا. ئاجىز ـ

① ئۇنسىيە ـــ دوستلۇق ئۆيى.

بىچارىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلماقتا. ئەنە، ياشىنىپ قالغان
نەۋايى خۇراسان شەھەرلىرى ئارىسىدا قاتناپ، سۇلتان ھۇسەيىن
بايقاراغا قارشى چىققان خانزادىلەرگە نەسىھەت قىلماقتا. ئا-
لىملار، شائىرلار، پازىللار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولماقتا.
دەرگاھىغا سېغىنىپ كەلگەن ياش تالىپلارنى سەممىيلىك بىلەن
قوبۇل قىلماقتا. ئۇلارغا ئادىمىيلىك، پەزىلەت، ساداقەت، ۋاپا،
مەردلىك، باھادىرلىق ھەققىدىكى ھايات ھېكمەتلىرىنى چۈشەن-
دۈرمەكتە..

ئۇنسىيەنىڭ ئۈستىدىكى مۇناردا يالغۇز ئولتۇرغان بابۇرنىڭ
خىياللىرى چېكىش ئىدى.

«نەۋايى ھەزرەتلىرى ھايات بولۇپ، ھىراتتىكى بۇ تەپرىقىچى-
چىلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا قانداق تۇيغۇغا كېلەر
بولغىيتتى؟ خانزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى تۇ-
گىتىشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالار بولغىيمىدى؟ ناتايىن، ئۆز
ۋاقتىدىمۇ نەۋايى ھەزرەتلىرى ئول خانزادىلەرگە كۆپ نەسىھەت
قىلغان، خان ئاتىسىنىڭ سەلتەنەتىگە قارشى چىقماسلىققا، ئۆز-
ئارا نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، سەلتەنەتنى روناق تاپقۇزۇش
ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا دەۋەت قىلغان، لېكىن خانزادىلەر بۇ
دانىشمەن ئۇستازنىڭ نەسىھەتىگە زىنھار قۇلاق سالمىغانىدى. ئا-
تىسى ھايات ۋاقتىدىكى ئەھۋال شۇ تۇرسا، ئەمدىكى ئەھۋال نە
بولماقچىدى... مەن ھىراتقا تۆمۈرىيلەرنىڭ بېشىنى بىرلەشتۈ-
رۈپ، شەيباققا قارشى مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزگىلى كەلگەن-
مەن، لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ھەقتە نە سۆھبەت، نە
مەسلىھەت بولمىدى، ھەر كۈنى يەپ ـ ئىچىش، ھەر كۈنى بارا-
ۋەت. ئۇلار مېھماندارچىلىق، بەزمە ـ زىياپەتلەردىن باشقا
ئىشلاردا بەسلىشىشنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ھىرات
تەختگاھىنىڭ سەلتەنەت قۇياشى تېزلا پاتىدىغان ئوخشايدۇ...»

بابۇرنىڭ ئالدىراشلىرى، ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئۇ
ھەربىر خانزادىلەر بىلەن ئايرىم سۆزلىشەلىگىنى بىلەن ھەممى-

www.uyghurkitap.com

سىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇلار بابۇر بىلەن ئايرىم سۆزلەشكەندە، ھازىرلا شەيبانىخان ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بارىدىغاندەك ئەلپازدا ۋەدە بېرەتتى، لېكىن ھەممە قېرىنداشلىرى بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە گەپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. خۇسۇسەن بىرلىرى چوڭ ئاكىسى بەدىئۇززاماننىڭ گېپىنى ياراتمايتتى، بىرلىرى خانزادە مۇزەپپەر مىرزىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. باتناش، قېيداش بىلەن قوپۇشۇپ كېتەتتى.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە كۈز ئاخىرلىشىپ قىش كەلدى. شەيبانىخان بابۇرنىڭ ھىراتقا كەلگەنلىكىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا ھىراتقا لەشكەر تارتىپ كېلىشكە ئالدىرىمىدى. ئۇستازىنىڭ: «ئوتتۇرىسىدىن ئەمەس، چۆرىسىدىن تېگىش قىلىش» دېگەن تەلىمى بويىچە، خۇراساننىڭ چەت ـ چۆرىسىدىكى شەھەر ـ ۋىلايەتلەرگە تېگىش قىلىۋاتاتتى. خانزادىلەر تېخىچە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بابۇر شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتالمايۋاتاتتى. بۇ ئىش شەيبانىخان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغانىدى.

ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ خانزادىلەرنىڭ بەزمە ـ زىياپەتلىرىدە شاراب ئىچىۋېرىپ، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشى بابۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىمۇ يوققا چىقاردى.

— قىش پەسلى باشلىنىپ سوغۇق كۈچىيىۋاتىدۇ، قىشلاق سېلىشنىڭ ئامالىنى قىلامدۇق قانداق؟ — دەپ سورىدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

— سىلىچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دېدى بابۇر ئۇنىڭغا سىنچى نەزەرى بىلەن قاراپ.

— مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس بىلەن زۇنۇنبەگ ئارغۇن نەچچە كۈندىن بېرى بىزگە قىشلاق سايە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچىلا جاي كۆرسىتىپ بەرمەيۋاتىدۇ. ئەمدى قىشلاقنىڭ ئامالىنى قىلمىساق لەشكەرلەر سوغۇقتا قالىدۇ.

بابۇر ئۇندىمەي بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ قىشلاق سېلىش ھاجەتسىز جانابى ئەمىر.

قاسىمبەگ قاۋچىن ئەجەبلەندى:

ــ قانداق دەيدىلا ئالىيلىرى؟

ــ ئەمدى بىز ئۇچۇن ھىرات ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، ــ دېدى بابۇر قەتئىيلىك بىلەن، ــ ئول خانزادىلەرنىڭ ئەھۋالىنى دېمىسەممۇ ئۆزلىرىگە ئايان. ئۇلار بۇ پەيلى بىلەن ھەرگىز ئىتتىپاقلىشالمايدۇ ھەم شەيبانىنىڭ مۇقابىلىسىگىمۇ چىقالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن بىزنىڭ بول دەرگاھتا تۇرۇۋېرىشىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ جاھانگىر مىرزىمۇ ئاشۇ خانزادىلەرنىڭ داستىخىنىدا شاراب ئىچىۋېرىپ ئاخىر كېسەل بولۇپ يىقىلدى. بىر قىسىم سەركەردىلىرىمىزمۇ شارابقا خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى. ئۇلار كابۇلدىكى چاغدا مەندىن ھايا قىلىپ شاراب ئىچمەيتتى، ئىچسىمۇ يوشۇرۇنچە ئىچەتتى، ئەمما مەست بولغۇدەك ئىچمەيتتى. ھازىر ھەر كۈنى مەست. خانزادىلەر بەكمۇ مېھماندوست ئىكەن. ھۆرمىتىمىزنى قىلدى دېيىشىدۇ تېخى تەپتارتماي. بۇ يەردە قىشنى چىقىرىدىغان بولساق، ئاز كۈندە لەشكەرلىرىمىزمۇ شارابخور بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى پەم بىلەن كابۇلغا كېتىۋالايلى.

ــ خانزادىلەرگە قانداق سەۋەب كۆرسەتسەك بولار؟ ــ دېدى بابۇرنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولغان قاسىمبەگ قاۋچىن.

ــ بادغىس تەۋەسىدە قىشلاق سېلىشنى باھانە قىلىپ ھىراتتىن چىقىپ كېتەيلى، ئۇلار بىزنى قىشلاق سېلىشقا ئالدىراتقان ئەمەسمىدى، ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ. شەيبانىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىدىغان ئىشنى كابۇلغا بارغاندىن كېيىن باشقا مەسلىھەت قىلارمىز.

ھىراتقا چوڭ ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن كەلگەن بابۇر، ئەنە ئاشۇنداق ئۈمىدسىزلىك بىلەن كابۇلغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

يەتتەكەنت.

بارغانسېرى قورساق سېلىپ سەمرىپ كەتكەن سۇلتان مەھـ ـمۇدخانغا ئاتقا مىنىپ ئوۋ ئوۋلاش، چەۋەندازلىق قىلىش ئەمەس، پىيادە يول مېڭىشمۇ هار كېلىدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۆتكەن يىلقى قىشتا جىيەنى سەئىدخاندىن قاتتىق يېڭىلىپ، يەتتەكەنتكە قېچىپ كەلگەندىن بېرى ھېلى مەنسۇرخاندىن، ھېلى سەئىدخانـ ـدىن، ھېلى ئۆزىنى تا هازىرغىچە ئىزدەپ كەلمىگەن سەييىد مۇـ ھەممەد مىرزىدىن رەنجىپ غوتۇلدايدىغان خۇيىنى تاشلاپ، خۇددى بېشىدىن ھېچقانداق دىشۋارچىلىق ئۆتمىگەندەك خاتىرجەم ئۇخلايدىغان، كۆڭلى تارتقان غىزالارنى تويغۇچە يەيدىغان، سۆيۈمـ ـلۈك خانىشى قاراكۆز بېگىمگە كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قالغاندى. ئىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلارنىڭ سەلتەنەت، تاجۇ تەخت ھەققىدىكى سۆزلىرىگىمۇ پەرۋاسىز مۇئا ـ مىلە قىلاتتى. ئۇلار ھېلى تۇرپان، ھېلى ئاقسۇ، ھېلى تاشكەنت، ھېلى سەمەرقەنتلەرنى ماختاپ سۇلتان مەھمۇدخاننى قىزىقتۇ ـ رۇشقا، تاشكەنتتىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق هايا ـ تىنى ئېسىگە سېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تېخى يېرىملاشماي تۇرۇپلا، سۇلتان مەھمۇدخان هاۋا گۇلدۇرلىگەندەك خورەككە چۈشۈپ كېـ ـتەتتى.

ھەئە، ئىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس سۇلتان مەھمۇدخاننى ئاقسۇدىن كېتىشكە كۈشكۈرتكىنىگە خېلىلا پۇشاي ـ مان يېدى. چۈنكى، سۇلتان مەھمۇدخان يەتتەكەنتكە كەلگەندىن كېيىن سەلتەنەت ھەۋىسىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغاندى. يەتتەكەنتكە سېلىشتۇرغاندا، ئاقسۇ نېمىلا دېگەنبىلەن كاتتا شە ـ ھەر ھېسابلىناتتى. يەنە كېلىپ ئاقسۇدا ئوردا، ساراي بار ئىدى.

ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخاننى ئاقسۇغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇ ئارىلىقتا سەئىدخاننىڭ كېلىشى ئۇلارنىڭ ئۆچكەن ئۈمىدىنى قايتىدىن ياندۇردى. ئۇلار سەئىدخاننى باھانە قىلىپ، ئاقسۇغا قايتىش ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خانلىق ئورنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى تېپىۋېلىشنى خام خىيال قىلغانىدى. كۈتمىگەندە سەئىدخان ئۇلارنىڭ خام خىيالىنى بىتچىت قىلىپ يەتتەسۇغا قاچتى. ئۇلار سەئىدخاننى قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىدە سۇلتان مەھمۇدخانغا ئۇنى: «ئەدەپسىزلىك قىلدى، خان ئالىيلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، راسا بىر ئەدەپلەپ قويمىسىلا بولمايدۇ» دەپ توختىماي چېقىپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قورسىقىنى ئەستى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەئىدخاننى قوغلاپ تۇتۇشقا مەخسۇد ئەلىنى ئەۋەتىشىمۇ، ئۆزىنىڭ قارا قىشتا ئالايتەن لەشكەر تارتىپ بېرىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

بۇ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس سۇلتان مەھمۇدخاننى يەتتەكەنتتە تاشلاپ قويۇپ، شەيبانىخاننىڭ قېشىغا بېرىش خىيالىغىمۇ كېلىشتى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى بېسىش، ئۇلارنى سۇلتان مەھمۇدخانغا يامان كۆرسىتىش، تۆھمىتىنى چۆككۈرۈش مەقسىتىدە، شەيبانىخانغا خېلى كۆپ ياردەملەرنى قىلغانىدى. ئەمما، شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بۇ ھالەتتە بارسا ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا، قوبۇل قىلسىمۇ ئوردىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك خىزمەت بېرىشىگە، مۇھىمى ئەينى ۋاقىتتا قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. ھەئە، شەيبانىخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخانغىلا ئەمەس ئۆزلىرىگىمۇ قىلغان يۈزسىزلىكى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا شەيبانىخان ئۇلارنى ئەزەلدىن تونۇمايدىغاندەك، نەزەرمۇ سېلىپ قويمىغانىدى.

«خان ئالىيلىرىنى شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا كۆندۈر-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەك، بەلكىم ئۇ خان ئاىلىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ قالار، نىمىلا دېگەنبىلەن ئائىلىلىرىنىڭ سىڭلىسى شەيبانىخانىنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا. شۇڭا، شەيبانىخان خان ئاىلىلىرىغا ھەرگىز يۈزسىزلىك قىلمايدۇ، ئول چاغدا بىزمۇ ئۇنىڭ ئوردىسىدا مەنسەپدار بەگلەردىن بولۇپ قالىمىز...»

ئۇلار مانا مۇشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە تەرەپ ـ تەرەپكە ئايغاقچى ماڭغۇزۇپ، شەيبانىخاندىن تارتىپ بابۇرغىچە، مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن تارتىپ مەنسۇرخان، سەئىدخانغىچە تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلەشكە كىرىشتى. ئالغان مەلۇماتلىرىنى سۇلتان مەھمۇدخانغا ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ، ئۇنى شەيبانىخانىنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئاستىرتىن دەۋەت قىلىشقا كىرىشتى:

— چوڭ خانزادە مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخان ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولۇپتۇ.

— مەنسۇرخان ئىنىسى سەئىدخاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلاپ يۈرگۈدەك.

— مەنسۇرخان سەئىدخانغا تاغام بىلەن بىرلىشىپ سەلتەنەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، دېگەن گۇناھنى ئارتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، پات يېقىندا يەتتەكەنتكىمۇ لەشكەر باشلاپ كەلگۈدەك ئەمىسە.

— ئول ئەدەپسىز خانزادىنى ئۇنداق قىلمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاقسۇ، ئۇچنىڭ ئەمىرى مىرجاپپار بەردى بەگ ئۇنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى بولىدۇ. ئۇ ئادەم خان ئائىلىرىنىڭ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ، شۇڭا جىيەنى بولمىش سۇلتان مەنسۇرخاننى يەتتەكەنتكە لەشكەر تارتىشقا كۈشكۈرتۈشىمۇ مۇمكىن.

— ھەرھالدا ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك.

— خان ئائىلىرىغۇ ئاللىقاچان سەلتەنەتتىن ۋاز كەچكەن.

— ناۋادا ئائىلىرى تەخت ـ سەلتەنەتنى قولغا ئالىمەن دېسە ھەرقاچان ئالالايدۇ.

ــ مەنسۇرخان ئاسانلىقچە يول قويماسمىكىن...

ــ مەنسۇرخانىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەخت ـ سەلتەنەتنى بوشىتىپ بەرمەيدىغانلىقى راست. ئەمما، خان ئالىيلىرى شەيبانىخان ئالىيلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا تامامەن يوللۇق.

ــ راست، شەيبانىخان ئالىيلىرى چوقۇم ياردەم قىلىدۇ.

ــ لەشكىرىي ياردەم ئەۋەتىدۇ.

ــ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بار.

ــ تېخى قۇدا دېسىلە.

سۇلتان مەھمۇدخان ئىككى ئەمىرنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت يېتىپ ئاڭلايتتى، ئەمما ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. ئىپادە بىلدۈرمىگەندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تاجۇ تەخت، سەلتەنەت ئوتى يېلىنجايتتى. بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن بۇنى ھېس قىلغانىدى، شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋەسۋەسگە سالاتتى:

ــ شەيبانىخان ئالىيلىرى ھىراتنى ئېلىپ پۈتكۈل خۇراسانىنى ئاخىرى بويسۇندۇرۇپتۇ.

ــ بابۇر پادىشاھمۇ كابۇلنىڭ سىرتىغا چىقالماس بولۇپ قاپتۇ.

ــ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بابۇرنىڭ قېشىدىن كېتىپ، شەيبانىخانىنىڭ دەرگاھىغا بارغانىكەن، ئىلگىرىكى ئاداۋەتنى سالاۋات قىلىپ، ھىرات ھۆكۈمدارلىقىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ ـ دە، شەيبانىخانىنىڭ ئىلكىدە شەھەر ـ ۋىلايەت ئازمىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ھىراتنى بەرگەن يەردە، خان ئالىيلىرىغا سەمەرقەنتنى بېرىشىدە گەپ يوق جۇمۇ.

ــ شۇنداق، ھېچبولمىغاندا تاشكەنتنى قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن.

ــ ئەندىجاننى بەرسىمۇ يەتتەكەنتتىن ياخشى ئەمەسمۇ، مۇ ـ

ھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا قارىسىلا، دەسلەپتە شەيبانىخان ئا-لىيلىرىغا سەركەشلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى مۇقام تۈزۈلۈپ چىقتى، كېيىن يەنە ئالدىغا گۇناھىنى تىلەپ باردى، شەيبانىخان ئالىيلىرى ھەقىقەتەن كەڭ قورساقكەن، كەچۇرۇۋەتكەندى، يەنە قېچىپ بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. ئەمدىلىكتە بابۇر-نىڭ دەرگاھىدىن يەنە شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بې-رىپتۇ.

ـــ بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىدىن نېمىدەپ كەتكەندۇ؟

ـــ كابۇلدەك كىچىككىنە شەھەرگە بابۇر پادىشاھ ئاران سى-غىدىغان تۇرسا، مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان قانداق سىغاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق ئارازچىلىق بولغى-نى مەلۇم. بابۇر پادىشاھ ھىراتقا لەشكەر تارتىپ كەتكىنىدە، كا-بۇلنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا تاپشۇرغانىكەن، بىراق ئۇ ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، بابۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسىنى كابۇل تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش نىيىتىدە بولۇۋېتىپتۇ.

ـــ مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ مەلىكە سۇلتانىنىگار خېنىمدىن بولغان ھېلىقى خانزادىسى مىرزاخان ئوخشىمامدۇ.

ـــ ھەببەللى. دەل شۇ خانزادە مىرزاخان. تولىمۇ ئەپسۇس-كى، بابۇر ھىراتتىن بالدۇر قايتىپ كېلىپ، بۇ سۇيىقەست ئە-مەلگە ئاشماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا كا-بۇل ھارام بولۇپ، شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

ـــ ئۇنىڭ شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بارغىنى ياخشى بولۇپتۇ، كۆرەگان جانابلىرى بىلەن خان ئالىيلىرى ئاداش ـ ئا-غىنە ئىدى، بەلكىم شەيبانىخان ئالىيلىرىغا پاسىبانىمىزنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغاندۇ.

ـــ بەلكىم قىلغان چېغى، سودىگەرلەردىن ئاڭلىشىمچە، شەيبانىخان ئالىيلىرى خانىمىزنى تاشكەنتتىن كەتكۈزۈۋەتكىنى-گە كۆپ پۇشايمان قىلغانمىش.

بۇ قۇترىتىشلارغا سۇلتان مەھمۇدخان ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى:

— بۇ دېگەنلىرىڭلار راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ پەر ياستۇقتىن بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ.

— ئەلھەمدۇلىللا راستتۇر، — دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قەسەم ئىچىپ.

— شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا ماقۇل بولغان بولسىلا ياخشى بولاتتى، — دېدى نىغمەت مىرزا تۆمۈرنى قىزدىقىدا سوقۇپ، — يەتتەكەنتتەك كىچىككىنە بىر قىشلاق ئالىيلىرىدەك بۈيۈك سەلتەنەت ساھىبىغا زىنھار ماس كەلمەيدۇ. شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بارسىلا شەۋكەتلىرى ھەرگىز تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، غۇرۇرلىرىغىمۇ نۇقسان يەتمەيدۇ، چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا شەيبانىخان ئالىيلىرىمۇ ياردەم سوراپ دەرگاھلىرىغا كەلگەن، بارسىلا بەرگەن قەرزنى قايتۇرۇۋالغان بولىدىلا.

— شۇنداق، پاسىبانىمىزنىڭ ئول قەرزنى قايتۇرۇۋالمىقى بەرھەق. سورىسىلا شەيبانىخان ئالىيلىرىمۇ ھەرگىز ياق دېمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى شانۇ شەۋكەتلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخان بۇ قىزىقتۇرۇشلارغا ئاخىر گول بولدى، چوڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدخانىكەنىڭ قارشى تۇرۇشىغا، توسۇشىغا پەرۋا قىلمىدى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانىغا شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە شەيبانىخاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشىنى تاپىلاپ، بىر پارچە خەت ئەۋەتتۈەتكەندىن كېيىن، نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس ۋە بەش ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ يەتتەكەنتتىن قوزغالدى. دادىسىنى شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بېرىشتىن توسۇپ قالالمىغان خانىكە سۇلتان دەشتى قىپچاق تەرەپكە، قازاق سۇلتانى قاسىمخاننىڭ دەرگاھىغا قاراپ يول ئالدى.

※ ※ ※

نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاسنىڭ ئالغان مەلۇماتى راست ئىدى. بابۇر ھىراتتىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شەيبانىخان ھىراتقا لەشكەر تارتىپ كەلدى. مەرھۇم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ خانزادىلىرى بولسا، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئىشىنى يەنە بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشتى. ئاخىر زۇنۇنبەگ ئارغۇن لەشكەر تارتىپ چىققان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي كاللىسىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان خانزادىلەر ئۆز كاللىسىنى ساقلاپ قېلىش غېمىدە شەھەرنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى. شۇنداق قىلىپ شەيبانىخان ھىراتنى ئاسانلا قولغا ئېلىپ، پۈتكۈل خۇراساننى تولۇق بويسۇندۇردى.

ھەئە، بابۇر ھىراتقا كەتكەندىن كېيىن، كىملەردۇر كابۇلدا: «بابۇر پادىشاھ بىلەن جاھانگىر مىرزىنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ خانزادىلىرى تۇتۇۋېلىپ ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە سولاپ قويۇپتۇ، ئۆلۈك ـ تىرىكىدىن نىشانە يوقمىش» دەپ پىتنە تارقىتىشتى. بۇنى ئاڭلىغان شاھ بېگىم بىرپەس قانغۇچە يىغلاپ ھازا ئاچقاندىن كېيىن: «كابۇل سەلتەنەتى پاسىبانسىز قالسا بولمايدۇ» دەپ يەنە بىر نەۋرىسى مىرزاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. چۈنكى، مىرزاخاننىڭ دادىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا بابۇرنىڭ دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن قېرىنداش، ئانىسى سۇلتانىنىگار خېنىم بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم بىلەن قېرىنداش ئىدى. شۇڭا شاھ بېگىم مىرزاخاننى بابۇرنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىغانىدى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆراگان قېيىنئانىسىنىڭ بۇ قارارىنى ئانچە ياقلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى، ئەمما مىرزاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشىنى كەينىگە سۈردى. ئەنە ئاشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بابۇر ھىراتتىن قايتىپ كەلدى. ئەھۋالنى بىلىپ ھېچنېمە

www.uyghurkitap.com

دىمەي، ئۇدۇل شاھ بېگىمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە سالام بەجا قىلـ-
غاندىن كېيىن، «بەك ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي»
دېگىنىچە مومىسىنىڭ يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ
ياتتى. ھەئە، بابۇر كىچىكىدىن تارتىپ مومىسى شاھ بېگىمنىڭ
يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ يېتىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. شاھ بېگىم
ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن كابۇلدا تۇرۇۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ، مېھرىنىگار
خېنىم بىلەن نەۋرىسى مىرزاخاننى ئېلىپ بەدەخشان تەرەپكە كەت-
تى. بابۇرنىڭ ھېچ ئىش قىلالماي، خوراسان خانزادىلىرىدىن رەن-
جىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان
خانزادىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە
ھىراتقا ماڭدى، لېكىن كېچىككەندى. ئۇ ھىراتقا كەلگەندە شەي-
بانىخان ئاللىقاچان ھىراتنى ئىشغال قىلىپ بولغانىدى، لېكىن
دەرھال كەينىگە يېنىشقا ئىلاج قىلالمىدى. چۈنكى، قاچىسا تۇتۇلۇپ
قالاتتى.

شەيبانىخان ئۆزى بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئارد-
ىسىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.
ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزىگىمۇ سالمىدى. ئۇنى ئوغلى تۆمۈر سۇلتانغا
ھەمراھ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى،
شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ھىراتتا تۇرۇپ قال-
دى.

بىر كۈنى يوچۇنلا بىر كىشى ئۇنىڭغا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ
خېتىنى تاپشۇردى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

«خان ئالىيلىرى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، مەن بولسام ئامالنىڭ
يوقىدىن بول دەرگاھتا تۇرۇۋاتىمەن. شەيبانىخان قاچان كاللامنى
ئېلىشقا پەرمان بېرەركىن دەپ يۈرىكىم سۇ، ئەمما قېچىشقا ئاما-
لىم يوق. چۈنكى، قاچسام بارىدىغان جايىم يوق. بابۇر پادىشاھ
ئەمدى مېنى خۇشلىمايدۇ. مىرزاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىد-

شىنى مەندىن كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ھىراتنىڭ شەيبانىخانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ مۇقەررەرلىشىپ بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھىراتقا بېرىش تەلىپىمگە ئىجازەت بەرمەيتتى. خان ئالىيلىرى قانداقسىگە شەيبانىخاندىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىكىنە؟ غۇرۇرى قانداقمۇ يول قويغاندۇ؟ بۇ دەرگاھقا كېلىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ شۇ. شەيبانىخان مەيلى ئەمىر تۆمۈرنىڭ، مەيلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى بولسۇن، ھەممىسىنى دۈشمەن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماي ئارام تاپمايدۇ...»

مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئالدىراش ـ تېنەش بىر پارچە خەت يېزىپ، كەلگەن كىشىدىن سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەۋەتتى.

— مە، بۇ پۇلغا ئات قوشۇۋال، — دېدى چاپارمەنگە بىر ھەميان تىللانى تەڭلەپ، — ئېتىڭ ھېرىپ قالسا قالسۇن، ئۆزۈڭ ھېرىپ قالما، يول بويى ئات يەڭگۈشلەپ ماڭ، بۇ خەت خان ئالىيلىرىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك، قانچە تېز بولساڭ شۇنچە ياخشى.

چاپارمەن سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن پەرغانە تەۋەسىدە ئۇچراشتى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خەتكە قايتا نەزەر تاشلىدى:

*«... مەرھۇم بۇزرۇكۋار بوۋىلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرى رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى ئىچىپ، باقىيغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ سەلتەنەتى كۈچىيىپ پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان ۋادىسىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئالىيلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ماڭلايسۇيە، تۇرپان، بېشبالىق، ئالمالىق ۋادىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇل سال-*

تەنەتنى روناق تاپقۇزغاچ پۇرسەت كۈتكەندى. نۇرغۇن قى-
يىنچىلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، تەخت ـ سەلتەنەت-
تىن ۋاز كەچمەي، ئۆزگىلەردىن ئىنايەت تىلەپ بويۇن
قىسماي، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى
تۆكمىگەندى. نەپىس رەختلەردە تىكىلگەن لىباسلار، ئې-
سىل تائام، مەئىشەتلىك روزىغارلارنىڭ ھۇزۇر ـ لەززىتى-
دىن كېچىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن كۆپ
تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەندى. لەشكىرىي تەييارلىقلارنى
پۇختىلاپ، ھامان بىر كۈنى قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن
ھازىرلىق كۆرگەندى. ئۆزلىرى روياپقا چىقىرىشقا قادىر
بولالمىغان مەقسەتلەرنى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پەرزەنتلىرى-
گە باغلىغانىدى. شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىنىڭ ئارزۇ بىناسى-
غا مەرھۇم ئاتىلىرى، دىيانەتلىك خاقان سۇلتان يۇنۇسخان
ئالىيلىرى باھادىرلىق شىجائىتى بىلەن ئۇل سالغان بولسا،
ئالىيلىرى ياشلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ياش-
لىق دەۋرلىرىگىچە بول سەلتەنەت بىناسىنى قۇرۇپ مۇس-
تەھكەملىدىلە، ئەجدادلىرى دەۋرىدە ۋەيران بولغان ئەل ـ
يۇرتنى ئاۋات قىلىپ، ئاسايىشلىق ئورناتتىلا. بۇنداق پۇر-
سەتكە، مەمۇرچىلىققا ئەجدادلىرىمۇ ئىنتىزار ئىدى. قۇد-
رەتلىك تەڭرىگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈركىم، ئاتىلىرى سۇل-
تان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ۋە سىلىگە ئاتا ـ بابىلىرىمۇ
ھەسەت قىلىدىغان مەملىكەتلەر نېسىپ بولدى. سىلى بول-
سىلا مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تو-
لۇق كامال تاپقان ھالەتتە سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتتىلا.
تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھېلىگەر شەيبانىخاننىڭ ئاسىيلىقى
بىلەن بول تەرەپتىكى تەخت ـ سەلتەنەت قولدىن كەتكەن
بولسىمۇ، ئەمما ئۇل تەرەپتىكى ۋىلايەتلەر ئىلكىلىرىدە تو-
رۇۋاتىدۇ. ھازىر ئالىيلىرىنىڭ لەشكىرىي كۈچى شەيبانى-
خاننىڭ لەشكىرىي كۈچىگە يەتمەيدىغانلىقى كۈندەك روشەن-
دۇر. شۇڭا سىلى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش تۇرپان تەختى-

*گاھىدىن زىنھار مىدىرلىمىغايلا، بەلكىم ئەمىر ــ سەركەردىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆپلەپ چېرىك يىغىپ، لەشكىرىنى ھازىرلىقلارغا زېھنىلىرىنى قاراتقايلا. لەشكەرلا بولىدىكەن، قولدىن كەتكەن زېمىننى ھامان قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. يۈرەكتە يېلىنجاپ تۇرغان بىر ئارمانلا بولىدىكەن، ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ مەغلۇبىيەتنى نۇسرەتكە ئايلاندۇرۇش تامامەن مۇمكىن. شۇمۇ سەمىلىرىدە بولسۇنكى، شەيبانىخان ھەرگىزمۇ ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرمايدۇ، ئوتتۇرىلىرىدىكى قۇدىلىق مۇناسىۋەتكىمۇ رىئايە قىلمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدىغان ۋاپا ئەھلى ئەمەس. كەمىنىلىرىگە ناھايىتى روشەن ۋە ئايانكى، ئەگەر ئۇ سىلىنى تېپىۋالسا خارۇ زار قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھېچبىر سەۋەب بىلەن سىلىنى ئامان قويۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ، مەنمۇ بول دەرگاھتا خۇددى نېپىز مۇزنىڭ ئۈستىدە ياكى ئېگىز يارنىڭ لېۋىدە ماڭغاندەك تۇرۇۋاتىمەن. پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپ، دەرگاھلىرىغا بېرىپ خىزمەتلىرىنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن...»*

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ــ كۆرەگان جانابلىرىنىڭ ئائىلىلىرىغا مۇشۇنداق نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنى ئالىلىقاچان پەملىگەنمەن، ــ دېدى نىغمەت مىرزا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ چۈنكى ئۇ پاسىبانىمىزنىڭ ئول شەيبانىخان ئائىلىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىنى خالىمايدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، ــ ھازىر كۆرەگان جانابلىرى شەيبانىخان ئائىلىلىرىدىن تولا ياخشىلىق، ئىززەت كۆرۈۋاتىدۇ، شۇڭا پاسىبانىمىزنىڭ بېرىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىززەت، قەدرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ.



uyghurkitap.com

— ئەگەر شەيبانىخان ئالىيلىرى ۋاپاغا جاپا قىلىدىغانلاردىن بولسا ئاللىقاچان كۆرەگان جانابلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ شەيبانىخان ئالىيلىرىغا كۆپ يامانلىقلارنى قىلغان.

— ھازىر شەيبانىخان ئالىيلىرى كۆرەگان جانابلىرىغا بۇ قەدەر ئىززەت قىلىۋېتىپتۇ، ناۋادا خان ئالىيلىرى بارسا ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە زىيادە ھۆرمەت قىلغۇسىدۇر.

— زىنھار ئىككىلەنمىسىلە ئالىيلىرى.

بۇ دەۋەتلەر، خام خىياللار سۇلتان مەھمۇدخانغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى:

— بۇ ئاداشنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمەك ئەجەبمۇ تەسكىنا، — دېدى كالتە پەملىكى، ھاماقەتلىكى غالىب كەلگەن سۇلتان مەھمۇدخان، — ئۆزى شەيبانىخاننىڭ ئالىي ھىممىتىگە نائىل بولۇپ، ھىراتتەك كاتتا شەھەردە يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن ھايات كەچۈرسۇنۇ، ئەمما مېنىڭ يولۇمنى توسسۇن. بەلكىم مېنىڭ جىيەن ئوغۇللىرىم ئالدىدىكى تەڭقىسلىقىمنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئول ئىنسابسىز، گەردەنكەش جىيەنلىرىمدىن تەخت ـ سەلتەنەت تالىشىپ ياشىغاندىن، شەيبانىخاننىڭ ھامىيلىقىدا ياشىغىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ.

— دانىشمەنلىك بىلەن ھۆكۈم چىقاردىلا ئالىيلىرى، — دېدى نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۈنەيدى بارلاس.

شۇ تاپتا بۇ ئىككىسى: «شەيبانىخان بىزگە قانداقراق مەنسەپ ـ مەرتىۋە بېرەركىن؟» دېگەن تەمەدە، سەپەرنى تېزرەك داۋاملاشتۇرۇش كويىغا چۈشكەنىدى.

※ ※ ※

سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخان بىلەن خوجەنت دەرياسىنىڭ بويىدا كۆرۈشتى.

— سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاللىقاچان قايتۇرۇپ بولغانمەن، — دېدى شەيبانىخان ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، — دەر-

گاھىمغا كېلىپ تولىمۇ خاتا قىلىپتىمەن. ئىلگىرى سىلى بىلەن يېيىشكەن تۇزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، بىر قېتىم پۇرسەت بېرىپ جانلىرىدىن كەچكەنىدىم، ئەمدى ئۇنداق قىلالمايمەن. ھېلىمۇ سىلىنىڭ بەگلىرىنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن پېشكەلچىلىكى ئاز ئەمەس. سىلىنى ھايات قالدۇرسام، ئۇلاردا قايتىدىن ئۈمىد پەيدا بولىدۇ ـ دە، سەلتەنەتىمنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىسيان قىلىشتىن يانمايدۇ، ئەمدى يۈزسىزلىك قىلدى دەپ مەندىن ئاغرىنمىسىلا.

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە پۈت ـ قولىدا جان قالمىغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تىلى كالۋالىشىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاسنىڭ كۆزىگە ئاللىقاچان جەھەننەم كۆرۈنۈپ بولغانىدى.

شەيبانىخان جاللاتلىرىغا بۇيرۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئىككى ئەمىرنى تاغارغا سولاتقۇزۇپ، خوجەنت دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتتى. بۇ پاجىئەدىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— سەن دەرھال ھىراتقا بېرىپ، ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانغا پەرمانىمنى يەتكۈز. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئالسۇن. ھەرگىز كېچىكتۈرمىسۇن، — دېدى شەيبانىخان پەرمانچىغا قاراپ.

ئۇ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

129

سەئىدخان ماڭغىلى يول، يېگىلى غىزا، پاناھلانغىلى ماكان تاپالماي قاتتىق قىينالغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىلىك ئۈمىد-

سىزلەنمىدى. بىر تەرەپتىن ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن قېچىپ يۇرسىمۇ، ئايىغى يەتكەنلىكى يۇرتلاردا خەلقنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئۇچۇن سەۋرچانلىق بىلەن تەرغىبات ئېلىپ باردى. لېكىن، مەنسۇرخان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن، جازالىشىدىن قورققان خەلق بۇ قاچقۇن خانزادىگە ئەگەشمىدى. سۆزلىرىگە، ۋەدىلىرىگە ئىشەنمىدى.

ـــ ئالدىڭلاردا تۇرغىنى مەرھۇم سۇلتان ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسىدۇر، ئۇ تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۇچۇن، شۇنچە خەۋپ ـ خەتەرلەرگە پەرۋا قىلماي ئالدىڭلارغا كەلدى. سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن خالاس بولۇپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلغانلار پۇرسەتنى قەدىرلەپ، خانزادىنىڭ پېشىنى ئۇمىد ۋە خىزمەتكارلىق قوللىرىڭلار بىلەن مەھكەم تۇتۇڭلار، ـــ دەيتتى خوجا ئەلى باھادىر.

ئەمما، بۇنداق تەرغىباتلارغا كۆپىنچە خەلق پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى:

ـــ سەركەردە، سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ بىر ئاياق ئۇماچ چاغلىق مەززىسى يوقتۇر. ئۇ راستتىنلا ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسى بولسا لەشكەرلىرى قېنى؟ دۇشمەنلىرىنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنى كېسىپ تاشلايدىغان جان ئالغۇچى قوراللىرىچۇ؟ بىزگە قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەمەلىي نەپ كېرەك. بىزنىڭ قولىمىزدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى. ماقۇل، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇقمۇ دەيلى، خاتۇن ـ بالا، جەددى ـ جەمەتىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇلار سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ غەزىپىدىن ئامان قالغان تەقدىردىمۇ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەجەل قىلىچىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئاچارچىلىقتا، زۇلۇم، ئالۋان ـ ياساق ئازابىدا ياشىساقمۇ ھايات قالغىنىمىز ئەۋزەل، بىزنى تەڭلىكتە قويۇشمىغايلا.

سەئىدخان بۇنداق جاۋابلارغا ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئارقى-

سىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە دەرھال بىر يانغا مېڭىشقا ئالدىرايتتى.

ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە يۈرۈپمۇ، يىگىتلىك يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنىڭ قانداق تۇتاشقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

ھەئە، ئاللىقاچان يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن سەئىدخان ئاشىق بولغانىدى. ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق پاناھلىق بەرگەن يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، بۇ ئىقلىمدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ھەممە مېۋىلەر تېپىلىدىغان بېغى بار ئىدى. بىر ئىزىدا توختىماي قېچىپ يۈرۈۋاتقان سەئىدخان بىر ھەپتىدىن بېرى بۇ باغدا ئارام ئېلىۋاتاتتى.

باغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە يۇرت بېگىنىڭ قورۇسى جايلاشقانىدى. ئەركىن ـ ئازادە سىرتقا چىقالمىغان سەئىدخان ھەر كۈنى ئەتىگىنى باغنى ئايلىنىپ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق نەغمە ـ ناۋالىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ خىيال سۈرەتتى. گاھى تاتلىق، گاھى ئاچچىق خىياللىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى. گاھىدا بۇ تەگسىز خىياللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىتابلىرىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەتتى. «گۈلىستان»، «شاھنامە»، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ۋۇجۇدىنى قىيناۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيتتى. تۇرپاندىكى ۋاقتىدا ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان «قۇتادغۇبىلىك» شۇ كۈنلەردە ئۇنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى. گويا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، سەلتەنەت تۇتۇش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، لەشكەر، سەركەردە، ئاۋامغا قانداق مۇئامىلە قىلىش... خۇسۇسەن ئادالەتلىك پادىشاھ، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇش ھەققىدە ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.

بۈگۈن ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، باغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بويىدىكى چىملىققا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، قولتۇقىغا قىسىپ چىققان «قۇتادغۇ بى-

www.uyghurkitap.com

لىك»نى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. كىتابنىڭ دەسلەپتە ئىچىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، بارا ـ بارا ئاۋازى ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى:

سېنىڭدە يۇقىرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتە سەن، ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.
بىرى ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ھەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن[1] كۆزەت.
بىرى توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىن ـ بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.
ئۈچۈنچى ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى،
يوقاتقىن قاراقچى ھەم ئوغرىلارنى.
ئۆتەپ بۇ خەلقنىڭ ھەقلىرىن، كېيىن،
ئۆزۈڭمۇ ھەي مەردان ھەققىڭ تىلىگىن.
يۇقىرالار ئۈزرە بار سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ،
ئۇلاردىن سورا، ئاچ ئەمدى قۇلاغىڭ.
بىرى يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسۇنلار،
نېمە بۇيرۇساڭ تېزدىن ئۇنى قىلسۇنلار.
ئىككىنچى خەزىنە ھەققىن توسمىسا،
ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.
ئۈچۈنچى ياغىغا ياغى بولسالەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر.
ئۆتىگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىڭ،
ئۇلارمۇ ئۆتىگەن بولۇر ئۆز ھەققىن.

......................................

كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان سەئىدخان تۇيۇقسىز بىرى تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. تۇيغۇلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. يەتتە ـ سەككىز قەدەم نېرىدا بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. قىز سەئىدخاننىڭ ئوتلۇق نەزەرىدىن كۆزىنى ئەپقاچتى ـ دە، ھو-

① ئايارىن ــ ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ساپلىقى.

دۇققاندەك بولۇپ، ئۈركۈگەن كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دەرھال پىنھانغا ئالدى. قىزنىڭ گۈلدەك قامىتى، بولۇپمۇ تال ـ تال كىرپىكلەر ئارىسىدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر جۈپ شەھلا كۆزى سەئىدخاننىڭ يۈرىكىنى شۇررىدە ئېرىتىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ قىزنىڭ قارىسى يىتكەن تەرەپكە بىر ھازا قاراپ تۇردى.

«كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ ياكى راستىنلا كۆردۈممۇ؟ بۇ ئاي يۈزلۈك پەرى بۇ باغدا نېمە ئىش قىلىدىكىنە؟ نەچچە كۈندىن بېرى ئەجەب ئۇچراتماپتىمەن...»

سەئىدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، قىز تۇرغان يەرگە كەلدى. ئەنجۈر شاخلىرىنىڭ تۈۋىدىكى چىملىق تولا دەسسەلگەنلىكتىن چەيلىنىپ كەتكەنىدى.

«ھە، ئول پەرى نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەرگە دائىم كېلىپ مېنى كۆزىتىپتىكەن دېسە، مەن بولسام ھېچنېمىنى سەزمەي گاھى ھاڭۋاقتىلارچە خىيالغا، گاھى مەستانىلارچە كىتابقا ئەسىر بوپتىمەن. بۈگۈنكى بۇ ئۇچرىشىش تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ قانداق؟ مۇشۇنداق خىلۋەت سەھرادىمۇ ئاشۇنداق ئاي يۈزلۈك پەرى بولىدىكەن دېسە...»

ھەئە، تەقدىر ـ قىسمەت بىر مەزگىل تۇتقۇنلۇقتا ياشىغان، كېيىن تاغىسى ۋە ئاكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقىغان، ھېلى ئاكىسىنىڭ، ھېلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىدىن قېچىپ تاغ ـ دالا، جاڭگاللاردا مۆكۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بۇ كاج تەلەي خانزادىنى كۈتمىگەندە بىر قىزغا ئاشىق قىلغانىدى.

سەئىدخان تولۇق بىر كۈن دېگۈدەك باغنى ئايلىنىپ چىقتى. ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تال گۈل ـ گىياھنىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ئەمما قىزنى پەقەتلا ئۇچرىتالمىدى. قىزنىڭ غۇنچىدەك گۈزەل قامىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا، ناشتىغىمۇ كۆڭلى تارتماي ھېلىقى خىلۋەت بۇلاق بويىغا يۈگۈردى. بۇلاق يېقىملىق شىلدىرلايتتى. خۇددى ئاشىق يىگىتنىڭ قەلبىگە تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك. ئاشىق يىگىت ئەترا-



www.uyghurkitap.com

پىدىكى شەپىگە قۇلاق سالغاچ بۇلاقتىن كۆز ئۈزمەيتتى، خۇددى قىزنىڭ گۈزەل جامالى بۇلاقتا زاھىر بولىدىغاندەك. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن، سەلكىن ئەسكەن شاماللاردىن يۈرىكىدىكى تېپىشماققا جاۋاب تاپماقچى بولاتتى.

«ئى، قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئۆزۈڭ سالغان بۇ ئىشق سەۋداسىغا ئۆزۈڭ داۋا قىلغايسەن. شول تاپتا ئەس ـ يادىم ئول گۈل يۈزلۈكنىڭ چاچلىرىغا باغلاندى. سەۋر ـ تاقىتىمنىڭ ياقىسى پارە ـ پارە بولدى. كۆڭۈل قۇشۇم ئول ئاھۇ كۆزلۈكتىن باشقىسىنى كۆرمەس بولدى. شۇ دەمدە ھەربىر تىنىقىم، ھەر يۇتۇم سۇ ئىچىشىممۇ ئاشۇ يارنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈندۇر...»

تۇيۇقسىز تۇتاشقان ئىشق ئوتى سەئىدخانغا ئوتلۇق شېئىررىي ئىلھاملارنى بەخش ئەتكەنىدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قەلبىدىكى نىدالىرى ئىختىيارسىز گۈزەل مىسرالارغا ئايلىنىپ تۆكۈلەتتى:

سەرۋىنىڭ رەئنا قەدىڭغە بولسا ئېردى سىبەتى،
بولغاي ئېردى غۇنچەدىن ئاغزى ـ يۈ گۈلدىن تەلئەتى.
......

سەئىدخان باغنى سەۋدايىلارچە ئايلىناتتى. نە قورسىقى ئاچقاننى، نە ئۇسسىغىنىنى بىلمەيتتى. كۆڭۈل سىرلىرىنى قىزغا غايىبانە ئىزھار قىلاتتى:

تا قاچانلارغىچە ئەي شوخ بىرۇرسەن ئازار،
ھەممە ئالەم ساڭا يارۇ، ھەممەدىن سەن بىزار.
......

سەئىدخان ئۆزىنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئەمما بۇ ئۇنىڭغا زەھەردىن ئاچچىق تۇيۇلاتتى. ئۆزىنى سەۋرگە ئۈندىگەنسېرى قەلبىدىكى پىراق ئوتى گۇرۇلدەپ كۆيەتتى:

قىلما نەزەر ئەبرۇسىغە[1]، ئەي كۆز، بۇ پەندىم[2] ئاڭلاغىل،
ھىجرانىغا مەن خۇي ئەيلەدىم، سەن بىزنى بەدخۇ[3] قىلماغىل.
......

سەۋر قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سەئىدخان توختىماي ىندا قىلاتتى:

ھەر نەچچە كىم ئاشنالىق كۆڭلۈمدە مەتلۇب[4] ئىدى،
يار تەبئىگە ۋەلې[5] بىگانەلىك مەرغۇب[6] ئىدى.
......

بۇلاق بويىدا يۈرىكىگە تۇيۇقسىز ئىشق ئوتى تۇتاشتۇرغان قىزنى كۈتۈپ تولۇق بىر كۈن ساقلىغان سەئىدخان، باغقا تۈن پەردىسى يېيىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاستا قايتىپ كەتتى. تولۇن ئاي باغقا تەكشى نۇر چاچاتتى. غەمسىز يۇلتۇزلار شوخ كۆز قىساتتى. ئەمما سەئىدخان ئۇنىڭدىن قىلچىلىك ھۇزۇر ئالالمايتتى. ئاشۇ ئاي ـ يۇلتۇزلارغا قاراپ يۈرەك ئازابىنى ئىزھار قىلاتتى:

ئول ئاينىڭ قەسرى بامىغە[7] كېچە بارىپ چىقار ئېردىم،
تۇرار ئېردىم ئانىڭ تۈگۈلۈكىدىن ئالماي قۇلاغىمنى.
مۇناسىب كۆرمەي ئول رەۋزەنە[8]گە، شىشە[9] ئالىبان، ئانى،
ئانىڭ ئورنىغە ئورناتمىش ئىدىم كۆزۈ قاراقىمنى.
.....

① ئەبرۇسىغە ــ قېشىغا.
② پەند ــ نەسىھەت.
③ بەدخۇ ــ قوپال خۇيلۇق، مىجەزى ئوسال.
④ مەتلۇب ــ تەلەپ قىلغان، ئارزۇ قىلغان نەرسىسى.
⑤ ۋەلې ــ ئەمما، بەلكى.
⑥ مەرغۇب ــ مەقبۇل.
⑦ بامىغە ــ ئۆگزىسىگە.
⑧ رەۋزەنە ــ دېرىزە، تۆشۈك.
⑨ شىشە ــ ئەينەك.

باغدىن مىلىك پاتمان دەرد ـ ھەسرەت يۇدۇپ چىققان سەئىد ـ خان ھۇجرىسىغا كىرمەي، ئىشىك تۈۋىدە ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ سەۋدايى بولغانىدى. ئۆزىگە ئۆزى دەرد تۆ ـ كۈپ كەتتى:

باغقا باردىمۇ يوق سەرۋى خىرامان ئاندا،
يوق چەمەنگە قاراسام غۇنچەئى خەندان ئاندا.
يىغلادىم مەن يۈگۈرۈپ ھەر سارى چۇن ئەبرى بەھار،
كى قايانغا قاراسام يوق ئىدى جانان ئاندا.
......

سەئىدخان قىز كىرىپ كەتكەن نامەلۇم ھۇجرىغا سىغىنىش ئىلكىدە تەلمۈرەتتى:

يادىمغا يېتەر باغقا كىرسەم كويۇڭ،
گۈلنى كۆرسەم ساغىنۇرمەن گۈل رويۇڭ.
تۇرسام بىردەم چۇ سارايىڭ سايەسىدە،
يادىمغا كېلۇر سەرۋى قەددى دىل جويۇڭ.
......

سەئىدخان بۇ كېچىمۇ ئازراقلا مۈگدىگەننى ھېسابقا ئالمى ـ غاندا يەنە كىرپىك قاقماي چىقتى. يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ئاشىق ـ لىق ئوتىنى سەگىتمەكچى بولغاندەك سىرتقا چىقتى، كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى يۈرىكىدىكى ئوتنى سەگىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ يېلىنجىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا كۆكتىكى يۇلتۇزلار قىزنىڭ كۆزىدەك، ئەگىم ئاي قىزنىڭ قېشىدەك، باغقا تەكشى يېيىلغان تۇن پەردىسى قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. گويا قىز ئۆزىنى بۇلاق بويىدا ساقلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، تاڭ ئاتـ ـقۇچە بۇلاق بويىغا ئۇچ قېتىم بېرىپ كەلدى. شۇ تاپتا بىراۋ ئۇ ـ

ىنگدىن ئەھۋال سوراپ قويسا ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشى ئېنىق ئىدى. ھەئە، ھېلىمۇ لەۋلىرى ئىختىيارسىز نەرم ئۇقۇۋيتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى:

ئىشقىدىندۇر غەرەزىم چاشنى[①] دەردۇ غەم،
ۋەر[②]نە ئەسبابى تەرەپ ئالەم ئارا ئېرمەس كەم.
فىكر يادىڭ بىرلە ئۆمرۈم كېچەدۇر شاد دەمى،
ھاسىلى ئۆمرى گەران[③] مايە ئېرۇر بىر ـ ئىككى دەم.
غەمى ئىشقىڭ بىلە خەم[④] بولدى بۇ قەددىم، نە ئەجەب،
ئىشق بارى ئىدىكىم، قىلدى خەلەك قەددىنى.
.....

ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ، مىڭ تەستە تاڭ ئاتقۇزغان سەئىدخان بامدات نامىزىنى ئالدىراش ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ ناشتىغا كۆڭلى تارتمىدى.

ــ تۈنۈگۈن كەچ ئايغاقچىلار قايتىپ كەلدى، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا قاراپ، ــ شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇدخان ئائىلىرىنى تاغارغا سولاپ خوجەنت دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ. خان ئائىلىرى بىلەن بىللە بارغان نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس ھەم خانزادىلەرمۇ بۇ پاجىئەلىك قىسمەتتىن قۇتۇلالماپتۇ.

كۇتۇلمىگەن بۇ شۇم خەۋەر سەئىدخاننىڭ يۈرىكىنى خەنجەر تىققاندەك تىلغىۋەتتى. غەزەپ، ئەپسۇسلۇق، نادامەتتىن يۈرىكى لەرزىگە كەلدى.

سەئىدخاننىڭ لام ـ جىم دېمىگىنىنى كۆرۈپ، خوجا ئەلى

① چاشنى ــ لەززەت.
② ۋەر ــ ئەگەر.
③ گەران ــ قىممەتلىك، قەدىرلىك.
④ خەم ــ ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.

باھادىر ئېھتىيات بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:
— شەيبانىخاننىڭ يېنىدا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان جا-
نابلىرى بولغاچقا، خان ئالىيلىرى ئېھتىياتتىن ئىشەنچنى ئەلا
بىلگەنىكەن. قانخور شەيبانىخان خان ئالىيلىرىنى خوجەنت دەر-
ياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ھىراتتىكى مۇھەممەد ھۇسە-
يىن كۆرەگان جانابلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ.
— مەرھۇم خان تاغام ھەرنە قىلسا ئۆزىگە قىلدى، — دېدى
سەئىدخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — مەن ئۇنى بۇنداق ئەخمەقلىق
قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەم ئۆز
دۈشمىنىدىن ھەرگىزمۇ مېھىر - شەپقەت تىلىمەيدۇ، ئەسلىدە ئا-
غام مەنسۇرخاننى خان تاغام گېپىگە كىرگۈزەلەيتتى. تاۋى نازۇك-
لۇق قىلىپ، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئاغرىنىپ ئاقسۇدىن يامانلاپ كەت-
تى. شەيبانىخاننىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھاقارەتلىرى ئازمىدى. ئۇنىڭ
ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىپتۇ. ئەس-
لىدە تۇرپانغا، ئاغام مەنسۇرخاننىڭ قېشىغا بېرىشى، ئاندىن تۇر-
پاندىكى سەركەردە - لەشكەرلەر بىلەن شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا با-
ھادىرلىق تۇلپارىغا مىنىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۆ-
لۈپ كەتسىمۇ، شەرەپلىك، پەخىرلىك ئۆلگەن بولاتتى. مەن ئۇنىڭ
بۇ ئۆلۈمىنى بىر لالما ئىتنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ قەدىرسىز ھېسابلاي-
مەن.
سەئىدخاننىڭ بۇ ئازابىنى چۈشەنگەن خوجا ئەلى باھادىر ئۇ-
نىڭ يۈرەك يارىسىنى يەنە تاتىلىماسلىق ئۈچۈن، بۇ ھەقتە قايتا
ئېغىز ئاچمىدى.
ناشتا كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.
— ئەمدى بۇ باغدا تۇرۇۋەرسەك ئاشكارىلىنىپ قېلىشىمىز
مۇمكىن، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر دۇئادىن كېيىن، — بۇ
دەرگاھتىن بۇگۈن كەچ كېتەيلىمىكىن دەيمەن.
سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارى-
دى، ئاكىسى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ ھەرقا-

چان ئۇنى تېپىۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئاشكارىلىنىپ قالماسلىق ئۇچۇن بىر يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايتتى. قاچقۇنلۇق جەريانىدا سەئىدخان بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بىراق ھازىر بۇ باغدىن كېتەلمەيتتى، چۈنكى، كۆڭۈل رىشتىسى بۇ باغقا ئاللىقاچان مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى دەپ تۇنجى سۆيگەن مەھبۇبىنى تاشلاپ كەتسە نامەردلىك بولاتتى. يۈرىكىدە بىر ئۆمۈر ئاشىقلىق يارىسى قېپقالاتتى. بىراق ئۇ كۆڭۈل سىرىنى خوجا ئەلى باھادىرغا ئاشكارىلاشنى خالىمىدى.

— يەنە ئىككى كۈن تەخىر قىلايلى، — دېدى ئۇ مۇجمەللا قىلىپ.

سەئىدخانىنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ باغدا يەنە ئىككى كۈن تۇرۇشنى خالاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن خوجا ئەلى باھادىر ئىچكىرىلەپ سوراشقا پېتىنالماي، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

يالغۇز قالغان سەئىدخانىنىڭ كاللىسىغا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئۆلۈمى كىرىۋېلىپ، خېلى ئۇزاق ئازابلىق خىياللارغا ئەسىر بولدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە غەمسىز بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ، دادىسىغا ئەگىشىپ قىلغان تاشكەنت يۇرۇشىنى، ئاخسىدىكى جەڭنى، تۇرغاقلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، قېچىپ چىققاندىن كېيىنكى بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، دادىسىنى، ئانىسىنى، ئاغا ـ ئىنىلىرىنى، تاغىسىنى، نەۋرە ئاكىسى بابۇرنى، ھاممىسىنىڭ ئېرى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننى، سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. تۇيۇقسىز كۆز ئالدىغا بۇلاق بېشىدا يولۇقتۇرغان ئاي يۈزلۈك پەرى كېلىۋېلىشى بىلەن، بۇ ئازابلىق تۇيغۇلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كەتتى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىختىيارسىز بۇلاق بېشىغا كەلدى، تۇيۇقسىز يۈرىكى ھاياجانلىق دۈپۈلدەپ كەتتى. بۇلاق بېشىدا ئىككى كۈندىن بېرى ۋۇجۇدىنى ئەسىرگە ئالغان، يۈرىكىگە

ئاشىقلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرغان دىلرەبا تۇراتتى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى بۇلاق سۈيىگە چىلانغان، شەھلا كۆزلىرى تولىمۇ خىدىيالچان ئىدى. سەئىدخان سەل ـ پەللا شەپە چىقارسا قىزنىڭ شۇ ھامان غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋايلاپ قەدەم يۆتكەيتتى. تەگسىز خىيالغا ئەسىر بولغان قىز ھېچنېمىنى سەزمەي بۇلاقنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرىغا مۇڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

قىز ئاخىر بىر شەپىنى سەزدى. ئۇۋچىنىڭ ھىدىنى ئالغان كېيىكتەك دىككىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاشىق كۆزلەر ئۇچراشتى. ھەئە، شۇ دەقىقىدە كۆزلەر پىچىرلىشىۋاتاتتى، يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى.

يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق دۈكۈرلەشلىرىنى ئاران بېسىپ تۇرغان سەئىدخان قىزغا قانداق ئۇسۇلدا گەپ قىلىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. قىزنىڭ ھايالىق كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا شائىرانە تۇيغۇ چىرمىۋالدى. ئادەتتە شېئىر يېزىشتا ئانچە زورۇقمايدىغان، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھاياجانلىق شېئىرىي تۇيغۇلارنى دەرھال ئوتلۇق مىسرالارغا ئايلاندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن سەئىدخان شۇ تاپتا غايىبانە بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان مىسرالارنى ھاياجان بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

قايسى گۈلشەننىڭ سىنىگدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىگدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.

......

يۈزى ئۆزرە كاكۇلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

قىز شەلپەردەك قىزارغىنىچە يىگىتنىڭ شېئىرىنى ئاخىرىغىچە تاقەت قىلىپ ئاڭلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ سۆيگۈ دەرياسىدىكى بېلىقتەك پىلتىڭلايتتى، لېكىن يىگىتنىڭ سۆيگۈ تەلپىگە دەماللىققا جاۋاب بېرىشكە قىزلىق شەرم ـ ھاياسى يول قويمايتتى. ئۇ سەئىدخانغا نازاكەت بىلەن بىر قىيا باقتى ـ دە، دەرھال مېڭىشقا تەمشەلدى.

ــ ئەجەبا كەمىنە ئاشىقى دىۋانىگە خېنىمنىڭ ئىككى كەلىمە جاۋاب سەدىقىسى يوقمىدۇر؟

قىز سەئىدخاننىڭ ئۆتۈنۈشىگە پەرۋامۇ قىلماستىن، كېيىكتەك سەكرىگىنىچە باغقا شۇڭغۇدى.

سەئىدخان ئۇنىڭ كەينىدىن دەرھال قوغلىدى ۋە مەھبۇبىنىڭ كۆڭەي تەرەپتىكى باغ ئىگىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاستا كەينىگە ياندى.

ــ ئاشىقلىق ئادىتى ۋە مەشۇقلۇق يوسۇنى ئالدى بىلەن كۆيمەك، ئاخىرىدا ۋىسال شەربىتى ئېتىماق ياكى ھىجران چۆلىدە چاڭقاپ ئۆلمەكتۇر، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر سەئىدخاننىڭ كۆڭۈل سىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ــ ھەرقانداق ئەركەك زاتى ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولماي قالمايدۇ، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا. مەھبۇبلىرىنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكى سىلىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئەمەستۇر. قائىدە بويىچە ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى كىرگۈزۈپ مۇددىئايىمىزنى بىلدۈرەيلى.

ــ ئەمىسە بۇ ئەلچىلىكنى ئۆزلىرى ئادا قىلسىلا، ــ دېدى سەئىدخان.

ــ شەرەپ بىلەن ئادا قىلىمەن، ــ دېدى خوجا باھادىر ۋە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى، ــ قائىدە بويىچە ئەلچىنىڭ قولىدا ئاز ـ تولا سوۋغات، پېشكەشلەر بولۇشى كېرەك. ئەمما شۇ تاپتا بىزنىڭ بىساتىمىزدا پېشكەشلىككە يارىغۇدەك بىر نەرسە يوق.

سەئىدخان بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەستارپېچنى

توۋلىدى:

ــ تون ـ سەرپايەمنى ئاچىق.

دەستارپىچ سەئىدخاننىڭ خېلىدىن بېرى كىيىپ باقمىغان كىيىملىرىنى ئاچقىتى.

ــ تۇگمە ـ بېزەكلىرىنى سۆك، ــ دېدى سەئىدخان.

دەستارپىچ تونىنىڭ ئالتۇن تۇگمە، ياقۇت ـ مەرۋايىت بېزەكلىرىنى سۆكتى.

سەئىدخان يېنىدىكى ئالتۇن دەستىلىك خەنجىرىنى غىلىپى بىلەن ئېلىپ خوجا ئەلى باھادىرغا قارىدى:

ــ بىساتىمىزدا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەر مۇشۇلار ئىكەن. ئاپىرىپ پېشكەش قىلغايلا. بولغۇسى قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىم مال ـ دۇنيانى ئەمەس، ئادەمنى تونۇيدىغان كىشىلەر بولسا، بۇ پېشكەشلەرنى ئاز كۆرمەيدۇ، ياق دەپ قالسا، ھىجران چۆلىنى كەزمەي ئامالىم يوق.

باغ ئىگىسى خېلىلا ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى بېغىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ ئادەتتىكى قاچقۇنلاردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ خوجا ئەلى باھادىرنى كۆپ سۆزلەتمەيلا، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ جاۋاب بېرىۋەتتى:

ــ ئوغۇل بالا پىچاقتىن ئايرىلسا بولمايدۇ، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ، ــ خەنجەرنى ئالغاچ كەتسىلە. كۈيئوغلۇم بۇ خەنجەر بىلەن قىزىمنىمۇ، ئۆزىنىمۇ قوغدىغاي، دۈشمەنلەرنىڭ جان رىشتىسىنى كېسىپ تاشلاپ، كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاي.

بۇ توي ئىشىغا قىزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا، تېگى ـ تەكتى نامەلۇم بىر يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا رازىلىقى بولمىسىمۇ، ئەمما قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى.

توي باغدا ھەشەم ـ دەرەمسىزلا ئۆتكۈزۈلدى. يۈرىكى قىساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتىدا پۇچىلىنىپ تۇرغان سەئىدخان مەھبۇبىنىڭ ۋىسال شارا-
بىدىن ئازراق تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

※ ※ ※

ئەندىجان.

خوجا ئەلى باھادىر ئۈچ كۈندىن بېرى ئىز ـ دېرەكسىز غا-
يىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققىـ-
نىنى ھېس قىلغان سەئىدخان بەختەرلىكى ئۈچۈن شەھەرنىڭ
چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ سارايدىن يۆتكىلىپ كېتىشنى بىرقانچە
قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن خوجا ئەلى باھادىر قايتىپ كې-
لىپ قالسا ئۆچرىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە توختاپ قال-
غانىدى. كۈندە نەچچە ۋاق سارايىنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. كىشىلەر-
نىڭ، پات ـ پات ئاتلىق ئۆتۈپ تۇرىدىغان چارلىغۇچىلارنىڭ كۆ-
زىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرۋازا ئالدىدا ئۇزۇن تۇرال-
مايتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئەندىشىسى كۈچىيىپ
كەتكەنىدى. ئېغىر ئاياغ خوتۇنىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويماس-
لىق ئۈچۈن، كۆڭلىدىكى خاتىرجەمسىزلىكلەرنى چاندۇرمايتتى.

«خوجا ئەلى باھادىر ئەجەب ئۇزۇن ھايال بولدى ـ يا، بىرەر
كېلىشمەسلىككە ئۇچرىمىغاندۇر ـ ھە؟ جانىبېك سۇلتاننىڭ
پايلاقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ ـ يا؟ قۇدرەتلىك تەڭرى
پاناھىدا ساقلىغاي...»

سەئىدخاننىڭ خىياللىرى چىگىش ئىدى. ۋۇجۇدىنى ئەندى-
شىلىك ئوي ـ پىكىرلەر چۇلغىۋالغانىدى. مەيلى ھۇجرىسىدا،
مەيلى سارايىنىڭ سەيناسىدا، مەيلى دەرۋازا ئالدىدا، بىردەم خاتىر-
جەم تۇرالمايتتى. ئۆزىنى ھەرقانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا، ئەندىشى-
لىك خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشسىمۇ، كۆڭ-
لىگە گۇمان بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى.

«ئەسلىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلمايدىغان، ئەندىجانغا كىر ـ
مەيدىغان ئىشكەندۇق...»

سەئىدخاننىڭ كاللىسىدىن ئاشۇ كۈندىكى تالاش ـ تارتىش لىپ قىلىپ ئۆتتى:

ھەئە، تويدىن كېيىن سەئىدخان قېيىنئاتىسىنىڭ بىغدا پاناھلىنىپ تۇرۇۋېرىشنى لايىق كۆرمىدى. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويۇشى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ قېيىنئاتىسىنىڭ قورۇسىدا بىكار يەپ يېتىۋېرىشنى يەگىتلىك غۇرۇرى كۆتۈرمىدى. ئەمما، نەگە بېرىش ھەققىدە كاللىسىدا ئېنىق بىر نىشان يوق ئىدى. ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ پايلاقچىلىرى، قاتىللىرى تېخىچە ئۇنى ئىزدەشنى توختاتمىغانىدى. لېكىن، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇلاردىن قېچىپ جاڭگالدا پاناھلىنىۋېرىپ زېرىككەنىدى. ۋىسالىغا تېخى تولۇق قانمىغان سۆيۈملۈك خوتۇنىنى جاڭگال، چۆل ـ جەزىرىلەردە جاپا تارتقۇزۇشنى خالىمايتتى، ئەمما تۇرپان تەرەپمۇ، قەشقەر تەرەپمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

— مەنچە بولغاندا ئەندىجانغا بارايلى، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر، — ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن تىڭتىڭلاپ كۆردۇم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرى ھازىر ئەندىجان تەرەپتە خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىپ ئىسيانغا ھازىرلىنىۋېتىپتىمىش. ئەندىجان ئەمىرى جانىبېك سۇلتان پايلاقچىلارنى كۆپەيتىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇدەك. ناۋادا ئەندىجان تەرەپتە سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرى بىلەن ئۇچرىشالىساق، ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىدۇ.

سەئىدخان تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەنمۇ، نەۋرە ئاكىسى بابۇر بىلەنمۇ كۆرۈشكۈسى بار ئىدى.

— شول تاپتا ھەممە پىكىر ـ تەدبىرلىرىمىز ئېھتىمالدىن

uyghurkitap.com

يىراق ۋە ئىمكانىيەتتىن ئۈزاقتۇر، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر ئەندىجانغا بېرىش تەكلىپىنى شەرھلەپ، ــ شەيبانىخانىنىڭ تەۋەلىكىگە بېرىشتا بىرقانچە ياخشىلىقتىن ئۈمىد بار. بىرىنچىدىن، ئەندىجاندا سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرى بار، ئۈچىرىشالىساق كۆچىمىزگە كۈچ قوشۇلىدۇ، بىر تۇغ ئاستىغا جەم بولۇپ، بۇ نىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن نىشان بەلگىلىيەلەيمىز؛ ئىككىنچىدىن، تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى رەئىيەت شەيبانىخانىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويدى، بىزنى قوللايدۇ، ئىسيان قىلساق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز؛ ئۈچىنچىدىن، ئىشلىرىمىز قاملاشماي قالسا، بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا كېتىشىمىزگىمۇ ئاسان، چۈنكى ئەندىجاندىن ئۆتمەي كابۇلغا بارماق قىيىن.

سەئىدخانغا خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى خېلى ئورۇنلۇق بىلىندى. شۇ تاپتا قايسى تەرەپكە بارمىسۇن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماي ئامال يوق ئىدى.

ــ مەيلى، ئەندىجانغا بارايلى. ئەزىزلىك ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرى مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلار.

يول بويى ھۈنەرۋەن، كاسىپ سىياقىدا ياسىنىپ ئەندىجانغا كەلگەن سەئىدخان بىلەن خوجا ئەلى باھادىر شەھەرنىڭ چېتىدىكى يولۇچىلار ئازراق چۈشىدىغان مۇشۇ سارايىنى تاللاپ چۈشكۈن قىلغانىدى.

سەئىدخان خوتۇننى ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇپ، ئەمدىلا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا، خوجا ئەلى باھادىر ئالدىراپ كىرىپ كەلدى:

ــ كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى.

ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەن سەئىدخان ئالدىراپ سورىدى:

ــ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— كوچىدا بىردىنلا جانىبېك سۇلتاننىڭ چارلىغۇچىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. كوچا ـ كويلارنى ئالا قويماي تىنتىۋاتىدۇ.

سەئىدخانغا بۇ ساراي بىردىنلا خەتەرلىك بىلىندى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، شەھەردىن چىقىپ كېتەمدۇق ـ يا؟

— سارايغا بۇياندىن چۇشۇپ، ئۇياندىن چىقىپ كەتسەك سارايۋەننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۇنمۇ كەچ بولۇپ قالدى، كوچا ـ رەستىلەردە چارلىغۇچىلارمۇ خېلى كۆپتەك قىلىدۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇلار بىزنى بۇنچە تېز سېزىپ قالمىغاندۇ، بۇگۇنچە ئارام ئالايلى.

خوتۇنىنىڭ خېلىلا ھېرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان سەئىدخان سارايدا بىر ئاخشام قونۇش نىيىتىگە كەلدى.

«بەلكىم چارلىغۇچىلار باشقا بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە بىزنى كىممۇ تونۇسۇن...»

سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرغا قارىدى:

— ئۇنداق بولسا سىلىمۇ بۇرۇنراق ئارام ئالسىلا، نۆكەرلەر سارايدىن ئايرىلمىسۇن.

— نۆكەرلەرگە تاپىلاپ قويدۇم، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر، — كەمىنىلىرى سىرتقا چىقىپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن.

— كۆپ ئېھتىيات قىلسىلا، بەك كەچ قالمىسىلا.

خوجا ئەلى باھادىر شۇ چىقىپ كەتكەنچە، ئۈچ كۈندىن بېرى يەر يۇتقاندەك غايىب بولۇپ كەتكەنىدى.

«خوجا ئەلى باھادىر تولىمۇ تەدبىرلىك، ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. مەنچە ئۇنى پايلاقچىلار ئاسانلىقچە سېزىۋالالمايدۇ. سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان بولسا ئىزدەپ كەتكەنمىدۇ ـ يا؟ مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويغان بولسا، بۇنچە ئەنسىرەپ كەتمەيتتىم. چوقۇم بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغان گەپ. خوجا ئەلى باھا ـ

دىر ئۇنداق ئالدىراقسان، باشباشتاق كىشىلەردىن ئەمەس. سەيىيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان بولسا، ئاۋۋال مېنى خە- ۋەرلەندۇرەتتى. زادى نەگە كەتكەندۇ؟...»

※ ※ ※

خوجا ئەلى باھادىر ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي ئېلىپ بې- رىلغان قىيناقتا ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئېگىز بوي، ھىند- دىدەك قاپقارا، كۆزلىرى ئالغاي زىندان بېگى تولىمۇ رەھىمسىز ئادەم ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيانقى تۆرلۈك قىيناقلىرى- غا بەرداشلىق بېرىپ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالغان خوجا ئەلى با- ھادىرغا ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىنى چىقارغانىدى:

ــ ئېيتە! سەيىيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ دېرىكىنى نېمە ئۇ- چۇن قىلغانىدىڭ؟

قىيناق ئازابىدا ھالىدىن كەتكەن خوجا ئەلى باھادىر خى- رىلداپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ كەمىنىلىرىنىڭ ئىزدەۋاتقىنى جانابلىرى دېگەن سەيىيد مۇھەممەد مىرزا ئەمەس.

ــ مېنى كولدۇرلىتىمەن دېمە!

ــ قۇرئان تۇتۇپ بېرەي.

ھەئە، خوجا ئەلى باھادىر سەئىدخان بىلەن خوشلىشىپ سارايدىن چىققاندىن كېيىن، چايخانا، ھالۋاپۇرۇچ دۇكىنىغا، ھەت- تا قەلەندەرخانىلارغا بېرىپ، كىشىلەردىن ئاسماقچىلاپ گەپ سوراپ، سەيىيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ دېرىكىنى قىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ قەلەندەر، دىۋانە سىياقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەندىجان ئەمىرى جانىبېك سۇلتاننىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ بارلىقىنى خىيا- لىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان ئون نەچچە چارلىغۇچى لەشكەر ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە زىندانغا ئەكېلىپ تاشلىدى...

مانا، ئۈچ كۈندىن بېرى ئالغاي زىندان بېگى ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلىۋاتاتتى.

ــ تامبىلىنى سالدۇرۇڭلار!

زىندان بېگىنىڭ پەرمانى بىلەن گۇندىپايلار ئېسقىلىق تۇرغان خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلىدى. ئالغاي زىندان بېگى ئەۋرىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خوجا ئەلى باھادىرغا قولىدىكى ئۇستۇرىنى شىلتىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ بوپتۇ، گېپىڭ راست بولسا بىزگىمۇ ئامال يوق. ئەمما زىنداندىن بۇنداق چىقىپ كەتسەڭ بولمايدۇ، شۇڭا ئەن سېلىپ قويايلى.

ئالغاي زىندان بېگىنىڭ نەرىگە ئەن سالىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىز شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ دۈشمىنى سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئەسلىدە تىلىڭنى كېسىۋالسام بولاتتى، ئەمما زىنداندىن چىققاندىن كېيىن ئىزدىگەن ئادىمىڭنى سۈرۈشتە قىلالماي قالما، شۇڭا، ساڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، پىچىپ ئاختا قىلىۋېتەي.

خوجا ئەلى باھادىر ھازىرلا جان يېرىگە ئۇستۇرا تەگكەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاختا قىلىنغىنىدىن تىلى كېسىلگىنى ياخشىراق ئىدى.

«ئاھ، تەڭرىم! ماڭا بۇ نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى؟ خانزادە سەئىدخانغا بولۇشۇپ شەيبانىخاندىن يۈز ئۆرۈگۈنۈم راست، ئەمما بۇ ئىشىم گۇناھ سانالغاندىمۇ بۇنداق جازاغا لايىق ئەمەستىغۇ؟ ئاختا بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ خاتۇن ـ ئاغىچىلىرىمنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن؟ شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىدا ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، مەنسەپ ـ مەرتىۋەم بار ئىدى. سەئىدخانغا ئەگەشكىنىمدىن بېرى بىر كۈنمۇ ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىدىم. كۈنلىرىم غەم ـ تەشۋىش ئىلكىدىلا ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com

خانزادە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى قايتۇرۇۋالسا قىلغان ياخشىلىقىم، كۆرسەتكەن تۆھپە ـ خىزمەتلىرىمنىڭ بەدىلىگە يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئابرۇي، شۆھرەت بىلەن ياشارمەن دېگەن خام خىيالدا بوپتىكەنمەن. ئەمدىلىكتە مەنسەپ ـ مەرتىۋە تۇگۇل، تەڭرى ئىنئام قىلغان گۆھىرىمــ ئەرلىكىمدىن ئايرىلىپ قالسام، بۇ مەن ئۈچۈن قانداقسىگە ئابرۇي بولسۇن؟ ئاختا قىلىنغان ئادەمگە شان ـ شۆھرەت، مەنسەپ ـ مەرتىۋىنىڭ نېمە كېرىكى؟ قەلەندەر بولۇپ كەتسەممۇ بېجىرىم ئەركەكتەك ياشىغىنىم مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟...»

ئالغاي زىندان بېگىنىڭ ئېيىق تاپىنىدەك يوغان قوللىرى جان يېرىگە تېگىشى ھامان خوجا ئەلى باھادىر ۋەھىمىدىن دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرسەتكەن چىدامچانلىقى، نوچىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ــ رەھىم قىلسىلا بېگىم، ــ دېدى ئۇ جالاقلاپ تىترىگىنىچە، ــ مەن ئىقرار قىلاي...

ئالغاي زىندان بېگى خىرىلداپ كۈلدى:

ــ باشتىلا مۇشۇنداق دېيىشىڭ كېرەك ئىدى.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى سۇس پىلدىرلىدى:

ــ مېنى جانىبېك سۇلتان جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرسىلە.

ــ نېمىشقا؟

ــ دەيدىغان گەپنى شول دەرگاھتا دەيمەن.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە چولىسى تەگمەيدۇ.

ــ ئاۋۋال بېرىپ مەلۇم قىلسىلا، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، ــ شەيبانىخان ئالىيلىرى قارارگاھىنىڭ ئورۇنباسار ياتىش بېگى خوجا ئەلى باھادىر كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دېسىلە بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئالغاي زىندان بېگىگە تەسىر قىلدى:

ــ يەنە يالغان سۆزلىمىگەنسەن ـ ھە؟

ــ ھەددىم ئەمەس، جانىبېك سۇلتان جانابلىرى مېنى تونۇيدۇ.

ئالغاي زىندان بېگى خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئىشتىنىنى كىيدۈرۈپ، جانىبېك سۇلتاننىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.

ــ بۇ راستتىنلا ياتىش بېگى ئىكەنغۇ، ــ دېدى جانىبېك سۇلتان بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ تىزلىنىپ تۇرغان خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ.

ــ ئازماس ئاللاھ، ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندە، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىلا بايان قىلغاندىن كېيىن، ــ كەمىنىلىرى شۇ چاغدا شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتاننىڭ خۇپپىيانە پەرمانى بويىچە سەئىدخاننى ئۇل دەرگاھتىن ئېلىپ قاچقانمەن. مانا كۆتمىگەندە قوللىرىغا چۈشۈپ قالدىم...

ــ ماڭا كەچۈرمىشلىرىنىڭ كېرىكى يوق. ئەندىجانغا كېلىشتىكى مۇددىئالىرىنى سۆزلىسىلە.

خوجا ئەلى باھادىر ئەمدى سىر يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

«ئەمدى يالغان سۆزلىسەم بىراقلا كاللامدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. سەئىدخانغا ئەگىشىپ نېمە خوشلۇق كۆردۈم؟ بەلكىم جانىبېك سۇلتان مېنى كەچۈرۈۋېتىشى، ھەتتا يېنىدا ئەپقېلىپ مەنسەپ ـ مەرتىۋە بېرىشى مۇمكىن. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، بۇ بالا ـ قازادىن مەنمۇ، خانزادە سەئىدخانمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. راستچىللىق بىلەن ئىقرار قىلىپ ئۆتۈنسەم، خانزادىنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولار. كېيىنكى ئىشلار تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇر...»

ــ ئەندىجانغا خانزادە سەئىدخان بىللە سەييىد مۇ-

www.uyghurkitap.com

ھەممەد مىرزىنىڭ دېرىكىنى قىلغىلى كەلگەن. مۇددىئايىمىز شۇلكى، مىرزا بىلەن بىرلىكتە ئىسيان قىلىش.

جانىبېك سۇلتان لام ـ جىم دېمىدى. چىرايىدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ دەريا كەبى كۆڭۈل ـ كۆكسى مېھىر ـ شەپقەت دۇردانىلىرىنىڭ كانىدۇر، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر يېلىنغان ھالدا، ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلغىنىم ئۆزۈمگە ئاياندۇر. ئەمما، ھىممەتلىرىدىن چەكسىز ئۇمىدۋارمەن. ئۆزۈم بىلەن خانزادە سەئىدخاننىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

جانىبېك سۇلتان مىيىقىدا كۈلدى:

ــ خوجا ئەلى باھادىرنى ئەزەلدىنلا ۋاپا، ساداقەت ئەھلى دەپ بىلگەنىدىم. راست شۇنداقكەن. ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. سىلى شۇ تاپتا مەندىن ئول خانزادە سەئىدخاننىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەۋاتىدىلا. ئەمما مەن بولسام ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن.

ــ خوجا ئەلى باھادىر ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

ــ خانزادە ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئەرەكى دەرۋازىسىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى سۇپۇرگە باينىڭ سارىيىدا قالغان. بەلكىم ھېلىمۇ شۇ يەردىدۇر.

ــ ئەمىسە ئەللىك نۆكەر بىلەن بېرىپ، دەرگاھىمغا باشلاپ كەلسىلە.

كۈتۈلمىگەن بۇ پەرماندىن خوجا ئەلى باھادىرنى قارا تەر باستى:

ــ ھۆرمەتلىك ئەمىر جانابلىرى، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان تەڭقىسلىقنى تەستە يېڭىپ، ــ خانزادە سەئىدخاننى تۇتۇپ كېلىشكە باشقا سەركەردىلىرىنى بۇيرۇغان بولسىلا.

ــ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلاي دەمدىلا؟

خوجا ئەلى باھادىر كۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ يوقسۇ، ھەددىم ئەمەس، ــ ئەمما، خانزادىنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۆيۈلىدىكەنمەن.

جانىبېك سۇلتان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ ئۆيۈلۈشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق. سىلى ھازىردىن باشلاپ ئول خانزادىگە ئەمەس، ماڭا نۆكەرلىك قىلىدىلا. پەرمانىمنى دەرھال بەجا كەلتۈرسىلە.

ــ پەرمانبەردارمەن!

خوجا ئەلى باھادىر ئەللىك نۆكەرنى باشلاپ، ئەرەكى دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ جانىبېك سۇلتاننىڭ ئۆزىگە بىرەر سەركەردىسىنى يانداپ بەرمەي، ئەللىك نەپەر نۆكەرنى ئالدىغا سېلىپ بەرگىنىدىن تەئەججۈپلىنىپ قالغانىدى.

«بەلكىم مېنى سىناۋاتقاندۇ ياكى ساداقىتىمگە ئىشەنگەندۇ. نېمىلا بولمىسۇن بىردەمدىلا ئەللىك نۆكەرلىك بولۇپ قالدىم مانا. ئەجەب بىر تەس كۈنگە قالدىم دېسە. خانزادىنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن؟ ئەسلىدە ئەندىجانغا كېلىشنى تەۋسىيە قىلمىسام بوپتىكەن...»

ئۇ زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە سارايىنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى:

ــ سىلەر ھويلىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، ــ دېدى نۆكەرلىرىگە قاراپ، ــ خانزادىنى ئۆزۈم تۇتۇپ چىقىمەن.

سارايغا بىر توپ لەشكەرلەرنىڭ يوپۇرۇلۇپ كىرگىنىنى كۆرگەن سەئىدخان يا قېچىپ كېتىشنى، يا قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى.

ــ مېنى كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر يەرگە قاراپ تۇرۇپ، ــ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا تۇزكورلۇق قىلىدىغان بولدۇم.

سەئىدخان ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— سىلىدىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم. گەرچە ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن ۋاپا كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن سىلىنىڭ ساداقەتلىرىدىن شۇ كەمگىچە زىنھار گۇمانلانمىغانىدىم. ئەسلىدە ئەندىجانغا كېلىشنى تەۋسىيە قىلىشلىرى مەقسەتلىك بولغانىكەن. بوپتۇ، مېنى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئىنئاملىرىنى ئېلىۋەرسىلە. ئەمما ئاغىچامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىشىگە يول قويسىلا.

— بۇ ئىشلارنى ھازىرچە سىلىگە چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر، — ئاغىچا ئايىمدىن خاتىرجەم بولسىلا. بەلكىم سىلىنىمۇ بۇ بالا ـ قازا ئۇۋىسىدىن يەنە ئۆزۈم قۇتۇلدۇرۇپ چىقارىمەن.

سەئىدخان خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى سەپەرگە ھازىرلىنىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، خوجا ئەلى باھادىر بىلەن سارايدىن چىقتى.

— ئەمىر جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈز، خانزادە سەئىدخاننى قامايمىزمۇ ياكى ھازىرلا كۆرۈشەمدۇ، پەرمانىنى ئېلىپ كەل، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر نۆكەر بېشىغا قاراپ.

جانىبېك سۇلتاننىڭ سەئىدخاننى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇشىدىن ئەنسىرىگەن خوجا ئەلى باھادىر، بىرەر چارە تېپىش ئۈچۈن قەستەن ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋاتاتتى.

تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى تولىمۇ قىزىق بولىدۇ، دۇنيادا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

ھەئە، جانىبېك سۇلتان خوجا ئەلى باھادىرنى سەئىدخاننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، بىكار ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، بىردىنلا ئات مىنگۈسى كېلىپ قالغانىدى. ئاختىچى ئاتنى پۇختا ئېگەرلىمىدىمۇ ياكى ئاتتا مەزمۇت ئولتۇرمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، جانىبېك سۇلتان ئاختىچى يېتىلەپ كەلگەن ئاتقا مىنىپ، ئەمدىلا ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇشىغا، ئات تۇيۇقسىز ئورنىدا بىر چاپچىۋىدى، جانىبېك سۇلتان ئاتتىن ئاسمان تاپان بولۇپ

يىقىلدى ـ دە، بىشى يەرگە ياتقۇزۇلغان چاسا خىشقا قاتتىق تەگدى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئالەم ـ جاھان چۆرگىلەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئاغرىق ئازابىدا ئىنجىقلاپ ياتقان جانىبېك سۇلتاننىڭ قېشىغا خوجا ئەلى باھادىر ئەۋەتكەن نۆكەر بېشى كىرىپ كەلدى:

— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، خوجا ئەلى باھادىر خانزادىنى سارايدىنلا تۇتتى. ئاۋۋال زىندانغا قامىدۇق ياكى ئەمىر جانابلىرى ھازىرلا كۆرۈشەمدۇ، بىلىپ كەل، دەپ مېنى ئەۋەتتى.

جانىبېك سۇلتان بېشىنىڭ ئاغرىقىدا بايىقى پەرمانىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، نۆكەرنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئېسىگە ئالدى.

«بابا، خوجا ئەلى باھادىر خانزادە سەئىدخاننى تۇتۇپ كەلسە كاللىسىنى ئۆزىگىلا ئالغۇزارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. قارىغاندا سەئىدخاننى ئۆلتۈرۈشۈمنى قۇدرەتلىك تەڭرىم راۋا كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشۈم بۇنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك. ھۆرمەتلىك قېيىنئاتام سۇلتان شەيبانىخان ئالىيلىرىدىن پەقەت سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى تۇتقان يەردە كاللىسىنى ئېلىش پەرمانى كەلگەن، ئەمما ئول خانزادە سەئىدخان ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەنىدى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقسام، بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولماي يەنە...»

جانىبېك سۇلتان نۆكەر بېشىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان جاللات ئەمەسمەن. ناھەق قان تۆكىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. موغۇلىستان خانزادىسىنى تۇتۇش ھەققىدە ھېچكىم ماڭا پەرمان بەرگەن ئەمەس. ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈنمۇ شەرىئەت ھۆكمى چۈشكەن ئەمەس. خوجا ئەلى باھادىرغا پەرمانىمنى يەتكۈز. ئول خانزادە سەئىدخاننى دەرھال ئامانلىق سەھراسىغا قويۇپ بەرسۇن. كۆڭلى نەنى خالىسا شۇ يەرگە كەتسۇن.

— پەرمانبەردارمەن!

نۆكەر بېشى پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال كەينىگە ياند-

دى.

شۇ تاپتا قوللىرى باغلانغان سەئىدخان ئات ئۈستىدە غەمكىن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەتراپقا بىردەمدىلا پۇر كەتكەنىدى. بىر توپ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغانىدى.

«ئۇلار تاماشا كۆرۈۋاتامدىغاندۇ ياكى ماڭا قىزىقىپ قالغانىمدۇ. ھەئە، ئۇلار مېنى تونۇمىغىنى بىلەن جەننەتماكان ئۇلۇغ بوۋامنى، خان تاغامنى، ھەتتا خان ئاتامنى تونۇيدۇ. بەلكىم بىر زامانلاردا جاھاننى تىترەتكەن خان ـ سۇلتانلارنىڭ مەندەك بىر نەۋرىسىنىڭ ھازىرقى ھالىغا ئېچىنىۋاتقاندۇر. ئەمدى ئۆلۈمدىن خالاس بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. خوجا ئەلى باھادىردىن رەنجىشىمىمۇ ھەققىم يوق. ساتقىنلىق قىلغۇسى بولسا، ئۈچ كۈن ئاۋۋاللا نۆكەر باشلاپ كېلەتتى. تۇتۇلۇپ قېلىپ قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئەنە يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ، ئىششىپ كېتىپتۇ. يول ماڭسىمۇ، ئات مىنسىمۇ بىر يەرلىرىنى ئاۋايلاۋاتىدۇ. بەلكىم بۇمۇ تەقدىر بولسا كېرەك. مېنى بۇ تەقدىردىن پەقەت قۇدرەتلىك يېگانە ئاللاھ قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن. ناۋادا شۇ دەقىقىدە شەيبانىخان ئۆلگەن بولسىچۇ؟ بىراق، مېنى مۇشۇ سائەتتە ئۆلتۈرىدىغان تۇرسا، شەيبانىخاننىڭ ئۆلگىنىنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بۇ يەرگە بىر ئايدىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ. ھە راست، جانىبېك سۇلتان مەن يېتىپ بارغۇچە ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ بەلكىم مۇشۇ سائەتتە ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ھايات قالارمەن. ئەمما جانىبېك سۇلتاننىڭ ئۆلگىنىدىن ئۆزبېكلەرگە ھېچبىر مالاقات ۋە پەرىشانلىق يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى ئەمىر بولىدۇ. ئۇمۇ شەيبانىخاننىڭ يارلىقىغا پەرمانبەردارلىق قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى خەقنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمەي، ئۆزۈمگە ئۆمۈر تىلەي. چۈنكى، ئۇ سەۋەب بىلەن ئۆلۈمدىن خالاسلىق تاپالىشىم مۇمكىن ئەمەس...»

سەئىدخان ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىنى تولۇق ئۈزگەنىدى.

شۇڭا غۇرۇرىنى ساقلاپ، ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ يۈزلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشاتتى. خوجا ئەلى باھادىر ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. دەيدىغان گېپى باردەك قىلاتتى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي نۆكەر بېشى قايتىپ كەلدى.

— جانىبېك سۇلتان جانابلىرى موغۇلىستان خانزادىسىنى ئازاد قىلىش پەرمانى بەردى، — دېدى ئۇ خوجا ئەلى باھادىرغا جا- نىبېك سۇلتاننىڭ گەپلىرىنى پەرماننى تەپسىلىي يەتكۈزۈپ.

خوجا ئەلى باھادىر زىممىسىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يەڭ- گىل تىندى:

— ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى چەكسىزدۇر، — دېدى ئۇ سە- ئىدخانغا قاراپ، — تەقدىر ـ پېشانىلىرى ئوڭكەن ئالىيلىرى.

شۇ تاپتا سەئىدخان چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندى.

خوجا ئەلى باھادىر ئۇنىڭ قولىنى يەشكەچ، قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— جانىبېك سۇلتان بۇ پەرماندىن ھېلىلا يېنىۋالىدۇ. چۈن- كى ئۇ مىجەزى ئۆزگىرىشچان، تۇتۇرۇقسىز ئادەم. بەلكىم ھايال ئۆتمەي بۇ يارلىقنىڭ ئەكسىچە يارلىق، نىشان ئەۋەتىشى مۇم- كىن. شۇنداقتىمۇ ماڭا ھازىر مۇشۇنچىلىك باھانە بولسا كۇپايە. شۇڭا ھازىرلا ئەندىجاندىن چىقىپ كەتكەيلا. قانچە يىراققا كەتسە- لە شۇنچە ياخشى. ئەڭ ياخشىسى قارا تىگىن يولى بىلەن كابۇلغا بارغايلا. ئازماس ئاللاھ دەپتىكەن. گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا ئالىي- لىرى.

خائىنلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساداقىتىنى بىل- دۈرگەن خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كۆزىگە سەئىدخان مېھرى بىلەن قارىدى:

— سىلىنى كەچۈردۇم باھادىر. مەن بولسام قېرىنداشلى- رىمدىنمۇ ۋاپا كۆرمىگەن ئادەممەن. شۇڭا سىلىدىن رەنجىشكە

ھەققىم يوقتۇر. بىر مەزگىل ماڭا ئەگىشىپ قىلغان خىزمەتلىرىگە تۇشلۇق ھەق بېرەلمىدىم. تەڭرىم نېسىپ قىلسا چوقۇم قايتۇرىمەن. ئامان بولغايلا.

— مەندىن ئەنسىرىمىسىلە. سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىنىڭ دېرىكىنى ئالالىسام خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن. ھە راست، سىلىنى بۇنداقلا يولغا سېلىپ قويسام خاتىرجەم بولالمىغۇدەكمەن. يۈرسىلە، سىلىنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ قوياي.

— جېنىمنى ياقىغا ئالدىم، دەپ ئاغىچامنى تاشلاپ قويسام بولماس.

— ئاغىچا ئايىم ئېغىر بوي. ئالىيلىرى بىلەن تەڭ ماڭالمايدۇ. خاتىرجەم كېتىۋەرسىلە. ھالىدىن ئۆز قىزىمدەك خەۋەر ئالىمەن.

— مۇمكىن بولسا قېيىنئاتامنىڭ دەرگاھىغا ئاپىرىپ قويارلا.

ئۇلار ئەركى دەرۋازىسىغا قاراپ ئالدىراش مېڭىشتى.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. ئۇلار تېخى ئىككى ـ ئۈچ يۈز قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا جانىبېك سۇلتاننىڭ ئاللاھبەردى ئىسىملىك پەرمانچىسى يېتىپ كەلدى.

— ئەمىر جانابلىرىدىن پەرمان بار، — دېدى ئۇ خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ.

بىر شۇملۇقنى سەزگەن خوجا ئەلى باھادىر سەئىدخانغا تەشۋىشلىك بىر قارىۋېتىپ، پەرماننى قولىغا ئالدى ـ دە، ئېچىپ ئوقۇدى:

*«موغۇلىستان خانزادىسى سەئىدخاننى ئازاد قىلىش ھەققىدە ئويلاشمايلا يارلىق، نىشان بېرىلىپ قاپتۇ. ئۇنى ئازاد قىلىش سۇلتان شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر، شۇڭا ئۇشبۇ پەرماننى تاپشۇرۇپ*

*ئالغان ھامان ئۇنى كەلمەس بولۇپ كەتكەنلەر قاتارىغا قو-شۇۋەتكەيسىلەر. سەئىدخاننى پايتەختتە، خان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ دارغا ئېسىلىش يولى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىلىشى مۇقەررەردۇر...»*

خوجا ئەلى باھادىر پەرماننى تەپسىلىي بىر ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن، ئاللاھبەردى پەرمانچىغا قاراپ سوغۇق كۈلدى:

ــ بايا جانىبىڭ سۇلتان جانابلىرى ئاتتىن يىقىلىپ چۈ-شۈپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەقلى ۋە مېڭىسىگە زەرەر يەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنداق كاللىدىن ھەرقانداق ياخشى خىيال پەيدا بولسا، يامان نەتىجە بېرىدۇ. يامان خىيال پەيدا بولسا، كۆ-پىنچە ياخشى نەتىجە بەرگۈسىدۇر. تولىمۇ ئەپسۇس، ئەمىر جاناب-لىرىنىڭ بۇ پەرمانى تولىمۇ كېچىكىپتۇ. بايىلا ئازاد بولۇپ، گويا سىمابتەك يوقالغان موغۇلىستان خانزادىسىنى ئەمدى بولغاندا مەن قەيەردىن ئىزدەپ تاپىمەن؟

تەشۋىشلىك خىياللارغا ئەسىر بولۇپ تۇرغان سەئىدخان يەڭگىل تىندى.

ئاللاھبەردى پەرمانچى ئاۋۋال خوجا ئەلى باھادىرغا، ئاندىن باشقىلارغا گۇمان بىلەن سىنچىلاپ قارىدى:

ــ ئەي باھادىر، ساداقەت يولىدىن چىقىش ۋە يالغان ئېيت-تىش ھەممە سۇپەتلەرنىڭ يامانراقىدۇر. بۇنداق يامان سۇپەتكە ئىگە بولۇش سىلىگە مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئال-دىدا ساداقەت بىلدۇرۇپ ئەھدى ـ پەيمان قىلغانلىقلىرى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئول موغۇلىستان خانزادىسىنى كۆزدىن سىمابتەك يوقالدى دەيدىلا. ئەمما مەن ئۇنى بىلىمەن ۋە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئەنە يانلىرىدا تۇرۇپتۇ.

خوجا ئەلى باھادىر پەرمانچىغا غەزەپ بىلەن چەكچەيدى:

ــ سەن بىر ئاددىي خىزمەتكاردىن پەرقى يوق مەرتىۋىسىز،

مۇلازىمىتىڭنىڭ ئېتەكلىرى مۇخالىپەت نىجاسەتلىرىدىن ئېرىغدالمىغان، ئۇنى ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم سۇلىرى بىلەن ھەرقانچە يۇسىمۇ پاكلانمايدىغان بىر چۈپرەندە تۇرۇپ مېنى يالغانچىلىقتا ئەيىبلەپ، قۇدرەتلىك شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ خانىدانىغا ساداقەتلىك بولۇش خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلىۋاتامسەن تېخى؟! سەن دېگەن جانىبېك سۇلتاننىڭ دەرگاھىدىكى چىمچىلاققىمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان مۇلازىمسەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ خاس قارارگاھىدا ياتىش بېگى بولۇپ ئامانلىقنى قوغدىغانمەن ھەمدە جەڭلەردە قان كېچىپ كۆرسەتكەن تۆھپەم ئۈچۈن باھادىرلىق ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلانغانمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئالدىمدا پالان ـ پۇستان دېيىشكە نېمە ھەددىڭ؟! مۇشۇ ئەدەپسىزلىكىڭ ئۈچۈن سېنى ئاۋۋال جازالاپ، ئەمىر جانابىلىرىغا جاۋابىنى ھەر باب بىلەن بېرىپ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن.

— ھەددىلىرى ئەمەس! — دېدى ئاللاھبەردى پەرمانچى تاتارغان ھالدا.

— كېلىڭلار! — دېدى خوجا ئەلى باھادىر نۆكەرلەرگە قاراپ، — مۇنۇ ئۆزىنى بىلمىگەن پەسەندىنىڭ بويىنىغا تاقاق سېلىپ، يول بويىدا ئۇلتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار!

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن ئاللاھبەردى پەرمانچى قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، سەئىدخان چاچراپ بېرىپ دەل يۈرىكىنى نىشانلاپ خەنجەر ئۇردى.

— موغۇلىستان خانزادىسىنى مېنىڭ يېنىمدا يەنە كۆرگەنلەر بارمۇ؟ — سورىدى كۆزىگە قان تولغان خوجا ئەلى باھادىر نۆكەرلەرگە قاراپ.

نۆكەرلەر خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى باشتىلا ھېس قىلىشقانىدى. ھازىرقى ئەلپازىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى ـ دە، ئالدىراپ جاۋاب بېرىشتى:

— ئىللا ـ بىللا كۆرمىدۇق.

— ئەمدى يەنە ساقلاپ تۇرمايلى، — دېدى خوجا ئەلى باھا-

دىر سەئىدخانغا قاراپ، ــ چاققان يولغا چىقسىلا ئالىيلىرى.

ــ بىللە كېتەيلى، ــ دېدى سەئىدخان.

ــ بىر ئامال قىلىپ ۋاقتىنى سوزاي. مەندىن ئەنسىرىمە-
سىلە.

خوجا ئەلى باھادىر سەئىدخاننى ئەرەكى دەرۋازىسىدىن چىد-
قىرىۋەتكەندىن كېيىن، جانىبېك سۇلتانىنىڭ قېشىغا بېرىشقا
ئالدىرىمىدى. نۆكەرلەرنى تاھارەت ئالدۇرۇپ، قۇرئان تۇتتۇرۇپ،
مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماسلىققا قەسەم قىلدۇردى. ئاندىن نا-
مازشام ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، جانىبېك سۇلتاننىڭ ئال-
دىغا كەلدى:

ــ دەسلەپكى پەرمانلىرىغا بىنائەن سەئىدخاننى ئازاد قىلىد-
ۋەتكەنىدىم، كېيىن ئاللاھبەردى پەرمانچىدىن ئەۋەتكەن پەرمانلىد-
رىنى ئېلىپ سەئىدخاننى ئىزدىدىم. شەھەردىن چىقىپ كەتكەن
چېغى، تاپالمىدىم. ئاللاھبەردى پەرمانچى ئاتتا ياخشى ئولتۇرال-
مايدىكەن، ئاتتىن تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆزىنىڭ خەنجىرى
ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە پېتىپ كېتىپ قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى
خۇددى غايىبتىن جازالانغاندەك بولدى دېسىلە.

جانىبېك سۇلتان گۇناھ ئۆزىدە بولغانلىقى ئۈچۈن لام ـ
جىم دېيەلمىدى. خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كۆڭ-
لىگە تەشۋىش سېلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ يەنە سوئال سوراپ قې-
لىشىدىن ئەنسىرىگەن خوجا ئەلى باھادىر قەستەن سوراپ قويدى:

ــ ئەمىر جانابلىرىنى ئاتتىن تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپتۇ
دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئۇستىخانلىرىغا زەرەر يەتمىگەندۇ؟

ــ خۇداغا شۈكرى ساقمەن، ــ دېدى جانىبېك سۇلتان ئە-
يىبى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك خىجىل بولۇپ.

ــ ھەرنېمە بولسا ئامان قاپلا، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر، ــ
شەپقەتلىك تەڭرىمىنىڭ پاختىسىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلىغۇدەك
قۇدرىتى بار. سىلىگە كەلگەن قازا ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ياد-

لىرىدىن سىپاھ ئۆتۈپ ئاللاھبەردى پەرمانچىنى تۇتقان ئوخشاي-
دۇ، ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇۋالغايلا.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كېيىنگە ئىشەنگەن جانىبىك سۇلتان شۈكۈر نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا ئالدىرىدى.



بۇخارا.

ھەببە سۇلتان خېنىم ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەرنى كۆرۈپلا باغرىغا باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندىن بېرى ئاچىسىنىڭ پات ـ پات يىغلايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى مۇھەممەد ھەيدەر ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، ئاچىسىنىڭ ھازىرقى يىغىسى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلدى. تۆر تەرەپتىكى كۆرپىدە ئولتۇرغان يېزنىسى — بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللا مىرزىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئابدۇللا مىرزا قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك غەمكىن ئولتۇراتتى. مۇھەممەد ھەيدەر ئاچىسى بىلەن يېزنىسىنىڭ جىدەللىشىپ قالمىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

«ئىنىچەمنىڭ كۆڭلى نېمىدىن ئازار يېگەندۇ؟ رەھمەتلىك ئاتامنى يەنە ئەسلەپ قالغانمىدۇ ـ يا؟...»

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن كۆرۈنۈش لاپپىدە زاھىر بولدى.

ھەئە، شەيبانىخان بىلەن كۈتمىگەندە ھىراتتا دوقۇرۇشۇپ قالغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان دەماللىققا قېچىپ كېتىشكە ئامال تاپالماي، ھىراتتا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي سۇلتان مەھمۇدخان ئەۋەتكەن چاپارمەن بىلەن كۆرۈشۈپ،

ئۇنى شەيبانىخاننىڭ قېشىغا كەلمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ خەت ئەۋەتتى. ئەمما يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. شۇ كۈنلەردە شەيبانى-خاننىڭ نىيىتىنىڭ قاتتىق بۇزۇلغانلىقىنى، سۇلتان مەھمۇدخان-نى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغانلىقىنى، ناۋادا سۇلتان مەھمۇدخاننى ئۆلتۈرسە، كېيىنكى ئۆلۈم نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ قېچىشىنىڭ ئاما-لىنى قىلالمىغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەرنى بولسىمۇ بۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ئوغلى-نىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئوغلىنى كابۇلدا ـــ با-بۇرنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئەمدى بولغاندا كابۇلغا ئەۋەتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، شەيبانىخان ئەڭ ئاۋۋال ئوغلىنى ئۆلتۈرۈ-ۋېتەتتى. ئۇزاق باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئوغلىنى بۇخارادا ئەمىر بو-لۇپ تۇرغان كۈيئوغلى ئابدۇللا مىرزىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىشنى لايىق تاپتى.

«قىزىم ھەبىبە سۇلتان خېنىم ئىنىسىنىڭ ھالىدىن ئان-سىنىڭ ئورنىدا خەۋەر ئالدۇ. ناۋادا ماڭا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، كۈيئوغلۇم ئابدۇللا مىرزا بۇ قېيىنئىنىسىنى چوقۇم قوغداپ قالدۇ. شەيبانىخانمۇ ئاشۇ جىيەن ئوغلىنىڭ يۈ-زىنى قىلىپ بولسىمۇ، ئوغلۇمنىڭ جېنىغا قەست قىلالماس...»

ئۇ سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى-نىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلدى:

ـــ قەدىرلىك ئوغلۇم، ئاناڭ قازا قىلىپ كەتكەندىن بېرى ھە دېگەندە سەلتەنەت غوۋغالىرى بىلەن بولۇپ، ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا تۈزۈك ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئەسلىدە ھازىر سېنىڭ غەم ـ غۇسسىلەردىن خالىي ھالدا مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم ئۆگىنىدىغان چېغىڭ ئىدى. ساڭا مۇشۇنچىلىك شارائىتنىمۇ ھا-زىرلاپ بېرەلمىدىم. خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈركىم، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بالا بولدۇڭ. مەدرىسەلەردە ئۇزاقراق تۇرۇپ تەربىيە

ئالالمىساڭمۇ ئەتكە ئۇستازلىرىڭدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆ-
گىنىۋالدىڭ، ئەمدى بىز يەنە ئايرىلىدىغان بولدۇق. گەرچە بۇ ئاي-
رىلىشقا يۈرىكىم چىدىمىسىمۇ، ئامالسىزمەن. سەن بولساڭمۇ ھا-
يات ياشىشىڭ، ئاتاڭ ئورۇنلىيالمىغان ئىشلارنى ئورۇنلىشىڭ
كېرەك. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرىم
كار قىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ مەندىن بەكرەك ئەتراپىدىكى
ئاشۇ كالتە پەم رەزىللەرگە ئىشىنىدۇ. ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغان.
شۇلارغا ئىشىنىپ، شۇلارنىڭ تۇتۇرۇقسىز تەۋسىيەلىرىنى
قوللاپ، سەلتەنەت قۇياشىنىڭ پېتىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ قې-
تىم شەيبانىخان ئۇنىڭغا ئىنايەت شارابىنى ئەمەس، شېھىتلىك
شارابىنى ئىچكۈزىدۇ. خان ئالىيلىرىدىن ئاشقىنىنى بەلكىم ماڭا
ئىچكۈزۈشى مۇمكىن. ئەمدى بۇ شۇم تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلمى-
قىم تەس. سېنى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا يېزنەڭ بىلەن ئى-
گىچەڭگە ۋە ساداقەتمەن نۆكىرىم مەۋلانە مۇھەممەدكە تاپشۇرماق-
چىمەن. گەرچە سەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ ياشاش ماڭا جېنىمدىن-
مۇ شېرىن بولسىمۇ، ئەمما شەيبانىخاننىڭ سېنى ماڭا ھەمراھ
قىلماسلىقىدىن ۋايىم يەيمەن. تېنىڭنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىڭ-
نىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى كۆزلەپ، ئايرىلىش زەھىرىنى ئىچىشنى
لايىق كۆردۈم. سەنمۇ بۇ ئايرىلىش ئەلەملىرىگە سەۋر ـ تاقەت
قىلغايسەن. بىلگىنىكى، ئاتىنىڭ ئۆلۈمى پەرزەنتىگە مىراستۇر.
ساڭمۇ بۇ ھادىسە ھامان بىر كۈنى دۇچ كېلىدۇ. ئەمما، ئىنسان
ھامان ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەنغۇ دەپ، زېمىنغا يۈك بولۇپ ياشىسا
بولمايدۇ. بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئىنسان ھاياتىدىن ياخشى نام ـ
نىشان قالدۇرۇپ ياشىشى كېرەك، چۈنكى ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ نا-
مىنىڭ زىكرى قىلىنىشى ھايات ياشىغانلىق بىلەن باراۋەر. ناۋادا
ھايات قۇشۇم شەيبانىخاننىڭ قىلتاقلىرىنىڭ قەستىدىن خالاس
بولسا، دىدارىڭنى كۆرۈش بىلەن خۇشال بولۇرمەن. مەۋلانە مۇ-
ھەممەد بىلەن ھاپىز مىرىم ساداقەتمەن، سالھ كىشىلىرىمدۇر.
ماڭا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، سېنىڭ ئامانلىقىڭ ھەق-

قىدە چارە كۆرىدۇ. ئۇلارنى ھەم ئۇستاز، ھەم ئاغا ئورنىدا كۆر-
گەن. ئۇلارنى ھەرقانداق بالا ـ قازالاردا ساقلا ياردەم قىلىپ،
جىسمىڭغا مەرھەمەت ئېپتەكلىرىنى ياپار دېگەن ئۇمىدىم بار.

ئاچىسىنىڭ يىغىسى سەۋەبلىكمۇ ياكى دادىسىنىڭ نەسىھەت-
لىرىنى ئەسلەپمۇ ئەيتاۋۇر، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغا
ئولاشتى. ھەئە، ئۇ بۇخاراغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دادىسىنىڭ ئۆ-
لۈم خەۋىرى كەلدى. ئاچا ـ ئىنى بىرنەچچە كۈن ھازا ئاچتى،
ئاندىن بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئاچىسى
پات ـ پات يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر ئاچى-
سىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسىلا دادىسىنى ئەسلەپ قالاتتى ۋە ئىخ-
تىيارسىز كۆزىگە ياش ئالاتتى .

ــ سىلى بىر ئامال قىلالماسىلىمۇ؟ ــ دېدى ھەبىبە سۇلتان
خېنىم غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان ئېرى ئابدۇللا مىرزىغا قاراپ.

ــ ئامال بولسىدى، بۇنچە پەرىشان بولماسىدىم، ــ دېدى
ئابدۇللا مىرزا، بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازادىن خەۋەرسىز غېمىدە
يوق تۇرغان قېيىنئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەرگە لاپپىدە قارىۋې-
لىپ، ــ ھېچكىم شەيبانىخان ئائىلىلىرىنىڭ يارلىقىغا قارشى
چىقالىغان ئەمەس. يارلىق ئاللىقاچان يەتكۈزۈلۈپ بولدى. مۇھەم-
مەد ھەيدەرنى يېنىمىزدا ئېلىپ قالىمىز دېسەك، ئۆزىمىزمۇ ئامان
قالمايمىز.

ــ ئىنىمنى شەيبانىخان ئائىلىلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىپ
بەرگەندىن كۆرە، تايىنلىق ئۆلۈپ تۈگەشكىنىم ياخشى.

ئابدۇللا مىرزا سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ يىغىسىغا چىدىيالمى-
دى:

ــ سەۋر قىلسىلا. سىلى يالغۇز مۇھەممەد ھەيدەرنىڭلا ئى-
گىچىسى ئەمەس، بەلكىم ئاۋۇ ئالتە ئايلىق بولغان سۆيۈملۈك
پەرزەنتىمىزنىڭمۇ ئانىسى. بەلكىم شەيبانىخان ئائىلىلىرىنىڭ
مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۆز تەربىيەسىگە ئېلىش خىيالى باردۇر.

ــ ئىشەنمەيمەن. نەدىمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بالىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى تەربىيەلەيدىغان ئىش بار ئىكەن.
مۇھەممەد ھەيدەر ئاچىسى بىلەن يېزىنىسىنىڭ ئۆزى توغرۇ-لۇق دەتالاش قىلىشۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى:
— مېنى بىر يەرگە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟
ئاچىسى بىلەن يېزنىسى ئۇنىڭغا يالت ئېتىپ قارىدى، ئەمما دەماللىققا جاۋاب بەرمىدى.
— شەيبانىخان ئائىلىلىرى سىلىنى دەرگاھىغا چىللاپتۇ، — دېدى ئابدۇللا مىرزا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.
مۇھەممەد ھەيدەر قاپىقىنى تۈرۈپ جاۋاب بەردى:
— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن.
ھۇجرىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.
— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەۋلانە مۇھەممەد كەلدى.
خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئابدۇللا مىرزا ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.
— ئارقا باغدىكى سارايدا كۈتۈپ تۇرسۇن، ھازىرلا چىقىمەن.
ئۇ تېخىچە ئۆپكىدەۋاتقان ھەبىبە سۇلتان خېنىمنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ پەپىلىدى:
— بولدى، يىغلاۋەرمەي ئىنىلىرى بىلەن خوشلىشىۋالسىلا.
ھەبىبە سۇلتان خېنىم يىغىسىنى توختىتىپ، ئېرىگە نارازىلىق بىلەن تىكىلدى:
— ئىنىمنى راستتىنلا ئۇل قانخورنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتمەدىلا؟
— گەپ ـ سۆزدە ئاۋايلىسىلا. تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، — دېدى ئابدۇللا مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ، — خاتىرجەم بولسىلا، كاللامنى قولتۇقۇمغا قىسىپ قويۇپ بولسىمۇ بىر ئامالىنى قىلىمەن.
ئابدۇللا مىرزا ئارقا باغدىكى سارايغا كىرگەندە مەۋلانە مۇھەممەد خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئابدۇللا مىرزىنى كۆرۈپ دەس

ئورنىدىن تۇردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئابدۇللا مىرزا ئىشىكنى يېپىپ ۋەتكەندىن كېيىن، سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى، — خوش، ئۆزلىرىمۇ جاي ئالسىلا مەۋلانە.

ئۇ مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ بوي ـ بەستىگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى.

«بۇ يىگىت ئىشەنچلىكمىدۇر؟ مەرھۇم قېيىنئاتام ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەرنى ماڭا ئەۋەتىپ يازغان خېتىدە بۇ نۆكىرىنىڭ تولا تەرىپىنى قىلىپتىكەن. بۇ ئىشنى تاپشۇرسام ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ ناۋادا مال ـ دۇنيا، ئەمەل ـ مەرتىۋىنىڭ ئىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەيبانىخان ئالىيلىرىغا ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولسا، ئول قېيىنئىنىملا ئەمەس، ئۆزۈمنى، ھەتتا خاتۇن ـ بالىلىرىمنىمۇ ساقلاپ قالالمايمەن...»

ئابدۇللا مىرزا كالتە يۆتىلىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئىشان پىرىمىز مەۋلانە مۇھەممەد قازى ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشەلىدىلىمۇ؟

مەۋلانە مۇھەممەد تەۋازۇ بىلەن جاۋاب بەردى:

— كۆرۈشتۇم جانابلىرى.

— ئول ئىشان پىرىمىز نېمە دەيدۇ؟

— كەمىنىلىرى بارغاندا ئىشان پىرىمىز خابگاھىدا يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. مەندىن: «مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان جانابلىرىنىڭ خۇراسانغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسام، ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ بارامسىلەر؟» دەپ سورىدى. «شۇنداق، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق» دەپ جاۋاب بەردىم. ئىشان پىرىمىز بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن: «ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككە مۇشرىكلىرى قەست قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبىرىمىز بۇ سۇيىقەستتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىشقا تەۋەككۇل قىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ھازىر سىلەرگىمۇ ئەڭ ياخشى چارە شۇلكى، پاك ۋە بەرھەق ئاللاھتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، كۆرەگان جانابلىرىنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاچقايسىزلەر. ئەگەر سىزلەرگە بىرەر خەۋپ ـ خەتەر دۇچ كەلسە، ئامالىنىڭ بارىچە توسۇشقا كېپىل بولىمەن» دېدى.

ئابدۇللا مىرزا سوغۇققانلىق بىلەن سورىدى:

— سىلى قانداق ئويلىدىلا؟

— راستىنى ئېيتسام، شەيبانىخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمىرزادىنى ئېلىپ قاچىدىغان خىيال كۆڭلۈمگە زادىلا يەتمىگەنىدى. ھەزرىتى ئىشان پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ بول مۇبارەك سۆزلىرىدىن كۆڭلۈمدە ئاجايىپ بىر قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ناۋادا ئەمىر جانابلىرى ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرسە، مۇشۇ مۇددىئا يولىدا ئۆلۈشكىمۇ رازىمەن.

ئابدۇللا مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن يەڭگىل نەپەس ئالدى. قېيىنئاتىسىنىڭ بۇ ساداقەتمەن نۆكىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى پىر بۇزرۇكى مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتكىنىگە كۆڭلىدە قانائەت ھاسىل بولدى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆلۈمنى تىلىغا ئالمىسىلا مەۋلانە، — دېدى ئۇ، — قېيىنئىنىم مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھايات ـ ماماتى ئاۋۋال شەيقەتلىك تەڭرىگە، ئاندىن قالسا سىلىگە باغلىق بولۇپ قالدى. ئۇنى قاچان ئېلىپ ماڭىدىلا؟ شۇنىڭغا قاراپ ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرەي.

— باياتىن بېرى كۆڭلۈمدىن مۇنداق بىر ئوي كەچتى، — دېدى مەۋلانە مۇھەممەد، — ئەمىرزادىنى مۇنداقلا ئېلىپ ماڭسام شەيبانىخان ئالىيلىرى سىلىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى، ھەتتا قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇخارادا خان ئالىيلىرىنىڭ خۇپىيە ـ پايلاقچىلىرى، ئايغاقچىلىرى بار. سىلىنىڭ ھەربىر قەدەملىرى ئۇلارنىڭ نەزەرى ئاستىدا، شۇڭا ھاپىز مىرىم بىلەن بىرقانچە نۆكەرلەر يالغاندىن ئەمىرزادىنى ئېلىپ قاچقان بولۇپ شەھەردىن چىقسۇن. سىلى بىلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنى

قوغلاپ تۇتۇشقا لەشكەر چىقارسىلا. ئۇنىڭغىچە ئەمىرزادە بىلەن شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پاناھلىنىپ تۇراي. شۇنداق قىلساق پايلاقچىلار ئەمىرزادىنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانىنىڭ نۆكەرلىرى ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ ـ دە، شەھەرنىڭ سىرتىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. بىزنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىمىزنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ ھەمدە شەھەر ئىچىنىمۇ ئاختۇرمايدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ، ئاندىن ئەمىرزادىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتەي.

بۇ تەدبىرنى ئاڭلاپ، ئابدۇللا مىرزا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا بولىدىكەن ـ دە. بولىدىغان تەدبىركەن. لېكىن ئول ھاپىز مىرىم ئىشەنچلىكمۇ؟

— زىنھار گۇمانلانمىغايلا جانابلىرى، ئۇ مەندىنمۇ ئىشەنچلىك.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى. سىلى ھاپىز مىرىم بىلەن ھازىرلا مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇۋالسىلا. بۈگۈن كەچتىلا مۇشۇ تەدبىر بويىچە ئىش باشلايلى.

تەقدىر تەدبىرگە مۇۋاپىق كەپتۇ دېگەندەك، ھاپىز مىرىم بىرقانچە نۆكەر بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاشتىن بۇرۇن بۇخارا شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان ئابدۇللا مىرزا شەھەرگە جاكارچى چىقىرىپ، قېيىنئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەرنى قېيىنئاتىسىنىڭ ساداقەتمەن نۆكەرلىرىنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى، خەۋىرىنى بەرگۈچىلەر ياكى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان جاكارلىدى ۋە يۈز نەپەر نۆكەرنى قاچقۇنلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

شەيبانىخانىنىڭ بۇخارادىكى پايلاقچى ـ خۇپىيەلىرى بۇ خەۋەرگە راستىنلا ئىشەندى ـ دە، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ ھەم شەيبانىخاندىن، ھەم ئابدۇللا مىرزىدىن قوشلاپ ئىن-

www.uyghurkitap.com

ـئام ئېلىش تەمەسىدە شەھەرنىڭ سىرتىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

شۇنداق قىلىپ شەھەردە ئون بەش كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەۋلانە مۇھەممەد بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر بىرقانچە ئېشەكچىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، بۇخارا شەھىرىدىن ئوغۇشلۇق چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئەندىجاندىن ئامان ـ ئېسەن قېچىپ چىققان سەئىدخان ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنۈش ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارغا پات ـ پات گۇمان بىلەن قاراپ قويۇاتتى. يا سودىگەرلەرگە، يا شىكارچىلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ كىشىلەر سەئىدخان ھەمراھلىرى بىلەن قاياققا ماڭسا، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى شۇ ياققا بۇرايتتى. ئاستا ماڭسا ئاستا ماڭاتتى، ئىتتىك ماڭسا ئاتلىرىغا قامچا ئۇراتتى. لېكىن سەئىدخانغا يېقىنلاشمايتتى.

«بۇلار نېمە ئادەملەردۇر؟ جانىبېك سۇلتاننىڭ ئايغاقچىلىرىمىدۇر ـ يا؟ بىراق، ئايغاقچى دېگەن بۇنداق توپلىشىپ ماڭمايدۇ، ياكى بولمىسا ئاغام مەنسۇرخاننىڭ مېنى قوغلاشقا ئەۋەتكەن كاللا كېسەرلىرىمىدۇر ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانچە بولسىمۇ مېنى تۇتۇش ئۈچۈن شەيبانىخاننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىشكە پېتىنالماس. ئۇلار زادى نېمە ئادەملەر بولغىيدى، نېمىشقا ماڭا ئەگىشىۋالىدۇ، يامان نىيىتى بولسا نېمىشقا ھازىرغىچە ھۇجۇم قىلمايدۇ؟ ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈۋاتامدىغاندۇ ـ يا؟ ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا يولۇققاندەك ئىش بولۇپ قالماس ـ ھە؟! ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇۋەتسەم بولاتتى...»

سەئىدخان تاغ كەينىگە مۆكۈشكە باشلىغان قۇياشقا قاراپ قويدى. شۇ تاپتا كۈن ئولتۇرۇپ، زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسسىلا ئۆزىگە خەۋپ يېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى بارى ـ يوق ئون نەچچە نەپەر نۆكىرىگە نەزەر تاشلىدى. خوجا ئەلى باھادىر ئۇنى سارايدىن تۇتۇپ كەتكەن چاغدا، بىر قە-

سىم نۆكەرلىرى جانلىرىنى ياقىغا ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. قېشىدىكى بۇ ساداقەتمەن نۆكەرلىرىنىڭ يانلىرىدا خەنجەردىن باشقا تۇزۇك قورال يوق ئىدى. ئۇلار چارلىغۇچىلار، پايلاقچىلار، خۇپىيەلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قوراللىرىنى تاشلىۋېتىپ، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، مەدىكار سىياقىدا ياسىنىشقانىدى.

«بىزگە ئەگىشىۋالغان ئول يوچۇن كىشىلەرنىڭ قولىرىدا ئوقيا بولمىسىلا، يەكمۇيەك ئېلىشىپ تاقابىل تۇرغىلى بولار...»

ئۇ يۇرت ئىچىگە كىرىپ، بىرەر ئۆي تېپىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈش نىيىتىدىن يالتايدى.

«بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، يۇرت ئىچىدىن قاچماق تەس، ئەڭ ياخشىسى بۇگۈن كېچە ئىدالادا تۈنەي...»

سەئىدخان بىر ئېرىقنىڭ بويىدا توختاپ، نۆكەرلىرىنى ئارام ئالغۇدەك جاي ھازىرلاشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئېرىق سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ دىگەر نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، نۆكەرلەر چاي قاينىتىشقا تۇتۇندى.

ـــ ئەتراپقا ھېزى بولۇڭلار، ناتونۇش كىشىلەرنى يېقىنلاشتۇرماڭلار، گەپ سورىسىمۇ جاۋاب بەرمەڭلار، ـــ دەپ جېكىلىدى نۆكەرلىرىگە.

تېخى بىر ئاش پىشىمۇ ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى، نېرىراقتا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان نۆكەر ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.

ـــ خانزادە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي.

ـــ نېمە ئىش؟ ـــ سەئىدخان سەل تەشۋىشلەندى.

ـــ بىر يات كىشى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ـــ كىملىكىنى سورىمىدىڭلارمۇ؟

ـــ سورىدۇق. خانزادەم مېنى كۆرسە كىملىكىمنى بىلىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭغا بول دەرگاھتا خانزادە يوق، بىر توپ مەدىكارلار بار دېسەك، زىنھار ئىشەنمىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ــ مېنى قانداق تونۇيدىكەن؟
ــ ئېيتىپ بەرمىدى. ئەمما خېلى ئىنچىكىلىك سۆزلەپ تۇ-رىدۇ.
«مېنى تونۇپ قالغان كىمدۇر ئۇ، ئەندىجان تەۋەسىدە مېنى تونۇيدىغانلار يوق ئىدىغۇ؟ ياكى شەيبانىخانىنىڭ دەرگاھىدىكى كې-لىپ ـ كېتىپ يۈرۈيدىغان ئايغاقچىلاردىنمىدۇر؟ شۇلاردىن بولۇپ قالسا، مېنى تونۇپ قېلىشى ئېھتىمال. مەندىن بىر نەرسە ئۈندۈ-رۈۋالماقچى بولۇپ، خوجىسىغا مەلۇم قىلماي قېشىمغا كەلگەندۇر بەلكىم...»
سەئىدخان چېگىش خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ نۆكەرگە قا-رىدى:
ــ يېنىدا باشقا ئادەم بارمۇ؟
ــ ياق، سالتاڭلا كەپتۇ.
ــ يول بويى بىزگە ئەگىشىپ كەلگەنلەردىن نىشان بارمۇ؟
ــ ئۇلار ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۆپىلىكنىڭ دالدى-سىغا چۈشكۈن قىلدى.
«چوقۇم شۇلارنىڭ ئادىمى، مەيلى، كۆرۈشۈپ مۇددىئاسىنى بىلىپ باقاي، يامان نىيىتى بولسا قېشىمغا كىشى ئەۋەتىپ يۈر-مەستى...»
ــ باشلاپ كەل.
ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا ئەتراپ خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. ئاۋۋال نۆكەر، ئاندىن يوچۇن كى-شىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى.
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. خانزادەمگە كەمىنە تاھىر بەگدىن ئېھتىرام بولغاي!
سەئىدخان ئۆزىگە يۈكۈنۈپ سالام بەرگەن ياش يىگىتنىڭ چىرايىغا گۇمانسىراپ قارىدى. ئۇنى نەلەردىدۇر كۆرگەندەك قىل-دى، لېكىن تازا ئەسلىيەلمىدى.
«بۇ كىم بولغىيدى؟ ئاۋازى تونۇشتەك قىلىدۇ...»

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سەئىدخان يوچۇن كىشىگە سالقىن نەزەر تاشلاپ، — ئادەمنى خاتا تونۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— يوقسۇ، خانزادەمنى قانداقمۇ خاتا تونۇپ قالاي. بەلكىم خانزادەم مەندەك ھەمساۋاق دوستىنى تونۇيالمايۋاتسا كېرەك، — يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ سەئىدخانغا قارىدى، — ئوبدانراق قارىسىلا خانزادەم، كەمىنىلىرى تاھىر بەگ بولىمەن.

سەئىدخاننىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ يىگىت باشقا بىرى ئەمەس، دەل تۇرپاندىكى خانلىق مەدرىسەدە بىللە ئوقۇغان ھەمساۋاق دوستى تاھىربەگ ئىدى.

— سەن راستىنىلا تاھىر بەگمۇ؟ بارمۇ سەن ئاداش!

سەئىدخان چاچراپ بېرىپ دوستىنى قۇچاقلىۋالدى. بالىلىق چاغلىرىدىكى بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى ھاياجانلىق تۈيغۇلار چىرمىۋالغانىدى. لەۋلىرى تىترەپ، تىلى گەپكە كەلمەيتتى.

— بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ـ ھە ئاداش.

— يوقسۇ خانزادەم. بۇ چۈشلىرى ئەمەس.

— مېنى ئىلگىرىكىدەكلا «سەن» دەۋەرگىن ئاداش. تەۋازۇ قىلساڭ بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— خانزادەمنى سەنلەشكە قانداقمۇ تىلىم بارسۇن. ئەڭ ياخشىسى قائىدە ـ يوسۇننىڭ تېشىغا چىقىپ كەتمەي.

سەئىدخان دوستىنىڭ چىرايىغا قايتىدىن سەپسالدى:

— سېنىڭ چىرايىڭغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ئۆيلەنگەن تۇرۇقلۇق، چوڭ بولغانلىقلىرىنى بىلەلمىگەنمىدىلە خانزادەم؟

سەئىدخان دوستىنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ خىرىلداپ كۈلدى:

— يەنە شۇ گەپدانلىقىڭدىن قالماپسەن ـ دە. ھە، دېگىنە، قانداقسىگە ئەندىجاندا پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ئەينى يىلى مەرھۇم

خان ئاتام بىلەن بىللە كەتمىگەنمىدىڭ؟

— شۇ چاغدا مەرھۇم خان ئالىيلىرىغا ئەگىشىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن. شەيبانىخانىنىڭ سىلىنى تۇرغاق قىلىۋالغانلىقىدىن تولىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي خان ئالىيلىرى ۋاپات بولدى. تۇرپانغا بېرىپ ئاغىلىرى سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرىغا سىلىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسامۇ، گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. ئاخىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا مۇددىئايىمنى بىلدۈرەي دەپ ئاقسۇغا كەلسەم، يەتتەكەنتكە كېتىپ بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا سىلىنىڭ شەيبانىخانىنىڭ دەرگاھىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقلىرىنى ئاڭلىدىم. مىڭ تەستە يەتتە سۇ تەرەپتە ئىكەنلىكلىرىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ تەرەپكە بارسام، يەنە كېچىكىپتىمەن. كىشىلەر سىلىنى سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرى بىلەن ياغىلىشىپ كېتىپ قالدى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز دېيىشتى. ئۆزۈمچە: «خانزادەم ئاغىسىدىن رەنجىپ قالغان بولسا، چوقۇم كابۇلغا — بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلدىم. ئەندىجانغا كېلىپ ئويلىمىغان يەردىن خوجا سالىھ جانابلىرىنىڭ نەزەرىگە ئۇلاشتىم. خوجا سالىھ ئەندىجاندىكى سودىگەرلەرنىڭ مۆتىۋىرى، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، ئادالەتنى ياقلايدىغان پاك دىل، پازىل كىشى ئىكەن. مۇددىئايىمنى بىلگەندىن كېيىن كابۇلغا بېرىشقا ئالدىرىمىسىلا، ھەممە يەردە ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىم بار، خانزادىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كۆرەيلى، دېدى. شۇ ئارىلىقتا خوجا سالىھ جانابلىرىنىڭ قەسرىدە مەۋلانە خۇلقى، مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي، مىرزا گادايبەردى، مىرزا ئەھمەد، مىرزا جالال قاتارلىق ئالىم ـ پازىللار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇستاز مەۋلانە خۇلقى بىلەن مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي ئۇستازىمىز ئايازبېك قۇشچى ھەزرەتلىرىنىڭ ياش ۋاقتىدا ھىراتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمساۋاقلىرى ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سىلىنىڭ كۆپ دېرەكلىرىنى قىلدۇق. تېخى بىر ئاي

ئىلگىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ نۆكەر بېشى مەخسۇد ئەلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— مەخسۇد ئەلى بىلەن دەمسەن؟ — سورىدى سەئىدخان قىزىقىپ.

— شۇنداق، تاغاقلىرىغا ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى تېگىپ جاراھەتلەنگەنلىكلىرىنىمۇ شۇنىڭدىن ئاڭلىدۇق. ئۇنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن باھادىرلىقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ، ھاياتىغا زەرەر يەتكۈزمەي قويۇپ بەرگەن ئىكەنلا. ئۇ شۇ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ تولا تەرىپلىرىنى قىلدى. ئۇلۇشكۈن سۇپۇرگە باينىڭ سارىيىدىن سىلىنى باغلاپ ماڭغاندا، مەخسۇد ئەلى كۆرۈپ قاپتۇ. بىزگە دەرھال خەۋەر بەردى. سىلىنى جانىبېك سۇلتاننىڭ دەرگاھىغا ئاپىرىپ بولغۇچە بۇلاش كويىغا چۈشتۇق. كۈتمىگەندە جانىبېك سۇلتان پەرمان جاكارلاپ سىلىنى ئازاد قىلدى. خوجا سالىھ جانابلىرى: «جانىبېك سۇلتان تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز ئادەم، پەرماندىن ھەرقاچان يېنىۋېلىش ئېھتىمالى بار. بىز خانزادىنى قوغداپ ماڭايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش ـ تېنەش ئارقىلىرىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق. يولدا كۆپ ئېھتىيات بىلەن ماڭغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئارىدا بىرەر ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ھەم مەھەللە، ئۆتەڭلەردىكى ئايغاقچى ـ خۇپىيەلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويمايلى دەپ، دەماللىققا تونۇشلۇق بېرىشكە ئالدىرىمىدۇق.

— ئەندىجاندىن چىققاندىن بېرى ماڭا سايىدەك ئەگىشىۋالغانلار سىلەر ئىكەنسىلەر ـ دە؟

— شۇنداق ئالىيلىرى. ئىجازەت بەرسىلە، ئۇلارنى دەرگاھلىرىغا چىللاپ كېلەي.

— بولىدۇ، — دېدى سەئىدخان خاتىرجەم بولۇپ، — دەرھال باشلاپ كەل.

تاھىر بەگ كېتىپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە خوجا سالىھ، مەۋلانە خۇلقى، مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي قاتارلىق بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ كەلدى. سەئىدخان ئۇلارغا زور ئىززەت ـ

www.uyghurkitap.com

ئىكرام كۆرسىتىپ كۆرۈشتى، كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. مەخسۇد ئەلىدىن تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈمىنى تەپسىلىي سورىدى.

ــ نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، شەيبانىخاننىڭ ئوردىسىدا بىرەر يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىش تەمەسىدە، خان ئائىلىلىرىنى شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا قىزىقتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يامان نىيىتى ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ، خان ئائىلىلىرىنىڭمۇ بېشىغا چىقتى. شۇ كۈنى خان ئائىلىلىرى مېنى نۆكەرلەر بىلەن قالدۇرۇپ، ئۇلار بىللە بىلەن شەيبانىخاننىڭ دەرگاھىغا سالامغا كەتكەنىدى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمما، خان ئائىلىلىرىنى بۇ قازايىقەدەردىن قۇتۇلدۇرالمىغىنىمغا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

ــ تەقدىردىن كەلگەن ئەجەل ئوقىغا قالقان يوقتۇر، ــ دېدى سەئىدخان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ــ ئەمدى ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ يۈرمىسىلە. ھە راست، ئىنىم ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟

مەخسۇد ئەلى قايغۇرغان ھالدا سەئىدخاننىڭ كۆزىگە قارىدى:

ــ ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئەھۋالىدىن راستىنىلا خەۋەر تاپمىدىلىمۇ؟

ــ ياق، ــ دېدى سەئىدخان تەشۋىشلىنىپ، ــ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانمىدى؟

ــ خانزادە ئابدۇخېلىلخاننى جانىبېك سۇلتان ئاللىقاچان رەھمەت دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكەن.

ئىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى سەئىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلدى. كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز يېشىنى چانىقىغا سىڭدۇرۇۋەتتى.

ــ جانىبېك سۇلتاننىڭ نىمە سەۋەبتىن خانزادەمنى ئازاد قىلىش پەرمانى چۈشۈرگەنلىكى بىزگە نامەلۇم، ــ دېدى خوجا

سالىھ سۆز ئارىلاپ، ــ ئۇنىڭ سىلىنى ھايات قالدۇرمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى شەيبانىخان تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادى بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىنى قېرى ـ ياش دېمەي، ئۇچرىغانلىكى يەردە ئۆلتۈرۈش پەرمانى چۈشۈرگەن.

ــ خانزادە ئالىيلىرى گەرچە بالا ـ قازا دېڭىزى ئىچىگە كىرىپ قالغان بولسىلىمۇ، لېكىن سەلتەنەتنى مەڭگۈ زاۋال تاپمايدىغان پادىشاھ ــ قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئامان قالدىلا، ــ دېدى مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي، ــ بۇ، بۈيۈك سەلتەنەت قۇياشىنىڭ ئالدىراپ پاتمايدىغانلىقىدىن دالالەتتۇر.

ــ شەپقەتلىك تەڭرىم بۇيرۇغانىكەن، ئاخىر دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش نېسىپ بولدى، ــ دېدى خوجا سالىھ، ــ ئەمدى خانزادە ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ باقساق.

ــ كابۇلغا ــ ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بارايمىكىن دەيمەن، ــ دېدى سەئىدخان، ــ ئەسلىدە ئەندىجانغا كېلىشىمىزدىكى مۇددىئا سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىنى تېپىش ئىدى. ئەمدى بۇنىڭغا مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ــ سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىنىڭ دېرىكىنى بىزمۇ ئالالمىدۇق، ــ دېدى مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي، ــ ھازىر شەھەردىلا ئەمەس، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ شەيبانىخان بىلەن جانىبېك سۇلتاننىڭ پايلاقچىلىرى بار. ئوچۇق ـ ئاشكارا دېرەكلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانزادە ئالىيلىرىنىمۇ لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەۋاتىدۇ، ھازىرچە ئەڭ ياخشىسى كابۇلغا بېرىۋالغانلىرى تۈزۈك.

ــ خانزادە ئالىيلىرىنى بۇنداق يولغا سېلىپ قويساق، ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ــ دېدى خوجا سالىھ، ــ بىز ئالىيلىرىنى قوغداپ كابۇلغىچە يەتكۈزۈپ قويايلى.

ــ ھەربىرلىرىنى مالال قىلىپ قويارمەنمىكىن؟ ــ دېدى سەئىدخان ئۆزرە ئېيتىپ.

ــ يوقسۇ، ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش زىنھار ئاۋا-

www.uyghurkitap.com

رىچىلىق ئەمەستۇر، كەمىنىلىرى سودا ـ تىجارەت بىلەن يۇرت ئارىلاپ يۈرگەچكە، يۇرت ـ يۇرتلاردا ئىشەنچلىك يارەنلىرىم بار. باشقىلارمۇ يۇرت كەزگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن تەدبىركارلاردۇر. بىرلىكتە سەپەر قىلساق، ئامانلىقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغۇسى.

ئەتىسى خوجا سالىھ بىلەن مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي سودىگەر سىياقىدا، مەۋلانە خۇلقى، سەئىدخان، مىرزا گادايبەردى ئۇچەيلەن رىيازەتچى تالىبى ئىلىم سىياقىدا، تاھىر بەگ، مەخسۇد ئەلى، مىرزا جەلال، مىرزا ئەھمەدلەر چاكار سىياقىدا ياسىنىپ يولغا چىقىشتى.

※ ※ ※

سەئىدخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر كابۇلغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېتىپ كەلدى. بابۇر بىر قېتىم كۆرۈشۈپلا مېھرى چۈشۈپ قالغان نەۋرە ئىنىسى سەئىدخانغا قانداق ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىپ كۈتۈۋالغان بولسا، سەئىدخاندىن ئون بەش كۈن كېيىن كابۇلغا كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەرگىمۇ شۇنداق ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتى. سەئىدخانغا شاھانە زەرباب تون، ئالتۇن كەمەر، قىلىچ تەقدىم قىلغان بولسا، مۇھەممەد ھەيدەرگىمۇ تون ـ سەرپاي، ئېسىل خەنجەر تەقدىم قىلدى. ئۇنى كىچىك كۆرمەي سەئىدخان بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىگە ھەمراھ قىلىۋالدى. بابۇر سەئىدخاننىڭ جاسارىتىگە، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىلىمگە ھېرىسمەنلىكىدىن زوقلىنىپمۇ ياكى ئەركىلىتىپمۇ ئەيتاۋۇر، بابۇر بىلەن سەئىدخان بۇ نەۋرە ئىنىسىنى «مىرزا ھەيدەر» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋېلىشقانىدى.

بابۇر بىلەن سەئىدخان قانماي مۇڭدىشاتتى. قولدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەت ھەققىدە باش قاتۇرۇشاتتى. دۈشمەنلىرىنىڭ،

خۇسۇسەن شەيبانىخاننىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلاتتى. ھەئە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئوخشاش ئىدى، مۇڭدىشىپ قانمايتتى.

سەئىدخاننىڭ ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى بۇزرۇك خانىش شاھ بېگىمگە ھەمراھ بولۇپ كابۇلغا كەلگەنىدى. كېيىن شاھ بې ـ گىم نەۋرىسى مىرزاخاننى ئېلىپ بەدەخشانغا كەتكەندە، بىللە كەت ـ مەي كابۇلدا تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ مەۋلانە خۇلقى، مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي قاتارلىق ياشلىق دەۋرىدىكى ھەمساۋاق دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شۇنداقلا سۆيۈملۈك شاگىرتى سەئىدخان بىلەن تاھىر بەگنى كۆرۈپ باشقىچە روھلىنىپ كەتكەنىدى. بابۇر بىلەن سە ـ ئىدخاننىڭ سۆھبىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ئىلمىي ئەنجۇمەنگە ئايلىنىپ كېتەتتى. فارابى، ئىبن سى ـ نا، سەئدى شىرازى، ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى، ئەللامە زەمەخشە ـ رى، جالالىددىن رۇمى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، سەئىدىددىن كاشغەرىي، مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئابدۇراخمان جامى، ئەبەيدۇللا لۇت ـ فىي، ئەلىشىر نەۋايى، موللا بىنائى قاتارلىق داڭلىق ئالىم ـ ئۆ ـ لىمالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنى ئىپادى ـ لەپ دەتالاش قىلاتتى. ھىرات، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەندىجان، تۇرپان، قەشقەر، ياركەنت، خوتەن... قاتارلىق كاتتا شەھەرلەرنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت گۈللەنگەن، ئالىم ـ ئۆلىمالار، شائىر ـ پا ـ زىللار توپلانغان دەۋرىنى تىلغا ئېلىشاتتى. شەيبانىخان، مىرزا ئا ـ بابەكرى ئىستىبلاسىدىن كېيىنكى خارابلىقتىن ئەپسۇسلىناتتى.

ھەئە، سەئىدخاننىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى شاھ بېگىم بىلەن بىللە بەدەخشانغا كەتمەي كابۇلدا تۇرۇپ قالغانىدى. سە ـ ئىدخان ئانىسى بىلەنمۇ كابۇلدا كۆرۈشتى. كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۆيلەنگەنلىكىنى، ئېغىر بوي خوتۇنىنىڭ ئەندى ـ جاندا قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەر ـ

www.uyghurkitap.com

ياندا كابۇل سەئىدخانغا نۇرغۇن خۇشاللىقلارنى بەخش ئەتتى. نەۋ-
رە ئاكىسى بابۇر، ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچى، مەۋلانە خۇلقى،
مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي، خوجا سالىھ قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ
سۆھبىتىدىن بىر كۈنمۇ نېرى بولمىدى. بۇ سۆھبەتلەر ئىلمىي
مۇلاھىزىلەر، كەسكىن مۇنازىرىلەر بىلەن قىزىپ كېتەتتى. مۇنا-
زىرىدە ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمايتتى. گاھىدا بابۇر دادىسى-
نىڭ تەختكە ئولتۇرغان كۈندىن تارتىپ يېزىپ كېلىۋاتقان «ۋاقا-
ئى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. يې-
ڭىدىن يازغان شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ، سۆھبەتداشلى-
رىدىن پىكىر ئالاتتى. باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئو-
قۇشاتتى. گاھىدا مۇشائىرە قىلىشاتتى. مەخسۇد ئەلى بىلەن
مىرزا گادايبەردى ساز چېلىپ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا يېڭى مەز-
مۇن قوشاتتى. تاھىر بەگ تۇرپان ناخشىلىرىدىن «نازىركوم»نى
ئوقۇغاچ ئۇسسۇل ئويناپ، شوخ، ھەجۋىي ھەرىكەتلىرى بىلەن
سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرەتتى. شۇ كۈنلەردە باراۋەتلەردە نازىركوم
ئۇسسۇلى ئويناش خېلى ئەۋج ئېلىپ قالغانىدى. مىرزا ھەيدەر با-
بۇرنىڭ «ۋاقائى»سىنى يېزىپ كەلگەن يېرىگىچە ئوقۇپ تۈگىتەيلا
دەپ قالغانىدى.

«مىرزا ھەيدەردىن كەلگۈسىدە چوقۇم كاتتا ئەسەرلەر چىقى-
دۇ. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇنداق بىر ئىستېداتنى بايقىدىم»
دەيتتى بابۇر ئۇنى ماختاپ. گاھى ۋاقىتلاردا مىرزا ھەيدەرگە نە-
سىھەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى: «سەن، ــ دەيتتى مىرزا
ھەيدەرگە قاراپ، ــ يالغۇز كىتابقىلا كىرىشىۋالماي، لەشكىرىي
ئىلىم، تۈرلۈك جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ پۇختا ئۆگەن. قەلەمدىمۇ،
ئەلەمدىمۇ تەڭ يېتىشكەندىلا ھەقىقىي باھادىرلاردىن بولغىلى،
كاتتا ئىشلارنى رويابقا چىقارغىلى بولىدۇ».

مىرزا ھەيدەر نەۋرە ئاكىلىرىنىڭ، ئۇستازلىرىنىڭ سۆھبى-
تىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالاتتى. پەيتى كەلگەندە ئارىلاپ
سوئال سوراپ قوياتتى.

بابۇر ھىراتتا خۇراسان خانزادىلىرىنىڭ داستىخىنىدا كۈندە دېگۈدەك شاراب ئىچىپ، ئاخىر كېسەل بولۇپ قالغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى ئۇنتۇيالمايتتى. جاھانگىر مىرزىنىڭ ئىشىنى ئىبرەت قىلىپ، سورۇندا زىيادە شاراب ئىچىشكە يول قويمايتتى.

بۈگۈن بابۇر بىلەن سەئىدخان ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە پاراڭلاشقاچ شاھمات ئويناۋاتاتتى.

— شەيبانىخان خۇراسانغا قانائەت قىلىدىمۇ قانداق، ھېچبىر شەپە يوقمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان.

— ئىچىدە توڭگۈز قاترايدىغان ئۇل بەتبەختنىڭ ئوي - خىيالىنى بىزلا ئەمەس، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق ھەمداستىخان بولىدىغان سەركەردىلەرمۇ بىلمەيدۇ، — دېدى بابۇر، — ئۇ تەرەپكە يەنە ئايغاقچى ماڭغۇزدۇم. بەلكىم بۇ قېتىم ئىشەنچلىكرەك بىرەر مەلۇمات ئېلىپ كېلەر دېگەن ئۈمىدتىمەن.

سەئىدخان كابۇلغا كەلگەندىن بېرى بابۇرنىڭ توختىماي ئۇزۇق - تۈلۈك، لەشكەر توپلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولغاچقا، ئۇنى شەيبانىخانغا قارشى لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلىشقا ئالدىرىمىغانىدى. ئەمما كۆڭلىدە ئاشۇنداق بىر كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەيتتى.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدى سەئىدخان ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى زورىغا يۇتۇۋېتىپ.

— ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ئاندىن جەڭدە نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ، — دېدى بابۇر، — ئۇل شەيباق بىلەن بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلدىم. گاھىدا يەڭدىم، گاھىدا يېڭىلدىم. بۇ دورەم پۇختا تەييارلىق بىلەن ئېلىشىش مۇددىئايىم بار. ناۋادا يەنە يېڭىلىپ قالسام، كابۇلدىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالماسلىقىم مۇمكىن.

سەئىدخان سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ خىجىل بولدى.

«ئاغام بابۇر مىرزا راۋرۇس پىشىپ يېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ئۆرنەك قىلسام بولغۇدەك، ئالدىرىپ ئاتقان پەشۋادىن، دەل جايىدا مولجالاپ ئاتقان مۇشتىنىڭ زەربىسى قاتتىق بولىدۇ ئەمەسمۇ...»

ــ مەلۇم بولغاي، ئەندىجاندىن چاپارمەن كەلدى!

ئەندىجاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، سەئىدخان دەرھال بېشىنى كۆتۈردى. چۈنكى، ئەندىجاندا قېپقالغان خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

ــ باشلاپ كىر! ــ دېدى بابۇر سەئىدخاننىڭ چىرايىدىكى ئاللىقانداق بىر تەقەززالىقنى بايقاپ.

ھايال ئۆتمەي چاپارمەن كىرىپ كەلدى.

ــ خانزادە سەئىدخان ئالىيلىرىغا خۇش خەۋەر، ــ دېدى چاپارمەن قول باغلاپ، ــ ئاغىچا ئايىم كۆزەيدى[1].

ــ مۇبارەك بولسۇن ئىنىم! ــ دېدى بابۇر سەئىدخاننى قۇتلۇقلاپ.

ــ رەھمەت، ئۆزلىرىدىن بولسۇن ئاغا، ــ دېدى تۇنجى پەرزەنتىنىڭ خۇشاللىقىدا ھاياجانلانغان سەئىدخان، ــ ئانا ـ بالىلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ ــ سورىدى چاپارمەنگە قاراپ.

ــ ھەر ئىككىلىسى سالامەتكەن. خوجا ئەلى باھادىر ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ.

ــ چاپارمەنگە بىر ھەميان تىللا سۆيۈنچە بېرىلسۇن، ــ دېدى.

بابۇر مەھرەم بېگىگە قاراپ، ئاندىن چاپارمەندىن سورىدى، ــ ھەراست، پەرزەنت بۆرىمۇ، تۇلكىمۇ؟

ــ ئاللاھ ئىگەم بۆرە ئاتا قىلىپتۇ ئالىيلىرى، ــ دېدى چاپارمەن.

ــ رەقىبلىرىمىزنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ، ئۆمرى قىسقىراپتۇ ـ

---

① كۆزەيدى ــ تۇغدى، كۆزى يورۇدى، يەڭگىدى.

دە، ــ دېدى بابۇر مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ بۇمۇ تەڭرىنىڭ سەلتەنەت قۇياشىمىزنى نۇرلاندۇرغىنى. ئىنىز باسارىمىزنىڭ تېنى سالامەت، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!

ــ مۆھتەرەم خان ئاغا، ــ دېدى ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىغان سەئىدخان بابۇرغا قاراپ، ــ كابۇلغا ئاياغ باسقىنىمدىن بېرى، خۇسۇسەن دەرگاھلىرىدا قېرىنداشلىق مېھرىدىن قانغۇچە شەربەت ئىچىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشكىنىمدىن بېرى ئۆزۈمنى بەخت ـ ئامەت يۇلتۇزۇم ھەر دائىم بېشىم ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن. تۇنجى پەرزەنتىمنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى دەرگاھلىرىدا ئىشىتكىنىممۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. مالال كۆرمەي ئول پەرزەنتىمگە ئىسىم تاللاپ بەرگەن بولسىلا، كابۇلنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن.

ــ ئەزىز ئىنىم، سىلى شۇنداق تەلەپ قويغان ئىكەنلا، ئەلۋەتتە مۇبارەك پەرزەنتىمىزنىڭ ئىسمىنى جان دەپ تاللاپ بېرىمەن، ــ دېدى بابۇر ۋە بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ شول تاپتا كاللامغا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. ئول پەرزەنتىمىزنىڭ ئىسمى «ئابدۇلرەشىدخان» بولسۇن. سىلىنىڭ مۇبارەك ئىسمىلىرى سەئىدخانغا قاپىيە بولغۇدەك.

سەئىدخان رازىمەنلىك بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى:

ــ رەھمەت ئاغا، ئېيتقانلىرىدەك بولسۇن.



ئۆزىنى بۈيۈك ئىستىلاچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە تەققاسلىغانسېرى ۋۇجۇدىدا قۇترىغان شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇشقا ئالدىرىغان شەيبانىخان خۇراسان ۋادىسىغا قانائەت قىلمىدى. ئەم-

ـدى كۆزىنى خۇراساننىڭ قوشنىسى بولغان ئىراق[1]قا تىككەنىدى.
ئەمما ئۇ يېڭى رەقىبىگە قارشى لەشكەر تارتىشقا بەكمۇ ئالدىراپ
كەتمىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ يېڭى رەقىبىنى ــ ئاددىي سوپى ئائىلى-
سىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ زاھىتلىق، تەقۋادارلىق ئەن-
ئەنىسىگە جان ـ دىلى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، شىئە مەزھىپى-
دىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇن تۆت
ياش ۋاقتىدىلا ئىران تۈركلىرىنىڭ نەزەرىدە مۆھتەرەم سانىلىپ
كاتتا ئابرۇي قازانغان، شۇ سەۋەبلىك سۈننىي مەزھىپىدىكى سى-
ياسەت دۈشمەنلىرىنىڭ زۇلمىدا جىسمى ۋە روھى ئېغىر زەخىم-
لەنگەن خەلقىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئاددىي جايىنا-
مىزىنى پۈتۈن ئىراننىڭ ئالىي تەختىگە ئايلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق
بولغان ئىسمائىل شاھنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئىسمائىل شاھ نە-
سىل جەھەتتىن تۈرك ھېسابلانسىمۇ، مەدداھلىرى ئۇنىڭ دىنىي
شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ سوپى نەسلى-
نىڭ يەتتىنچى ئىمامى مۇسادىن باشلىنىدىغانلىقىنى داۋراڭ قى-
لىشاتتى. ھەزار دېڭىزىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشىغۇچى يەتتە
تۈرك قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا ئەۋلىيا مەقامىدا ھۆرمەت قىلاتتى. ئە-
نە ئاشۇ ئىسمائىل شاھ تەرغىبات بىلەن لەشكىرىي ئىشلارنى بىر-
لەشتۈرۈپ، ئىران بىلەن ئەرەبىستاننىڭ چوڭ قىسمىدا مۇستە-
قىل، قۇدرەتلىك بىر ھاكىمىيەت تىكلىدى ۋە شىئە مەزھىپىنى
قاتتىق ھىمايە قىلدى. تەرغىبات ۋاستىسى بىلەن ئىسلام دىنى-
نىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادىغا بولغان ھۆرمە-
تىنى مىللىي ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. شۇ سەۋەبلىك شىئە
مەزھىپىنىڭ سۇلۇكلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىغا
قارىغاندا ئىران خەلقى ئارىسىدا تېز تارقالدى ۋە قوبۇل قىلىندى.
ناۋادا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادەك تەدبىرلىك، قۇدرەتلىك پادىشاھ

[1] بۇ يەردىكى «ئىراق» ئاساسەن دەجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىن
تاكى ئىراننىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تاغلىق رايونلارغىچە بولغان ئىراق ـ
ئەجەمنى كۆرسىتىدۇ.

ھىرات تەختگاھىنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل خۇراسان مۈلكىنى مۇس-
تەھكەم قوغداپ تۇرمىغان بولسا، ئىسمائىل شاھ ئاللىقاچان شىد-
ئە مەزھىپىنى خۇراسانغا، ھەتتا ماۋەرائۇننەھرگىمۇ تارقىتىپ،
ئومۇملاشتۇرۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ھەئە، ئەمدى تەسىر دائىرىسىنى ئاشۇ تەرەپكە كېڭەيتىش
كويىغا چۈشكەن شەيبانىخان ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي، شىئەدىن
ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ كۈرىشىدىن پايدىلىنىشنى، شىئەلەر-
نى جازالاش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى يېڭىلا ئىستېلا
قىلغان خانلىقلاردىكى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى كۆڭلىد-
گە پۈككەنىدى.

ئىسمائىل شاھ سەلتەنەتىمۇ لەشكىرىي جەھەتتە جەڭگىۋار،
جاسارەتلىك، دۆلەت كۈچى جەھەتتە قۇدرەتلىك ئىدى. شۇڭا شەي-
بانىخان ئاۋۋال ئۇنى چېكىپ بېقىش ھەم ھەيۋىسىنى كۆز ـ كۆز
قىلىش مەقسىتىدە ئىسمائىل شاھقا بىر پارچە مەكتۇپ يازدى.

*«ئەي ئىران ھۆكۈمدارى! ماڭا كەلگەن مەلۇماتتىن قا-
رىغاندا، سەن زالالەت يولىنى تۇتۇپ، شەيتانىنىڭ ئىغۋاسىغا
بېرىلىپ، كۇپۇرانە شىئە مەزھىپىنى تارقىتىۋېتىپسەن.
سېنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ غەيرىي مەزھەپتىن
دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەقنى باتىلدىن ئايرىپ، پاك دىنىد-
مىزنىڭ سائادەت يولى بولمىش ئەھلى سۈننىي يولىغا قايت-
قىن. تەسەررۇپۇڭدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى جامائەتكە
زۇلۇم سېلىشنى، ئۆلتۈرۈشنى توختات. بولمىسا ياققان
ئىسيانىڭنىڭ يالقۇنى ئۆزۈڭنى كۆيدۇرىدۇ. شول تاپتا سەن
پۈتۈنلەي خاتا يولدىسەن. شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن مەڭگۇ
قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ زالالەتتىن ۋاز كېچىپ، ھەق يولىغا
قايت. مەگەركى بۇ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى نەزەرگە ئىلماي، با-
تىللىق پاتقىقىدىن چىقىشنى خالىمىساڭ، ھېسابسىز لەش-
كەرلىرىم بىلەن تەسەررۇپۇڭغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆتكۈر*

www.uyghurkitap.com

*قىلىچىم بىلەن ئاشۇ گۈزەل، گۈمبەزلىرى ئېگىز ئىسپاھان
سارىيىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن. مېنىڭ جازا-
يىم ھامىيلىقىڭدىكى جاھىل ئەھلى شىئەلەر ئۈچۈن تا قد-
يامەتكىچە ئۇنتۇلمايدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك بولىدۇ.*

*ئىسكەندەر سانى، خەلىپەئى رەھمان، ئىمامى زامان
سۇلتان شەيبانىخاندىن دەپ بىلگەيسەن.*

*نامە تامام ۋەسسالام»*

شەيبانىخان مەكتۇپنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، پادى-
شاھنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بەگكە يازغان مەكتۇپىغا ئوخشاش مۆ-
ھۈرنى مەكتۇپنىڭ ئوتتۇرىغا ۋە ئارقىسىغا باستى. بۇ ئۇنىڭ
ئىسمائىل شاھنى ئوپئوچۇق كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئىدى. شەيبا-
نىخان بۇ مەكتۇپنى كاتىپلىرىغا بىرنەچچە نۇسخا كۆچۈرتكۈزۈپ،
تەسەررۇپىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە جاكارچى ئەۋەتىپ خەلققە
جاكارلاتقۇزدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى خەلققە ئۆزىنىڭ
شىئە مەزھىپىگە قارشى غازات قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى
بىلدۈرۈش ئىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن ئەسلىي مۇددىئاسى-
نى يوشۇرۇپ، شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى جازالاش بايرىقىنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىپ، ئاددىي ئاۋامنى ئالداش مۇددىئاسىغا يەتكەندىن كې-
يىن، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كىرمان تەۋەسىگە
باستۇرۇپ كىردى.

شەيبانىخاننىڭ بۇ تەھدىتىدىن ئىسمائىل شاھ قىلچىلىك
سارا سىمىگە چۈشمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن شەي-
بانىخانغا بىر پارچە جاۋاب مەكتۇپى ئەۋەتتى.

*«پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ يېڭى ھۆ-
كۈمدارى بولمىش ھۆرمەتلىك شەيبانىخان ئالىيلىرىغا:
ئەۋەتكەن مۇبارەك مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ
مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. بەلكىم ئۆزلىرىگىمۇ قارىغۇ*

*بولمىسا كېرەك، ئىلگىرى خۇراسان ھۆكۈمدارى مەرھۇم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بىلەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ تەسەررۇپىغا تەئەررۇز قىلىشماسلىق، ئىناق، يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ، مەزھەپ، ئېتىقادلىرىمىزغا شەك كەلتۈرمەسلىك خۇسۇسىدا ئەھدىنامە ـ بىتىم ئىمزالىغانمىز. شۇل سەۋەبلىك ئۇزۇن مۇددەتلەردىن بېرى ئاشۇ ئەھدىنامىلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ كۆڭۈل ئېتىكىگە قارشىلىق، ئاداۋەت، خۇسۇمەت چاڭ ـ توزانلىرى قونمىغانىدى. ئىككى ئەل، ئىككى ھۆكۈمدار ئارىسىدا گىنە ـ ئاداۋەت كىرلىرى يوق ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە خۇراسان تەختىگە جانابلىرى بەر قارار بولۇپتىلا. سەلتەنەت يوسۇنى، ھۆكۈمدارلىق قائىدىسى بويىچە كېيىنكىلەر چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ ئەھدە ـ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. كەمىنىلىرىمۇ سىلى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈشنى، بەلكىم ئاتا بىلەن بالىدەك ھۆرمەت ـ ئىززەت كۆرسىتىپ ياشاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. سىلى مەندىن ياشتا چوڭ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كىچىكلەرنىڭ پەرزىلىتىدۇر. سىلى تەرەپتىن ئاتىلىق قائىدىسى نامايان بولسىلا، بۇ تەرەپتىنمۇ پەرزەنتلىك ئالاقىسى مۇستەھكەملەنگۈسىدۇر.*

*جانابلىرىغا مۇنۇ ئىككى مىسرا نەزمىنى ھەدىيە قىلاي:*

*ئاداۋەت نەخلىنى[①] يۇلغىلكى، قىلغاي رەنجىگە ئاشۇب،*
*نىھالى دوستلۇق تىككىلكى، كامى دىل بولۇر ھاسىل.»*

شەيبانىخان ئىسمائىل شاھنىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دوق، تەئەددىلەر بىلەن تولغان تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يوللىدى.

① نەخل ــ كۆچەت.

*«ئەي شاھ ئىسمائىل! ماڭا سەلتەنەت يوسۇنى، ھۆكۇمدارلار بارىسىدە ئېغىز ئېچىشتىن ئۇيالساڭچۇ؟ سېنىڭ قايسى بىر يەتمىش پۇشتۇڭ سەلتەنەت تۇتۇپ، ھۆكۇمدار بولغانىدى؟ مانا مەن ھەقىقىي بىر سەلتەنەت پاسىبانى، ھۆكۇمدار پۇشتىمەن. بابائى بۇزرۇكلىرىمدىن ئۆزبېكخان، سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان پۇتكۇل دەشتى قىپچاق دالىسىنى تىترىتىپ، ئەتراپىدىكى خان ـ سۇلتانلارنىڭ بىلدۇرگەن زىممىلىكى*① *، ئەۋەتكەن ئولپان ـ پېشكەشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ھامىي بولغان. سەلتەنەت شۆھرىتى يىراق ـ يىراقلارغا تارالغان. ئەڭ ياخشىسى ھەركىم ئاتىسىنىڭ ھۇنىرىنى قىلىشى لازىم. سېنىڭ ئاتاڭ شەيخ سوپى بولسا ساخاۋەتچىلەرنىڭ سەدىقە ـ نىيازلىرىغا تايىنىپ جېنىنى بېقىپ كەلگەن قەلەندەرلەر تائىپىسىدىندۇر. بەلكىم سەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئانا تەرەپ جەمەتىڭنى پەش قىلماقچى بولۇرسەن. ئەمما شۇنى بىلگىنكى، سۇلتان يەئقۇب ئىبنى ھەسەن سىڭلىسىنى ئاتاڭغا بەرگەن كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇنى ئۆز جەمەتىنىڭ مەلىكىلىرى قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە نەسەبىڭنى ئانا جەمەتىڭگە باغلاپ، سەلتەنەت دەۋاسى قىلىشىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشتۇر. مانا مەن ئاتا ۋە ئانا نەسەبى سۇلتانلارغا تۇتىشىدىغان ھەقىقىي ھۆكۇمدار ئەۋلادىمەن. ئاقىللارنىڭ: ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ھۇنىرىنى قىلسۇن، قىز ئانىسىنىڭ ئىشىنى تاشلىمىسۇن، دەيدىغان ھېكمىتى بارغۇ؟*

*ئۆمرى مەملەكەتۇ مۈلكىنى بىلۇر شاھلار،*
*گەدايا گۇشەنىشىنسەن*② *خۇرۇش*③ *ئەيلەمەگىل.*

① زىممىلىك بىلدۈرۈش ــ ھۆكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىپ ئەل بولۇش، بويسۇنۇش.

② گۇشەنىشىن ــ دەرۋىشلىك يولىغا كىرگۈچى.

③ خۇرۇش ــ ھۆركىرىمەك، ۋارقىرىماق.

*ساڭا بىر ھاسا، بىر جەندە، بىر كاشكۇل ھەدىيە قىلدىم. بۇ ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلغىن. بۇلار ساڭا ئاتاڭدىن قالغان مىراس ئالامەتلىرىدۇر.*

*نەسىھەت ئاڭلاغىل، جاناكى، جاندىن دوستىراق بىلگەي،*
*جەۋانانى[1] سائادەتمەن پەندى[2] پىرى دانانى.*
*مەگەركى نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلماي، پۇتۇڭنى سەلتەنەت تەختى ئۈستىدىن ئېلىشنى خالىمىساڭ، ئۆزۈڭدىن ئەندىشە قىلغىن. قولۇمدا بابائى بۇزرۇكۇمدىن مىراس قالغان قىلىچ ۋە ھاكىمىيەت باردۇر. ئاتا مىراس تىلەمچىلىك ئۇنۋانىڭغا شۇكۇر قىلمىساڭ، ئۆز ئۇۋۇالىڭ ئۆز گەردىنىڭگە، مەندىن ئەمەس، ئۆزۈڭدىن رەنجىگەيسەن.*

*ئەرۇسى مۇلكىنى ئول مەرد ئالۇر كەنارىغە[3]،*
*كى بۆسە قىلسا[4] دەمى تىغى[5] ئابدارىغە[6].»*

ئىسمائىل شاھ شەيبانىخانىنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن يازغان جاۋاب خېتىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يېزىپ ئەۋەتتى.

*«ئەي شەيبانىخان! سېنى ئىلىم ـ ھېكمەت تەھسىل قىلغان پازىل كىشى دەپ پەرەز قىلغانىدىم. ئەپسۇس، تو ـ*

① جەۋان ــ ياش يىگىت.
② پەند ــ نەسىھەت.
③ كەنار ــ قۇچاق.
④ بۆسە قىلماق ــ سۆيمەك.
⑤ دەم تىغى ــ نەپەس تىغى، نەپەس خەنجىرى.
⑥ ئابدار ــ يالتىراش، ئۆتكۈر.

لىمۇ خاتالىشىپتىمەن. ئىت قۇيرۇقىدا ياغ ۋە كۆچ بولمىغىنىدەك، ئىسسىقلىقى بولمىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. جاھاندىكى ئالىم ـ ئۆلىما، دانىشمەن، پازىللارنىڭ سەركىلىرى ئىستىقامەت قىلغان، ئىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەت دەرگاھلىرى دەپ تەرىپلىنىدىغان ھىرات، سەمەرقەنت، بۇخارادەك كاتتا شەھەرلەر ساڭا زايا كېتىپتۇ. ئاتا ـ بابىلىرىڭنىڭ بىر مەھەل سەلتەنەت سۈرگىنى راست. ئەمما ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەتنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كىبىر قىلما. ئۇل شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشكە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپ ئىگىسى بولالايسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچىڭ بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش دەۋاسىدا بولما. چۈنكى، ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ. ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاشتۇر. تۈنۈگۈنكى رىزقىڭنىڭ بۈگۈنگە پايدىسى بولمىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىڭمۇ بۈگۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوقتۇر.

ئەي شەيبانىخان، ئەگەر ھەربىر ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى قىلىدىغان بولسا، ئادەم پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك مەقامىغا يېتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر پادىشاھلىق پۈتۈنلەي مىراس يولى بىلەن بولىدىغان بولسا، پادىشاھنىڭ ئەۋلادىدىن باشقا كىشى پادىشاھلىققا لايىق بولمىسا، پادىشاھلىق پۈشتىدىن پۈشتىغا قالىدىغان بولسا، ئۇل چاغدا پادىشاھلىق كىيانىيلاردىن ئاشمىغان بولاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىنىڭ ئاتا ـ بابىلىرىڭغا سەلتەنەت قانداق

مۇيەسسەر بولاتتى؟ ساڭىمۇ قانداق مۇيەسسەر بولاتتى؟ سەنمۇ دەشتى قىپچاق دالىسىدا پادا بېقىپ يۈرۈشۈڭ كېرەك ئىدىغۇ؟

ئۆلگەن ئاتاڭنى سەنەد ئەتمە جەۋان.
ئىت كەبى قىلما تالاش ئۇستىخان.

سەن يەنە مەكتۇبىڭدا يېزىپسەنكى:

«ئەرۇسى مۇلكىنى ئول مەرد ئالۇر كەنارىغە،
كى بۆسە قىلسا دەمى تىغى ئابدارىغە.»

مېنىڭمۇ جاۋابىم مۇشۇ بېيىتتۇر. خوپ، ئەگەر مەن تىلەمچى دەرۋىش بولسام، ئۇلۇغ ئىمام رىزانىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى زىيارەت ـ تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن، تەسەررۇپۇڭدىكى مەشھەدكە بېرىشىم زۆرۈر بولىدۇ. شۇ يەردە ئۇچرىشايلى. سەن ياغىلاشماقنى ئىختىيار قىلغان ئىكەنسەن، مەنمۇ جەڭ كەمىرىمنى بېلىمگە مەھكەم باغلىدىم. ئايىغىمنى جەڭ ئۈزەڭگىسىگە قويدۇم. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا جەڭ مەيدانىدا ئايرىلغۇسى.»

شەيبانىخان ئىسمائىل شاھنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە چېكىنىپ، مەرۋگە يىغىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

※ ※ ※

سەئىدخان تېخىچە چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئوغلىنى سېغىناتتى. چىرايىنى، تاتلىق قىلىقلىرىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئوغلى بىلەنمۇ، سۆيۈملۈك خوتۇنى زەينەپ بىبى بىلەنمۇ خىيالىي مۇڭدىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى.

ئەنە، سەئىدخان ئوغلىنىڭ يۇمشاق قورساقلىرىغا، يۇمران مەڭزىگە، تاپانلىرىغا يىرىك ساقاللىرىنى سۈركەپ ئەركىلەتتى. ئوغلىنىڭ كىچىككىنە ئۇچۇقىغا سۆيۈپ قويدى.

ــ بالىنى ئۇنداق ئەركىلەتمىسىلە، ــ دەيتتى زەينەپ بىبى، ــ ئوغۇل بالىنىڭ ئۇچۇقىغا سۆيۈپ ئەركىلەتسە بەختسىز بولۇپ قالارمىش.

ــ مەسىلەن، قايسى تەرەپتىكى بەختنى دەيدىلا؟

ــ خاتۇندىن تەلىيى كەلمەسمىش.

ــ بۇمۇ كونىلاردىن قالغان بىر گەپ دېسىلە، بوۋاق ۋاقتىمدا مېنىڭ ئۇچۇقۇمغىمۇ رەھمەتلىك خان ئاتام تالاي قېتىملاپ سۆيگەن بولغىيدى. لېكىن، خاتۇندىن تەلىيىم كەلدىغۇ مانا. جاھاندىكى تەڭداشسىز بىر رەنانىڭ ۋىسالىغا يەتتىم...

سەئىدخاننىڭ ھاياجانلىق خىياللىرىنى ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان مەھرەم ئۈزۈپ قويدى:

ــ ۋالىدەئى بۇزرۇك كەلدى.

سەئىدخان خىياللىرىنى ئۈزۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى.

ھۇجرىغا ئاۋۋال ئانىسى، ئاندىن ئانا تەرەپ تاغىسى مىرزا ئەلى تاغايى كىرىپ كەلدى.

ــ ھارمىغايلا ئانا، ــ سەئىدخان ئانىسىغا سالام بەجا قىلىپ بولۇپ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان تاغىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا. ئامانمۇ سىلى؟ مانا ئاخىر كۆرۈشتۇق.

ــ خۇداغا شۈكۈر. خانزادەم بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى.

سەئىدخان بۇ ئانا جەمەت تاغىسى بىلەن ئاشۇ قېتىم ئاخسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئايرىلىپ كەتكەنچە كۆرۈشمىگەنىدى. ھەئە، مىرزا ئەلى تاغايى شاھ بېگىمنى ۋە سەئىدخاننىڭ ئانىسى، ھامىملىرىنى قوغداپ ئاقسۇدىن كابۇلغا بىللە كەلگەنىدى.

سەئىدخان كابۇلغا كېلىشتىن ئاۋۋال شاھ بېگىم نەۋرىسى مىرزا ـ خاننى ئېلىپ بەدەخشانغا بارماقچى بولغاندا، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بەدەخشانغا كەتكەنىدى.

ــ بۇزرۇك مومام تىنچلىقتۇ تاغا؟ ــ دەپ سورىدى سەئىد ـ خان مومىسىنى يادىغا ئېلىپ.

مىرزا ئەلى تاغايى دەماللىققا جاۋاب بەرمىدى، بېشىنى ئە ـ يىبكارلاردەك تۆۋەن سالدى:

ــ بەلكىم تىنچلىقتۇ، ــ دېدى ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ــ راست گەپنى قىلسام، شاھ بېگىم ئالىيلىرىنىڭ ھا ـ زىرقى ئەھۋالىدىن بىخەۋەرمەن.

سەئىدخان ئانىسىغا قارىدى. ئانىسىنىڭ چىرايىمۇ غەمكىن ئىدى، كۆزىگە غىل ـ غىل ياش كېلىپ قالغانىدى.

ــ بۇزرۇك خانىش بىلەن بەدەخشانغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغانىدۇق، ــ دېدى مىرزا ئەلى تاغايى گېپىنى داۋاملاشتۇ ـ رۇپ، ــ ئۇن كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، دەل شۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ بەدەخشانغا لەشكەر ئەۋەتىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىلا، رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ دېگەندەك، بىز ئاشۇ لەشكەرلەرگە دۇچ كېلىپ قالدۇق. ئۇلار بىزگە خۇددى ئاچ بۆرە يادىغا ئېتىلغاندەك ئېتىلدى. بار ـ يوقى يۈز نۆكەرنىڭ يې ـ رىمىنى خانزادە مىرزاخان بەدەخشان دورغىسى زۇبەيىر ئاغا بەگكە شاھ بېگىمنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەچ، نىيەت ـ مۇددىئاسىنى بىل ـ دۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. قالغان نۆكەر بىلەن خېلى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەش ـ كەرلىرى كۆپ بولغاچقا كۈچ ئېلىشالمىدىم. شاھ بېگىم ئالىيلىـ ـ رى ماڭا: «سىلى قارامىلىق قىلىشنى قويۇپ، دەرھال نەۋرەم مىرزاخان بىلەن زۇبەيىر ئاغا بەگنى تاپسىلا، بىز مەزلۇم كىشى بولغاندىكىن، ئۇلار زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەس» دەپ پەرمان بەردى. ئامالسىز ئېتىمنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدىم. ئەتىسى خانزادە مىرزاخان بىلەن زۇبەيىر ئاغا بەگنىڭ نۆكەرلىرىنى باشلاپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

كەلسەم، ئول باسقۇنچىلار ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ئۇلار شاھ بېگىم بىلەن مېھرىنىگار خېنىمنى خىزمەتكارلىرى بىلەن قوشۇپ قەشقەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ـــ بۇزرۇك مومام بىلەن ھامام قاراپ تۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى دېسىلە، ـــ دېدى سەئىدخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

مىرزا ئەلى تاغايى بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى:

ـــ ئالدىلىرىدا گۇناھكارمەن. بۇزرۇك خانىشنى قوغدىيالماي قالدىم.

ـــ بولدى، ئۆزلىرىنى ئەيىبلەۋەرمىسىلە، ـــ دېدى سەئىدخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ـــ ئۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرگە تاقابىل تۇرالىشلىرى مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ مىرزا ئابابەكرى دېگەن تۈزكورنى دەيمىنا، شۇنچە يىللاردىن بېرى ماڭلايسۆيەنى ئوڭچە ئېگىلىۋالغىنىنى ئاز دەپ، ئېلىس قولىنى بەدەخشانغا سۇنۇشقا پېتىنىپتۇ. تەپ تارتماستىن بۇزرۇك موماملىرى تۇتۇپ كېتىپتۇ تېخى. خەپ، ھەممە ھېسابىنى بىراقلا ئالمايدىغان بولسام.

ـــ جاسارەتلىرىگە بارىكاللا، ـــ دېدى مىرزا ئەلى تاغايى يەڭگىل بىر نەپەس ئېلىپ، ـــ مەسلىھەتىم شولكى، ئەمدى كابۇلدا تۇرۇۋەرمىسىلە. سىلىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتلىرى بۇ تەرەپتە ئەمەس، ئۇ تەرەپتە. شجائەت كەمىرىنى باغلاپ، سەلتەنەت تۇغىنى لەپىلدىتىشنى نىيەت قىلسىلا، كەمىنە تاغىلىرى بۇ يولدا جان تەسەددۇق قىلىشقا ھەرقاچان تەييارمەن.

ـــ مەنمۇ شۇ ئويدا، ـــ دېدى سەئىدخان، ـــ ھازىر بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى شەيبانىخانىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى قانخور دۈشمەن بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىشقا تاشلاپ قويۇپ، كېتىشكە ئىجازەت سورىسام ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلايلى. چۈنكى ئول شەيبانىخاندا بىزنىڭمۇ قان ـ قىساسىمىز بار. بۇ ئىنتىقامنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قى-

لىشنى ئويلاشساقمۇ كىچىككەن بولمايمىز. مىرزا ئابابەكرى ھەر-
قانچە رەھىمسىز بولسىمۇ بۈزرۈك مومامغا زەرەر يەتكۈزۈشكە پېت-
ىنالماس.

— خۇدايىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ،
بۈزرۈكۋارىمىزنى ئامان ـ ئېسەن قىلغاي، — دېدى سەئىدخاننىڭ
ئانىسى.

※ ※ ※

شەيبانىخان رەقىبىنى سەل چاغلاپ قالغانلىقىنى ئۈچ كۈن-
دىن بۇيانقى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتتىن نىشانە يوق دەھشەتلىك
جەڭدىن ھېس قىلدى. ھەئە، دامخان، سەبزىۋار، نىشاپۇر، مەشھەد-
نى چاقماق تېزلىكىدە ئېلىپ، مەرۆگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ
كەلگەن ئىسمائىل شاھنىڭ لەشكەرلىرى بىرى «يا ئەلى!» دەپ نە-
رە تارتسا، مىڭى تەڭلا جور بولۇپ «يا ئەلى!» دەپ ۋارقىراپ، جەڭ
مەيدانىنى لەرزىگە سالاتتى. تۈمەنلىگەن ئىران شىئە لەشكەرلىر-
ىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا ئېتىلىپ چىققان «يا ئەلى!» دېگەن سادا ھەي-
ۋەتلىك گۈلدۈرماما بولۇپ، جەڭ مەيدانىنى تىترىتىپ، رەقىبلى-
رىنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالاتتى.

قەدىمى يەتكەنلا يەردە رەقىبلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ،
مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شەيبانىخاننىڭ
سەركەردە ـ لەشكەرلىرى كۈتۈلمىگەندە دۈچ كەلگەن كۈچلۈك رە-
قىبلىرى ئالدىدا بىردىنلا چۆچۈدى. گەرچە ئۈچ كۈندىن بېرى
جەڭدە قاتتىق جاسارەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، «يا ئەلى!» دەپ نەرە
تارتىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان رەقىبلىرىنى كەينىگە بىر قە-
دەممۇ چېكىندۈرەلمىدى.

«شىئە مۇشرىكلىرى ‹يا ئەلى›! دەپ نەرە تارتسا، ئاللاھنىڭ
شىرى ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان راستىنىلا ئۇلارغا مەدەت بې-
رەرمىش. شۇڭا ئۇلارنى ئاسانلىقچە يەڭگىلى بولمايمىش» دېگەن-

www.uyghurkitap.com

دەك پىتنە ـ پاساتلار شەيبانىخاننىڭ لەشكەرلىرىنى تېخىمۇ بەك تەشۋىشكە سېلىپ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. بۇنى ئاز دەپ سىر دەرياسى بويىدا قىرغىزلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان خانزادە تۆمۈر سۇلتاننىڭ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرنى شەيبانىخان ھەرقانچە سىر تۇتۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لەشكەرلەر ئارىسىغا تاراپ كەتتى. جىيەن ئوغلى ئابدۇللا مىرزىنىڭ بۇخارادىن ھەمدەمچى لەشكەرلەرنى باشلاپ تېخىچە كېلىپ بولالماسلىقى جاسارىتى سۇسلىشىشقا باشلىغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ھەسسىلەپ زەربە بولدى.

نېمىلا دېگەنبىلەن شەيبانىخان يەنىلا پىشقان، تەجرىبىلىك سەركەردە ئىدى. ئۇ بۇ زەربىلەر ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئوغلى تۆمۈر سۇلتان بىلەن جىيەن ئوغلى ئابدۇللا مىرزا باشلاپ كېلىۋاتقان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە، جەڭ ۋەزىيىتىدە ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈش قارارىغا كەلدى ـ دە، سېپىللىرى مۇستەھكەم مەرۋ قەلئەسىگە چېكىنىپ كىرىۋالدى.

ئىسمائىل شاھ لەشكەرلىرىنىڭ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مەرۋ سېپىلىغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىنى، سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان يا ئوقى، زەمبىرەك، تاشلارنىڭ زەربىسىدە لەشكەرلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ، شەيبانىخاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەيدان جېڭى قىلىشقا ئۈندىدى. ئەمما، شەيبانىخان ئىران لەشكەرلىرىنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىگە، غۇرۇرىغا تېگىشلىرىگە چىداپ، قەلئەنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇۋالدى.

ئىسمائىل شاھمۇ جەڭ تەدبىرلىرىدە شەيبانىخاندىن قېلىشمايتتى. ئۇ شەيبانىخاننىڭ قەلئەنى مۇداپىئە قىلىش ئارقىلىق ۋاقىتنى كەينىگە سوزماقچى بولغانلىقىنى تېزلا بىلىۋالدى. چۈنكى مۇھاسىرە ۋاقتى سوزۇلۇپ كەتسە، شەيبانىخان ۋاقىتتىن ئۇ-

تۆۋالاتتى. ئۇنىڭغىچە ھەمدەمچى لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كېلەتتى.
ئەمما، ئىسمائىل شاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى
خورايتتى. مەرۋنى جەڭسىز مۇھاسىرە قىلىۋېرىشتىن زېرىكەتتى.
ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشاتتى.
«شەيبانىخان ئۆزۈڭنى ئۇنچە ئەقىللىق چاغلاپ كەتمە. گەر-
چە سەن ھەرقانچە ھىيلىگەر، پاراسەتلىك بولساڭمۇ، ئەمما مېنىڭ
سېنى مەرۋ قەلئەسىدىن چىقىرالايدىغان تەدبىرىم بار...»
بىر قارارغا كەلگەن ئىسمائىل شاھ شەيبانىخانغا دەرھال
مەكتۇپ يېزىشقا كىرىشتى.

«ئەي شەيبانىخان، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ تە-
سەررۇپۇمدىكى ئەزەربەيجاندا زىيارەت قىلماقچى، ئىسپاھان
سارىيىمنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇماقچى ئەمەسمىدىڭ؟ نې-
مىشقا ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمايسەن؟! مانا، سېنى ياشانغاندا
يول ئازابى تارتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزۈم ئالدىڭغا كەلدىم.
بىراق، سەن بولساڭ ماڭا روبىرو بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن،
قەلئەگە كىرىۋېلىپ، مەندەك مۇساپىر دەرۋىشكە دەرۋازىلى-
رىڭنى يېپىۋالدىڭ. بىلىمەن، بۇ يەردە داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ
تۇرۇشنى خالىمايسەن. چۈنكى، ئارقا تەرىپىڭدە دۈشمەنلى-
رىڭ ساڭا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق
كۆرۈۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا يۈز بەرگەن
مەلۇم ۋەقەلەرمۇ مېنى دەرھال قايتىشقا مەجبۇر قىلىۋاتى-
دۇ. شۇل سەۋەبتىن لەشكەرلىرىمنى چېكىندۈرۈپ كەتمەك-
چىمەن. ئەمما سەن بۇ چېكىنىشىمنى ھەرگىزمۇ قورقۇن-
چاقلىقتا، ئاجىزلىقتا جورۇمىغايسەن. قايتا كۆرۈشۈشىمىز-
نى تەقدىرگە ھاۋالە قىلىشنى قارار قىلدىم. قايتا كۆرۈش-
كىچە ئامان بول.
ئىسمائىل شاھتىن دەپ بىلۇرسەن.»

شەيبانىخان بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقاندا ھىيلىگەر ئىسمائىل شاھ

مەرۋ مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي چېكىندۇرۇپ بولغانىدى.

«ئىران بىلەن ئەزەربەيجاندا راستىنىلا زور ۋەقە يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، بولمىسا ئىسمائىل شاھ ئالدىراپ ـ تېنەپ چېكىنمەيتتى. بۇ ئۇنى يوقىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەرھال قوغلاپ زەربە بېرىش كېرەك...»

شەيبانىخان ھاياجانلىق خىياللار ئىلكىدە سەركەردىلىرىنى ياۋ قوشۇنىنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى.

ــ قۇدرەتلىك خانىمىزغا ئىككى كەلىمە مەسلىھەتىم بار، ــ دېدى سەركەردە قەمبەر ئەلى قول باغلاپ تۇرۇپ.

ــ گەپنى قىسقا قىلىسىلا، ــ دېدى ياۋنى قوغلاشقا ئالدىراپ تۇرغان شەيبانىخان بىتاقەت بولۇپ.

ــ بۈگۈنچە ياۋنى قوغلىمايلى. خانزادە تۆمۈر سۇلتان بىلەن ئابدۇللا مىرزىنىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنىڭ مەرۋگە يېتىپ كېلىشىگە يەنە بەش ـ ئالتە پەرسەخ[1] ئارىلىق قالدى، ئەتىگىچە كېلىپ بولىدۇ. دۈشمەن شۇ كەتكەنچە كېتەمدۇ ياكى بۇيەردىن كەتكەن بولۇپ، بىزنى قەلئەدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ جەڭ قىلىش خىيالى بارمۇ بۇ تەرىپىمۇ ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىدىغان غەرىزى بولسا، ھەمدەمگە كېلىدىغان لەشكەرلىرىمىزنى تولۇق جەملەپ ئاندىن جەڭ قىلايلى. ئەگەر شۇ كەتكەنچە قېچىپ كېتىدىغان غەرىزى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ شەخسەن قوغلاپ بېرىشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق. خانزادە تۆمۈر سۇلتان، ئابدۇللا مىرزا قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن بىز قوغلاپ بارايلى. ھەزرەتلىرى ئارقا سەپتە تۇرۇپ بىزگە مەددەت بەرگەچ ئىراق زېمىنىغا مەنزىلمۇ مەنزىل قەدەم قويغايلا. ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا زور ۋەقە بولغىنى راست

① پەرسەخ ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر پەرسەخ سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ.



www.uyghurkitap.com

بولسا، شاھ ئىسمائىل بۇ يەردىن قېچىپ بارغىنى بىلەن، ئۇ يەر-دىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ..

— ئېيتقانلىرى دۇرۇس جانابى ئەمىر، — دېدى شەيبانىخان سەۋرسىزلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — لېكىن شۇنى بىلسۇنلار-كى، شاھ ئىسمائىل بىلەن جەڭ قىلىش بولسا غەزاتى ئەكبەر[①]دۇر. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ غەنىيمەت ماللىرى ناھايىتى تولا. ئۆز قولى بىلەن ئالدىمىزغا ئەكېلىپ بەرگەن ئول غەنىيمەتلەرنى تار-تىۋالمىساق باشقىلارنىڭ مازىقىغا قالىمىز. رەقىبلىرىمىز شەيبا-نىخان شاھ ئىسمائىلدىن قورقۇپ كېتىپ، ئارقىسىدىن قوغلاش-قىمۇ پېتىنالماپتۇ دەپ مەسخىرە قىلىپ ئارقىمىزدىن كۈلۈشەر. بۇنداق ياخشى پۇرسەت ئالدىدا ئىككىلىنىش ۋە ئاساسسىز ۋەھىمە يېيىش بۈيۈك پادىشاھلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان كەلتۈرگۈ-سىدۇر. مەردانە بولماق كېرەك.

شەيبانىخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆزى باش بولۇپ ئات سالدى. بۇ چاغدا ئىران لەشكەرلىرى ئاللىقاچان مۇرغاب دەرياسىدىن ئۆ-تۈپ بولغانىدى. شەيبانىخان قىلچىلىك گۇمان قىلماي، لەشكەر-لىرىنى مۇرغاب دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ ياۋ-نى قوغلاشقا ئالدىراتتى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە «قاچقان» ياۋنىڭ ئارقىسىدىن يەتتى. شەيبانىخان شۇنداق بىر قاراپلا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئىسمائىل شاھنىڭ لەشكەر-لىرى شۇ تاپتا مۇستەھكەم جەڭ سېپى تۈزۈپ ساقلاپ تۇرغانىدى.

«ئالدىنىپتىمەن! ئىسمائىل شاھ قېچىش ھىيلىسى ئىشلى-تىپتۇ...»

قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن شەيبانىخان يا ئالدىغا مېڭىۋې-رىشنى، يا ئارقىسىغا دەرھال چېكىنىشنى بىلەلمەي تۇرغان پەيت-تە، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن چاغداۋۇل[②] سەركەردىسى جانۋاپا بەگ

① غازاتى ئەكبەر — ئۇلۇغ غازات.
② چاغداۋۇل — ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچىسى.

هودۇققان هالدا شەيبانىخانغا سالام بەردى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بۆكتۈرمىدە تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى مۇرغاب دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى تامامەن بۇزۇۋەتتى.

شەيبانىخان بېشىدا چاقماق چاققاندەك چۆچۈدى. هىيلىگەر ئىسمائىل شاه ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن جان تىكىپ جەڭ قىلىشتىن باشقا تاللاش يولى قالمىغانىدى.

شەيبانىخان سەركەردىلىرىگە قاراپ سەپ تۈزۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپ بولغۇچە، ياۋ لەشكەرلىرى «يا ئەلى!» دەپ سۈرەن سالغىنىچە هۇجۇمغا ئۆتتى. يامغۇردەك ياغقان يا ئوقلىرى ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمىگەن شەيبانىخان لەشكەرلىرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە، باش ـ بويۇنلىرىغا، كۆكرەك ـ بىلەكلىرىگە سانجىلدى. ئىسمائىل شاه ئەتراپقا بۆكتۈرمە قويۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. تۆت تەرەپتىن دەريا تاشقىنىدەك باستۇرۇپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن شەيبانىخان لەشكەرلىرى پىتىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار جان قايغۇسىدا قالغانىدى. ئەمما شەيبانىخان چېكىنمىدى، ئەتراپىدىكى ساداقەتمەن نۆكەرلىرى بىلەن بىللە ياۋغا جان پىدالىق بىلەن زەربە بەردى. ئۇنىڭ كۆكرەك، تاغاق، بىلەكلىرىگە يا ئوقى سانجىلغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرىنى يىغىپ ياۋنىڭ بېشىغا قىلىچ چاپتى. تۇيۇقسىز بويىنىغا سانجىلغان ئەجەل ئوقى شەيبانىخانىنى ئاخىرى ئاتتىن يىقىتتى. هەئە، بۇ جەڭدە شەيبانىخانىنىڭ بىرمۇ سەركەردىسى هايات قالمىدى.

نۇرغۇن يېرى يارىلانغان شەيبانىخانىنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تاپتۇرۇپ كەلگەن ئىسمائىل شاه ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى ۋە باش سۆڭىكىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ شاراب ئىچىدىغان قەدەه قىلىۋالدى.

## 132

كابۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان يايلاقلار باھار يامغۇرىدا يۇيۇنۇپ، باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىرگەندى. تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر، گۈل ـ گىياھلارنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى، بەرگىلىرى شاھكابۇل تاغلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامالدا نازۇك تىترەپ ئاللىقانداق بىر خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان قىزلارنىڭ نازاكەتلىك ھەرىكىتىنى ئەسلىتەتتى. ئەتىگەندىلا نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرمەي چىققان سەئىدخان ئاستا ـ ئاستا قىيامىغا كىرىۋاتقان قۇياشقا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇڭ، يېرىك ساقال باسقان چىرايىدىكى ھەسرەت خۇددى يايلاقتىن ئايرىلىپ قالغان بۆرىنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىستەكتە تىپىرلاشلىرىنى ئەسلىتەتتى.

ھەئە، ئۇ نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقىمۇ، يۈرىكىدىكى ئارمانلىرى كۆڭۈل ئارامىنى ھەرقاچان بۇزۇپ تۇراتتى. نەچچە يىلدىن بۇيانقى سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق سەلتەنەتى تىكلەش ئارزۇسى ئۇنى بىر كۈنمۇ ئارام تاپقۇزمايتتى. ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يارامسىز، قابىلىيەتسىز، نانقېپى ھېس قىلاتتى. ۋۇجۇدى دەرد ـ ھەسرەتتە ئۆرتىنەتتى. مەغلۇبىيەتلىك كارتىنىلار، ئاچچىق ئەسلىمىلەر خىيالىدىن پەقەتلا نېرى كەتمەيتتى.

«كابۇلدا يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرەرمەن. ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى شەيبانىخانغا قارشى لەشكىرىي يۈرۈشكە پەرمان

چۈشۈرگەن بولسا، راۋرۇس بىر جەڭ قىلىپ، تۆھپە كۆرسىتىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن لەشكىرىي ياردەم سورىسام توغرا بولاتتى. ئىلكىمدە تۈزۈك لەشكەر يوق. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كىيگىنىممۇ، يېگىنىممۇ ئاشۇ ھىممەتلىك شاھ ئاغامدىن بولۇۋاتىدۇ. شۇ چاغقىچىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى زىيادە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇشۇنداق يەپ يېتىۋەرسەم خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن. شەيبانىخان كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىپ بارىدۇ، ئايغاقچىلار ئۇنى ئىران ھۆكۈمدارى ئىسمائىل شاھ بىلەن جەڭ قىلىشقا ھازىرلىنىۋېتىپتۇ دەپ مەلۇمات يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەڭنىڭ ئەھۋالىدىن تېخىچە مەلۇمات يوق. سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلاردىنمۇ خەۋەر يوق، يا ئۇلار مىرزا بىلەن ئۇچرىشالمىدىمىكىن؟ مىرزا ئابابەكرى ھەددىدىن ئېشىپ ھېلى ئاقسۇغا، ھېلى بەدەخشانغا لەشكەر ئەۋەتىپ تەھلىكە سېلىپ يۈرگۈدەك. ئۇنى كەشمىرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ دېگەن خەۋەرمۇ بار. ئاغام سۇلتان مەنسۇرخان نېمىشقا ھازىرغىچە مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلمايدىغاندۇ؟ ئىلكىدىكى ئاشۇ زېمىنلارغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياتامدىغاندۇ ـ يا؟ مېنى قوغلىماي، قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆرسىتىپ دەرگاھىدا تۇرغۇزغان بولسا، پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ، بۇ چاغقىچە ماڭلايسۆيەنى مىرزا ئابابەكرىدىن تارتىۋالغان بولاتتىم. ۋەتەن دېگەن باشقا بولىدىكەن. ھازىر بېشىمدىن دۇپپام چۈشسىمۇ باشقىلارنىڭ زېمىنىغا چۈشىدۇ، ھەرقانداق بىر جامائەنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، ئاۋام ـ پۇقرالىرى ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن ھەرقانداق سەۋەب بىلەن باش تارتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان بىر ھۆكۈمدارى بولمىغان مەملىكەتنىڭ ئۇلى چىرىپ تۈگەيدۇ. بەندە بەخت ـ تەلىيىنى تەڭرىدىن تىلىدىشى، ئەمما ئاشۇ تىلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىقى زۆرۈر، ئەمما مەنچۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خام خىيالغا ئەسىر بولۇپ ياشى-

دىم، يېتەر ئەمدى. ئاتا ۋەتىنىمگە، ئاتا مىراس زېمىنىمغا قايتىپ ئىشلىرىمنى شۇ يەردىن باشلاي. مېنىڭ تەختىممۇ، بەختىممۇ ھەم ئۇنىڭ ئۇلى بولغان لەشكەر ـ ئاۋاممۇ شۇ يەردە. بۇ يەردە تۇ ـ رۇۋەرسەم، ھېچكىم ماڭا كەل، بۇ تەختتە ئولتۇر دېمەيدۇ...»

يانباغىردىن ئاڭلانغان ئاياغ شەپىسى سەئىدخاننىڭ خىيال ـ لىرىنى ئۈزۈپ قويدى. مىرزا ھەيدەر يوچۇن بىر كىشى بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەئىدخاننى كۆرۈپ، قېشىدىكى ئادەمگە بىرنېمىلەرنى دەپ پەستە قالدۇرۇپ قويدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھاۋالىنغىلى چىققان ئوخشىما ـ سەن؟

— يوقسۇ، — دېدى مىرزا ھەيدەر، — ھېلىدىن بېرى سى ـ لىنى ئىزدەۋاتىمەن. چەرمىگەران دەرۋازىسىدىكى لەشكەرلەر سى ـ لىنى تاڭ سەھەردىلا مۇشۇ تەرەپكە كەتتى دېيىشىدى، ئۇدۇل كېلى ـ شىم، ئەجەب يالغۇز تۇرۇپ قاپسىلىغۇ ئاغا؟

— نېمە ئۈچۈندۇر يالغۇز خىيال سۈرگۈم كېلىپ قالدى. ئەندىجاندىن قېچىپ چىقىپ، كابۇلغا كەلگەندىن بېرىقى ئىشلار خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، بىر ۋاق بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتى ـ مەن. بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئىزدەپ قالمىغاندۇ؟

— ھېلىغىچە ئىزدەرمىكىن، — دېدى مىرزا ھەيدەر، — ئەمما باشقىلار ئىزدەۋاتىدۇ.

سەئىدخان مىرزا ھەيدەرنىڭ چىرايىغا يالت ئېتىپ قارىدى. چىرايىدىكى باللىق ئالامەتلەر ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بوي ـ بەستى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلىق يىگىتلەردەك ئۆسۈپ كەتكەن مىرزا ھەيدەر تەۋازۇ بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— كىمكەن ئۇ ئىزدىگەن؟

— كۆكۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئاغا، ھۇما قۇش باشلىرى تامان ئۇچۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

مىرزا ھەيدەرنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق سۆزلىرى سەئىدخاننى

ئەجەبلەندۇردى:

ــ يوچۇنلا گەپ قىلىسەنغۇ؟

ــ تېخى سىلىنى ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان ئوخشاي-
دۇ دەپتىمەن، ــ دېدى مىرزا ھەيدەر كۈلۈمسىرەپ، ــ خۇش خە-
ۋەرگە قۇلاق سالغايلا ئاغا. نەچچە يىللاردىن بېرى جاھانغا پاتماي
ئەل - يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتقان مۇناپىق شەيبانىخان ئاخىرى
ئىسمائىل شاھ بىلەن مەرۋدە قىلغان جەڭدە بېشىنى يەپتۇ، ئىس-
مائىل شاھ ئۇل ھۇجاجنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ، نۇرغۇنلىغان
كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن بۇ قانخورنىڭ قېنى ئۆزىنىڭ تۇي-
ماس قارنىغا قۇيۇلۇپتۇ، يەرگە بىر تامچىمۇ ئاقماپتۇ، ئۆزى باش-
قىلارغا قىلغاندەك تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەئىدخاننىڭ كۆز
ئالدىغا شەيبانىخان تەرىپىدىن قاپقا سولاپ، دەرىيادا تۇنجۇقتۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلگەن تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
ھەمدە ئىنىسى ئابدۇخېلىلخان كەلدى - دە، يۈرىكى پىچاقتا تىل-
غاندەك ئېچىشىپ، كۆز جىيەكلىرى قىزاردى.

مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ چىرايىغا قاراپ، يۈرەك يارىسى-
نىڭ تاتىلانغانلىقىنى بىلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ دەقىقىدە
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغىمۇ شەيبانىخاننىڭ پەرمانى بىلەن ھىراتتا ئۆل-
تۈرۈلگەن دادىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان كېلىۋالغانىدى.

ــ ئەندىجاندىن چاپارمەن كەلگەنىكەن، ــ دېدى مىرزا ھەي-
دەر بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ــ ئۆزلى-
رىگە تاپشۇرىدىغان مەكتۇپ بار دەيدۇ.

سەئىدخان ئازابلىق خىياللاردىن باش كۆتۈردى:

ــ ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدىڭ-
مۇ؟

ــ ئۇل كىشى سەئىدخان ئالىيلىرىدىن باشقىسى بىلەن
كۆرۈشمەيمەن، مەكتۇپ خاس سەئىدخان ئالىيلىرىغا يېزىلغان،
دەپ تۇرىۋالدى.

ــ قېنى ئۇل چاپارمەن؟

مىرزا ھەيدەر يانباغىردا ساقلاپ تۇرغان ئاتلىق كىشىگە قول
ئىشارىتى قىلدى. ئاتلىق كىشى تۆپىلىككە يۈگۈرۈپ چىقىپ، سە-
ئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خانزادە ئالىيلىرى.

سەئىدخان شۇنداقلا قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ باشقا بىرى ئە-
مەس، دەل خوجا ئەلى باھادىر ئىدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى كۈتمىگەن بۇ ئۇچرى-
شىشتىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان سەئىدخان خوجا ئەلى باھا-
دىرغا گۇمان بىلەن نەزەر تاشلاپ، ــ خوش، بۇ ياققا قەدەملىرى
يېتىپ قاپتۇغۇ، سەركەردە؟

«سەركەردە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خوجا ئەلى باھادىر گەددى-
نىگىچە قىزىرىپ كەتتى. قولاشمىغان بىر ھەرىكەت بىلەن قوي-
نىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى:

ــ سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ
كېلىۋېدىم...

سەئىدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ
خەتنى ئالدىراش قولىغا ئالدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان مىرزا
ھەيدەر سەئىدخاننىڭ خەتنى ئوقۇۋېتىپ، غەزەپتىن تۇتۇلۇپ كەت-
كىنىنى كۆرۈپ تەئەججۇپلەندى.

سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرغا سوغۇق بىر نەزەردە قارىۋې-
تىپ، مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا خەتنىڭ بىر بۆلىكىنى قايتىدىن
ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*«... شاھ ئىسمائىلخان مۇناپىق شەيبانىخاننى ئۆلتۈر-
گەندىن كېيىن، پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئەمىرلەر پا-
تىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇزۇندىن بېرى پەرغانىدە يوشۇرۇنۇپ
ئىسيانغا ھازىرلىق كۆرگەندىم. بۇ پۇرسەتتە ئىتتىپاقچىد-
لىرىم بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئەندىجاننى تولۇق ئىشغال قىل-*

www.uyghurkitap.com

*ىدىم. بىزلەركىم سەييىد مۇھەممەد مىرزا، قۇلنەزەر مىرزا، يادىكار مىرزا، قۇتلۇق مىرزا، ئەمىر غۇرى بارلاس، شاھنەزەر مىرزا، قۇتلۇق مىرەك مىرزا، خوجا ئەلى باھادىر قاتارلىقلار شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇقكى، مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بابۇر پادىشاھنىڭ بۇ جايلارنى ئىلكىگە ئېلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشى تۇرغانلا گەپ، بۇ جايلارغا بابۇر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كۆرە، ئۆزلىرىدەك قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن خانزادە ئالىيلىرىنىڭ پەرغانە تەختىدە ئولتۇرۇشلىرىنى مۇۋاپىق كۆردۇق، ھەممە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى تەقلەپ يوللىرىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. ئۇشبۇ تەكلىپىمىزنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال يولغا چىققايلا ...»*

سەئىدخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ سوغۇق كۈلدى:

— ئۆز ۋاقتىدا سىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن جاسارەت ھەم پاراسەتلىرىگە ھەقىقەتەن قول قويغانىدىم. مەيلى تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ، مەيلى ئاغام مەنسۇرخاننىڭ ياكى مۇناپىق مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئارامسىز قوغلاپ، ھاياتىمىزغا ھەرقاچان ئېغىر تەھلىكە سېلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ياكى يا ئوقىدا زەخىملىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىمدا بولسۇن، يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، دوستلۇق ـ ساداقەتلىرىنى كۆرسەتكەنىدىلە. ئەمما كېيىن باش سىغدۇرالىغۇدەك دەرگاھ، پۇت دەسسىيەلىگۈدەك زېمىن تاپالماي تېنەپ يۈرگىنىمدە ئەقىدە ـ ساداقەت سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىلە. شۇنداقتىمۇ خام سۈت ئەمگەن بەندە نۇقسانسىز ئەمەستۇر، بەلكىم جانىبېك سۇلتاننىڭ دەھشەتلىك قىيناقلىرىغا، بېشىغا سالغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەندۇر دەپ سىلىنى ئەپۇ قىلىنۇۋەتكەن ھەم ئەسلەپ تۇرغا-

نىدىم. ئەمما، ھالا بۇگۇنكى كۇندە بىشىمنى سىيلاپ، قېرىنداش ـ
لىق، دوستلۇق، ۋاپا، ھىممەت، ئەقىدە قۇچىقىنى كەڭ ئاچقان
باھادىر ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىدىن يۇز ئۆرۇشكە، ۋاپاغا جا ـ
پا قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، سىلىدىن
قاتتىق نومۇس قىلىۋاتىمەن. خوش، مىنى سەييىد مۇھەممەد
مىرزا جانابلىرى بىلەن باشقىلارغۇ چۈشەنمىسۇن، نەچچە يىل
تۇز ـ تائام يەپ بىللە ھايات كەچۇرگەن سىلىمۇ چۈشەنمەدىلا؟
ئىنسانغا تاجۇ تەخت، بايلىق ـ زېمىندىنمۇ كاتتا بىر نەرسە زۆ ـ
رۇردۇر. ئۇ بولسىمۇ ۋاپا ۋە مەردلىكتۇر. مەردلىك بىلەن ئۆلۈش
غۇرۇرنى پايخان قىلىپ ياشىغاندىن ئەۋزەلدۇر.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ پېشانىسى، چېكىسى ۋە بۇرنىدا چې ـ
كىم ـ چېكىم تەر پەيدا بولدى. ئۇ لام ـ جىم دېمەي بېشىنى تۆ ـ
ۋەن سېلىپ تۇراتتى.

ـــ شەيبانىخان ئىستېلاسىنىڭ توپانى ۋە قىرغىنچىلىق
دولقۇنلىرى ئەۋجىگە چىقىپ، خان ـ سۇلتانلىرىمىزنىڭ ئۆمۇر
كېمىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ، ھەممىسىنى يوقلۇق دەرياسىغا
غەرق قىلغان ۋاقىتتا، مەن خۇددى بىر تال تاختايغا ئېسىلىۋال ـ
غاندەك بىچارە ھالەتتە كابۇلدىن ئىبارەت نىجات ئارىلىغا ئاران
چىقىۋالدىم، ـــ دېدى سەئىدخان خوجا ئەلى باھادىرغا قاراپ، ـــ
ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى مىنى بالا ـ قازا دولقۇنلىرىدىن
ئاسراپ، شۇ قەدەر قىيىنچىلىق جەزىرىدە ناھايىتى راھەت ـ پارا ـ
غەت ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلدى. ئەمدى ـ
لىكتە ئىستىقبال ساھىلى كۆرۈنگەندە بۇنداق ناچار ئىشقا قەدەم
قويۇش نېمىدېگەن نامەردلىك، بۇنداق قەبىھ قىلىقنى قىلىش نە ـ
قەدەر ھىممەتسىزلىك ـ ھە. بۇنداق ناچار خىيالنى ۋە بولمىغۇر
تەسەۋۋۇرنى كۆڭۈلدىن كەچۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ شەرىئەتتە ھارام،
ياخشىلىق مەزھىپىدە نىجىسلىق، باھادىرلىق مەزھىپىدە ناجىنس ـ
لىقتۇر. ئۆز ۋاقتىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، خارۇ زارلىقتا
ياشىغىنىمدا، بۇ مەكتۇپنى يازغان سىپاھلارنىڭ بىرەرىنىمۇ

uyghurkitap.com

ئۇچرىتالمىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنى ئاسانلا تېپىۋاپتۇ. بوپتۇ، بۇ ھەقتە جىق سۆزلىمەي. بەلكىم، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىدۇر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى جانىبېك سۇلتاندىن تارتىۋالغانلىقى تولىمۇ كاتتا ئىش بوپتۇ، ئەمما مەن پەرغانە سەلتەنەتىنى دەپ ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغا قارا يۈزلۈك قىلسام، ئۇل چاغدا كىم بىر پارچە ئۇستىخان تاشلاپ بەرسە، شۇنىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان لالما ئىتتىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە پەرغانە ۋادىسى ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىدۇر. ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. بېرىپ شول بەگلەرگە سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قويسۇنلار. كاللىسىدىكى غەيرىي نىيەتلەرنى تاشلاپ، بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنى ياقلىغاي ھەمدە ئۇنىڭ ئادالەت تۇغى ئاستىغا جەمئىي بولغاي.

ــ پەرمانىبەردارمەن! ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا.

ــ شول تاپتا بۇ ئىشتىن ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى خەۋەر تاپىدىغان بولسا كاللىلىرىنىڭ ئامان قېلىشى ناتايىن. بوپتۇ، بۇ مېنىڭ جانىبېك سۇلتاننىڭ قولىدىن قاچۇرۇۋەتكەن ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرغىنىم بولسۇن. كابۇلدىن دەرھال كېتىۋالسىلا، بەلكىم ئەندىجانغا بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما پادىشاھ ئەمەس، بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ نۆكىرى سۈپىتىدە باردىمەن. كۆرۈشكۈچە ئامان بولغايلا.

ــ سىلىمۇ ئامان بولغايلا ئالىيلىرى.

سەئىدخان مېڭىشقا تەمشەلگەن خوجا ئەلى باھادىرنى يەنە توختىتىۋالدى:

ــ ئاغىچام بىلەن ئوغلۇمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم...

ــ ئۇلار سالامەت. ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بۇياققا ماڭغانىدىم. ئالىيلىرىنى ئەندىجانغا باشلاپ كېلىمەن دەپ ئويلاپ

ئۇلارنى بىللە ئېلىۋالمىغانىدىم.
سەئىدخاننىڭ يەنە گەپ سوراشقا رايى بارمىدى.

※ ※ ※

بابۇر مەخپىي مەكتۇپنى ئوقۇپ، سەئىدخاننىڭ خوجا ئەلى باھادىرغا بەرگەن جاۋابىنى مىرزا ھەيدەردىن ئاڭلاپ، بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ۋاپادارلىق، مەردلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى.
— ئەزىز ئىنىم، — دېدى بابۇر، — سەلتەنەت قۇياشى ئەمدى بىزگە قاراپ باققان ئوخشايدۇ. تۈنۈگۈن سىلى يېنىمدىن كەتكەندىن كېيىن، دەرگاھىمغا ئىسمائىل شاھنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئۇل ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ دوستلۇق سالىمى پۈتۈلگەن مەكتۇپىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ خۇراسان ھۇدۇدىنى بىسىۋېلىش غەرىزى يوق ئىكەن. مېنى ھىراتقا كېلىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە بۇ ۋەدىسىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئىگىچەم خانزادە بېگىمنى ئەۋەتىپتۇ.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سەئىدخان تولىمۇ خۇشال بولدى:
— ئالدى بىلەن شەپقەتلىك تەڭرىمنىڭ شاپائىتىگە، ئاندىن قالسا ئۇل ئىسمائىل شاھنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېدى سەئىدخان، — خانزادە بېگىم ھەرنېمە بولسا ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپتۇ.
— ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ساۋاق ئالمىغان تۆمۈر سۇلتان تاغىلىرى بىلەن بىرلىكتە لەشكەرلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، جەڭگە ھازىرلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى بابۇر، — ئەمدى يەنە ساقلاپ تۇرغىلى بولماس. ئەسلىدە ئۇل شەيباقنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ھېلىھەم بولسىمۇ ئۇنىڭ جاھىل ئىزباسارلىرىغا تۆمۈرىيلەرنىڭ جاساردىتىنى كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايدۇ.
— ئوبدان ئويلاپتىلا ئاغا، ئۇشبۇ ۋاقىتتا دۆلەت قۇياشى

www.uyghurkitap.com

ئىقبال بۇرجىدا مۇقىملاشتى، سەلتەنەت تەختى غالىبىيەت سۇ-پىسىدا قارار تاپتى. ھەممە تائىپە ئادالەتپاناھ دەرگاھلىرىغا يۈز-لەندى. ئەمدى كەمىنە ئىنىلىرىمۇ سىلىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇل ئاتا دۇشمەنلىرىمىزنىڭ قېنىنى ئېرىقتىكى سۇ مىسالى ئاقىتۇز-مىسام ھېساب ئەمەس.

— ئەزىز ئىنىم، جەڭگاھتا سىلى بىلەن بىللە ئۇل دۇشمەن-لىرىمىزنىڭ بېشىغا تەڭ قىلىچ چېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما بىز ئۈچۈن پەرغانىمۇ خۇراسان، ماۋەرائۇننەھرگە ئوخشاشلا مۇ-ھىمدۇر. ھەممە كۈچىمىزنى خۇراسانغا قارىتىپ، پەرغانىنى تاشلاپ قويساق ياخشى بولماس، چۈنكى تاشكەنت ھېلىمۇ تۇر-كىستاننى بېسىپ ياتقان شەيباقنىڭ تاغىسى سۈيۈنچۈكخاننىڭ قولىدىدۇر. گەرچە سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرى پەرغانىنى جانىبىك سۇلتاندىن تارتىۋالغان بولسىمۇ، سىلىگە ئەۋەتكەن مەخپىي مەكتۇپىدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا كۆمەكلەشكەن بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەستەك قىلىدۇ. خۇسۇسەن ئاھالىسى كۆپ، غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتە باشقا خەلقلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان موغۇلىستان خەلقى ئەقىل ـ تەدبىرى، ھىممەت ـ شجائىتى بىلەن ئىززەت ـ ھۆر-مەتكە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇل تەرەپتىكى دۇشمەنلىرىمىزنىڭ ئېتەكلىرىنى خارۇ زارلىق چاڭلىرىغا تولدۇرۇپتۇ. ئەقىل ـ تەپەككۇر ھۆكۈمى بويىچە ئەمدى مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇشلىرى مۇۋاپىق ئەمەس. پەرغانە ئىگىدارچىلىقىنى بۇگۈندىن ئېتىبارەن سىلىگە بەردىم. ئۇل تەرەپتىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ باشلىرىنى بىر تۇغ ئاستىغا جەمئىي قىلىپ، ئۆز ئالدىلىرىغا سەلتەنەت سۈرگەيلا.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ تاغا؟ پەرغانە سىلىنىڭ ئا-تا مىراس زېمىنلىرى تۇرسا.

— دېگەنلىرى راست. ئەمما شۇنى ئۇنتۇمىسىلاكى، بىز دې-گەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشمىز. بۇ تۇغقاندارچىلىق-

نى رەھمەتلىك بابىلىرىمىزدىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بى-
لەن سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئالىيلىرى قۇدىلىق يولى بىلەن
قىيامىغا يەتكۈزگەنىكەن. شول تاپتا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ تومۇ-
رىدا ئول ئىككى بۇزرۇكۋار بابىلىرىمىزنىڭ قېنى ئاقماقتا. ئىل-
كىمىزدىكى زېمىنلارنى سىنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمىزنىڭ ھاجىتى
يوقتۇر. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مەرھۇم ئىنىم جاھانگىر
مىرزا ھايات بولغان بولسا پەرغانە تەختىنى سىلىگە بۇيرۇمايت-
تىم. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا پەرغانىنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغانمەن. ئەپ-
سۇس، ئۇ ئوزاقى يىلى ھىراتتىن قايتىپ كېلىش سەپىرىدە قازا
قىلىپ كەتتى، نەۋرە ئىنىم مىرزاخان بولسا بەدەخشانىنى باشقۇ-
رۇۋاتىدۇ، ئىنىم ناسىر مىرزا يېنىمدا تۇرمىسا بولمايدۇ، چۈنكى
ئوغلۇم ھۇمايۇن تېخى كىچىك. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ
قالسا تەختىمگە ۋارىسلىق قىلىپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا
ئالىدىغان ئىزباسار يوق بولۇپ قالىدۇ، ــ بابۇر بىر پەس خىيال
سۈرۈۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بىرلىكنىڭ
ھامان بۆلۈنۈشى، بۆلۈنۈشنىڭ ھامان بىرلىكى بولىدۇ. سىلىنى
پەرغانىگە ئەۋەتىشىم بۆلۈنۈش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئارقىلىق
ئاتا ـ بابىلىرىمىزدىن قالغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى-
مىزنى مۇستەھكەملەش ۋە بۈيۈك بىرلىكنى ھەقىقىي تۈردە
داۋاملاشتۇرۇش، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىمىزگە پايدىسى بار.

ــ ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ دەپتىكەن، ــ دېدى سەئىدخان
بېشىنى ئېگىپ، ــ گەرچە يانلىرىدىن ئايرىلماي دۈشمەنلىرى-
مىزگە بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن
جاھىللىق قىلسام كۆرسەتكەن ھاتەملەرچە ھىممەتلىرىنى قوبۇل
قىلىشتىن باش تارتقاندەك بولۇپ قالغۇدەكمەن. بوپتۇ، پەرغانىنى
سىلىگە ۋەكالىتەن باشقۇرۇپ تۇراي.

بابۇر سارايدىكى ئەمىرلەرگە يۈزلەندى:

ــ ئىنىم سەئىدخان ئالىيلىرىغا بەش يۈز نەپەر نۆكەر بې-
رىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئەندىجانغا بېرىشنى خالايدىغانلار ئۆزۈڭلارنى

مەلۇم قىلىڭلار.

ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. كابۇلغا سەئىدخان بىلەن
بىللە كەلگەن مۆتىۋەرلەردىن خوجا سالىھ مەۋلانە خۇلقى، مىرزا
جالاللار خېلى بۇرۇنلا قايتىپ كەتكەنىدى.

— كەمىنىلىرى خانزادە ئالىيلىرىنىڭ بۆشۈك ئۇستازد-
مەن، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ، — پا-
دىشاھ ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە ئەندىجانغا بېرىشنى خالايمەن.

ئاياز بېك قۇشچىغا ئەگىشىپ مەۋلانە يۇسۇپ كاشغەرىي،
مىرزا گادايبەردى، مىرزا ئەھمەد، مەنسۇر ۋەلى، تاھىر بەگ قاتار-
لىقلار سەئىدخان بىلەن بىللە ئەندىجانغا بېرىش ئارزۇسىنى بىل-
دۈردى.

بابۇر ھەممىسىگە خۇشاللىق بىلەن ئىجازەت بەردى.

شۇ ئەسنادا سەئىدخاننىڭ كۆزى مىرزا ھەيدەر بىلەن توقۇ-
نۇشۇپ قالدى. ئۇ سەئىدخانغا يالت ئېتىپ قاراپ قويۇپ يەنە يەر-
گە قارىۋالدى.

— ئالىيلىرىدىن يەنە تۆت ئادەمنى سورىماقچىمەن، — دېدى
سەئىدخان تەۋازۇ بىلەن.

— خوش، — دېدى بابۇر.

— مىرزا ئەلى تاغايى لەمخاندا ئانامنىڭ خىزمىتىدە بولغاد-
لىقى ئۈچۈن، ئالىيلىرىنىڭ بۇ قارارىدىن خەۋەرسىزدۇر، ئۇنىمۇ
ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسەم دەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مىرزا
ھەيدەرنى يېنىمدا تۇرغۇزۇپ، تەربىيەمگە ئالغۇم بار. مەۋلانە مۇ-
ھەممەد بىلەن ھاپىز مىرىم مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەتكە ـ ئۇستازلىد-
رىدۇر، شۇڭا بۇ ئىككىسىنىمۇ كەمىنىلىرىگە قوشۇپ قويغان
بولسىلا.

بابۇر مىرزا ھەيدەرگە قاراپ بىرپەس خىيال سۈردى. ئۇ
نەچچە يىلدىن بېرى مىرزا ھەيدەرنى ئوغلىدەك كۆرۈپ قالغانىدى.
شۇڭا ئۇنى سەئىدخانغا قوشۇپ قويۇشقا قىيالمايۋاتاتتى.

— مىرزا ئەلى تاغايى ئانا جەمەت تاغىلىرىدۇر ھەم ئىزچىل

تۇردە ۋالىدەلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلدى. شۇڭا سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇرۇشى كېرەك. مىرزا ھەيدەرگە كەلسەك، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا پەرزەنتىمدەك مېھرىم چۈشۈپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە سىلىمۇ ئۇنى بىر تۇغقان ئىنىلىرىدەك پەرۋىش قىلدىلا. ئەنە، جەرستاندا ئۆزى تۇرۇپتۇ، — دېدى بابۇر مىرزا ھەيدەرنى ئېڭىكى بىلەن ئىشارە قىلىپ، — بۇ ئىشتا ئۆزى بىر قارارغا كەلسۇن.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مىرزا ھەيدەرگە تىكىلدى. تەڭقىسلىقتا قالغان مىرزا ھەيدەر قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئاغام ئىختىيارىڭغا قويدى، — دېدى سەئىدخان مىرزا ھەيدەرگە قاراپ، — كابۇلدا قالامسەن ياكى ئەندىجانغا كېتەمسەن، ئۆزۈڭ بىرنېمە دېگىن.

مىرزا ھەيدەر ئاۋۋال بابۇرغا، ئاندىن سەئىدخانغا قارىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى ئەگدى. دەماللىقتا جاۋاب بېرىشتىن قىسىلدى، شۇ تاپتا ئۇ ئىككى نەۋرە ئاكىسىدىن قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— بىزنى تەقەززا قىلما، — دېدى بابۇر ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — كۆڭۈل خاھىشىڭنى بىمالال بىلدۈرۈۋەر، ھەر ئىككىلىمىز سەن ئۈچۈن ئوخشاش.

— يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام ھەر ئىككىڭلاردىن ئايرىلغۇم يوق، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — ھەر ئىككىڭلارنى ئاتام ئورنىدا كۆرىمەن، بۈگۈنكى كۈندە سەلتەنەت زۆرۈرىيىتى بىلەن ئايرىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. قايسىڭلارنىڭ يېنىدا تۇراي، ھامان بىرىڭلار بىلەن ئۇزاققىچە كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن، خېلىدىن بېرى پۇرسەت تېپىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئانامدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقتىمدا بەكمۇ كىچىك ئىكەنمەن. ھازىرغىچە ئول مېھرىبانىمنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئانامنىڭ چىرايىنى ھاملىرىمنىڭ چىرايىدىن تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ئاتام كىچىكىمدىن ماڭا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ مېھرىنى بەرگەنىدى، ئەپسۇس، ئا-

تامنى مۇناپىق شەيباق ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئوغۇل بولغۇچى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاشلىماسلىقى، پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاتامنىڭ تۇپراق بېشى ھىراتتا تولىمۇ غېرىبسىنىپ قالدى. شۇڭا ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن ھىراتقا بېرىپ، ئاۋۋال ئاتامنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلغۇم بار، ئاندىن كېيىن ئىجازەت بېرىلسە ئەندىجانغا بارارمەن ۋە ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلۇرمەن.

مىرزا ھەيدەر گېپىنى تۈگىتىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يىغىسىدا ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سېغىنىشمۇ، مېھرىبان نەۋرە ئاكىسى سەئىدخانغا قىيالماسلىقمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ سەئىدخان بىلەن بىللە كېتىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى، ئەمما بابۇرنىڭ يېنىدا قالسا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشتىن باشقا، ئىككى ئاچىسىنىڭ دېرىكىنى قىلالايتتى، چۈنكى بابۇر جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغان تۆمۈر سۇلتاننىڭ يېنىدا يېزنىسى ئابدۇللا مىرزىمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئاچىسى ھەبىبە سۇلتان خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى.

سەئىدخان ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى:

ــ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان بولساڭمۇ، مەرھۇم ئاتاڭنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغىلى چوقۇم ئەۋەتكەن بولاتتىم.

مىرزا ھەيدەر لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى.

ــ بولدى، مىرزا ھەيدەرنى تەڭلىك قىلمايلى، كېيىنچە قاچان بېرىشنى خالىسا شۇ چاغدا يانلىرىغا ئەۋەتىمەن، ــ دېدى بابۇر.

ــ مەن سېغىنىپ قېلىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلساممۇ ئەۋەتىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن، ــ دېدى سەئىدخان.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، ــ دېدى بابۇر جاۋابەن.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بابۇر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ خۇراسانغا، سەئىدخان ئانىسى، ئۇستازى ۋە باشقا سەركەردىلىرىنى ئېلىپ ئەندىجانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سەئىدخان بىلەن بابۇر ئاۋۋال تونلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋېلىشتى، ئاندىن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. سەئىدخان مىرزا ھەيدەرنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، مىرزا ھەيدەر ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. بابۇر ئىچ ـ ئىچىدىن قاپ ـ ساپ كەلگەن يىغىسىنى ئاران ـ ئاران بېسىۋالدى. سەئىدخان ئۆزىنى ئاز كەم ئىككى يېرىم يىل قوينىغا ئېلىپ، ئەزىزلەپ باققان گۈزەل كابۇل شەھىرىگە قىيمىغان ھالدا ئۇزاق نەزەر تاشلىدى:

— خەير ـ خوش كابۇل!

※ ※ ※

ئەندىجان شەھىرى بۇ قېتىم سەئىدخاننى كاتتا داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا باشچىلىقىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەر شەھەردىن توققۇز چاقىرىم يىراقلىققا ئىستىقبالغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار سەئىدخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە سۆيدى. ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيۈش سەئىدخانغا كۆرسىتىلىۋاتقان ھۆرمەتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى سەييىد مۇھەممەد مىرزا باشچىلىقىدىكى بارلىق ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ سەئىدخانغا شەرتسىز بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ بويسۇنۇش پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسىنىڭ سەئىدخانغا تەۋە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەندىجان شەھىرىگە كاتتا دەبدەبە بىلەن كىرگەن سەئىدخان ئوردا سارىيىدا بارلىق ئەمىر ـ بەگلەرنى پادشاھلىق يوسۇنى بويىچە بىر قېتىم قوبۇل قىلدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىپ، لەشكىري دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى، باشقا ئەمىر ـ بەگلەرگىمۇ مۇۋاپىق مەنسەپ ـ مەرتىۋە بەردى، ئاندىن لەشكىري ۋە مەمۇري ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

— پەرمان! — دېدى سەئىدخان، — بۈگۈندىن باشلاپ يەتتە

كۆڭگىچە ھەرقايسى گۈزەر ـ رەستىلەردە داشقازانلار ئېسىلىپ ئاۋام ـ رەئىيەتكە ئاش تارتىلسۇن، ئۇلارنىڭ بىر يىللىق باج ـ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىنسۇن. سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەردىن تامغا بېجى يېرىم ئېلىنسۇن...

سەئىدخان مۇراسىمنى تاماملاپ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان خوتۇنى زەينەپ بىبىنى، تۇغۇلغاندىن بېرى چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئوغلى ئابدۇرەشىتخاننى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

※ ※ ※

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ئەندىجاندا توي ئۈستىگە توي بولغانىدى.

ھەئە، بابۇر خارەزىمدە تۆمۈر سۇلتان بىلەن ئابدۇللا مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەنتنى قايتىدىن قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئارىسىدىن مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاچىسى ھەبىبە سۇلتان خېنىمنى ئىزدەپ تاپقانىدى. مىرزا ھەيدەر ئاچىسى بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. بابۇردىن ئىجازەت ئېلىپ دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كەلدى. بۇ ئارىلىقتا سەئىدخان بابۇرنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى سەمەرقەنتكە ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەندىجانغا قايتار ۋاقتىدا بابۇرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەبىبە سۇلتان خېنىمنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى، شۇ يىلى قىشتا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەلچىلىك قىلىشى بىلەن سەئىدخان ھەبىبە سۇلتان خېنىمنى نىكاھىغا ئالدى.

باھار پەسلى كەلگەندە بابۇر كۆلمەلىك ئۇرۇشىدا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئابدۇللا مىرزىدىن قاتتىق يېڭىلىپ، سەمەرقەنتتە تۇرالماي ھىسارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئارىلىقتا سەئىدخان مىرزا ھەيدەرنى سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتى، ئاخىرى بابۇر ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا مىرزا

ھەيدەرنىڭ ئەندىجانغا بېرىشىغا ئىجازەت بەردى.
مىرزا ھەيدەر ئەندىجانغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سەئىدخان سىڭلىسى مۇھىب سۇلتان مەلىكىنى مىرزا ھەيدەرگە نىكاھلاپ بەردى. مانا بۈگۈن ئاشۇ تويىنىڭ داغدۇغىسى داۋاملىشىۋاتاتتى.
ــ سىلىنىڭ بىزگە تاغىلىق ئەمەس، ئاتىلىق مېھىر ـ مۇ-ھەببىتىنى كۆرسىتىپ، بىشىمىزنى سىلىغانلىقلىرىغا كۆپ رەھ-مەت، ــ دېدى مىرزا ھەيدەر تاغىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ ئىگىچەم ھەبىبە سۇلتان خېنىم بىلەن قايتا ئامان ـ ئېسەن دىدارلاشقىنىمدا قانچىلىك خۇشاللان-غان بولسام، ئۇنىڭ نەۋرە ئاغام سەئىدخان ئائىلىسى بىلەن نى-كاھلانغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك پەخىرلەنگەنىدىم. مانا ئەمدى-لىكتە ئۆزۈمنىڭ خان ئائىلىرىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ، كۆ-رەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشتەك خۇشاللىقىمنى بايان قىلىش-قا تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ.
ــ ئەزىز ئوغلۇم، بۇ مىننەتدارلىقلىرىنى ئاۋۋال بابۇر پادى-شاھ ئائىلىرىغا بىلدۈرگەيلا. ناۋادا ھەبىبە سۇلتان خېنىمنى ئەندىجانغا ئەۋەتمىگەن بولسا، سەئىدخان ئائىلىرى بىلەن ئىك-كىسىنىڭ نىكاھ ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. مۇھىب سۇل-تان مەلىكە بىلەن ئىككىلىرىنىڭ نىكاھلىرى بولسا تەقدىر ـ قىسمەتتۇر.
ــ ھەرقانداق نەرسىدىن ئادالەت، ساداقەت، مەردلىك ئەلا ئىكەن. رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقىنى ئويلىسام تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.
ــ ئازماس ئاللاھ، ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر-مىز، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ پەدەرلىرىنىڭ ئۇل ئىشى ئۈچۈن ئەمدى ھەسرەت چېكىپ يۈرمىسىلە. ھېس قىلى-شىمچە، ئاغام ئاشۇ ۋاقىتتا شەيبانىخانغا كۆڭۈل خاھىشى بىلەن ئەمەس، سىلىنىڭ ئامانلىقلىرىنى كۆزلەپ ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان. بەلكىم باشقا مۇددىئالىرىمۇ بار بولغىيدى. ئىشقىلىپ

نېمىلا بولمىسۇن شۇ چاغدا ھەراتتىن قېچىپ كېتەلمەيتتى، قاچسا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، سىلىنىڭ ھاياتلىرىنىمۇ دوغا تىكىشكە مەجبۇر بولاتتى. مەن ئاغامنىڭ ساداقەتمەن، ۋاپادار، مەرد كىشى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن، ئەمما چوڭ ئاغام مىرزا ئابابەكرى بولسا ئاش بەرگەن قازاننى چاققان ھەقىقىي بىر تۇزكوردۇر. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ زۇلمىدىن ماڭلايسۆيە ۋادىسىدىكى رەئىيەتنىڭ بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاقماقتا.

مىرزا ھەيدەر ئويلانغان ھالدا تۆردىكى سەئىدخانغا قاراپ قويۇپ يەنە تاغىسىغا يۈزلەندى:

— سىلىچە خان ئالىيلىرى ئەندىجاننى تەرك ئېتىپ، ئاتا مىراس ئۇل زېمىنلارغا بېرىشنى خالارمۇ؟

— پەرغانە ۋادىسى خان ئالىيلىرىغا ئۆمۈرلۈك ۋەتەن بولالمايدۇ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئويچانلىق بىلەن، — گەرچە ئۆزىنى بۇ ھۇدۇدنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى دەپ قارايدىغان بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى بۇ سەلتەنەتنى خان ئالىيلىرىغا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شەيبانىيلار تېخى تىنچىغىنى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەھكەم بىر خانلىق قۇرۇپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتەندىنمۇ مۇۋاپىق جاي يوقتۇر.

مىرزا ھەيدەر تاغىسىنىڭ مۇلاھىزىسىگە قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— خان ئالىيلىرىغا جىددىي مەلۇمات.

ئالدىراش كىرىپ كەلگەن ھۇدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى بىلەن توي نەغمىسى قايناۋاتقان سورۇن چىپپىدە توختىدى.

— ئىجازەت، — دېدى سەئىدخان.

— مەلۇم بولغايكى، مىرزا ئابابەكرى يىگىرمە مىڭ خىللانغان سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن ئەندىجانغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ.

كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەر سورۇن ئەھلىنى قاتتىق چۆچۈتتى.

ئەشەددىي ئاتا رەقىبىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سەئىدخان ئىچكى ھاياجىنىنى بېسىپ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشتى:

— ئەمىر ـ سەركەردىلەردىن باشقىلار ئۆزىنى چەتكە ئالغاي!

سورۇندىكى تۆۋەن دەرىجىلىك مەھرەملەر، خىزمەتكارلار، سازەندىلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

— مەلۇماتنى تەپسىلىي بايان قىل، — دېدى سەئىدخان.

ھۆدەيچى بەگ چاپارمەندىن ئالغان مەلۇماتنى بايان قىلىشقا كىرىشتى.

ئەسلىدە شەيبانىخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خېلىلا كېچىكىپ خەۋەر تاپقان مىرزا ئابابەكرى ئۆزۈندىن بېرى كۆز تىكىپ كەلگەن پەرغانە ۋادىسىنى قولىغا كىرگۈزۈش تەمەسىدە يىگىرمە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۆزكەنت، مادۇ، ئوش قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغانىدى. شۇ تاپتا كاسانغا خىرىس قىلىپ تۇرغان شەيبانىيلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان سەئىدخان تېخى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. پەرغانىنى بېسىۋېلىشقا ئالدىراپ قالغان مىرزا ئابابەكرى دەسلەپكى غەلىبىسىدىن ھاياجانلىنىپ، سەئىدخاننىڭ كاسان قەلئەسىدە جانىبېك سۇلتان بىلەن تىركىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەندىجاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چاقماق تېزلىكىدە كېلىۋاتاتتى.

— چاپارمەننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ياۋنىڭ تەييارلىقى بەكمۇ پۇختىدەك قىلىدۇ، — دېدى ھۆدەيچى بەگ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مىرزا ئابابەكرى سەركەردىلىرىگە: «ئەندىجان سېپىللىرى مۇستەھكەم زور قەلئەدۇر. شەھەرنى ئالىدىغان ئەسلىھەلەر تولۇق بولمىغۇچە تۆمەنلىگەن لەشكەر بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ، نۇرغۇنلىغان مەنجاناق، زەمبىرەك، شوتا تەييارلاتقۇزۇپتۇ، بەلكىم ئەتە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

ــ ئەسلىدە مەن ئەدىپىنى بەرگىلى ئالدىغا بېرىپ بولغۇچە ئۆزى ئالدىمغا كەپتۇ ـ دە، ئۇل تۈزكور، ــ دېدى سەئىدخان چىرايىغا ئاچچىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ چۆچۈرىنى خام ساناۋاتسا كېرەك، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ بوپتۇ، تەمە قازىنىنى قايناتقىنىچە كېلىۋەرسۇن. ئىچىدىغىنى جازا ھەم پۇشايمان شارابى بولىدۇ، خالاس.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خېلىدىن بېرى سەئىدخاننى ماڭلايسۆيەگە لەشكەر تارتىشقا تەۋسىيە قىلىش مۇددىئاسى بار ئىدى. بۇ مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈشكە ئەپلىك پۇرسەت تاپالماي تۇرغاندا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كېلىشى ياخشى بىر پۇرسەت بولغانىدى.

ــ چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ دەپتىكەن، ــ دېدى نۆكەر بېشى تاھىر بەگ، ــ مۇشۇ پۇرسەتتە مىرزا ئابابەكرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ماڭلايسۆيەنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سالايلى.

ــ ئەندىجان جانابلىرىغا بەش قولدەك ئايان، ــ دېدى سەئىدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا قاراپ، ــ لەشكىرىي تەدبىرنى سىلىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاڭلايلى.

ــ سەييىد مۇھەممەد مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئىدخانغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە يۈزلەندى:

ــ بارلىق سەركەردىلەر دەرھال ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى تۇتلۇق[1]تا بارگاھ تىككەي، باشقا لەشكىرىي تەدبىرنى شۇ يەردە كۆرگەيمىز.

ھەئە، ئەندىجان شەھىرىدە ئاز كەم قىرىق كۈنگە سوزۇلغان توي ناغرىسىنىڭ ئورنىغا جەڭ ناغرىسى ئالماشتى، سەئىدخان بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ياۋنىڭ ئالدىنى توسۇش

[1] تۇتلۇق ــ ئۇجمىلىك.

ئۇچۇن شەھەردىن چىقتى.

※ ※ ※

بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ياۋغا لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىپ ۋەھىمە سې-لىش ئۇچۇن پۈتكۈل تۈتلۈق دالىسىنى ئىگىلەپ قارارگاھ تىك-كۈزگەنىدى.

ــ لەشكەرلەرنى زىيادە چېچىۋەتتۇقمۇ قانداق؟ ــ سورىدى سەئىدخان قارارگاھلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ــ تۆت لەشكەرگە بىر چېدىر، يۈز لەشكەرگە بىر قارارگاھ توغرا كەلگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق چېچىلىپ كەتسە، رەسمىي جەڭ-گە چۈشكەندە ھەمدەملىشەلمەي قالارمىكىن.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، قارارگاھ ئاشۇنداق تۇرۇ-ۋېرىدۇ. مىرزا ئابابەكرى قارارگاھتا قانچىلىكتىن لەشكەرلىرد-مىزنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن، ــ مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن قاپاق كاللىسىنى ئازراق سەگىتىپ قويايلىمىكىن دەيمەن.

ــ قۇرۇق قارارگاھ ھىيلىسى بىلەن مىرزا ئابابەكرىگە ۋە-ھىمە سالاي دەپتىلا ـ دە، ــ دېدى سەئىدخان كۈلۈپ.

ئۇلارنىڭ يېنىدا پاراڭغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان مىرزا ھەيدەر گېلىنى قىرىپ قويۇپ تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

كىشىكىم ئاڭا يەتسە ۋەھىمۇ ھە راست،
بىرىن يۈز، يۈزنى مىڭ ئەتكەي قىياس.

ــ تولىمۇ جايىغا چۈشتى، ــ دېدى سەئىدخان مىرزا ھەي-دەرنى ماختاپ، ــ ئەمىرلەشكەر جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى تو-لىمۇ جايىدا ئىپادە قىلدىڭ.

www.uyghurkitap.com

مىرزا ھەيدەر كۆلۈمسىرەپ قويدى.

ئەنديجاننى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن قولغا كىرگۈزۈش خىيالىدا جان - جەھلى بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ ئاللىقاچان ئالدىنى توسۇپ، سەپ تۈزۈپ تەق بولۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. سەئىدخاننىڭ تۇتلۇق دالىسىنى قاپلاپ كەتكەن ساناقسىز قارارگاھلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ۋەھىمە ئولاشتى. نۆكەرلىرىنى «سەئىدخاننىڭ ئەنديجاندا تۈزۈك لەشكەرلىرى قالمىدى، ئاساسلىق لەشكىرىي كۈچى كاساندا، ئەنديجاننى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلالايمىز» دەپ مەلۇمات بەرگەن ئايغاقچىسىنىڭ شۇ يەردىلا تىلىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ تاشلاشقا بۇيرۇدى.

ئىككى قوشۇن جەڭ ناغرىلىرىنى چالغىنىچە ئارىلىق قالدۇرۇپ سەپ تۈزۈشتى. تۇتلۇق دالىسى يۈزلىگەن جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ نەرە تارتىشلىرىدىن لەرزىگە كەلدى.

شاھىدانە كۆكۆلداش، مۇھەممەدبەگ، مىرزا ۋەلىبەگ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سەپنىڭ ئالدىغا چىققان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخانغا قامچىسىنى جونۇپ تۇرۇپ تىل سالدى:

— ئەي يارىماس بەچچە! شول تاپتا ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتامسەن! مانا ئالدىڭدا يېڭىلمەس باھادىرلار تۇرۇپتۇ، سەمىڭدە بولسۇنكى، بۇ باھادىرلارنى ئۆز ۋاقتىدا باباڭ يۇنۇسخان، ئاتاڭ ئەھمەدخانمۇ يېڭەلمىگەن. ئەمدىلىكتە سەندەك بىر سېرىق تۈك سويما نېمىمۇ قىلالايتتىڭ؟! ئەڭ ياخشىسى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلە. ئىنسابىم كېلىپ قالسا، جېنىڭنى ئامان قويۇپ، ئاغۋات - چۆھرىلىرىم قاتارىدا خىزمىتىمگە سالغايمەن.

سەئىدخان غەزەپتىن پاتىڭغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى:

ــ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، زىنھار كېسىلمە-گەيلا، ــ دېدى سەئىدخانغا ياندىشىپ سەپتىن چىققان سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئاستا پىچىرلاپ، ــ يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئە-مەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر، دەپتىكەن. ياۋ لەشكەرلىرى بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، مىرزا ئابابەكرى شۇڭا ئاشۇنداق چوڭ سۆز-لەۋاتىدۇ. بۇنداق كۆپ لەشكەرنى قارا كۈچكە، جاسارەتكە تايىنىپ ئەمەس، پەم ـ پاراسەتكە تايىنىپ يېڭىش كېرەك، تەمكىن بول-غايلا.

سەئىدخان بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويۇپ، مىرزا ئابا-بەكرىگە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرىدى:

ــ سېنىڭ زالىم، تۇزكور، نامەرد ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن خاتۇن كىشىلەرگە خاس زۇۋاندازلىقىڭنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. ھازىر ئۆزۈڭ-نىڭ جەڭ مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما. جەڭنى ئا-ياللارغا ئوخشاش تىل ـ ھاقارەت بىلەن قىلىش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس. كىمنىڭ ھەقىقىي غالىب ئىكەنلىكى ھېلى مەلۇم بولىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ بۇ قەدەر تەمكىنلىكىنى خى-يالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ ئەسنادا سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئې-تىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ئون نەچچە قەدەم چىقتى ـ دە، ئات ئۈس-تىدە تۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىگە سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنى تونۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

ــ كۆزۈمدىن يوقال ئەي سەگ. مەن سېنىڭ ئاغاڭ ئەمەس.

ــ ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە ئاغا. سالام بېرىش پەرھىز، ئىلىك ئېلىش قەرز دەپتىكەن. شول تاپتا ئاغىلىق ھۆرمەتلىرىگە رىئايە قىلىپ سالام بېرىۋاتىمەن. ئىززەت كۆرسىتىش ـ كۆر-سەتمەسلىك ئىختىيارلىرى، ئەمما ھازىر بۇنى دەتالاش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. پەرغانە مەيلى سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ ئىلكىدە بولسۇن، مەيلى سىلىنىڭ ئىلكىلىرىدە بولسۇن شەيبا-

www.uyghurkitap.com

نىلار ھەرگىز رازى بولمايدۇ. ھەر ئىككىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. بۇ گەپلەرنى بۇنداق تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ماقۇل كۆرسىلە سەركەردىلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتسىلە، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مەسلىھەت قىلايلى. ناۋادا سۈلھىنى لايىق تېپىپ قالسىلا تېخى ياخشى، قوشۇلمىسىلا ئاندىن ئۇرۇش قىلىشساقمۇ كېچىكمەيمىز.

مىرزا ئابابەكرى بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى.

«ئۇلار راستتىنلا سۈلھى تەلەپ قىلماقچىمىدۇ ياكى ھىيلە ئىشلىتىۋاتامدىغاندۇ؟ قارارگاھلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا لەشكەرلىرىنىڭ سانى مېنىڭكىدىن كەم چىقمىدىغاندەك ئەمەس. سۈلھىنى رەت قىلسام قانداق بولۇر؟ مەيلى، سۈلھىگە سەركەردە ئەۋەتىپ، مۇشۇ باھانىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ كۆرمەيمەنمۇ...»

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلغۇسى باردەك قىلىدۇ، ــ دېدى مىرزا ۋەلىبەگ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، ــ ئىجازەت بەرسىلە كەمىنىلىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئۇقۇپ كېلەي.

مىرزا ئابابەكرى دەماللىققا ئىجازەت بەرمەي سەركەردىسىگە قارىدى.

ــ سۈلھى تەلەپ قىلىپ قالسا، بىر قېتىمدا مەسلىھەت پىشماسلىقى مۇمكىن، ــ دېدى مىرزا ۋەلىبەگ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ مۇشۇ باھانىدە يېقىنلىشىش ئارقىلىق سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىمۇ قارارگاھىمىزغا مەسلىھەتكە تەكلىپ قىلاي. قارارگاھىمىزغا كەلسە دەرھال تۇتۇپ قامايلى. سەييىد مۇھەممەد مىرزىدىن ئايرىلسا سەئىدخاننىڭ ئون بېشى، يىگىرمە بىلىكى بولسىمۇ ھېچ ئىلاج قىلالمايدۇ ــ دە، دەرگاھلىرىغا باش ئېگىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مىرزا ۋەلىبەگ بۇ خام خىيالغا قاتتىق ئىشىنىپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ئالداپ تۇتۇپ، كاتتا خىزمەت كۆرسىتىش تە-

مەسىگە چۈشكەندى.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەندىجانغا كىرىشكە ئالدىراپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا، — ناۋادا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى دەرگاھىمغا ئالداپ ئېلىپ كېلەلىسەڭ، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ بىرىنچى تۆھپىسى سېنىڭ بولىدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا يۈزلەندى:

— بوپتۇ، تەلىپىڭنى قوبۇل قىلاي. ئەمما سۇلھىنى ئۆزۈڭ تەلەپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەن مېنىڭ دەرگاھىمغا كەل، مەسلىھەتنى بۇ تەرەپتە قىلايلى.

«سېنىڭ قۇۋلۇق، شۇملۇقلىرىڭنى كىم بىلمەيدۇ، مېنى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالدايمەن دېمەكچىمۇ سەن...»

سەييىد مۇھەممەد مىرزا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئاغا. سۇلھى تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ دەرگاھلىرىغا سالامغا بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى. ئەمما، مەن ھازىر سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ نۆكىرىمەن. ئىككى قوشۇن ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، ئوتتۇرىمىزدا تولۇق ئىشەنچ يوق. بۇنداق ۋاقىتتا سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى ئىجازەت بەرمەيدۇ. شۇڭا مەنمۇ سەركەردىلىرىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىنى تەلەپ قىلماي. سىلىمۇ مېنى كەل دەپ تۇرۇۋالمىسىلا. ئاۋۋال بىز ئىككى قوشۇن بارگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سورۇن ھازىرلاپ سۆھبەتلىشەيلى. سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، كۆڭلىمىزدە ئىشەنچ پەيدا بولسا، ئاندىن دەرگاھلىرىغا سالامغا باراي.

«جاھىللىق قىلسام ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەيلى ئاۋۋال سۆھبەتكە يول قوياي، ئاندىن دەرگاھىمغا كەلمەسكە ئامالى يوق...»

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — سۆھبەتكە مىرزا ۋەلىبەگنى باش قىلىپ تۆت سەر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەردە ئەۋەتىمەن. سەنمۇ تۆت سەركەردەڭ بىلەن كەل، مەسلىھەت سۈپىسىنى ئۆزۈڭ راسلا.
ــ ۋاقىت پىشىنغا قارار تاپسا قانداق؟
ــ بولىدۇ.
ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكەرلىرىنى بىر چاقىرىم كەينىگە چېكىندۈردى. ئەمما، بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ ھوشيار تۇرۇشتى.
سەيىد مۇھەممەد مىرزا جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاقـ قانغىنا بىر چېدىر تىككۈزۈپ، ئېسىل تائام ـ شارابلارنى ھازىرلاتقۇزدى.
دېيىشكەن مەھەلدە مىرزا ۋەلىبەگ تۆت سەركەردىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىپ ئورۇن ئېلىشتى. تۆردە سەيىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ۋەلىبەگ ئولتۇردى. باشلاپ كەلگەن سەركەردىلىرى ئۆز ئەمىرلىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشتى.
ــ جانابلار، ــ دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا سۆھبەتداشلىرىغا تەكشى بىر نەزەر تاشلىۋالغاندىن كېيىن، ــ قائىدە بويىچە ئالدى بىلەن مەن كۆڭلۈمدىكىنى بايان قىلاي. ھەربىرلىرى زامانىمىزنىڭ باھادىر ئەزىمەتلىرى، پاراسەت ئەھلى، كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىز. ئېيتار سۆزۈم شولكى، سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى ماڭلايسۆيە، تۇرپان، بېشبالىق ۋە ئالمالىق ۋادىسىنىڭ ھەقىقي تەخت ئىگىسى بولمىش مەرھۇم سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسىدۇر. ئاغام مىرزا ئابابەكرىنىڭ ماڭلايسۆيەنى قانداق ھىيلە بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، سەلتەنەتكە ئاسىيلىق يولىنى تۇتقانلىقى ھەربىرلىرىگە ئايان. مانا ئەمدى ئالدىلىرىدا ئول زېمىنىنىڭ ھەقىقي مىراسخورى تۇرۇپتۇ. ئەل ـ يۇرت ئاغامنىڭ زۇلمىدىن جاق تويدى، ئۇنىڭدىن بىزار بولدى. سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى لەشكەر تارتىپ بارىدىغانلا بولسا، ئەل ـ رەئىيەت ئاغام مىرزا ئابابەكرىنى ئەمەس، ئۇنى قوللايدۇ. ئول چاغدا

ئاغام تەخت ـ سەلتەنەت توغۇل جىنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەمىر ـ بەگلىرى بولمىش سىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقەتنى ياقلاپ، زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، خانزادە ئائىلىلىرىغا بەيئەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئىستىقبال قوياشىڭلار بەخت ئاسمىنىڭلاردا يەنە نۇر چاچىدۇ. ئەگەر بۇ تەكلىپىمنى ماقۇل كۆرمىسەڭلەر، ئاغام مىرزا ئابابەكرىنى خانزادە سەئىدخان ئائىلىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن توسۇڭلار. بىرلىكتە شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرايلى. بۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدىسى بار.

— بىزنى سۆھبەتكە چاقىرىشتىكى مۇددىئالىرى مۇشۇمىدى؟ بەس، سىلى بىلەن سۆھبەتلىشەلمىگۈدەكمىز.

مىرزا ۋەلىبەگ دەس ئورنىدىن تۇردى. تۆت ھەمراھىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— ئالدىراپ يەڭگىللىك قىلمىسىلا سەركەردە، — سەييىد مۇھەممەد مىرزا مىرزا ۋەلىبەگنىڭ دولىسىدىن دوستلارچە تۇتۇپ ئۇنىڭ تۆت ھەمراھىغا قارىدى، — مىرزا ۋەلىبەگكە ئايرىم دەيدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار، سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار.

ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان تۆت سەركەردە چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى. مىرزا ۋەلىبەگ ئۇلارنى توختىتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۆزىنىڭ تۆت سەركەردىسىنىمۇ چىقىرىۋەتتى.

ئەس ـ يادى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، ئۇنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قېشىغا ئالداپ ئېلىپ بېرىشتا قالغان مىرزا ۋەلىبەگ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاشمايلا يەنە جايىدا ئولتۇردى.

— قېنى كەلسىلە، ئاۋۋال بىر يۇتۇمدىن شاراب ئىچەيلى.

مىرزا ۋەلىبەگ ئۇسساپ قالغانىدى. شۇڭا سەييىد مۇھەممەد مىرزا تۇتقان شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزۇۋات ـ

قانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر چۆگۈن چاي قايىنىمچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

ــ جانابلىرى ئىككى ئېغىز گېپىم بار دېگەنىدىلە، ــ دېدى مىرزا ۋەلىبەگ، ــ ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسام، قالدى سۆھبەتنى لايىق كۆرسىلە ئاغىلىرى مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىدىنىڭ دەرگاھىدا داۋاملاشتۇرساق. ئاغىلىرىمۇ سىلى بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىشكە تولىمۇ ئىنتىزاردۇر.

ــ مەنمۇ ھەم شۇنداق، ــ دېدى سەيىيد مۇھەممەد مىرزا تەمكىنلىك بىلەن، ــ سىلى ئاغامنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىلىك سىپاھلاردىن، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغىزلىرىغا قارايدۇ. سىلىگە دېمەكچى بولغىنىم باشقا گەپ ئەمەس، يەنە بايىقى گېپىمنى تەكرارلىماقچىمەن، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرگەيلا.

«ئايرىم دەيدىغان قانداق گېپى باركىن دەپتىمەن، ئەسلىدە يەنە شۇ بايىقى گەپكەنغۇ. جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا ئاغىسىدىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىنى تىلىمەي، يەنە شۇ بەختسىز خانزادىسىنىڭ دېپىنى چېلىۋاتقىنىنى...»

مىرزا ۋەلىبەگ ئورنىدىن تۇردى:

ــ بولىدۇ، بۇ تەكلىپلىرىنى ئويلىنىپ كۆرەي. ئەمما سىلىمۇ ۋاقتىدا ئاغىلىرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈرگەيلا. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىككىلىرى قېرىنداش ئەمەسمۇ.

ــ ئاللاھ خالىسا شۇنداق قىلىمەن، ــ دېدى سەيىيد مۇھەممەد مىرزا.

ــ كەمىنىلىرى لاياقىتىم بولمىسىمۇ، ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇشنى خالايمەن. بىلمىدىم، قاچان بىرىشقا ۋاقىتلىرى يېتەركىن؟ خان ئالىيلىرىغا خۇش خەۋەر ئالغاچ كېتەي.

ــ ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خانزادە ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئېلىشىم كېرەك. جانابلىرىغا ئايرىم خەۋىرىنى بېرەي.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىدىن ئىنىق ۋەدە ئېلىشقا كۆزى يەت-
مىگەن مىرزا ۋەلىبەگ ئورنىدىن تۇردى. ئىككىلىسى بىللە چې-
دىردىن چىقتى. ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى چېدىر تۈۋىدە ساقلاپ
تۇرۇشقانىدى.

ـــ ئەمىسە ھېلىقى گەپنى ئوبدان ئويلىنىپ باقۇرلا، ـــ دې-
دى سەييىد مۇھەممەد مىرزا مىرزا ۋەلىبەگنىڭ ھەمراھلىرىغا
قاراپ قويۇپ.

ـــ بولىدۇ، مەنمۇ سىلىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن، ـــ دې-
دى مىرزا ۋەلىبەگ.

ـــ جانابلىرىنى تەقەززا قىلماي جاۋاب ئەۋەتىمەن، ـــ دېدى
سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

ئۇلار شۇ يوسۇندا خوشلىشىپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىش-
تى.

※ ※ ※

ـــ پەرمان بەرگەيلا ئالىيلىرى. تېزدىن جەڭ تەييارلىقىغا
كىرىشەيلى، ـــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخاننىڭ چې-
دىرىغا كىرىپ.

ـــ مەقسەت ـ مۇددىئالار ئوخشۇشلۇق بولغان ئوخشىمامدۇ؟ ـــ
سورىدى سەئىدخان.

ـــ ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولدى، ـــ دېدى سەي-
يىد مۇھەممەد مىرزا، ـــ مىرزا ئابابەكرى تولىمۇ گۇمانخور ئا-
دەم، بۇ چاغقا بىچارە مىرزا ۋەلىبەگ كاللىسىدىن ئايرىلمىغان
تەقدىردىمۇ، مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلدى.

ـــ دېمەك، مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردىلىرىگە بولغان ئى-
شەنچى سۇسلىشىپتۇ ـ دە.

ـــ پەمىچە شۇنداق. مىرزا ۋەلىبەگ ئۇنىڭ مەرتىۋىلىك
سەركەردىلىرىدىن. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ئازابلىسىلا، باشقا سەركەردىلىرىنىڭمۇ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشۈپ جەڭ قىلىشقا رايى بارمايدۇ. جەڭنىڭ توقۇزى رەڭ، بىرى جەڭ دېگەن مانا مۇشۇ.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي، — دېدى سەئىدخان.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا توغرا پەرەز قىلغانىدى.

گۇمانخور مىرزا ئابابەكرى مىرزا ۋەلىبەگنىڭ سۆھبەت ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىدىن قىلچىلىك قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتكەن تۆت سەركەردىنى چاقىرتتى:

— راستچىللىق بىلەن ئېيتىڭلار، بايا سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن كۆرۈشكەندە قانداق سۆزلەر ئارىغا چۈشتى؟

تۆت سەركەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتنى كۆرۈپ خۇدۇكسىرەشتى. بىر - بىرىگە مەدەت تىلەپ قاراشتى. ئاندىن دۇدۇقلىغان ھالدا بولۇنغان گەپلەرنى يېپىپ - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىشتى.

بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى بايا مىرزا ۋەلىبەگمۇ بايان قىلغانىدى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرىگە ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەك تۇيۇلۇپ، چىرايى تېخىمۇ تۈرۈلدى.

— يەنە باشقا گەپ بولۇنمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ھە راست، — دېدى ئۇلاردىن بىرى دەرھال ئېسىنى يىغىپ، — بىزنىڭ ئالدىمىزدا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ دېگەن سۆزلىرى مۇشۇ. ئاندىن كېيىن بىزنى چېدىردىن چىقىرىۋېتىپ، مىرزا ۋەلىبەگ جانابلىرى بىلەن ئايرىم خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى. بىز سىرتتا بولغاچقا نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلىيالمىدۇق.

— كېيىن ئۇلار چېدىردىن بىللە چىقىشتى، — دېدى يەنە بىر سەركەردە، — سەييىد مۇھەممەد مىرزا خوشلىشىدىغان چاغدا مىرزا ۋەلىبەگنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ: «ئەمىسە ھېلىقى گەپنى ئوبدان ئويلىنىپ باقۇرلا» دەپ تاپىلىدى.

— مىرزا ۋەلىبەگ جانابلىرىمۇ: «بولىدۇ، مەنمۇ سىلىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

— سەييىد مۇھەممەد مىرزىمۇ: «سىلىنى تەقەززا قىلماي جاۋاب ئەۋەتىمەن» دېدى.

— يەنچۇ؟

تۆت سەركەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمىنىپ بېشىنى ئەگدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا گەپ بولۇنمىدى.

مىرزا ئابابەكرى بىر پەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى:

— قايسىڭ بار؟

— لەببەي ئالىيلىرى، بىز تەييار!

كىرىپ كەلگەن جاللاتلارنى كۆرۈپ تۆت ئەمىرنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى.

— مىرزا ۋەلىبەگنى دەرگاھىمغا كەلتۈرۈڭلار!

ھايال ئۆتمەي چىرايىدا قان قالمىغان مىرزا ۋەلىبەگ كىرىپ كەلدى.

— سەييىد مۇھەممەد مىرزا خىلۋەتتە ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟

مىرزا ۋەلىبەگ تەمتىرىگەن ھالدا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى قايتا تەكرارلىدى.

— بۇ سۆزلەرنى ئاۋۇ سەركەردىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ئاشكارا ئېيتىپتىكەن. نېمىشقا يەنە ساڭا ئايرىم دەيدۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم ئالىيلىرى.

— راست بىلمىدىڭمۇ ياكى مەندىن يوشۇرۇۋاتامسەن؟

— ئالىيلىرىدىن سىر تۇتۇشقا ھەددىم ئەمەس.

— ئەمىسە خوشلىشار ۋاقتىدا نېمىشقا ئالايىتەن ۋەدىلىشىسەن؟

— ئاشۇ تەكلىپىنى ئويلىشىپ بېقىشىمنى ئۆتۈندى، مەنمۇ

ئۇنى ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا كېلىشكە تەۋسىيە قىلغانىدىم. شۇڭا ماڭا ئايرىم خەۋەر بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ دەپ، مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەقەتلا ئىشەنمىدى:

— جازانىڭ تەمىنى تېتىمىغۇچە راست گېپىڭنى قىلمايدىغان ئوخشايسەن، — مىرزا ئابابەكرى جاللاتلىرىغا قاراپ بۇيرۇق چۈشۈردى، — كېلىڭلار، رەقىبلىرىمىز بىلەن خىلۋەتتە سۈيىقەست پىلانلاپ، ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان مۇنۇ مىرزا ۋەلىبەگنى تۇتۇپ ئاختا قىلىڭلار. مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلماي، مىرزا ۋەلىبەگكە خىلۋەت ھازىرلاپ بەرگەن مۇنۇ تۆت بەدرەكنىمۇ ئاختا قىلىپ تاشلاڭلار.

— رەھىم قىلغايلا ئالىيلىرى. بىزگە ئۇۋال بولدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ نالە قىلىشتى. قورقۇپ كەتكەن شاھىدانە كۆكۆلداش بىلەن مۇھەممەدبەگنىڭ ھېچقايسىسى ئارىغا چۈشۈپ، مىرزا ئابابەكرىگە نەسىھەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. جاللاتلار ئۇلارنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تىغ ئاۋازىغا چىدىماي نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئىش بىر دەمدىلا پۈتكۈل قارارگاھقا پۇركەتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئەمىر لەشكەر مىرزا ۋەلىبەگ بىلەن تۆت سەركەردىنىڭ ئاختا قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە ۋەھىمىلىك قاراشتى. شۇ تاپتا مىرزا ئابابەكرى مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدە تەشۋىش پەيدا بولۇپ، جاسارىتىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن جەڭ باشلاندى. سەيىد مۇھەممەد مىرزا لەشكەرلىرىنى كۈندىكىدىن بالدۇر ناشتا قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇلار جەڭ دۇمبىقىنى گۈمبۈرلەتكەندە مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى تېخى ناشتا قىلمىغانىدى. ياۋ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالغان لەشكەرلەر پاتىپاراق بولۇشقا باشلىدى. مىرزا ئابابەكرىمۇ ئالدىراپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

www.uyghurkitap.com

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە جەڭ باشلاندى. سەئىدخاننىڭ كىچە قاراڭ ـ غۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۇ ـ زۇۋەتكەن لەشكەرلىرى قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىپ، ئوت قويۇپ ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا باشلىدى. مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ تۇنۇگۇنلا جەڭدىن رايى يانغانىدى. ئۇلار زالىم مىرزا ئابابەكرىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. مىرزا ۋەلىبەگ بىلەن تۆت سەركەردىنىڭ سەۋەبسىز ئاختا قىلىنىشى باشقا سەركەردىلەرنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ جاسارەت كۆرسەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇ جەڭگە باھادىرلىق بىلەن ئىشتىراك قىلغان مىرزا ھەيدەر كې ـ يىنكى ۋاقىتلاردا يازغان شاھانە ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي»گە بۇ جەڭنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ يازدى:

«بۇ جەڭنىڭ ۋەقەلىرى ناھايىتى كۆپ، ھەممىسىنى بايان قىلساق سۆز ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. نۇرغۇن شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن غالىبىيەت شاملى خاننىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىشكە باش ـ لىدى، ئۆلۈم ۋە خارلىق توپىلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆزىگە تولدۇر ـ دى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتە گويا تاغدەك ئىدى، خاننىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە نۇسرەت شاملى ئۇنى گوياكى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك سورۇۋەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىگە قاتتىق مەغلۇبىيەت يۈزلىنىپ، ئۆل ـ گەنلىرى ئۆلدى، قالغانلىرى خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا ئە ـ سىرگە چۈشتى...»①.

مىرزا ئابابەكرى ئازغىنە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئە ـ گەشتۈرۈپ قاچتى. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق سەركەردە ـ لەش ـ كەرلىرى ئەسىرگە چۈشكەنىدى. قائىدە بويىچە ئەسىرلەر ئۆلتۈ ـ رۈلەتتى ياكى ئاختا قىلىنىپ قۇل ئورنىدا ئېغىر ئەمگەككە سې ـ لىناتتى.

① «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇي ـ غۇرچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 550 ـ بەت.

— ئەسىرلەرنى ئەندىجان قەلئەسىنىڭ سىرتىغا ئاپىرىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دېدى سەئىدخان پەرمان جاكارلاپ.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — سەييىد مۇھەممەد مىرزا پەرمانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان سەركەردىلەرنى توختىتىپ قويۇپ، قول باغلىغىنىچە سەئىدخانغا مۇراجىئەت قىلدى، — جانابى پاسىبانىمىزغا دەيدىغان بىر كەلىمە مەسلىھەتىم بار ئىدى.

— خوش، — دېدى سەئىدخان.

— تەڭرىگە تەشەككۈرلەر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، غەلىبە ـ نۇسرەت ئاخىرى ئالىيلىرىغا مەنسۇپ بولدى. مۇمكىن بولسا بايىقى پەرمانلىرىنى يەنە بىر ئويلىنىپ كۆرگەيلا. قەشقەر، خۇسۇسەن ماڭلايسۆيە ۋادىسى ئالىيلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنلىرىدۇر. ئۇل دىياردىكى رەئىيەت ھېلىھەم ئۆزلىرىنى مەرھۇم سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ پۇقرالىرى دەپ قارايدۇ. بۇ قېتىمقى غەلىبە ۋە نۇسرەت ماڭلايسۆيەنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇسى. تەڭرى خالىسا قەشقەرنىمۇ ئاسانلىق بىلەن ئىشغال قىلىشىمىزغا ئىشەنچىم كامىل. بول ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش گەرچە ئىنتىقام ۋە قىساس ئېلىش بابىدا توغرا ۋە لايىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر دىيارىنىڭ پۇقرالىرىدۇر. ئەگەر بۇلار ئۆلتۈرۈلسە گوياكى قەشقەرنى قەتلىئام قىلغاندەك ئىش بولىدۇ ـ دە، ئۇل دىياردىكى ئاۋامنىڭ نەزەرىدە ئالىيلىرىنىڭ مىرزا ئابابەكرىدىن قىلچىلىك پەرقى قالمايدۇ. بۇ ئاقىۋەتتە پۇشايمان ۋە نادامەتكە سەۋەب بولىدۇ. ھەزرىتى خان ئالىيلىرى ناۋادا بۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا، بۇ ئىش ئالىيلىرىنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېسىۋىسى ۋە شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

— سەييىد مۇھەممەد جانابلىرى توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ئايازبېك قۇشچى تەۋازۇ بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — خان ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر. ھىممەت قىلىپ ئاشۇ بەختسىز ئەسىرلەرنىڭ ھاياتلىق تاختىسىدىكى ئۆلۈم خېتىنى مۇبارەك ئەپۇ قەلەملىرى بى-



www.uyghurkitap.com

لەن كەچۈرۈم خېتىگە ئالماشتۇرۇۋەتكەيلا.

— خان ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر! — دېدى باشقا ئەمىرلەر-مۇ ئىلتىجا قىلىپ.

— جانابلار، — دېدى سەئىدخان تەمكىنلىك بىلەن، — سىدىلەرنىڭ تەكلىپىڭلار مەن ئۈچۈن پەرماندۇر. شول تاپتا سىلەردەك كەڭ قورساق، ئەپۇچان، مەرد، باھادىر سەركەردىلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتىمەن. سىلەر بولمىغان بولساڭلار ئۈچ مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپ، جاللاتلار شاھىغا ئايلىناركەنمەن. پەرمان! ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىڭلار، ئۇلار خالىسا بىزگە لەشكەر بولسۇن، خالىمىسا قەشقەرگە كەتسۇن.

— ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر!

ئەمىرلەر يەنە بىر قېتىم سەئىدخانغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈشتى.

133

قۇياش زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى. ئەندىجان كوچىلىرىدىن چىلگە پۇرايتتى. چېۋىنلار چىلگە شاپاقلىرى ۋە ۋىل - ۋىل قىلىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنىڭ ئەتراپىدا بىزەڭلىك بىلەن گىژىلدىشاتتى. دۇكاندارلار، چار بازارچىلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار... چىۋىن قورۇشقىمۇ خۇشياقماي مۈگدىشەتتى. ئومۇمەن، شەھەر خەلقى ھەرقانداق ۋەھىمىدىن خالىي، غەمسىز ئىدى. ئەمما، ئوردىنى جىددىيلىك ۋە ۋەھىمە قاپلىغانىدى. پەرغانە ھاكىمىيىتىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان سەئىدخاننىڭ ۋە تەختىنىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ھەمدە تۆۋەندىكى كۇرسىلاردا ئولتۇرغان قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمىر - بەگ-

لەرنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل جىددىيلىك تۇمانلىرى ئەگىپتىتى. بۇ خىل كەيپىياتتىن ئوردىدا مۇھىم بىر كېڭەش بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس ئىدى. ھەئە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توختىماي ھۇجۇم قىلىپ، ئاخسى بىلەن كاسانىنى ئىگىلىۋالغان شەيبانىيلار جانىبېك سۇلتان، كۇچۇمخان ۋە سۆيۈنچۈكخانلارنىڭ باشچىلىقىدا ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئوردىدىكى كېڭەشنىڭ باشلانغىنىغا بىر ئاش پىشىمدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمىرلەرنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايۋاتاتتى. باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن تىغمۇتىغ مەيدان جېڭى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ، لەشكەرلەرنى مۇھىم قەلئە، قورغان، ئۆتكەللەرگە بۆلۈپ، بۆكتۈرمە قىلىپ ياۋنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ، دەشتى قىپچاقتىكى ئىتتىپاقدىشى قاسىمخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا سەئىدخان بۇ تەكلىپلەرنىڭ قايسىسىغا قوشۇلۇشنى بىلەلمەي قالغانىدى. غەلىتە يېرى شۇكى، ھەرقانداق لەشكىرىي كېڭەشتە بىرىنچى بولۇپ تەدبىر كۆرسىتىدىغان سەييىد مۇھەممەد مىرزا كېڭەش باشلانغاندىن بېرى نېمىشقىدۇر پەقەتلا ئېغىز ئاچماي تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇستاز ئايازبېك قۇشچىمۇ ئاللىقانداق بىر خىيالغا ئەسىر بولغانىدى.

«بۇ ئىككىيلەندىن پەقەتلا زۇۋان چىقمايدۇ ـ يا؟...»

سەئىدخان ئۇلارغا قاراپ كېلىنى قىرىپ قويىدى ۋە:

ــ ئىككىلىرى ئەجەب جىم بولۇشۇپ كەتتىلىغۇ؟ ــ دېدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئايازبېك قۇشچى بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

ــ ئۇنداقتا كەمىنىلىرى مۇلاھىزەمنى دەپ باقاي، كۆڭۈللىرىگە مەنزۇر كەلمىسە ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ، ــ جانابى ئەمىرلەر باياتىن بېرى خويمۇ دانا مەسلىھەت، تەدبىرلەرنى كۆرسەتتى. مە-

لۇمكى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندىلا ئاندىن كۈچلۈك ياۋ
ئۈستىدىن نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. تۇتلۇق جېڭىدە مىرزا ئابا ـ
بەكرىنىڭ زور قوشۇنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن،
بىزگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىغان شەيبانىيلار تەھدىت ئا ـ
ياغلىرىنى ئېھتىيات ئېتەكلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر
بولدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىمۇ نەخ ـ
شەپتە ھەمزە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ، ئابدۇللا مىرزىنى مەغلۇپ قى ـ
لىپ سەمەرقەنت تەختىنى قايتىدىن ئىلكىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن
شەيبانىيلارنىڭ دۈشمەنلىكى بىر مەھەل ئاشكارا ھالەتتىن يوشۇ ـ
رۇن ھالەتكە ئۆتكەندى. ئايغاقچىلىرىمىز يەتكۈزگەن مەلۇماتلار ـ
دىن قارىغاندا، نەچچە يىللاردىن بېرى شەيبانىيلارنىڭ زۇلمىدىن
جاق تويغان ماۋەرائۇننەھرلىكلەر، بولۇپمۇ سەمەرقەنت ئاھالىسى
ياخشىلىق يوپۇرماقلىرى ۋە ئىمان مېۋىلىرى مول بولغان ئادالەت
دەرىخىنىڭ شەرەپلىك كۆلەڭگىسى بېشىمىزغا سايە تاشلايدىغان
بولدى دەپ، بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنى زور ئۈمىد، خۇشاللىق بى ـ
لەن ئىستىقبال شەرىپى ھازىرلاپ كۈتۈۋالغانىكەن. ناھايىتىمۇ
ئەپسۇسكى، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بىدئەت شىئەلەرنىڭ سۇلتانى
ئىسمائىل شاھ بىلەن كۆمەكلەشكەن بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى
گەرچە ئۇل قىزىلباشلار كىيىمىنى كىيىپ، بېشىغا ئون ئىككى
يۆگەم قىزىلباشلار دەستارىنى ئوراپ بىدئەتكە ئوخشاپ قالغان
ھەمدە كۈپۈرلۇققا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما سەمەرقەنت
ئاھالىسى ئۇنى سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش بىلەن پەيغەمبەر
شەرئىتىنى تۇتۇپ، بېشىغا مۇستاپا سۈننەتلىرىنىڭ تاجىنى كى ـ
يىدۇ، شىئەلەرنىڭ بىدئەت تاجىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، دېگەن ئۈ ـ
مىدتە تۇرغان ۋە بابۇر پادىشاھنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئارزۇ قىل ـ
غانىكەن. ئەمما، بابۇر پادىشاھ سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغاندىن
كېيىن، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئورۇنلىيالماپتۇ.
بۇنىڭ سەۋەبى بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئېخچە ئۆزىدە ئىسمائىل
شاھنىڭ ياردىمىسىز شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قۇۋۋەت يوق

www.uyghurkitap.com

دەپ ھېس قىلىدىكەن، شۇڭا زوروُرىيەت سەۋەبىدىن ئۇل شىئە قىزىلباشلىرىغا مۇرەسسە ـ مادارا قىلىپتۇ. سەمەرقەنتلىكلەرگە ئەمەس، ئىرانلىقلارغا يېقىنچىلىق قىلىپتۇ. شۇل سەۋەبتىن خەلقىنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىغا بولغان ئىشەنچى ۋە ئىشتىياقلىرى بىراقلا سوۋۇپ كېتىپتۇ. شەيبانىيلار بولسا بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئاۋامنى قۇترىتىپتۇ. ئابدۇللا مىرزا بۇخارادا قايتا كۈچ تەشكىللەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئاخىرىدا بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى سەمەرقەنتتە تۇرۇشقا ئامال قىلالماي، ئىلاجسىز كابۇلغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. شول تاپتا بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بىزگە لەشكىري ياردەم ئەۋەتكۈدەك مادارى يوق، ئۆز تەۋەلىكىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالالىسا چوڭ گەپ. دەشتى قىپچاق سۇلتانى قاسىمخان بىلەن ئالىيلىرى ئۆتكەن يىلى كۆزدە ئۇچرىشىپ، ياۋغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە ئەھدە ـ پەيمان قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما قاسىمخان ئالىيلىرىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولغاچقا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئۆزىگە ئارتۇقچە دۈشمەن تېپىۋېلىشنى خالىمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، تېخىچە ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتمىدى. يۇقىرىقى بۇ بىرقاتار ئەھۋاللار شەيبانىيلارغىمۇ سىر ئەمەس. شۇڭا تەسەررۇپىمىزدىكى جايلارغا قايتىدىن لەشكەر تارتىپ كېلىشكە پېتىنالىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىدىغان بولساق، زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بولىمىز. ئەگەر ھازىرقى لەشكىري كۈچىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، ياۋ قوشۇنى بىلەن رەسمىي ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئاۋۋال، ئەندىجاندىن ۋاز كەچكىنىمىز ئەۋزەل.

بۇ مۇلاھىزە بىر قىسىم ئەمىرلەرنى تەئەججۈپكە سالدى:

ـــ ئەندىجاننى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتەمدۇق؟

ـــ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى زىيادە چاغلاپ كەتتۇقمۇ قانداق؟

ـــ ئەندىجان قەلئەسىنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، ئوزۇق ـ تۈلۈكى مول. بىر يىل بەرداشلىق بېرىپ مۇداپىئە قىلىشقا كۆزد-

مىز يېتىدۇ.
ــ ئەندىجاندىن ۋاز كەچسەك نەگە بارىمىز؟
سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەمىرلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي، يەر تېگىدىن سەئىدخانغا قاراپ قويدى. شۇ تاپتا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەندىجاندىن ۋاز كېچىش تەكلىپى ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى قوچۇۋەتكەنىدى.
«سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ مۇددىئاسى نېمىدۇر؟ ئۇنىڭ بايا كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىغۇ ئورۇنلۇق. ئاغام بابۇر پادىشاھتىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يىل باھاردا سۆيۈنچۈكخاندىن يېڭىلگەندىن كېيىن، قاسىمخان ئالىيلىرىمۇ دەرگاھىغا لەشكەرىي ياردەم سوراپ ئەۋەتكەن ئەلچىمىزگە ئېنىق جاۋاب بەرمەپتۇ. ئالدىنقى قېتىم ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالغاندەك قىلىدۇ. بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى كابۇلغا چېكىنگەندىن كېيىن شەيبانىيلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار نەچچە تۈمەن قوشۇن بىلەن كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا جان تىكىپ جەڭ قىلىش زۆرۈر ئىدى...»
ــ مۇددىئالىرىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلسىلا، ــ دېدى سەئىدخان.
ــ بايا دېگىنىمدەك، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ ئەتراپىمىزدىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز غېمى بىلەن ئاۋارە. بىزنىڭ شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قۇۋۋىتىمىز يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ، قورال ـ ياراغلىرى، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىمۇ ھەددى ـ ھېسابسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەھلى سۈننەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بابۇر پادىشاھ بىلەن بىزنى بىدئەت شىئەلىكتە ئەيىبلەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋام ـ رەئىيەت ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيلا قوزغىلىپ ئۇلارنى قوللاۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلساق، تەقدىر ـ قىسمەت جانابى ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمىزنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولۇپ، غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ، پەقەت بىر ساغلام ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر قولنى سۇندۇرغانچىلىكلا ئىش قىلغان بولىمىز. ھالبۇكى، ساغلام كىشىنىڭ بىر قولى سۇنغانلىقى بىلەن ئۇ كىشى تامامەن كاردىن چىقمايدۇ. بەلكى، ئەكسىچە، ساقىيىۋېلىپلا داۋاملىق ئۇستۇنلۇك تالىشىدۇ، دۈشمەنلىشىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، ئىش ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولساق، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش بەسىي مۇشكۇل. ئۇ چاغدا بۇ خاتالىقنى ھېچ-قانداق تىرىشچانلىق بىلەنمۇ تولدۇرغىلى، بۇ جاراھەتنى ھېچبىر داۋا بىلەنمۇ ساقايتقىلى بولمايدۇ. بۇگۈنكى كۈندە ئىتتىپاقچىلد-رىمىز جەڭگى ـ جېدەل قوللىرىنى ئېھتىيات يەڭلىرى ئىچىگە تىقىۋالدى، ئىختىلاپ ئاياغلىرىنى چېكىنىش ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتىۋالدى. شۇڭا بول زېمىننى تالىشىپ، بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا قەدەم قويۇشىمىز ئۇزاقنى كۆزلەشتىن ۋە ئېھتىياتتىن يىراق-تۇر. شۇڭا، بىزنىڭمۇ ئېھتىياتچانلىق يولىنى تۇتۇپ، دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى بۇ ۋىلايەت سەھنىسىنى قاراڭ-غۇ قىلىشتىن ئىلگىرى جەڭگى ـ جېدەل ئىشىكىنى مەھكەم يې-پىپ، سەپەر تىزگىنىمىزنى ئەسلىي ماكانىمىز بولغان ئاتا مىراس زېمىنلىرىمىز تەرەپكە قارىتىشىمىز غەلىبە ـ نۇسرەت ۋە بەخت ـ سائادەتكە مۇۋاپىقراق كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا گېپىنى تۈگىتىپ، باشقىلارغا نە-زەر تاشلىدى.

ـــ ئۇلۇسبېگى جانابلىرىنىڭ ئەندىجاندىن ۋاز كېچىش تەد-بىرى دانالىقتۇر، ـــ دېدى ئايازبېك قوشچى سۆز ئېلىپ، ـــ ھەملە قىلىپ كېلىۋاتقان رەزىل شەيبانىيلارنى چېكىندۇرۇپ، ئەندىجاننى ساقلاپ قالدۇق دېگەندىمۇ، سەلتەنەت بىناسىنى ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ تۇرغىلى بولماس. مۇراد ـ مەقسىتىمىز يەنىلا ئا-نا ۋەتىنىمىزدىدۇر.

ـــ تۇرپان تەختگاھىدا ئالىيلىرىنىڭمۇ بىر ئۇلۇش نېسىۋد-سى بولسىمۇ، تەختتە ئاغىلىرى مەنسۇرخان ئولتۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغىلىرى بىلەن ئوتتۇرىلىرىدا نىزا ـ ئاداۋەت بار. شول

سەۋەبتىن تۇرپان تەختگاھىدىن پاناھلىق سوراشلىرى زىنھار
مۇمكىن ئەمەس، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ ئەمما، ئول
ئاتا مىراس زېمىنلىرىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ماڭلايسۇيە بىز
ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇۋاپىقتۇر. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇلكى، ھازىر
مىرزا ئابابەكرىنىڭ غالىبىيەت ئۇلاغلىرىنى يارىلانغان ھالەتتە
دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تۇتلۇق جېڭىدە بىزدىن زەربە يەپ يې-
ڭىلدى. شۇڭا ماڭلايسۇيەگە بارساق، ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ
تىركەشكەن تەقدىردىمۇ پەقەت بىر قېتىملىق جەڭگە يېتىشەلىشى
مۇمكىن. ئەمما بۇ جەڭ شەيبانىيلار بىلەن قىلغان جەڭگە قارى-
غاندا يەڭگىل ۋە ئاساندۇر. بىز ئۈچۈن بۇ جەڭنىڭ خەۋپ ـ خە-
تىرى ئازراق، پايدا ـ مەنپەئەتى كۆپرەكتۇر. بول مەسلىھەتىمنىڭ
مۇۋاپىقلىقىغا يەنە بىر دەلىلىم شۇلكى، ھازىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ
يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ كەتتى. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى قىرىق
يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بۇ جەبىر ـ زۇلۇملىرىغا مۆھلەت بېرىپ،
ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقەت قىلغۇچى سۈپىتىنى نامايان قىلدى.
كۈچلۈك ئېھتىماللىق شۇلكى، ئەمدى تەڭرى مۆھلىتى توشۇپ،
ئۇنىڭ زۇلۇم كۈنلىرى زاۋالغا يېقىنلاشتى. ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇ-
ماتىدىن قارىغاندا، ئۇ تۇتلۇق جېڭىنىڭ ھارپىسىدا مىرزا ۋەلىبەگ
قاتارلىق بەش سەركەردىسىنى قانداق كاردىن چىقارغان بولسا،
شاھىدانە كۆكۈلداش، مۇھەممەدبەگ قاتارلىق ئەمىرلىرىدىنمۇ
ئېھتىيات قىلىپ، بۇلارمۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىن دېگەن
گۇمان بىلەن قاتتىق جازالاپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ دەرگاھىدا داڭدار،
قابىل سەركەردىلىرى قالماپتۇ، بۇنى ئاز دەپ سىپاھ ۋە لەشكەر-
لەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماپتۇ، بىرقانچە قابىلىيەتسىز، تەد-
بىرسىز كىشىلەرنى ئىشقا قويۇپتۇ. بىراق ئۇلارمۇ پىكىر ۋە تەد-
بىرسىز بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا مىرزا ئابابەكرىدىن خاتىرجەم
ئەمەس. ھازىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەلتەنەتى چاك ـ چېكىدىن
ئاجراپ كەتكەن ھالەتتىدۇر. مۇشۇنداق پۇرسەتتە پۈتكۈل كۈچى-
مىزنى توپلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلساق، ئېھتىمال تاقاق ئىشىك-

www.uygburkitap.com

لەرنى ئېچىشقا قادىر تەڭرى پەتھە ـ نۇسرەت ئىشىكلىرىنى ئىقبال ۋە بەخت ـ دۆلەت يۈزلىرىگە ئېچىپ، مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭلايسۆيە سەلتەنەتىدىكى بارلىق ئەمىر ـ سەركەردە، مۇلازىم ـ لەشكەرلەر ئىزباسارلىق ۋە مەرتىۋە جەھەتتە مىرزا ئابابەكرى بىلەن مېنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ماڭا ئاتا بۆلەك قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. خان ئالىيلىرى بولسا بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ھەقىقىي تەخت ۋارىسىدۇر. شۇڭا مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ بىزگە يۈزلىنىشى تامامەن مۇمكىن. گەرچە ئۇ مېنىڭ ئاغام بولسىمۇ، ئەمما پېقىر ھەممە ئىشتا سىلىگە ئەبەدىلئەبەد سادىق بولىمەن. ھەرقانداق مەغرۇر باش ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنى تۇپراق بىلەن تەڭ تۇتمايدىكەن، مەيلى ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى بول سائادەتلىك دەرگاھىنىڭ تۇپرىقى بىلەن تەڭ قىلغايمەن، ساداقەت جەھەتتە تۇغقانچىلىق ھەققىگە نەزەر سالمايمەن. ئۇنداق تۇغقىنىمنىڭ خار ۋە زەبۇنلۇقىنى دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە سەلتەنەتنىڭ دائىملىقى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بىلىمەن. ئەگەر بۇ پىكرىم ئادالەتپاناھىمىزنىڭ مۇبارەك رايىغا مۇۋاپىق كەلسە، مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرسەك، دۆلەت ۋە سائادەتكە لايىقتۇر دەپ قارايمەن.

— ناۋادا بىز قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرى ئارقا تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا ئەھۋالىمىز چاتاق بولۇرمىكىن؟ چۈنكى ئۇنىڭ جانابى پاسىبانىمىزنى ئول زېمىنلارغا دەسسىتىشكە زىنھار رازىلىقى يوقتۇر.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەئىدخان بىردىنلا جىمىپ قالدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۆزىنى ئاشۇ ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ قازچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەل-

گەن لەشكەرلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئادەم ئايغى باس-مايدىغان جاڭگاللاردا مۆكۈپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقى سە-ئىدخانىنىڭ تېخىچىلا ئېسىدە ئىدى.

— مەنسۇرخان ئالىيلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىمىزگە لەشكەر ئەۋەتكۈدەك ماغدۇرى يوق، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا كې-سىپلا، — چۈنكى، ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇنىڭ تاغىسى — ئاقسۇ ئەمىرى مىر جاپپار بەردى بەگ مەنسۇرخاندىن ئېھتىيات قىلىپ ئاقسۇنى مىرزا ئابابەكرىگە تەۋە قىلىپ بەرگەنىدى. گەرچە ھەر ئىككىلىسى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ يارىشىۋالغان بولسى-مۇ، ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنقىدەك ئىشەنچ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز مىرزا ئابابەكرىگە قارشى لەشكەر تارتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا دۈشمىنىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىۋاتقان ئىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن خەنجەر ئۇرسا، خەلقئالەم ئالدىدا مازاققا قېلىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا ئول تەرەپتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر.

سەئىدخانىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىردىنلا تاراپ كەتكەندەك بولدى. ئۆزىمۇ مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاشنى خىيال قىلىپ كەلگەنىدى.

— ئۇلۇسبېگى جانابلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق مۇلاھىزە قىل-دى، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرماي، — نەچچە مۇددەتتىن بېرى كۆڭلۈم شۇنىڭدىن پاراكەندە ئىدىكى، ھەممە مەسلىھەتلەردە ئىمكانسىزلىق پۇراقلىرى ۋە نالايىق ئالامەتلەر بار ئىدى. ئەگەر شۇ مەسلىھەتلەر بويىچە ئىش كۆرگەندە ئاقىۋەت ھەيرانلىق بار-ماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرىمىز بىلەن چىشلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. مانا، سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىنىڭ بۇ كېڭىشى بارلىق مەسلىھەتلەردىن مۇۋاپىقراق ۋە ھەممە تەدبىرلەردىن لايىقراق بولدى. ئۇنىڭ بايان قىلغان پىكىرلىرى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىنمۇ ئورۇن ئالغانىدى. مېنىڭ رايىممۇ شۇ. ھەر كىمنىڭ بۇ ھەقتە يەنە باشقا مەسلىھەتى بولسا تارتىنماي بايان قىلغاي.

ــ شاھىمىزنىڭ دۆلەت ئاساسىنى پۇختىلاپ، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا! ــ دېدى سەركەردىلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

ــ پەرمان! ــ دېدى سەئىدخان ئەمىرلىرىنىڭ بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ــ دەرھال سەپەر تەييارلىقى كۆرۈلگەي. پەرمانىم پۈتكۈل يۇرتقا جاكارلانغاي. بىزگە ئەگىشىپ ماڭالايسۆيەگە كېتىشنى خالايدىغان ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ سەپەر ھازىرلىقى كۆرگەي.

شۇنداق قىلىپ سەئىدخان ئەمىر ـ سەركەردىلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ، بەش مىڭغا يېقىن ئاتلىق لەشكەر بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شەيبانىيلارنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەندىجان ئاھالىسىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى.

134

تۈمەن دەرياسى گويا سەئىدخاننى قارشى ئېلىۋاتقاندەك يېقىملىق شارقىرايتتى. بەشكېرەم، سەمەن باغلىرىدىكى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئىشتىھانى قوزغايتتى. ھەئە، ئاياللار، بالىلار ۋە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن پۇقرالارنى تويۇنباشىدا ۋاقىتلىق قالدۇرۇپ، خاس ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن سەئىدخان لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاتۇشتا بىر كېچە قونغاندى. شۇ تاپتا ئۇنى جەننەتتەك بوك ـ باراقسان باغلار بىلەن ئورالغان قەشقەر سەھرالىرىنىڭ ئەندىجان، سەمەرقەنت سەھرالىرىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەللىكى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

«جەننەتماكان بابام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن ئاتام سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ ماڭلايسۆيەدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىكەن ـ دە. سەھرالىرى بۇنچىلىك بولغان يەردە قەشقەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلىرى قانچىلىك گۈزەلدۇر ـ ھە...»

تۇمەن دەرياسىنىڭ سەمەن كېچىكىدە ئاتلىرىنى سۇغۇرۇشقا باشلىغان لەشكەرلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى سەئىدخاننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ تاۋاچى بەگكە قاراپ، — سەركەردىلەر لەشكەرلەرنى قايتىدىن ئىدىتلاپ كۆرسۇن.

— باش ئۈستىگە!

تاۋاچى بەگ پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

— قەشقەرگە كېلىپ قانداقراق تۇيغۇغا كېلىۋاتىدىلا ئالىيلىرى؟ — سورىدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ يۇرتقا پەخىرلىك ھېسسىياتى بىلەن قاراپ.

— راستىنى دېسەم بۇ يۇرتنىڭ ئەندىجان، سەمەرقەنتتىن پەرقى يوق ئىكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلىنىۋاتىدۇ.

— ۋەتەن، يۇرت مېھرى دېگەن ئەنە شۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ۋۇجۇدۇم نەچچە ھەسسە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. لەشكەرلەرنى ئېدىتلاپ بولغاندىن كېيىن قەشقەر قەلئەسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يەزەك ئەۋەتەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى سەئىدخان، — تۇنۇگۈن ئاخشام ئايغاقچىلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ خېلى پۇختا تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغانىدى. ھەر ھالدا ئىشلار پۇختا بولسۇن.

شۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن تاۋاچى بەگ سەئىدخانغا ئېھتىرام بىلدۈردى:

— لەشكەرلەرنى تولۇق ئېدىتلاپ چىقتۇق، ھەممىسى تۆت مىڭ يەتتە يۈز چىقتى.

www.uyghurkitap.com

سەئىدخان مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. گەرچە بۇ تۆت مىڭ يەتتە يۈز لەشكەر ھېسابتا ئاز بولسىمۇ، لېكىن ھەممە-سى نۇرغۇن جەڭ كۆرگەن، بىرى ئونغا تېتىيدىغان، پىشقان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەردىن ئىدى.

سەئىدخان ئالدىدا قاتار سەپ تارتىپ تۇرغان سەركەردىلەر-گە قاراپ پەرمان چۈشۈردى:

— سەركەردە خوجا ئەلى باھادىر بىلەن سەركەردە مەخسۇد ئەلى بەش يۈز لەشكەر بىلەن يەزەك بولۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى چارلاپ كەلسۇن.

— پەرمانبەردارمىزا! — دېدى ئىككى سەركەردە.

خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلى لەشكەرلىرىنى باشلاپ تۇمەن دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

— ئۇلۇسبېگى مەن بىلەن بىللە قەلبدە تۇرىدۇ، — دېدى سەئىدخان پەرمانىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەھرىكە مىرزا بىلەن دائىم ئەلى مىرزا بەرەنغار سەركەردىلىككە، ئىسھاق باھادىر، ئۇ-زۇن ساقال توختىقۇلى ئورۇنباسارلىققا، قارا قۇلاق مىرزا ئىلغار سەركەردىلىككە، شاھنەزەر مىرزا بىلەن ئەلى مىرەك مىرزا ئو-رۇنباسارلىققا، مىرزا ئەلى تاغايى جەۋەنغار سەركەردىلىككە، بەگ-مۇھەممەد مىرزا، سەبۇر مىرزا، مۇھەممەد ھاجى مىرزا، بابا سادىق مىرزىلار ئورۇنباسارلىققا، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بىلەن ئۇنىڭ ئەتكەسى مەۋلانە مۇھەممەد چاغداۋۇللۇققا تەيىنلەنسۇن. ھاپىز مىرىم، مىدەكە باھادىر، ئابدۇلۋاھىد باھادىر، خۇدايقۇلى باھادىر، شەيخ نەزەر ياساۋۇل، ياراكا ياساۋۇللار قولداش سەركەردە بولۇپ پەرمان كۈتسۇن.

— پەرمانبەردارمىزا! — دەپ جاراڭلىق جاۋاب قايتۇرۇشتى سەركەردىلەر.

— ھەرقايسى قوشۇننىڭ سەركەردىلىرى ئۆز لەشكەرلىرىڭ-لەرگە قاتتىق ئاگاھ بولۇڭلار. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق سە-ۋەب بىلەن رەئىيەتنىڭ بىگىنە چاغلىق نەرسىسىگە چېقىلمىغاي.

كىمدىكىم پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا، سەركەردىلىرى ئاشۇ لەشكەر بىلەن ئوخشاش ياساققا تارتىلىدۇ. قېنى ئەمدى ياسال[1] بويىچە ئىلگىرىلەڭلار!

※ ※ ※

خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلىنىڭ يەزەك قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۇسۇپ بەگ ئون مىڭ لەشكىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ سەپ تۈزۈپ تۇرغانىدى.

— ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتى توغرا ئىكەن، — دېدى مەخسۇد ئەلى، — مىرزا ئابابەكرى شەھەر سېپىلىنى مۇستەھكەملىگەندىن باشقا، قوشۇننىمۇ تەقلەپ قويۇپتۇ، قارىسىلا سەركەردە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىرزا ئابابەكرى باردەكمۇ؟

— مىرزا ئابابەكرىنى تولىمۇ ئېگىز، گەۋدىلىك ئادەم دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا يېڭىسارغا ياكى ياركەنتكە كەتكەن ئوخشايدۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ دۈشمەنلىرىمىز سەپ تۈزۈپ ئالدىمىزنى توسۇشقا ئۈلگۈرۈپتۇ.

— ئەمدى ئارقىمىزغا يانساق، ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالىدۇ، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر، — ئۇلارنى قەلئە سىرتىغا چىقارماقمۇ تەس. بەلكىم بىزنىڭ كۈچىمىزنى سەل چاغلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، خان ئالىيلىرىغا دەرھال چاپارمەن ماڭسۇن، ئۇنىڭغىچە بىز بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرايلى. بۇ بەكمۇ غەنىيمەت پۇرسەتتۇر. مۇبادا بىز ئارقىمىزغا يانساق، ئۇلارمۇ قەلئەگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

مەخسۇد ئەلى سەئىدخانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا ياۋ لەشكەرلىرى سېپىدىن جەڭگە ئۇندەپ

① ياسال ـ سەپ.

uyghurkitap.com

ناغرا چېلىندى.

ــ ھەممىڭلار تەمكىن بولۇپ سەپنى مۇستەھكەم ساقلاڭلار، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر، ــ تەڭ ھۇجۇم قىلىپ تەڭ چېكىنىمىز. راستتىن ھۇجۇم قىلىپ، يالغاندىن چېكىنىمىز. مۇشۇنداق قىلساق، ياۋ بىزنىڭ كۈچىمىزنى ئاجىز چاغلاپ بىخۇدلىشىدۇ. ئۇنىڭغىچە ئاساسلىق قوشۇنىمىز يېتىپ كېلىدۇ. ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ياۋنى ئالداپ تۇتۇپ تۇرۇش.

خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلى ئېتىنى يەڭگىل دېۋىتتى، لەشكەرلەر ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار ياۋ سېپىگە بىر ئوق يېتىم ئارىلىق قالغاندا توختىدى.

ــ ماڭلايسۆيەنىڭ ھەقىقىي تەخت ئىگىسى سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ باھادىرلىرى يېتىپ كەلدى! ــ دەپ توۋلىدى خوجا ئەلى باھادىر ياۋ سېپىگە قاراپ، ــ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئامان قېلىشنى خالايدىغانلار دەرھال قوراللىرىڭلارنى تاشلاپ ئىتائەت گەردىنىڭلارنى سۇنۇڭلار!

قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۇسۇپ بەگ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ جاۋاب بەردى:

ــ كىمسەن ھاي، ئۆزىنى چاغلىماي كاركىرىغان؟! يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ ئەل بولۇشتىن گەپ ئاچىسىنا؟ ئاشۇ تۆت تۇك ـ تۇك لەشكىرىڭ بىلەن بىزنى ئەل قىلماقچىمۇ سەن؟ لاپ ئېتىپ شەھەر ئالىمەن دېمەي، نوچى بولساڭ جەڭگە ھازىرلان!

ــ ئەمىر جانابلىرى ئالدىراپ جەڭدىن ئېغىز ئاچمىسىلا، بىز ئۈچۈن جەڭ كۆڭلىرى بەئەينى مەشۇقىمىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئىشرەت كېچىسىدۇر. جەڭ ناغرىسىنىڭ ساداسى توي بەزمىسىدۇر.

مەخسۇد ئەلى داڭدار مەرگەن ئىدى. ئۇ ئەمىر مىرزا يۇسۇپ بەگنى چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن پەم بىلەن ياغا ئوق بېسىپ، ئۇنىڭ چاقما كاۋىدەك يوغان سەللىسىنى نىشانغا ئالدى. ۋىڭىلداپ ئۇچقان ئوق مىرزا يۇسۇپ بەگنىڭ سەللىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

مىرزا يۈسۈپ بەگ ھودۇقتان ھالدا ئېتىنىڭ بوينىنى قۇچاقلىۋالدى.

— سىلىنى ئاياپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن سەللىلىرىنى نىشانغا ئالدۇق، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر قاقاھلاپ كۈلگىنىچە، — ئەل بولامدىلا ياكى جەڭ قىلامدۇق؟

ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغان مىرزا يۈسۈپ بەگ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشەنچ قىلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— قېنى باھادىرلىرىم، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان بۇ دەيۈزلەرنىڭ كاللىسىنى قوغۇن ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلاڭلار!

خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلىنىڭ بەش يۈز لەشكىرى خۇددى تۈگۈلگەن مۇشتقا ئوخشاش سەپ تۈزگەنىدى. ئۇلار بىردە ھۇجۇم قىلسا، بىردە چېكىنەتتى، چېكىنىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ھۇجۇمى خۇددى مۇداپىئەدە تۇرۇپ مۇشت ئاتقاندەك زەربىلىك ئىدى. قەشقەر لەشكەرلىرى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ، بۇ بەش يۈز لەشكەرنىڭ سېپىنى بۇزۇۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. مىرزا يۈسۈپ بەگ رەقىبلىرىنى سەل چاغلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا جەڭ مەيدانى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن لەرزىگە كەلدى. نەچچە ئونلىغان تۇغچى لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر كۆكتە لەپىلدەپ، ئاجايىپ سۈر ـ ھەيۋە پەيدا قىلغانىدى. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.

جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا يۈسۈپ بەگ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن قوشۇننى كۆرۈپ بىردىنلا ھودۇقتى. ئۇلار جاسارەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى تۆت مىڭ ئەمەس، قىرىق مىڭ كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى.

قەشقەر لەشكەرلىرىمۇ خۇددى سەركەردىسىگە ئوخشاش جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ سارامىسىمگە چۈشتى. مىرزا يۇسۇپ بەگ دەرھال چېكىنىش پەرمانى چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئەڭ ئاۋۋال شەھەرگە قاراپ قاچتى، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر ئوقيا، مەنجانىقلاردىن ئوق، تاش ياغدۇرۇپ چېكىندۇردى.

ھەئە، ئەندىجاندىكى تۆتلۈك جېڭىدە سەئىدخاندىن قاتتىق يېڭىلگەن مىرزا ئابابەكرى قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىللىرىنى قايتىدىن مۇستەھكەملىگەنىدى. ئېگىزلىكى يىگىرمە بىر گەز كېلىدىغان ھەيۋەتلىك سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۆت ئاتلىق لەشكەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا بىمالال ماڭالايتتى. سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئاز دېگەندە ئوتتۇزغا يېقىن بۇرج، جەببەخانا①، مەنجانىق، زەمبىرەك سۇپىسى بار ئىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈكى تەل، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولسىلا، ئوتتۇز ـ قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەنمۇ قەشقەر شەھىرىنى ئالماق تەس ئىدى.

سەئىدخان زىيادە ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىلاجىسىز ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بەش مىڭغا يېقىن لەشكىرى بىلەن شەھەرگە كىرىۋالغان مىرزا يۇسۇپ بەگ مىرزا ئابابەكرىدىن ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىپ ياركەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزدى ـ دە، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى.

※ ※ ※

سەئىدخان جىلە بولۇپ قالغانىدى.

لەشكەرلەر شەھەرگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، سېپىل ئۈستىدىن ياغدۇرۇلغان يېغىنىۋاتقان ئوق، تاش، كۆتەكلەرنىڭ زەربىسىدىن سېپىلغا چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆپ

① جەببەخانا ــ قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتى.

تالاپەتكە ئۇچرىدى.

بۇگۇن شاھ چېدىرىدا ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سەئىدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، يې-نىدىن جاي كۆرسەتتى.

— قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنىڭ بۇنچە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، — دېدى سە-ئىدخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — شۇنچە ھەشەم تارتىپ كې-لىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ يېقىنلىشالمايۋاتىمىز.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھۇزۇرلىرىغا مۇناداق بىر مۇددىئا بىلەن كىرگەنىدىم.

— قېنى خوش.

— مىرزا يۈسۈپ بەگ قەشقەر سېپىللىرىنىڭ مۇستەھكەم، مۇداپىئەسىنىڭ چىڭلىقىغا ئىشىنىپ، ياركەنتتىن كېلىدىغان ھەمدەمچى لەشكەرلەرنىڭ يولىغا قاراپ، قەستەن جەڭگە چىقمايۋا-تىدۇ. بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىمىزدىن ئىسپاتلاندىكى، قەش-قەرنى ئاسانلىقچە ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. تىر-كىشىپ تۇرۇۋەرسەك، ناۋادا ياۋنىڭ ھەمدەمچى لەشكەرلىرى كې-لىپ قالسا، ۋەزىيەت بىزگە پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، لەش-كەرلىرىمىزنى دەرھال ئاتلاندۇرۇپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلايلى. يې-ڭىسار قەلئەسى قەشقەر بىلەن ياركەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل. ناۋادا يېڭىسار قەلئەسىنى ئالالىساق، قەشقەر بىلەن يار-كەنتنى ئالمىقىمىز ئاسانغا توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياركەنتتىن ھەمدەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەرنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالاي-مىز.

سەئىدخان بىر ئاز ئۈمىدلەندى:

— شۇنداق قىلمايمۇ چارە يوقتەك قىلىدۇ. بىز ئۈچۈن ھا-زىر چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك قەلئەدىن بىرىگە ئىگە بولۇش تولىمۇ زۆرۈر. قاچان يولغا چىقساق بولۇر؟

— كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

مىرزا، ــ مىرزا يۇسۇپ بەگنىڭ چاپارمىنى ياركەنتكە بېرىپ بولاي دېدى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەممەمچى لەشكەرلىرى يولغا چىقىپ بولغۇچە، يېڭىسارغا بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك. ھازىرلا يولغا چىققىنىمىز ئەۋزەل.

ــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچى ئەجەب كېچىكتىغۇ؟

سەييىد مۇھەممەد مىرزا بارماقلىرىنى پۇكۇپ كۈن ساناشقا كىرىشتى. ھەئە، ئۇلار تېخى ئاتۇش تەۋەسىگە يېتىپ كەلمەستىلا قەشقەر بىلەن ياركەنتكە ئايرىم ـ ئايرىم ئايغاقچى ماڭغۇزغانىدى.

ــ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ پايلاقچىلىرىغا يولۇقۇپ قالمىغان بولسا.

سەئىدخان لام ـ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

شاھ چېدىرىغا مىرزا ھەيدەر كۆرەگان كىرىپ كەلگەنىدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا سىڭلىسى مۇھىب سۇلتان مەلىكىنى بېرىپ، كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ۋاقىتتا قېشىغا ئىجازەتسىز كىرىش ئىمتىيازى بەرگەنىدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

سەئىدخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ سالامىنى تەڭلا ئىلىك ئالدى.

ــ بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ قالدىمىمۇ قانداق؟

مۇھىم بىر مەسلىھەتنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگان كەينىگە يېنىشقا تەمشەلدى.

ــ سەن ئۈچۈن بول دەرگاھنىڭ بىمەھەلى يوق. كەل، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، ــ دېدى سەئىدخان مىرزا ھەيدەرگە سول يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ، ــ بۇنىڭدىن كېيىن سەلتەنەت سۆھ-

بەتلىرىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالمىساڭمۇ بولىدۇ، كىچىكلەر تاكى خىزمەتكە قەدەم قويمىغۇچە ۋۇجۇدىدا قابىلىيەت پەيدا بولمايدۇ. ئۇلۇغ ئىشلارغا، چوڭ مەرىكىلەرگە ئىشتىراك قىلمىساڭ، مەرتى-ۋىلىك كىشىلەر، خان ـ سۇلتانلار، ۋەزىر ـ ئەمىرلەر جەم بولغان سورۇنلاردا تەمتىرەپ قالىسەن. كىچىكلەر چوڭلار بىلەن دائىم بىللە بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزى ھەر ئىشقا تونۇشلۇق بو-لۇپ قالىدۇ ـ دە، كاتتا مەرىكىلەردە تەمتىرەپ قالمايدۇ. بۇ ئۇلار-نىڭ جاھان سوراش، سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلىشىغا پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر خىزمەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇن-لىرىنى بىلمىسە، ئۆزگىلەرگە خىزمەت بۇيرۇيالمايدۇ، ئەيىبىنى ھۈنەردىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، سالاھىيەت ئەھلى ۋە سالاھىيەت يو-لىنى تۇتالمايدۇ. مەنمۇ مەرھۇم خان ئاتامنىڭ مۇلازىمىتىدە بول-غىنىمدا، ئۇلار بۇ ھېكمەتنى كۆڭلۈم ھۇجرىسىغا نەقىشلىگەنى-دى. ئەمدى بۇنى ساڭا ئۆگىتىۋاتىمەن. ئەمەل قىلساڭ پايدىسىنى كۆرىسەن.

— كالاملىرىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بېشىنى ئېگىپ.

— لېكىن، خىزمەت قىلىشنىڭمۇ چېكى بار. ھۆرمەت كۆر-سىتىش مۇۋاپىق ئەمەسلەرگە، خۇسۇسەن چاكار ـ خىزمەتكارلارغا خىزمەت قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. خەقنىڭ كۆزىگە خار كۆرۈنۈپ قال-ماسلىق ئۈچۈن، سورۇن ۋە مەرىكىلەردە مەرتىۋەڭنىڭ ھۆرمىتى-نى ساقلىشىڭ لازىم، ئەمما زىيادە گىدىيىۋالساڭمۇ باشقىلار كۆ-رەگانلىق مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئارقاڭدىن پىتنە قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا مەس-لىھەت، كېڭەشكە ئورۇن بەرگەيسەن، مۇۋاپىق كۆرگەن مەسلىھەت ۋە تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلغايسەن.

— خوش، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان.

— ئۆرە تۇرۇۋۋەرمەي يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر.

ئۇ سەئىدخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ھۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەيچى بەگ كىرىپ كەلدى.

ــ مەلۇم بولغاي!

ــ سۆزلە، ــ دېدى سەئىدخان.

ــ ياركەنتتىن ئايغاقچى كەلدى.

ــ باشلاپ كىر.

ھايال ئۆتمەي ئايغاقچى كىرىپ كەلدى.

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى ئۇ سالام ـ سەھەت يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ ماڭلايسۆيەگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن خەۋەر تاپقان ياركەنتتىكى رەئىيەت قانچىلىك ھاياجانغا چۆمگەن بولسا، مىرزا ئابابەكرى شۇنچىلىك تەشۋىشكە ئەسىر بولۇپتۇ، تۈتلۇق جېڭىدە مىرزا ۋەلىبەگ قاتارلىق بەش سەركەردىسىنى ئاختا قىلىپ جازالىغاندىن كېيىن، شاھدانە كۆكۈلداش، مۇھەممەدبەگ قاتارلىق ئەمىرلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىپ جازالىغان ھېسابتا قازىققا سالغاندىكەن، ھازىر ئۇنىڭ دەرگاھىدا سىپاھلىقنىڭ ھۆددىسىدىن بەجاندىل چىقالىغۇدەك سەركەردىلىرىنىڭ تايىنى قالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ مىرزا ئابابەكرى دېھقان بولامدۇ، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ بولامدۇ ۋاللاھۇئەلەم ئون بەش ياشتىن يۇقىرى بېلى باغلالىق ئەركەك بولسىلا چېرىكلىككە تۇتۇپ مەشقلەندۈرۈۋېتىپتۇ. ئەسلىدىنلا لەشكىرىي تەربىيە كۆرمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ سەپ تۈزۈشلىرىمۇ، قورال تۇتۇشلىرىمۇ تولىمۇ كۈلكىلىك.

سەئىدخان مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

ــ بۇزرۇك مومام شاھ بېگىم بىلەن ھامىمام مېھرىنىگار خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە ئايغاقچى، پايلاقچىلار مىغىلداپ كەتكەچكە ئول بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئامال قىلالمىدىم، ئەمما مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ۋەقە قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: مىرزا ئابابەكرى بىر تۇغقان سىڭلىسى خانسۇلتان خېنىمنى سەلتەنەتىمگە نارازىلىق بىلدۈردى، ماڭا

دۈشمەنلىك ۋە قەست قىلىش غەرىزى بار، دېگەن گۇمان بىلەن زىندانغا سولاپ، يېگىلى تائام، ئىچكىلى سۇ بەرمەي قىيناپتۇ، ھەتتا سۇ ئورنىدا چاغىر① بېرىپتۇ. پاك ئېتەكلىك، پاكىز نەسەبلىك، پۇتكۈل ئۆمرىنى ئىبادەت ۋە خەيرلىك ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزگەن پەرىشتە سۈپەت ئۇل مەزلۇمە ئاخىر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا قىينىلىپ ئۆلۈپتۇ، يەنە... ــ ئايغاقچى دەيمۇ، دېمەيمۇ دېگەندەك مىرزا ھەيدەر كۆرەگانغا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ يەنە بەدەخشاندا بۇزرۇك خانىش شاھ بېگىم ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان جانابلىرىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى مۇھەممەد شاھنى ئاختا قىلىپ، خىزمىتىگە سالغانىكەن، كەمىنىلىرى ياركەنتكە بېرىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال مەيدىسىدىن كاۋاپ زىخى بىلەن تامغا مىخلىتىپ، قىيناپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ.

ئىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. سەئىدخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قوشۇمىلىرى غەزەپتىن تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ــ بولدى چىقىپ كەت، ــ دېدى سەئىدخان ئايغاقچىغا قاراپ، ئاندىن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانغا تەسەللى بەردى، ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بۇ قىساسنى ئۇل مەلئۇندىن چوقۇم ئالمىز.

ــ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ئوغلۇم، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا تەسەللى بېرىپ، ــ قۇدرەتلىك تەڭرىم زالىم ـ پاسىقلارنىڭ جازاسىنى ھامان بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىغا ۋە ئىنىسىنىڭ ئوغلىغا بۇنداق ئازابلارنى سالغان ئۇل مەلئۇن پاك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە شاھ بېگىم ئالىيلىرىغا ۋە مېھرىنىگار خېنىمغا نىمە كۈنلەرنى كۆرسەتكەندۇ؟...

ــ سەركەردىلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈز! ــ دېدى سەئىدخان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، ــ دەرھال يېڭىسارغا ئاتلان-

① چاغىر ــ ھاراقنىڭ بىر تۈرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاي. ئالالاھ نامىدىن قەسەمكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ياركەنت شەھىرىنىڭ قوۋۇقىغا ئېسىپ خارۇزار قىلماسام بۇ ھۇدۇدتىن ھەرگىز كەتمەيمەن!

## 135

شۇ كۈنلەردە ياركەنت شەھىرىنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. شەھەر كوچىلىرىدا ئانچە ــ مۇنچە ھاجەتمەن، يايمىچىلاردىن باشقا بارلىق دۇكان ــ سارايلار تاقالغان، ھۈنەرۋەن ــ كاسىپلار ئىش توختاتقان، ئاۋات چارسۇ ــ رەستىلەر چۆلدەرەپ قالغانىدى.

ھەرقايسى تۈمەن، يېزا ــ قىشلاقلاردىن مەجبۇرىي تۇتۇپ كەلگەن ئاتمىش مىڭغا يېقىن چېرىكنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان مىرزا ئابابەكرى تولىمۇ روھسىز ئىدى، ئېگىز، بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەم شۇ تاپتا قورۇلۇپ، پاكارلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، شۇنداقتىمۇ قان تولغان كۆزلىرى چېرىكلەرنىڭ ھەربىكىتىگە مىختەك تىكىلگەنىدى. دېھقان، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ چېرىكلەرنىڭ تۈزگەن سەپلىرى رەتسىز، ھەربىكەتلىرى كالانپاي ئىدى؛ ئاتقان ئوقلىرى نىشانغا تېگمىش تۈگۈل ئالىنقاياقلارغا قېيىپ كېتەتتى؛ مىنگەن ئاتلىرى شاشلىق قىلسا ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالماي، گاھ ئاتنىڭ بويىنىغا، گاھ ساغرىسىغا چۈشۈپ قالاتتى، جان ۋەھىمىسىدە ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تارتىپ تۇرۇۋالاتتى، توخۇ يۈرەكلىرى قورال ــ ياراغلىرىنى تاشلىۋېتىپ ئۆزىنى يەرگە ئاتاتتى. سانى بار، ساپاسى يوق بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ۋۇجۇدىنى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى.

«ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەلتەنەت سۇرۇدىغان كۈنلىرىم ئا-خىرلاشقان ئوخشايدۇ. مەن تېخى بۇلارنى باشلاپ بېرىپ، قەشقەر-نى ياۋنىڭ تەھلىكىسىدىن خالاس قىلارمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇنداق لەشكەر بىلەن جەڭگە بېرىش تۇگۇل، قوغۇن ئوغرىلاشقا بېرىشمۇ خەتەرلىك. ئېھ تەڭرىم، ھەرقانچە گۇناھىم بولسىمۇ، ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»

مىرزا ئابابەكرى خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، سەركەردىسى پىرئەلىبەگكە قارىدى:

— سەن يۈز نۆكەر بىلەن بېرىپ ياۋنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەل.

ئاللىقانداق خىيالغا ئەسىر بولۇپ تۇرغان پىرئەلىبەگ مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي ياندۇرۇپ سورىدى:

— يېڭىسارغا بارامدىم ئالىيلىرى؟

ئىچى تىتىلداپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى غەزەپ بىلەن گۈر-كىرىدى:

— ئاۋۇ ئىككى دولاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باشمۇ ياكى قا-پاقمۇ؟ ئەلۋەتتە يېڭىسارغا بارىسەن. يولدا ئېھتىيات قىل. ياۋ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇنچە كۆزەتسەڭلا بولدى. ئۇلار بەل-كىم بۇ چاغقا يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىپمۇ بولغاندۇ، ناۋادا يولدا دوقۇرۇشۇپ قالساڭ، دەرھال قايتىپ كېلىپ خەۋىرىنى بەر. كاتتا تۆھپە ھېسابىدا ئىنئام بېرىمەن.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنئام بېرىمەن دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پىرئەلىبەگنىڭ ۋۇجۇدىنى سۇر باستى.

«ئىنئام بېرەرمىش تېخى. جازادۇر تايىنلىق. ھازىرغا قەدەر قايسى بىر سەركەردە كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە لايىق ئىنئام ئېلىپ باققان؟ ئۇنداق ئىنئامنى ئېلىشتىن تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلى-غاي...»

تۇگىمەس غەم ـ تەشۋىشكە ئەسىر بولغان مىرزا ئابابەكرى پىرئەلىبەگنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، بېشىنى ئىتتىك ئۇردا تە-

رەپكە بۇرىدى.

يۈز نۆكەر بىلەن يولغا چىققان پىرئەلىبەگنىڭ كۆز ئالدىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوردىدا ئەمىرلەرگە ئىنئام تارقاتقان كۆرۈنۈشى لىپ قىلىپ ئۆتتى.

پىرئەلىبەگ يېگىسار ئەمىرى پىرئەمىن دورغىنىڭ ئوغلى ئىدى. مىرزا ئابابەكرى يىراقتىكى ئەمىرلەرنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى نامدا ئوردىسىدا مەنسەپكە تەيىنلىگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يېنىدا تۇرغاق قىلىپ ساقلىغانىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەشمىرگە قىلغان يۈرۈشىگە پىرئەلىبەگمۇ قاتناشقانىدى. مىرزا ئابابەكرى كەشمىردىن غەلىبە بىلەن ياركەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەركەردىلىرىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن خەزىنىچى بەگنى بۇيرۇپ شاھنىشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پەتنۇس تىللا ئاچىقتۇردى ۋە سەركەردىلەرنى تەرتىپ بويىچە كېلىپ سىقىمى تولغۇچە تىللا ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدى. پېشقەدەم ئەمىرلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ تىللا دۆۋىسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ، ھېچنېمە ئالماي ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. نۆۋەت پىرئەلىبەگ قاتارلىق بىرقانچە ياش سەركەردىلەرگە كەلگەندە، بىر سىقىمدىن تىللا ئېلىشىپ، مىرزا ئابابەكرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. ئەمما ئىككى كۈن ئۆتكەندە مىرزا ئابابەكرى پىرئەلىبەگ قاتارلىق سەككىز نەپەر ياش سەركەردىنى يوقىلاڭ بىر باھانە بىلەن ئەللىك دەررە ئۇرغۇزۇپ، ئەللىك تىللا جەرىمانە قويدى.

پىرئەلىبەگ دەررە زەربىسىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

— ئاشۇنچىلىك كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۈچۈن ئەللىك دەررە ئۇرغۇزدى. بەكمۇ ئۇۋالچىلىقتا قالدىم، — دەپ داتلىدى ئۇ، يوقلاپ كەلگەن پېشقەدەم ئەمىرگە.

— بۇ ئەللىك دەررە ئول سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇرۇلغان ئەمەس.

پىرئەلىبەگ ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى:

— ئۆزۈم بىلمەيدىغان قانداق ئېغىر گۇناھكەن ئۇ؟ مالال كەلمىسە كۆرسىتىپ بەرسىلە.

پېشقەدەم ئەمىر ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— سىلى ئوردىغا يېڭى كەلدىلە، شۇڭا بىر قىسىم قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىلمەيدىلا. ھېلىقى كۈنى خان ئالىيلىرى شاھىنشىندا تىللا ئىنئام قىلغاندا، سىقىملىرىنى تولدۇرۇپ تىللا ئالغانلىرى يادىلىرىدا بارمۇ؟

— يادىمدا بولمامدىغان تەقسىر، شۇنچە كۆچەپمۇ ئاران يىگىرمە تۆت تىللا ئالالايتىمەن.

— ھەببەللى، گەپ مانا مۇشۇ تىللادا، كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ باقسىلا، ئاشۇ چاغدا كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر تىللاغا قول ئۇزىتىپ قويۇپ، بىر تىللامۇ ئالمىدى. بۇنى كۆرگەن بولغىيتتىلە ھەقىچان؟

— كۆرگەنمەن، شۇ چاغدا ئۇلار نېمىشقا خان ئالىيلىرىنىڭ ئىنئامىنى قوبۇل قىلمايدىغاندۇ، دەپ تولىمۇ تەئەججۈپلەنگەندىم.

— سىلى بىلەن بىللە دەررىگە تارتىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كۈنى سىقىمىنى تولدۇرۇپ تىللا ئالغانلار.

— بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئىنئامنى خان ئالىيلىرى ئۆزى بۇيرۇغان تۇرسا.

— خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇغىنى راست، ئەمما ئېلىشقا بولمايدۇ. تېخى سىلى يەڭگىلرەك جازاغا ئۇچرىدىلا، ئاتىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلدى بولغاي، ئىنئامنى قوبۇل قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئاختا قىلىنغانلار، ھەتتا كاللىسىدىن ئايرىلغانلار بار. ئالتۇن خان ئالىيلىرىنىڭ جېنى، ئۇ خەزىنىگە كىرىدۇ، ئەمما ھەرگىز چىقمايدۇ. كونا شەھەر خارابىلىرىدە قازىقتا ئېسىلەۋاتقانلارنى كۆرگەنلا، ھەممىسى ئالىيلىرى ئۇچۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىزدەۋاتقان شور پېشانىلەر.

— باشتىلا ئاگاھلاندۇرۇپ قويغان بولسىلىچۇ؟

ـــ سىلىنى بىلەمدىكىن دەپتىكەنمەن.

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن پىرئەلىبەگ ئاستىلاپ قالغان ئېتىغا قامچا سالدى.

«تۆھپە ھېسابىدا كاتتا ئىنئام بېرىمەن دەيدۇ تېخى. كۆتۈرسۇن ئۇنداق ئىنئامنى! لېكىن تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسام كاللامنى ئالىدۇ، مۇشۇ باھانىدە قېچىپ كېتەي دېسەم، خاتۇن ـ باللىرىم قېپقالدى، بىللە ئېلىپ ماڭالىغان بولساممۇ...»

ئۇ غەربىي ئۇپۇققا قىيسىيىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

«چاپە ئېتىم، تېزرەك چاپ. بولمىسا مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرى سۆرەلمىلىك قىلدىڭ دەپ جازالاشتىن يانمايدۇ. ئوتتۇز ياشتا ئاختا بولۇپ ياشىغاندىن ئۆلگەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟! توۋا، خان ئالىيلىرى نېمىشقا سەركەردىلىرىنى ئاختا قىلىشقا ئامراقتۇ؟...»

136

قەشقەردىن توققۇزاق بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يېڭىسارغا تېز سۈرئەتتە يېتىپ كەلگەن سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىدىكىلەرنىڭمۇ سىپىل ئۈستىگە ئوق، تاش، كۆتەكلەرنى دۆۋىلەپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمىدى.

ـــ يېڭىسار قەلئەسى كىچىك بولغىنى بىلەن سىپىللىرى مۇستەھكەم. جاسارىتىمىزگە تايىنىپ ھۇجۇم قىلساق زىيان تار-

تىمىز. باشقىچە بىر ئامال قىلايلى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

ــ قانداق ئامال قىلىمىز؟

ــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىش ئېھتىما-لىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ مېنىڭچە خوجا ئەلى باھادىر بىلەن ئابدۇلۋاھىد باھادىر ئۈچ يۈز نۆكەر بىلەن يولغا چىقىپ قىزىلدا بۆكتۈرمىدە تۇرسۇن. ناۋادا ياركەنتتىن دۈشمەننىڭ ھەمدەمچى لەشكەرلىرى كەلگۈدەك بولسا دەرھال خەۋەر بەرگەي، قالغان سەركەردە - لەشكەرلەر بىر-نەچچە تەرەپتىن سېپىلنىڭ ئاستىغا تۇتاشتۇرۇپ لەخمە كولايلى.

ــ قەلئەگە لەخمە بىلەن كىرىمىز دېمەكچىمۇ سىلى؟ ــ دېدى سەئىدخان بۇ تەكلىپكە تازا قوشۇلغۇسى كەلمەي، ــ قەلئە ئىچىدىكىلەر لەخمىگە تۈتەك قويۇپ بەرمىدى دېگەندىمۇ، لەخمە-دىن قەلئەگە كىرمەكچى بولغان لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۇدۇللۇق كاللىسىنى ئالارمىكىن.

ــ دېگەنلىرى توغرا ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ ئەمما بىز لەخمىنى قەلئەگە كىرىش ئۈچۈن ئەمەس، سېپىلنى پارتلىتىش ئۈچۈن كولايمىز.

ــ ھە، مۇنداق دېسىلە. پارتلاتقۇچنى قانداق قىلىمىز؟

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى. يېڭىسار تاغلىرىدا مەدەن تولا. ئۇستاز ئايازبېك قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇھەممەد مەدەن تاۋلاشنىڭ پىرى. ئۇلار پارتلاتقۇچنى تېزلا تەييار قىلىدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ياشىنىپ قالغان ئايازبېك قۇشچى، ــ تۇرپاندىكى خانلىق مەدرىسەدىمۇ تالىبى ئىلىملەرگە مەدەن تاۋلاش، زەمبىرەك ئوقلىرىنى، پارتلاتقۇچلارنى ياساش ھەققىدە ئىلىم سۆزلىنەتتى، بەلكىم خان ئالىيلىرىنىڭمۇ ئېسىدە بولسا كېرەك.

ــ ئېسىم قۇرۇسۇن ئۇستاز، ــ دېدى سەئىدخان خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ــ سىلى تۇرغان يەردە بۇنىڭدىن نېمە غەم.

www.uyghurkitap.com

ــ پارتلاتقۇچ ياساشتا ھاپىز مىرزىنىڭ كارامىتى مەندىن زىيادىرەك، ــ دېدى مەۋلانە مۇھەممەد.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇستازغا مەۋلانە مۇھەممەد، ھاپىز مىرزىم، نۆكەر بېشى تاھىر بەگلەر ھەمدەمدە بولغاي. پارتلاتقۇچنى تېزرەك تەييارلىغايسىلەر، ــ ئۇ نەزەرىنى باشقا سەركەردىلىرىگە ئاغدۇردى، ــ خوجا ئەلى باھادىر بىلەن ئابدۇلۋاھىد باھادىر ئۈچ يۈز نۆكەر بىلەن يەزەك بولۇپ قىزىلدا بۆكتۈرمىدە تۇرغاي، قالغان سەركەردىلەر بىرقانچە تارامغا بۆلۈنۈپ لەخمە كولايمىز. قەلئەنىڭ شىمالىي قىسمى چوڭقۇر يارلىق ئىكەن، شۇڭا ئۇ تەرەپكە لەخمە كولاشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق. مەن قەلئەنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئۇستىدىكى بىرىنچى بۇرجىنى نىشان قىلىپ لەخمە كولايمەن، خۇدايقۇلى باھادىر، شەيخ نەزەر ياساۋۇل قاتارلىق ئالتە سەركەردە ماڭا شېرىك بولىدۇ؛ ئوڭ تەرىپىمدىن ئالتىنچى بۇرجنى نىشانلاپ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان لەخمە كولايدۇ، ئۇنىڭغا مەخسۇد ئەلى، ياراكا ياساۋۇل، تەڭرىبەردى بەگ قاتارلىق ئالتە سەركەردە شېرىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىكى بۇرجنى نىشانلاپ مىرزا ئەلى تاغايى لەخمە كولايدۇ، ئۇنىڭغا قۇتلۇق مىرەك مىرزا، بەھرىكە مىرزىلار شېرىك بولىدۇ؛ سول تەرىپىمدىن ئۈچىنچى بۇرجنى نىشان قىلىپ بابا سادىق مىرزا لەخمە كولايدۇ، شاھباز مىرزا بىلەن بەھرەبىت مىرزا جامائىتى بىلەن شېرىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يېنىدىن مىرزا مۇھەممەدبەگ بىلەن بەگمۇھەممەدبەگ ئاغا ـ ئىنىلەر بىر لەخمىگە شېرىك بولىدۇ؛ جەنۇب تەرەپتىكى بۇرجنى نىشانلاپ خانىكە مىرزا بىلەن پىشكە مىرزىلار بىر لەخمىگە شېرىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يېنىدىن بىر لەخمىگە مىرمۇھەممەدبەگ بىلەن مىرئەييۇببەگ شېرىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يېنىدا مىرقەمبەربەگ، ئەلى مىرەك بارلاس؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا مىردائىم ئەلى؛ ئۇنىڭ يېنىدا قاراقۇلاق مىرزا؛ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇلۇسبېگى سەييىد مۇھەممەد مىرزا مولجار ئېلىپ لەخمە كولايدۇ. كاتتا بەگ قاتارلىق سەركەردىلەر ئوزۇق ـ تۈلۈككە مەسئۇل بولىدۇ. قەلئەنىڭ كۈن-

چىقىش تەرىپىمۇ شىمال تەرىپىگە ئوخشاشلا ئېگىز يارلىق بول-
غانلىقى ئۈچۈن ئۇل تەرەپكە كۆچ ئىشلىتىلمىگەي.
سەركەردىلەر لەخمە كولاشقا كېتەرلىك سايمان، جابدۇقلارنى
تەييارلاشقا كىرىشتى.

※ ※ ※

كىچىككىنە قىزىل بوستانلىقى خۇددى تەڭرى تەرىپىدىن
كۆز يەتكۈسىز ھىممىتىنىڭ سېيىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر پارچە
كىمخاپتەك كۆرۈنەتتى، شۇ تاپتا ئۇنى تۈن قاراڭغۇسى پۈتۈنلەي
يۇتۇۋالغانىدى.
نەچچە كۈندىن بېرى قىزىلدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان خوجا
ئەلى باھادىر بىلەن ئابدۇلۋاھىد باھادىر كۆكراباتقىچە چارلىغۇچى
ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ياركەنت تەرەپتىن ھېچبىر شەپە بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى، بۇ
كېچە ئۇلار ياركەنت تەرەپتىن كېلىۋاتقان پىرئەلىبەگدىن خەۋەر-
سىز بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.
— ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەلىدىڭمۇ؟ — پىچىرلاپ
سورىدى پىرئەلىبەگ چارلىغۇچىسىغا قاراپ.
— ئۇلار چۈشكۈن قىلغان باغنىڭ قېشىغىچە باردىم، تۇتقا-
تارلىرىمۇ مۈگىدەپ قالغاندەك قىلىدۇ. شەبخۇن ئۇرامدۇق؟
— ھازىر تۈن نىسپىدىن ئاشتى، يەنە بىر ئاز ساقلايلى. سە-
ھەرنىڭ ئۇيقۇسى شېرىن بولىدۇ، شۇ چاغدا شەبخۇن ئۇرساق گەپ
يوق نۇسرەت قازىنىمىز. نۆكەرلەر ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي بىر-
ئاز ئارام ئېلىۋالسۇن.
قازاننى دوم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن
قىزىل بوستانلىقى ئىتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا قاۋاشلىرىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا تولىمۇ جىمجىت ئىدى.
تۇيۇقسىز ياڭرىغان چۇقان ـ سۈرەن ساداسىدىن چۆچۈپ

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى


ئويغانغان خوجا ئەلى باھادىر بىلەن ئابدۇلۋاھىد باھادىر سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. نۆكەرلەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يىر-تىپ ئېچىپ، سىلىپ تاشلىۋەتكەن دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كې-يىشكە ئالدىرىدى. بۇ چاغدا پىرئەلىبەگنىڭ نۆكەرلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدا قىلىچلىرىنى ئوينىتىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— نۆكەرلەر ئالاقزادە بولمىسۇن، ھەمراھلىرىنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىپ، بىر يەرگە جەمئىي بولۇپ ياۋغا تاقابىل تۇرغاي، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر يېنىدىكى سەرۋازغا قاراپ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈن قاراڭغۇسىدا دەھشەتلىك قىر-غىن باشلاندى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بىزگە شەبخۇن ئۇرغىنى ياركەنتتىن كەلگەن ئاساسلىق قوشۇن ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى ئابدۇلۋا-ھىد باھادىر ئەتراپتىكى نۆكەرلەرگە قاراپ، — قىلچىلىك تەمتى-رىمەڭلار.

ئىككى سەركەردىنىڭ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن نۆكەرلەر قېچىشنى توختىتىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ شاۋقۇن ـ سۈرەندىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىتلار قاۋاپ، ئېشەك-لەر ھاڭرىشاتتى. يۈرەكلىكرەك دېھقانلار ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئۇر ـ چاپ سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى.

سۇبھى ئاقىرىپ جەڭ قىلىۋاتقانلار ئۆزى بىلەن قارشى تە-رەپنى پەرق ئەتكۈدەك بولدى. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ مۆلچەرىدىكى-دىن خېلىلا كۆپلۈكىنى ھېس قىلغان پىرئەلىبەگ ئىشەنچىنى يوقاتقانىدى. تاڭ يورۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنىڭ تەڭ يېرى-مى قىرىلىپ كەتكەن، ھايات قالغانلىرىنىڭ جەڭدىن رايى يېنىپ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

«تەقدىر مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، ئەسلىدە ئالدىراڭغۇلۇق قىل-مىسام بوپتىكەن. ئەمدى بۇ ئەھۋالدا قاچسام ئۇلار ئارقامدىن مازاق قىلىدۇ. بوغۇ مەيلى، ئەمما قېچىپ قۇتۇلغىنىم بىلەن يە-نىلا جازادىن قۇتۇلالمايمەن. مىرزا ئابابەكرى ئائىلىسىرى كاللامنى

ئالمىغان تەقدىردىمۇ ئاختا قىلماي قويمايدۇ...»

ھازىرلا جان يېرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلگەن پىرئەلىبەگنى ۋەھىمىلىك تىترەك باستى.

«ئەڭ ياخشىسى رەسۋايىئەزىم بولۇپ قاچقاندىن كۆرە، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەممەت بىلەن ئۆلگىنىم ئەۋزەل. باشقىلار بىلسىمۇ مېنى مەردلىك كۆرسىتىپتۇ دەپ مەدھىيىلىشىدۇ...»

پىرئەلىبەگ جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ رەقىبلىرى تۇرغان باغقا قاپسىلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالغانىدى.

— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ياركەنتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش. ھەممىسىنى قىرىۋەتسەك خان ئالىيلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قالىمىز، شۇڭا ئاۋۇ سەركەردىسىنىمۇ بولسا تىرىك تۇتايلى، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

مىرزا ئابدۇلۋاھىد باھادىرنىڭ ئاتقان ئوقى پىرئەلىبەگنىڭ يوتىسىغا سانجىلدى. ئەسلىدىمۇ ئۆزى يالغۇز دېگۇدەك خېلى كۆپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان پىرئەلىبەگ ھالسىراپ قالغانىدى. يوتىسىغا ئوق تېگىش بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك مادارى قالمىدى.

— نۆكەرلىرىڭلار يېقىن كەلمىسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قارشى تەرىپىدە تۇرغان ئىككى سەركەردىگە قاراپ، — نېمىلا بولمىسۇن مەنمۇ مىرزا ئابابەكرى پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەرتىۋىلىك سەركەردىسىمەن، شۇڭا ئىككى سەركەردىدىن بىرىڭلار كېلىپ كاللامنى ئېلىڭلار!

خوجا ئەلى باھادىر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بىزگە سىلىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئەمەس، تىرىكلىرى كېرەك سەركەردە، ئەڭ ياخشىسى قىلىچلىرىنى تاشلىسىلا.

ھاياتىدىن ئالللىقاچان ئۈمىد ئۈزگەن پىرئەلىبەگنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى سۇس پىلىلدىدى، ماغدۇرسىز قولىدىكى قىلىچىنى ئاستا تاشلىدى.

— ياۋ سەركەردىسىنى باغلىماي ئاتقا مىندۈرۈۋېلىڭلار، — دېدى خوجا ئەلى باھادىر نۆكەرلىرىگە قاراپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

※ ※ ※

كۆن پىششىدىن قىيىلغانىدى.

نۆكەرلەر يارىلانغان پىرئەلىبەگنى ئالدىراپ ئاتتىن تىزلاندۇرۇپ قويغانىدى. سەئىدخان ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل!

ـــ كەمىنىلىرى يېگىسار ئەمىرى مىرزا ئەمىن دورغىنىڭ چوڭ ئەمىرزادىسى، مىرزا ئابابەكرى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سەر-كەردىسى پىرئەلىبەگ بولىمەن.

ئۇنىڭ تەمكىنلىك بىلەن بەرگەن جاۋابى سەئىدخانغا ياراپ قالغانىدى.

«يارايسەن، ئەركەككە خاس يۈرىكىڭ بار ئىكەن، بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەپ يالۋۇرۇپمۇ قويمىدىڭ...»

ـــ مىرزا ئابابەكرى ئاساسلىق قوشۇننى ئەۋەتمەي، نېمىشقا ئاران يۈز نۆكەر بىلەن سېنى ئەۋەتتى؟

پىرئەلىبەگ سەئىدخاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ ئالىيلىرىغا راست جاۋابىم كېرەكمۇ ياكى يالغان جاۋا-بىممۇ؟

ـــ راستىنى سۆزلە.

ـــ مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەر، يېگىسار قەلئەسى-نىڭ مۇداپىئەسىنى پۇختىلىغاندىن كېيىن، ياركەنتكە قايتىپ كېلىپ لەشكەر ۋە لەشكىرىي ئەسلىھەلەرنى تەييارلاپ تەق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىنىڭ ئات، قورال ـ ياراغ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، جەببە ـ قالقان ۋە باشقا جەڭ ئەسۋابلىرىغا زىنھار ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئىلگىدىكى لەشكەرلىرىدىن يۈز ھەس-سە كۆپ لەشكەرگە يەتكۈدەك ئەسلىھەلىرى باردۇر. ئەمما، شۇنچە يىللاردىن بېرى ساداقىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ئۇنىڭ سەل-

تەنەت ئاساسى ۋە ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان مەر-
تىۋىلىك ئەمىرلەر، داڭلىق سەركەردىلەر، مەردانە پالۋان ـ
سەرۋازلارنى يېقىندىن بېرى تۈرلۈك گۇمان ۋە بەتناملار بىلەن
جازالاپ، گاھىلىرىنى ئەيىبناق قىلدى، گاھىلىرىنى يوقلۇق پەر-
دىسى ئىچىگە يوللىۋەتتى. مانا ھازىر دېھقانلار، ھۈنەرۋەن ـ كا-
سىپلار ۋە ئاددىي رەئىيەت ئارىسىدىن چېرىك يىغىۋاتىدۇ. سى-
پاھلىقتىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق بۇ كىشىلەرنىڭ بىرىنى ئە-
مىر، بىرىنى سەركەردە، بىرىنى سەرۋاز، يەنە بىرىنى ساھىب تەد-
بىر① قىلىپ تەيىنلەۋاتىدۇ، ئەل ئۆمرىدە چۆمۈچ دەستىسى ۋە ئۇ-
ماچ قاچىسىدىن باشقا نەرسىنى تۇتۇپ باقمىغان بۇ كىشىلەر ئەم-
دى قايسى قوللىرى بىلەن شەمشەر سېپىنى تۇتالىسۇن، قايسى
ئەقلى بىلەن جەڭ تەدبىرى كۆرستەلىسۇن؟! خاتىرجەم بولغايلا
ئالىيلىرى، غەلىبە ـ نۇسرەت قۇياشى سىلىگە قاراپ كۈلمەكتە.

— سەن ئول كىشىلەرنى ئەل ئۆمرىدە چۆمۈچ دەستىسى بى-
لەن ئۇماچ قاچىسىدىن باشقىنى تۇتۇپ باقمىغان دېدىڭ، — دەپ
سورىدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، — بۇ گېپىڭ زىيادە مۇبالىغە
بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ چۈنكى، تۇغۇلغان پەرزەنتى ئوغۇل ئىكەن-
لىكىنى بىلگەن ھامان بېشىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان، يېنىدىن
ھەرقاچان خەنجەر ئايرىماي يۈرىدىغان بۇ دىياردىكى ئەركەكلەرنى
ئاشۇنداق سۈپەتلىسەڭ كىممۇ ئىشىنەر؟!

پىرئەلىبەگ ئىستېھزا ئارىلاش كۈلدى:

— قارىغاندا ئەمىر جانابلىرى بۇ ھۆدۇدنىڭ قانۇن ـ ياساق-
لىرىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك، مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرى
ماڭلايسۆيەنىڭ سەلتەنەت تەختىگە چىققاندىن بېرى، سەلتەنەتنىڭ
مۇقىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەرلەرنىڭ پىچاق ئېسىپ يۈرۈشىنى
چەكلىگەنلىكىنى، ھەتتا ئاۋام ـ رەئىيەت يۇرت ئاتلاپ جاھان
كۆرسە كۆزى ئېچىلىپ، سەركەش بولۇپ كېتىدۇ، سەلتەنەت ھەق-
قىدە پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ، دەپ ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا

① ساھىب تەدبىر — ھەربىي مەسلىھەتچى، مۇشاۋىر.

بىرىشىنى چەكلەش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىدىن بىخە-ۋەر بولسىلا كېرەك.

— مىرزا ئابابەكرى مادۇ، ئۆزكەنت، چەگرەك خەلقىدىن بو-لۇپ ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ پۈتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ دەپ ئاڭلىدۇ-دىم، سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن ـ دە، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ھەيران بولغان ھالدا.

— شۇنداق. ئۇلاردىن پەقەت ئىككى ـ ئۈچىلا پەرمانغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، ئەمما ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئادەمنى قوشۇپ جازالىدى، — دېدى پىر ئەلىبەگ.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— سەندىن بىر ئىشنى سوراي، — دېدى سەئىدخان، — بەلكىم بىلىشىڭ مۇمكىن، بۈزرۈك مومام شاھ بېگىم بىلەن مېھ-رىنىگار خېنىم بەدەخشاندا مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتىكەن، ئۇلارنى ياركەنتكە ئېلىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم، ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئۇل پەرىشتە سۈپەت موملىرى بىلەن ھامملىرى ئاللا-ھ تائالانىڭ رەھمەتلىك بولۇپ كەتكەن ئاتىلىرى، — دېدى پىر ئەلى-بەگ، — ئۇلار ئازاب، ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن مۇھەممەد شاھ ئىسىملىك خانزادىنى...

— بولدى سۆزلىمە، — دېدى سەئىدخان ۋە ئاڭلاشقا بەرداش-لىق بېرەلمەي تاھىر بەگكە قارىدى، — ئۇنى ئاچىقىپ جەرراھلارغا جاراھىتىنى ئەملىتىپ قوي.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەڭ قىلغۇدەك ماغدۇرى يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخاننىڭ ئازابلىق خىياللىرىنى چالغىتماقچى بولۇپ، — ئەمدى ئۇنىڭ ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك.

— ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغىنىمىز ئەۋزەل، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئەسىرگە چۈشكەن ئۇل سەركەردىنىڭ ئىقرارىغا زىيادە ئىشىنىپ كەتمىسۇنلار. ئۇ ھازىر بالا ـ قازا قاي-

نىمىدا تۇرغاچقا، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۈشۈ ۋاستە بىلەن نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋېلىشنى كۆزلەپ خۇشامەت ئېتىدىكەنگە قول سوزۇۋاتىدۇ.

ـــ بەلكىم جانابلىرىنىڭ پەرىزى توغرىدۇر، ـــ دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا، ـــ بىراق، مېنىڭچە ئۇ راست گەپ قىلدى. چۈنكى، باياتىن بىزگە بەرگەن ئاخباراتى ئۇنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن پايدىسىز. بىزگە ۋەھىمە سېلىپ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتى بولسىدى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆككە كۆتۈرگەن بولاتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى ياقتۇرمىغان ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. سەئىدخانىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى بولغان بۇ سەركەردە بىلەن سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ گېپى پەقەتلا بىر يەردىن چىقمايتتى، ئۇ دائىم سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا قارشى مۇقامدا سۆزلەيتتى، كۆڭلىدە سەئىدخانىنىڭ ئۆزىدەك تاغىسىغا ئەمەس، ئاتا رەقىبى بولغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى بولمىش سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا زىيادە ئىززەت كۆرسىتىپ ئەتىۋارلاپ كەتكىنىدىن نارازى ئىدى.

ـــ بوپتۇ، ھەممە ئىشنى سىلى ئالدىن بىلەلەيدىلا. پاراسەتتە سىلىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان بۇ تەئەددىسىگە سەيىد مۇھەممەد مىرزا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى.



چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يەتكۈسىز جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەربەتتەك سۈپسۈزۈك سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان دەريانىڭ بو-

يىدا پۈت ـ قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان مىرزا ئابابەكرى قىد-
مىر قىلماي ياتاتتى. كۆك قەھرىدىن تېرەك بويى ئېگىزلىكتە تۆ-
ۋەنلىگەن قۇياش زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. ئۇسساپ
ـ چاڭقاپ كەتكەن مىرزا ئابابەكرى دەريا سۈيىگە قاراپ لەۋ يالايت-
تى. قېشىدا نە بىر نۆكىرى، نە بىر مەھرىمى يوق ئىدى. پۇت ـ
قولىنىڭ قانداقسىگە باغلىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ جاڭگالغا قانداق
كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.
«ئۇسسۇزلۇقتا مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ بىر يۇتۇم
سۇ ئىچىۋالسام بولاتتى...»
مىرزا ئابابەكرى بوشىنىش ئۈچۈن قىمىرلىغانسېرى پۇت ـ
قوللىرىدىكى باغلاق شۇنچە چىڭىيتتى.
تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككى كى-
شىگە چۈشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.
«ھوي بۇ سىڭلىم خانسۇلتان خېنىم بىلەن ئىنىم ئۆمەر
مىرزا ئىكەنغۇ...»
مىرزا ئابابەكرى ئۈمىدلەنگەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:
ــ سىڭلىم، بەك ئۇسساپ كەتتىم، بىر يۇتۇم سۇ بەرسىلە.
خانسۇلتان خېنىم ئاكىسىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ مەس-
خىرىلىك كۈلۈمسىرىدى:
ــ سىلى ئۇسسۇلۇقلىرىغا سۇ ئەمەس، شاراب ئىچەتتىلەغۇ
ئاغا؟ يادىلىرىدا باردۇر، مېنى زىندانلىرىغا سولىغانلىرىدىمۇ
ئۇسسۇلۇقۇمغا شاراب بەرگەن ئەمەسمىدىلە؟
مىرزا ئابابەكرى خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىدى:
ــ گۇناھكار ئاغىلىرىنى كەچۈرسىلە سىڭلىم.
ــ گۇناھلىرىنى مەندىن ئەمەس، ئادالەتلىك ھەم شەپقەتلىك
ئاللاھتىن تىلىسىلە.
خانسۇلتان خېنىم شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي
كېتىپ قالدى.
ــ قەدىرلىك ئىنىم، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئىنىسى ئۆ-

مەر مىرزىغا قاراپ، ــ مېنى باغلاقتىن بوشىتىۋەتكەن بولسىلا.

ــ يادىلىرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ ئاغا؟ مېنىڭ كۆزۈمنى سىلى كور قىلدۇرغان، بۇ كور كۆزۈم بىلەن قانداقسىگە باغلاقنى يېشەلەيمەن؟

مىرزا ئابابەكرى يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز جىيەن ئوغلى مۇھەممەد شاھ پەيدا بولدى:

ــ تاغا، مەيدەمدىكى مۇنۇ كاۋاپ زىخنى تارتىۋەتكەن بولسىلا.

مىرزا ئابابەكرى شۇنداقلا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. مۇھەممەد شاھنىڭ مەيدىسىگە قېقىلغان كاۋاپ زىخنىنىڭ يېنىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى.

ئۆمەر مىرزا مىرزا ئابابەكرىگە سوغۇققىلا قاراپ قويۇپ، مۇھەممەد شاھنىڭ قېشىغا كەتتى.

«بۇ نېمە ئىش؟ ئەجەب مېنىڭ ۋابالىمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى دېسە...»

مىرزا ئابابەكرى ئۈمىدلىنىپ ئەتراپقا قارىدى. ئون قەدەم نېرىدا ئانىسى ئايجامال ئاغىچا بىلەن ئۆگەي دادىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مۆكۈدىشىپ ئولتۇراتتى.

«ئانام بىلەن تاغامنى ئەجەب كۆرمەي قاپتىمەن ـ يا...»

ــ ئانا، ــ دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ئىڭراپ، ئۇسساپ كەتتىم، بىر يۇتۇم سۇ بەرسىلە.

ــ سىلىنى ئەجەب تونۇمىدىمغۇ، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ مەن سىلىنىڭ ئانىلىرى ئەمەس، ــ ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن سورىدى، ــ بۇ كىشىنى تونۇمدىلا؟

ــ يوقسۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ــ ئۇنداقتا يۇرسىلە كېتەيلى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسىنى قىچقىرىش ئۈچۈن ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز قۇياش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇتۇلۇپ، زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى. ئارقىدىنلا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرىگەن، ھۇۋلىغان، خىرىس قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مىرزا ئابابەكرى بىر توپ شىر، يولۋاس، بۆرە... قاتارلىق يىرتقۇچلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. ئۇ ـ ھەممىدىن غال ـ غال تىترىدى.

ــ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ــ تۇيۇقسىز زۇۋانغا كەلدى يولۋاس.

ــ ياق، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى.

ــ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا.

شۇ ھامان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە يىرتقۇچلارنىڭ بېشى ئادەم سۈرەتلىك بولۇپ كۆرۈندى.

«توۋا ماۋۇ ئىشنى. بۇلار مىرزا ۋەلىبەگ، شاھىدانە كۆ ـ كۈلداش، مۇھەممەدبەگلەر ئىكەنغۇ...»

يىرتقۇچ تەنلىك ئادەملەر قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى:

ــ مەن ساڭا ئىتتەك سادىق بولۇپ، يولۋاستەك جاسارەت كۆرسىتىپ خىزمىتىڭنى قىلغان مىرزا ۋەلىبەگ بولىمەن.

ــ مەن شىردەك جاسارەت كۆرسەتكەن شاھىدانە كۆكۈلداش بولىمەن.

ــ مەن رەقىبلىرىڭگە بۆرىدەك ئېتىلىپ، ئەدىپىنى بەرگەن مۇھەممەدبەگ بولىمەن.

ــ بىز، سەن پۇت ـ قوللىرىمىزنى كەستۈرۈپ جازالىغان چەگرەكلەر بولىمىز.

ــ بىز مادۇلۇقلار بولىمىز.

ــ بىز ئۆزكەنتلىكلەر بولىمىز.

ــ ئەمدى بىزمۇ سېنى ئاختا قىلىپ جازالايمىز!

ــ پۇت ـ قولۇڭنى كېسىۋېتىمىز!

ــ زۇلۇمىنىڭ تەمىنى سەنمۇ تېتىپ باق!

ئۇلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس قىلغىنىچە مىرزا ئا ـ بابەكرىگە تاشلاندى. بۇ دەھشەتتىن قورقۇپ كەتكەن مىرزا ئابا ـ بەكرى جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى، ئەمما ئاۋازى پەقەتلا چىقمى ـ

دى، مىڭ تەستە تىپىرلاپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ ئادەمزاتسىز جاڭگالدا ئەمەس، ھەشەمەتلىك شاھ سارىيىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يەڭگىل تىندى. شۇنداقتىمۇ پۇتكۇل بەدىنىنى قارا تەر باسقانىدى.

«يەنە قارا بېسىپتۇ ـ دە...»

ھەئە، مىرزا ئابابەكرىنى يېقىندىن بېرى پات ـ پات قارا با ـ سىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆرگەن چۈشلىرى بىر ـ بىرىدىن دەھشەتلىك ئىدى. ئۇ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىغىنىچە خى ـ يالغا پاتتى.

«سەلتەنەت بىنايىمىنىڭ تۈۋرۈكلىرى غۇلاپ، ئىقبال قۇياشىم زاۋالغا يۈزلەنگەن ئوخشايدۇ. سەئىدخان بۇ تەۋەگە قەدەم باسقاندىن بۇيان يا كۈندۈزى يا كېچىسى بىردەممۇ ئارام تاپالمايۋاتىمەن، كۆرگەن بۇ يامان چۈشلىرىم بېشىمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن. شۇ تاپتا ئىلكىمدە لەشكەر دېسە لەشكەر، سەركەردە دېسە سەركەردە بار، لېكىن ھېچقايسىسى كارغا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۆرىدەك قۇترىغان سەئىدخانغا تاقابىل تۇرالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى خام خىيالغا ئازراق بېرىلىپ، جېنىمنى ياقىغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشەي. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن. تۈبەت①، كەشمىر تە ـ رەپكە بېرىپ بىر مەزگىل پاناھلىناي، كېيىنچە قايتىدىن لەش ـ كەر تارتىپ كېلىپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتۇرۇۋالارمەن...»

بىر قارارغا كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ پەر ياستۇققا يۆلەندى:

ـــ قايسىڭ بار؟

پايپاسلاپ كىرگەن مەھرەم بېگى قول باغلىدى.

ـــ چوڭ خانزادە جاھانگىر مىرزا دەرگاھىمدا ھازىر بول ـ سۇن!

ـــ باش ئۈستىگە!

مەھرەم بېگى ئارقىچىلاپ چىقىپ كەتتى.

---

① تۈبەت ـــ تىبەت، شىزاڭ.

«جاھانگىر مىرزىنىڭ خىيالىدىن بىرى تەختىمگە ئولتۇرۇش خىيالى بار ئىدى، نائۇمىد قالمىسۇن، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرەي. بىللە ئېلىپ كەتسەممۇ ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى ناتايىن. رىزقى بولسا ئېشىنى يەر، بولمىسا بېشىنى. ئىشقىلىپ مېنىڭ قولۇمدا ئۆلگەنىدىن ياخشى. ھېلىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈردى دېگەن ئاتاقنى يەتكۈچە كۆتۈردۈم. ئوغۇللىرىمدىن ھايات ئېشىپ قالغىنىمۇ مۇشۇ ئىكەن...»

مىرزا ئابابەكرى پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىنىڭ سولغۇن تۇرقىغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى:

— مۇبارەك بولسۇن، ھازىردىن باشلاپ تاجۇ تەخت ساڭا قالدى.

دادىسىنىڭ بۇ پەرماندىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان جاھانگىر مىرزا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

«راست دەۋاتامدۇ ياكى مېنى سىناۋاتامدىغاندۇ، ئۇنىڭ تاجۇ تەختتىن مۇشۇنداقلا ۋاز كېچىشى مۇمكىنمۇ؟...»

مىرزا ئابابەكرى ئوغلىنىڭ خىيالىنى زەردە بىلەن بۆلۈۋەتتى:

— رەھمەت ـ تەشەككۈرۈڭ يوقمۇ؟

جاھانگىر مىرزا گەپ قىلىشقا ئالدىرىماي، دادىسىنىڭ كۆزىگە گۇمان بىلەن قارىدى. كۆز ئالدىدىن مۇشۇ ۋەھشىي دادىسىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىنىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ھەئە، جاھانگىر مىرزا دادىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلەتتى. شەپقەتسىز بۇ دادا ئۆز پۇشتىدىن تامغان قايسى بىر ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرىنى بېرىپ باققان ـ ھە؟! دادىسىنىڭ پەيلىنى بىلمەي گۆدەكلىك قىلىپ ۋەلىئەھدلىكتىن ئېغىز ئاچقان ئوغۇللىرىنى نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، مەندىن تەخت تارتىۋېلىش مۇددىئاسى بار، دېگەن گۇمان بىلەن يۈرىكى ئازراقمۇ ئېچىشماي

تۇرۇپ ئۆلۈمگە بويرۇغان ئەمەسمىدى؟! پەقەت جاھانگىر مىرزىلا بۇ ھېممەتسىز، قانخور دادىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قابىلىيەتسىز، بوشاڭ، گالۋاڭ، قورقۇنچاق كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەت، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، مەنسەپ ـ مەرتىۋە تەمەسىدە بولماي، تا ھازىرغىچە جېنىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. مىرزا ئابابەكرى ھەر قې- تىم بىر ئوغلىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جا- ھانگىر مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتىپ: «بىلىشىڭ كېرەك، بۇ ئۆل- تۈرۈلگەن ئوغلۇم شىجائەتلىك، قابىل ۋە غەيۇر يىگىت ئىدى. ئەگەر ئۇنى ھازىر ئۆلتۈرمىسەم، ئۇ ماڭا شىرۇيا ئاتىسى خۇس- رەۋگە، ئابدۇللەتىپ مىرزا ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگكە قىلغان مۇ- ئامىلىنى قىلىشى، مېنى ئۆلتۈرۈپ تەخت ـ سەلتەنەتىمنى تارتى- ۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. كىمىكى بەتنىيەتلىك ۋە نائىنسابلىق بىلەن تاجۇ تەختىمگە تەمە كۆزىنى تىكىدىكەن، قىلچىلىك ئاياپ ئول- تۇرمايمەن» دەيتتى. بىگۇناھ ئىنىلىرىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى يۈ- رەك ـ باغرىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ تۇرسىمۇ، دەرد ـ ھەسرى- تىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دەلدۈشلەرچە ھېچنېمىشقا مەجبۇر بولاتتى. بىراق بۇگۇن ئاشۇ قانخور، زالىم دادا تاجۇتەختىنى تۇيۇقسىز ئۇ- نىڭغا بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. راستىنلا بەرمەكچىمىدۇ ياكى سى- ناۋاتامدىغاندۇ؟

«ئۇ مېنى سىنىماپتۇ، تاجۇ تەختى، سەلتەنەتى ۋەيران بو- لۇپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالاي دېگەندە ماڭا ساختا مەرھەمەت كۆرسەتمەكچى. چېكىسىگە تاڭسۇن ئۇنداق تەختنى، قولىدىن كەلسە گۆرىگە بىللە ئېلىپ كەتسۇن. ئەمدى ماڭا بۇ تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ كېرىكى يوق...»

جاھانگىر مىرزا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ دادىسىغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى:

— ئەمدى نەگە باراي دەۋاتىدىلا؟

تا ھازىرغىچە ئۆزىگە قاش كۆتۈرۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلال-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىغان ئوغلىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى مىرزا ئابابەكرىگە خۇددى چايان چاققاندەك تۇيغۇ بەردى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدا ئىلگىرىكى سۇر ـ ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ـــ كارىڭ بولمىسۇن! ـــ دېدى ئۇ كۆزىنى ئوغلىنىڭ كۆزىدىن ئەپقىچىپ تۇرۇپ، ـــ سەنمۇ بىر بېلى باغلاقلىق ئەركەك بولساڭ، تاجۇ تەختنى ساقلاپ قال!

جاھانگىر مىرزا دادىسىغا دادىل قارىدى:

ـــ چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتكەن تاۋاقتا ئۇسسۇلۇق ئىچكىلى بولارمۇ؟

«مۆرىمەسمىكىن دېسەم، سەن بەدرەكنىڭمۇ خېلى گېپىڭ بار ئىكەن ـ دە. ئاخىرى زەھەرلىك نەشتىرىڭنى سانجىۋالدىڭ، نېمە دېسەڭ دە، ھەقلىقسەن. سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ۋاقتىمنى زايە قىلماي. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتىدىن قولۇمغا ئالغۇدەك بولسام، ئەڭ ئاۋۋال سەئىدخاننىڭ ئەمەس، سېنىڭ قېنىڭنى ئىچىمەن...»

ئالدىراپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى ئوغلىغا زەردە بىلەن ئالايدى.

ـــ ئۇسسۇلۇقۇڭنى قاندۇرۇش ـ قاندۇرالماسلىقىڭ ئۆزۈڭنىڭ قابىلىيىتىگە باغلىق. سېنىڭ بوشاڭ، كالۋا بولۇشۇڭ مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس.

مىرزا ئابابەكرى گېپىنى تۈگىتىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مال ـ دۇنيالىرىنى توققۇز يۈز قېچىر ۋە نۇرغۇن تۆگىگە ئارتقان مىرزا ئابابەكرى مىڭ نەپەر خاس نۆكىرىنىڭ قوروقچىلىقىدا يار ـ كەنت شەھىرىدىن داغدۇغىسىزلا چىقىپ كەتتى. بىر ئۆمۈر خەسىسلىك ۋە زۇلۇم بىلەن يىغقان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئۈلگۈرگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىر كۆزى خەزىنىدە قېپقالغان مال ـ دۇنيالىرىدا، بىر كۆزى تاجۇ تەختىدە قالغانىدى. ھەئە، ئۇنى ھېچكىم ئۈزاتمىدى. قورقۇپ

كەتكەن شەھەر خەلقى ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئىچكىرى قازناقلىرىغا كىرىۋالغانىدى.

138

دەھشەتلىك گۈمبۈرلىگەن سادا بىلەن تەڭ يېڭىسار قەلئەسى خۇددى يەر تەۋرىگەندەك تىترەپ كەتتى. ھەئە، ئىككى ھەپتىدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك كولانغان لەخمە بۈگۈن سەھەردە سېپىلنىڭ ئاستىغا تۇتاشقانىدى. بايمقى پارتلاش ساداسى سېپىلـ ـنىڭ ئاستىنى پارتلىتىشتىن چىققان ئاۋاز بولۇپ، پارتلاش زەرـ ـبىسىدە سېپىلنىڭ تېمى يەتتە ـ سەككىز گەز كەڭلىكتە ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ــ بارلىق سەركەردىلەر ھۇجۇمغا ئۆتسۇن! ــ دەپ ۋارقىرىدـ ـدى ھاياجانلانغان سەئىدخان.

ماڭلايسۆيەگە قەدەم باسقاندىن بېرى پۇخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلىپ باقمىغان لەشكەرلەر سېپىلنىڭ ئۆرۈلگەن تەرىپىگە قاراپ يولۇۋاستەك ئېتىلدى. بۇ پارتلىتىش قەلئەنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى ئانچە تەمتىرىتىپ قويمىغاندەك قىلاتـ ـتى. ئۇلار باستۇرۇپ كەلگەن رەقىبلىرىگە ئوقيا، مەنچاناق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. مىڭلىغان ئوقيالاردىن ۋە ئوندـ ـلىغان مەنچاناقلاردىن تەڭلا ئېتىلغان ئوق ۋە تاش يامغۇرى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويغاـ ـنىدى.

«ئەمىن دورغا ھەقىقەتەن باھادىر ئەزىمەت ئىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا سەركەردىلەر بولسا سېپىلنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكىنىدـ ـنى كۆرۈپ، ئاللىقاچان ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، جېنىنى ساقلاشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كويىغا چۈشەتتى، قىلچىلىك تەمتىرىمەي يەنە قارشىلىق كۆرسى-تىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، مىرزا ئابابەكرى يېكىسارىدەك مۇھىم ئۆتكەلنى شۇڭا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتىكەن ـ دە...»

ئات ئۈستىدە جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سەئىدخان-نىڭ خىيالىنى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزى ئۈزۈپ قويدى:

ــ ھۇجۇم قىلىۋەرسەك، لەشكەرلىرىمىز زىيادە تالاپەتكە ئۇچراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ھۇجۇمنى ۋاقىتلىق توختى-تىپ باشقا لەخىملەرگىمۇ پارتلاتقۇچ قويايلى.

ــ ئېشىپ قالغان پارتلاتقۇچ بىلەن سېپىلنى ئۆرۈگىلى بولماسمىكىن، ــ دېدى سەئىدخان، ــ يەنە پارتلاتقۇچ ياساشقا ساقلىساق ئەمىن دورغا سېپىلنىڭ ئۆرۈلگەن يېرىنى قايتىدىن قوپۇرۇۋالىدۇ، ئۇل چاغدا شۇنچە تارتقان ئەجرىمىز بىكارغا كې-تىدۇ.

ــ ھېچبولمىغاندا ھۇجۇمنى قايتا تەشكىللەيلى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ لەشكەرلەر بۇنداق ھۇجۇم قىلسا، ئۈستىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ـ تاشلارغا بەرداشلىق بې-رەلمىگۇدەك.

ــ ھۇجۇمنى قانداق تەشكىللىمەكچى سىلى؟ ــ دېدى سە-ئىدخان جىلە بولغان ھالدا.

ــ مېنىڭچە ھەر ئەللىك قالقانچى لەشكەرنى بىر توپ قىلاي-لى. ئۇلار قالقانلىرىنى باش ئۈستىدە جىپسىلاشتۇرۇپ، سېپىل-نىڭ يوچۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلىسۇن. بايا لەشكەرلەر يەككە ھۇ-جۇمغا ئۆتكەن بولغاچقا، باش ئۈستىگە يېغىۋاتقان يا ئوقىدىن دالدىلىنالمىدى. قالقانلارنى باش ئۈستىدە جىپسىلاشتۇرۇپ ماڭ-سا، كاماندازلىرىمىز ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلسا، سېپىلنىڭ ئۆ-رۈلگەن يېرىگە يېقىنلاشمىقى ئاسانغا چۈشىدۇ.

ــ ئەمىسە ھۇجۇمنى مۇشۇ ئۇسۇلدا تەشكىللەيلى، ــ دېدى سەئىدخان.

ئۇلار سەركەردىلەرگە يېڭى ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى ئو-رۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

ــ مەلۇم بولغاي!

ــ سۆزلە، ــ دېدى سەئىدخان يۈگۈرۈپ كەلگەن تاۋاچى بەگكە قاراپ.

ــ ياۋ سەركەردىسى ئەمىن دورغا سۈلھى تەلەپ قىلىپ سۆزلىشىشنى ئىستەۋاتىدۇ.

سەئىدخان يالت ئېتىپ سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا قارىدى.

ــ سۆزلىشىپ باقايلى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

ــ سۈلھىگە ئىمكان بولسا، جەڭ قىلىش ھاجەت ئەمەس دەپ-تىكەن، ــ دېدى سەئىدخان، ــ بوپتۇ، گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى.

ــ گېپىنى مەن ئاڭلاپ باقاي، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ تەڭ بارمايلى. ناۋادا ھىيلە ئىشلىتىپ قەست قىلماقچى بولسا خەتەردە قالىمىز.

ــ ئۇنداقتا سىلىمۇ بارمىسىلا، ــ دېدى سەئىدخان. چىنداۋۇلبەگ[1] مىرزا ئەلى كۆكۈلداش سۆزلىشىپ كەلسۇن.

پەرماننى تاپشۇرۇپ ئالغان مىرزا ئەلى كۆكۈلداش كېتىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى.

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمىن دورغا بىلەن سېپىلنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ راستىنىلا ئەل بولۇش نىيىتى بار ئىكەن.

ــ خوش، ــ دېدى سەئىدخان، ــ شەرتىنى دېدىمۇ؟

ــ مۇددىئاسىنى مۇنۇ خەتكە يېزىپ تاشلاپ بەردى.

سەئىدخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئالدى بىلەن ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ھېكمىتى ۋە ئە-*

*بەدىي ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتى بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ،*

---

[1] چىنداۋۇلبەگ ــ ئىگىلىكچىلار بېگى.

جىمى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرىگە شۇكۇر ـ سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئاجىز ـ دەردمەنلەر ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، زەئىپ بىچارىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئىنايەت ۋە مەرھەمەتلىباسلىرىنى كىيىپ ئاتا مىراس زېمىنىغا قەدەم كەلتۈرگەن خانزادە سەئىدخان ئاليىلىرىغا بىھېساب سالاملار بولغاي.

ئايغاقچىلىرىم ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، ناقابىل، ئەقىلسىز ئوغلۇم پىرئەلىبەگ مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن مۇخالىپەتچىلىك تۇغىنى كۆتۈرۈپ دەرگاھلىرىغا كېلىشكە پېتىنىغانىكەن، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمگە لايىق بۇ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئەرزىمەس كاللىسىنى ساقلاپ قاپتىلا، ھەتتا شەپقەت قىلىپ جاراھىتىنى ئەملەتىپتىلا. بۇ ھىممەتلىرى ئۈچۈن مىڭلارچە تەشەككۇر.

ھاسىلى كالام شولكى، سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكۈچى ئەلۋەتتە ئۆز پاسىبانىنىڭ پەرمانىنى بەجانىدىل ئادا قىلمىقى ۋاجىپتۇر. كەمىنىلىرى نەچچە كۈندىن بېرى ئاشۇ سەركەردىلىك مەجبۇرىيىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە جەڭ قىلدىم. ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ئويلاپ باقسام، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ ئالىيلىرىنىڭ شىر مەسەللىك باھادىرلىرىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققۇدەك كۈچ ـ ماغدۇرۇم قالماپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئادالەتسىز زالىمغا خىزمەت قىلىپ ياشىغاندىن كۆرە، ئادالەتلىك باھادىرنىڭ قىلىچىدا جان تەسلىم قىلغانىنىڭ شەرىپى كاتتا بىلىندى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن شەپقەتلىرىنى سېغىنىپ، بۇ سۇلھى سۆزىنى ئارىغا سالدىم. ئالىيلىرىغىمۇ مەلۇملۇق، يانلىرىدىكى سەركەردىلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزا بولسا ئول مىرزا ئابابەكرىنىڭ قېرىندىشىدۇر. كەمىنىلىرى ئاتا ـ بابامدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ چاكار ـ خىزمەتكارلىقىنى قىلىپ كەلگەن

*نۆكەرلەرنىڭ پۈشتىدۇرمەن. گەرچە قىرىق يىلدىن بېرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ دەرگاھىدا جان ۋەھىمىسىدىن بىردەممۇ ئاراملىق تاپالمىغان بولساممۇ، لېكىن نەچچە كۈندىن بېرى تۈز ھەققىنى دەپ، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ تىرىشىۋاتىمەن. مىرزا ئابابەكرى قانچىلىغان باھادىر سەركەردىلەرنى ئۆلتۈردى، ھايات قالدۇرغانلىرىنى خىلمۇخىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلدى: بەزىلىرىنى ئاختا قىلدى، بەزىلىرىنىڭ قول ـ پۇتىنى كەستى، بەزىلىرىنى كور قىلدى. دېمەك، ھەر كىمنى بىر بالايىقازاغا دۇچار قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەھشىي زۇلمىدىن ھەتتا ئۆز پۈشتىدىن تامغان پەرزەنتلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، تۇزنى ھالال يېيىشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم، تۇزكور دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن ساقلاندىم. ئەگەر پەقىر قۇللىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، ھاياتىمغا ئامانلىق بەرسىلە، ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلىرى بىلەن ئىززەتلىسىلە، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى كېپىل بولۇشقا بۇيرۇغايلا. بول شەرتىنى ئارىغا سېلىشىم ھەرگىزمۇ ئالىيلىرىغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس، بەلكىم تۇزكور دېگەن ئاتاقنى ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلغىنىمدۇر. چۈنكى، سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئول مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسىدۇر. ئاغىسىنىڭ خىزمىتىدىن چىقىپ ئىنىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلسام تۇزكورلۇق ھېسابلانماس، ساداقەت، ۋاپا ئەھلى بۇ قىلمىشىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماس دەپ ئويلىدىم. مۇشۇ ئەرزىمەس شەرتىم ئادا بولسا، قەلئەنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، مۇلازىملىرى قاتارىدا ئاشۇ پەلەك كەبى يۈكسەك دەرگاھلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلغايمەن.*

*كامالى ئېھتىرام بىلەن ئەمىن دورغىدىن دەپ بىلۈرلا.»*

سەئىدخان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى

لىڭشتتى.

ـــ ئوقۇپ باقسىلا، ـــ دېدى خەتنى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا تەڭلەپ.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قول باغلىدى:

ـــ ئانھەزرىتىم مەرھەمەتلىكتۇر. پەرمانلىرى قانداق بولسا، شۇنداق پەرمانبەردارلىق قىلغايمەن.

ـــ بۇنداق ساداقەتمەن كىشىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق باھادىرلىق مەزھىپىدە نامەردلىكتۇر، ـــ دېدى سەئىدخان، ـــ دەرھال بېرىپ ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن كېپىل بولغايلا.

ـــ باش ئۈستىگە!

سەييىد مۇھەممەد مىرزا دەرھال بېرىپ ئەمىن دورغا بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسار قەلئەسى سەئىدخاننىڭ قولىغا ئۆتتى.

※ ※ ※

بۈگۈن ھاۋا باشقىچە ئوچۇق ئىدى. ئاۋۋال قەشقەرگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش ياكى ياركەنتكە لەشكەر تارتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغان سەئىدخان بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆھبىتىنى ھۆدەيچى بەگ ئۈزۈپ قويدى:

ـــ خۇشخەۋەر ئالىيلىرى. يېڭىسارنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۇسۇپبەگ خاتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ. قەشقەرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن بىر توپ جامائەت ئالىيلىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيۈش ئۈچۈن يېتىپ كەپتۇ.

ـــ بىكاۋۇل بەگكە پەرمانىمنى يەتكۈز. ئۇلارغا ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن داستىخان سېلىپ ھاردۇق سورىسۇن. مەن سەل تۇرۇپ چىقىمەن.

ـــ مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرى! ـــ دېدى سەييىد مۇھەممەد

مىرزا.

— ئۆزلىرىدىن بولسۇن! — دېدى سەئىدخان ھاياجانلانغان ھالدا.

— قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزغا يەنە بىر خۇش خەۋەر بار، — دېدى ھۆدەيچى بەگ، — ياركەنتتىن بايىلا ئايغاقچى كەلدى. مىرزا ئابابەكرى خەزىنىدىن كۆتۈرەلىشچە مال ـ دۇنيا ئېلىپ خوتەن تەرەپكە قېچىپتۇ.

— بۇ تېخىمۇ كاتتا خۇشخەۋەركەن، — دېدى سەئىدخان، — ياركەنتمۇ بوش قاپتۇ ـ دە.

— ياركەنت تەختىگە ھازىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا پاسىبانلىق قىلىۋېتىپتۇ.

جاھانگىر مىرزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەئىدخان بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، جاھانگىر مىرزىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ تۇغ ـ تىنچى سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خېنىم بار ئىدى. ھەئە، مىرزا ئابابەكرى ئەينى يىلى ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مەلىكە خەدىچە سۇلتان خېنىمنى ياركەنتكە ئېلىپ كەتكەن ۋە كېيىنچە ئۇنى ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا نىكاھلاپ قويغانىدى.

— خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلى بۇ چاغقا يار ـ كەنتكە يېقىنلاپ قالدى، — دېدى سەئىدخان خىيالدىن باش كۆ ـ تۈرۈپ، — جاھانگىر مىرزا نېمىلا بولمىسۇن سىڭلىمنىڭ كۈيئو ـ سى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ جاھانگىر مىرزىغا قەست قىلىپ قويۇشى ـ دىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزايلى، ئات قوشلاپ ماڭسا ئۇلارغا يېتىشىۋالالايدۇ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

ئۇلار خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزدى.

— يېڭىسارنى يەنىلا ئەمىن دورغىغا تاپشۇرايلى، — دېدى سەئىدخان، — كاتتابەگ، ئابدۇلۋاھىد باھادىر ئىككى مىڭ لەش ـ

كەر بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى خا-
تىرجەم قىلسۇن. بىز دەرھال ياركەنتكە قاراپ يولغا چىقايلى.

ـــ شۇنداق قىلايلى ئاليىلىرى، ـــ دېدى سەييىد مۇھەممەد
مىرزا، ـــ ئاۋۋال قەشقەردىن كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن
كۆرۈشۈۋېتەيلى.

ـــ ئىسىم قۇرۇسۇن، تاس قاپتىمەن بۇ مۇھىم ئىشنى ئۇن-
تۇپ قالغىلى، ـــ دېدى سەئىدخان.



پېشىن مەزگىلى.

ياركەنت شەھىرىدىن ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بە-
گىل قىشلىقىدا خوجا ئەلى باھادىر، مەخسۇد ئەلى قاتارلىق سەر-
كەردىلەر ۋە ياركەنتتىكى باي ـ تۆرىلەر، زەردارلار سەئىدخاننى
كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سورۇن راسلاش، داستىخان سېلىش بىلەن
ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئۇلار سەئىدخان ئۈچۈن شاھ سۇپا، سەر-
كەردىلەر ئۈچۈن گىلەم، لەشكەرلەر ئۈچۈن كىگىز ـ شىرداق
سېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم سورۇن راسلىغانىدى. بىر چاقىرىم ئۇ-
زۇنلۇقتا سېلىنغان پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەتلىك تۇرۇشقان
كىشىلەر يات ـ يات يىراقلارغا بويۇنداپ قارىشاتتى. خوجا ئەلى
باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلى بىردە ئالاھىدە ياساتقان شاھ سۇپىنىڭ
بېزىلىشىنى تەكشۈرسە، بىردە داستىخانغا تىزىلغان نازۇ نېمەت-
لەرنىڭ تۈرىنى، سۈپىتىنى تەكشۈرەتتى. يۈزلەپ داشقازانلاردا
كالا ـ قوي گۆشلىرى پىتىقلاپ قاينايتتى. دۈملەپ قويۇلغان پو-
لونىڭ مەززىلىك ھىدى دىماقلارنى غىدىقلايتتى. كاۋاپچىلار تو-
نۇر، كاۋاپدانلارغا چوغ چۈشۈرگەچ پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرىگە

تۇخۇم، دورا ـ دەرمەكلەردىن تەييارلانغان تېتىتقۇلارنى سۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ــ سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى كەلدى!

ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپارمەننىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن تەڭ، ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر دۇررىدە ئورۇن-لىرىدىن تۇرۇشتى. خوجا ئەلى باھادىر، مەخسۇد ئەلى ئەتراپىدىكى بەگ ـ تۆرىلەرنى باشلاپ پاياندازنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ يۈگۈ-رۈشتى. ھايال ئۆتمەي سەئىدخاننى ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان سەي-يىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەرلەر كېلىۋاتاتتى. شۇ ھامان سازەن-دىلەر ناغرا ـ سۇناي، داپ ـ دۇمباق، راۋاب ـ تەمبۇر... قاتارلىق سازلارنى شادىيانىگە چېلىشقا باشلىدى.

خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلى باشچىلىقىدىكى بەگ ـ تۆرىلەر كېلىپ، سەئىدخاننىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيدى. سە-ئىدخاندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاتتىن چۈشتى. سەئىدخان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىستىقبالغا چىققان كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى.

سەئىدخان شاھسۇپىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى ـ دە، سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى تەتىللا كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئول-تۇردى.

ــ قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىمىزنىڭ دۆلەت ـ سەلتەنەتى زى-يادە بولغاي!

سەئىدخان شاھ سۇپىنىڭ ئالدىدا قاتار سەپ تارتىپ تۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ سالامىنى ئېلىك ئالغاندىن كېيىن، سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ھەيدەر كۆرە-گان، مىرزا ئەلى تاغايىلارنى شاھ سۇپىغا چىقىپ يېنىدا ئولتۇ-رۇشقا ئىجازەت بەردى. قالغان سەركەردىلەر مەرتىۋە ـ ئۇنۋانلىرى بويىچە شاھ سۇپىنىڭ ئىككى يېنىغا راسلانغان گىلەملىك سورۇن-دىن ئورۇن ئېلىشتى. نەچچە ئونلىغان چەبدەس يىگىتلەر ئاپتۇۋا ـ

www.uyghurkitap.com

چىلاپچىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قول سۇيى ئېلىشقا باشلىدى.

ئۆزىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن راسلانغان بۇ سورۇندىن سەئىدخان رازى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان خوجا ئەلى باھادىر بىلەن مەخسۇد ئەلىنى شاھ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى:

ــ ئىككىڭلار يېنىمدا ئولتۇرۇپ ھەم ساھىبخانا، ھەم مېھمان بولۇڭلار.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر!

ئىككى سەركەردە شاھ سۇپىغا چىقىپ، پەگاھ تەرەپتىن ئورۇن ئالدى.

ــ خوش، ــ دېدى سەئىدخان ياركەنت شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

ئىككى سەركەردە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى:

ــ بىز ياركەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، جاھانگىر مىرزىمۇ ئاللىقاچان شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىكەن، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر، ــ ئوردىدىكى بىر قىسىم بەگلەر، شەھەردىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار، باي ـ زەردارلار، يۇرت كاتتىلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى كەڭرى ئاچتى.

ــ شەھەرگە تىنچ ـ ئامان قەدەم باستۇق، ــ دېدى مەخسۇد ئەلى، ــ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئامانلىق جاكارلاتتۇق، ئاندىن خەزىنە، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتى ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىنى پېچەتلەتكۈزدۇق. سەرۋاز ـ لەشكەرلەرگە قاتتىق ھېزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. ياركەنت شەھىرى ھازىر تولىمۇ خاتىرجەم.

ــ مانا بۇلار، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر تېخىچە قول باغلاشقىنىچە ئۆرە تۇرغان بىر توپ كىشىلەرنى كۆرسىتىپ، ــ بىر قىسىم يۇرت بەگلىرى بىلەن شەھەردىكى باي ـ زەردارلار، ئالىم ـ ئۆلىمالار ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇلار دەرھال تىزلىنىپ سەئىدخانغا ھۆرمەت بىلدۈردى.
ــ ئىجازەت! ــ دېدى سەئىدخان ئۇلارنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ، ــ بۈگۈنچە مۇشۇنداقلا كۆرۈشۈپ تۇرايلى. ھەربىرلىرى بىلەن باشقا بىر كۈنى مۇلاقاتتا بولىمەن.
ــ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر!
سەئىدخان ئىككى سەركەردىسىگە يۈزلىنىپ سورىدى:
ــ مىرزا ئابابەكرى بىلەن جاھانگىر مىرزىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟
ــ مىرزا ئابابەكرى خوتەندىمۇ توختىماي، ئۇدۇل تۇبەتكە قاراپ كېتىپتۇ. جاھانگىر مىرزا ئانچە يىراققا كەتمىگەندەك قىلىدۇ. سانجۇ قىشلىقىدا پاناھلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار.
ــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇنداق ئاسانلا قېچىپ قۇتۇلۇشىغا يول قويساق بولمايدۇ، ــ دېدى سەئىدخان، ــ ئۇنى نەدىن بولمىسۇن قوغلاپ تۇتۇش كېرەك، ــ ئۇ بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ سەركەردىلىرىگە قاراپ بىر نەچچە سەركەردىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، ــ مىرزا ئەلى تاغايى، قارا قۇلاق مىرزا، نەزەر مىرزا، قەمبەر مىرزا، بەگ قۇلى مەكرىت!
ئىسمى ئاتالغان سەركەردىلەر شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى.
ــ ھەر بىرىڭلار بەش يۈزدىن لەشكەرگە باش بولۇپ، مىرزا ئابابەكرىنى قوغلاڭلار. ئۇنى كىم ئاۋۋال تۇتسا، بىرىنچى تۆھپە شۇنىڭ بولىدۇ.
ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېدى ئۇلار.
ــ مىرزا دائىم ئەلى، بەگ مۇھەممەد! ــ دېدى سەئىدخان، ــ ئىككىڭلار خاس نۆكەرلىرىڭلارنىڭ سىرتىدا بەش يۈز لەشكەر ئېلىپ، ئۇدۇل خوتەنگە بېرىپ ئول ۋىلايەتنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلماڭلار!

ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېدى ئىككى سەركەردە.

ــ جايىڭلارغا بېرىپ ئولتۇرۇڭلار، ــ دېدى سەئىدخان، ــ ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، غىزادىن كېيىن ئاتلانغايسىزلەر.

خوجا ئەلى باھادىرنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن يۈزلىگەن چەبدەس يىگىتلەر تاۋاق - تاۋاقلارغا ئۇسسۇلغان تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى داستىخانغا توشۇشقا باشلىدى.

ــ بۇ قىشلاقتىكى رەئىيەتكىمۇ داستىخان ھازىرلاندىمۇ؟ ــ سورىدى سەئىدخان.

ــ ئۇلارغا لەشكەرلەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن داستىخان ھازىرلىدۇق، ــ دېدى خوجا ئەلى باھادىر.

ــ ئوبدان قىلىپسىلەر، ــ دېدى سەئىدخان، ــ قەشقەرگە قەدەم قويغاندىن بېرى شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، رەئىيەتنىڭ ھال - كۈنى تولىمۇ خاراب ئىكەن. بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئاچ - توقلۇقىنى ئويلىشىمىز كېرەك. ئاۋام باي بولمىسا، سەلتەنەت روناق تاپمايدۇ.

ــ ھىممەت قىلدىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى ئايازبېك قۇشچى، ــ پازىللار بىر سائەت ئەدلى① قىلماقنىڭ ساۋابى ئاتمىش يىللىق نەپلى قىلغان تائەت - ئىبادەتنىڭ ياكى ئاتمىش ھەجنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق دەيدۇ. چۈنكى ھەجنىڭ نەتىجە - ساۋابى ھەج قىلغۇچىدىن باشقا كىشىلەرگە بولمايدۇ، ئەدلى - ئادالەتنىڭ نەتىجىسىدىن پۈتكۈل ئاۋام بەھرىمەن بولىدۇ.

ئۇستازىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەئىدخان يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قول ئۇزىتىشى بىلەن باشقىلارمۇ داستىخانغا قول ئۇزاتتى.

ــ بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا غىزادىن كېيىن سەئىدخانغا قاراپ، ــ ئاتا - بابىلار ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن دەپتىكەن. ئالىيلىرى بۈگۈن مۇشۇ يەردە

① ئەدلى ــ ئادالەت.

كەچلەپ، ئاللاھ خالىسا ئەتە تاڭ سەھەردە شەھەرگە كىرىپ تەختـ-تە ئولتۇرسىلا، ئىشلار تېخىمۇ خەيرلىك بولغۇسىدۇر.

ــ ئۇلۇسبېگى جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتى ئورۇنلۇق، ــ دې-دى ئايازبېك قۇشچى بارماقلىرىدىكى ماي يۇقىنى ئاپئاق ساقىلىغا سۈركەپ تۇرۇپ، ــ ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار. ۋاقتى ـ سائىتى بىلەن بەجا قىلىنغان ئىشلار خەيرلىك بولىدۇ. خانىمىز-نىڭ ياش قۇرامىمۇ بەئەينى سۈبھىدە كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا مىسال-دۇر. تەختتە بەرقارار بولمىقى ئول خەيرلىك سائەتكە توغرىلانغىـ-نى سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ گۈلى گۈلىگە كەلگىنىگە ئوخشاشتۇر.

سەئىدخان ئىككى مۆتىۋەر ئەمىرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلدى.

※ ※ ※

بۈگۈن سەئىدخان بامدات نامىزىنى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئالدىراپ ناشتا قىلىپ، يار-كەنت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

شەھەر ئاھالىسى ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئاللىقاچان كوچا ـ رەستىلەرنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلاپ يولنىڭ ئىكـ-كى تەرىپىگە تىزىلىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار سەئىدخان ئۇدۇلىغا كېلىشى ھامان قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئالغىنىچە: «ئەسسالامۇ ئە-لەيكۇم، خان ئالىيلىرىنىڭ پايە ـ قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. سەئىدخانمۇ ئېتىنى يەڭگىل يورغىلىغا قويۇپ بېرىپ، قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!» دەپ سالامنى ئىلىك ئالاتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇ يوسۇندا ئوردىغا كىردى. سەييىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر تۈرك ـ موغۇل يوسۇنى بويىچە سەئىدخاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ شاھىنشىنىغا ئەكىردى.

بۇ، مىلادىيە 1514 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

بۇگۈنكى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، سەئىدخان باشقا ئەمىرلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ئېلىپ قالدى.

— جانابلىرىنى بىر ئىشقا بۇيرۇماقچىمەن، — دېدى ئۇ.

— كەمىنىلىرى جانابى خانىمىزنىڭ ئاتقان ئوقىدۇرمەن، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

— بۇ ئىشقا بۇيرۇشقا سىلىدىنمۇ مۇۋاپىق ئادەمنى دىتلىيالمىدىم. بۇگۈنلا سانجۇ قىشلىقىغا بېرىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغلى بولمىش جاھانگىر مىرزىنى ئېلىپ كەلسىلە.

— باش ئۈستىگە!

سەييىد مۇھەممەد مىرزا خاس نۆكەرلىرىنى ئېلىپ سانجۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

«خان ئالىيلىرى مەندىن باشقا ئادەمنى ئەۋەتسە، جاھانگىر مىرزىنىڭ كۆڭۈل توختىتالماي ياركەنتكە كېلىشكە ئۇنىماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن گەپ. ئۇنى خان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا كېلىشكە قايىل قىلماي قويمايمەن...»

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە جاھانگىر مىرزىنى سانجۇدىن باشلاپ كەلدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىززەت كۆرسىتىپ ئەمىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن بەردى.

※ ※ ※

سەئىدخان قان يۇقى خۇرجۇندىكى كاللىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، مىرزا ئەلى تاغايىدىن سورىدى:

— ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئېلىپ كېلىڭلار دېگەنىدىمغۇ؟

مىرزا ئەلى تاغايى قول باغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بىز قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ بېرىپ، مىرزا ئابابەكرىنى

قورشىۋالغاندا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قورشاۋنى يېرىپ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتكەنلىكى ئۈچۈن، جەڭنى ئەتىگە قالدۇرغانىدۇق. ناھايىتى ئەپسۇسكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ نۆكەرلىرى تۆھپە كۆرسىتىپ ئىنئام ئېلىش تەمەسىدە، كېچىدە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مىرزا ئابابەكرىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى كېسىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تىرىك تۇتالماي قالدۇق.

ھەئە، قاراڭغۇ تاغدا مال ـ دۇنيا يۈكلەنگەن قېچىر ـ تۆگە-لىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا كۆزى يەتمىگەن مىرزا ئابابەكرى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى دەرياغا تۆكتۈرۈپ، ئېسىل رەخت، ئۈنچە ـ مەرۋا-يىتلارغا ئوت قويۇۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا جېنىنى ساقلاپ قېلىش نېسىپ بولماي، ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىنىڭ قولىدا بى-ئىززىتانە ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

— ئول قانخورنىڭ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگىنىمۇ ياخشى بوپ-تۇ، — دېدى سەئىدخان، — قۇدرەتلىك تەڭرىم قىلىچىمنىڭ ئول مەلئۇننىڭ پاسىق قېنىدا بۇلغىنىشىنى خالىمىغان ئوخشايدۇ. ئا-دىلنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياخشىلارغا ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتلىقتۇر، ئەمما زالىمنىڭ ئۆلۈمى بولسا يامانلارغا ئۆلۈم، ياخشىلارغا ھايات-لىقتۇر. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ چىقىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىلى-رىغا نۆۋەت بىلەن ئېسىپ قويۇڭلار. ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەن ئاۋام بۇ قانخور ھۇجاجنىڭ كۇلپىتىدىن قۇتۇلغىنىغا ئىشىنىپ خاتىرجەم بولسۇن.

سەئىدخان نۆكەرلىرى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ بارغان خۇرجۇنغا ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىدى. شۇ ھامان كۆز ئالدى-دىن ئاشۇ رەھىمسىز قانخورنىڭ زۇلمىدا ئۆلۈپ كەتكەن كۆيۈمچان مومىسى شاھ بېگىم، ھامىسى مېھرىنىگار خېنىم... قاتارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا مىرزا ئا-بابەكرىدىن كۆرگەن زۇلۇم ـ خورلۇقلىرىنى، دەرد ـ ھەسرەتلى-رىنى تۆكۈۋاتاتتى...

※ ※ ※

سەئىدخاننىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىغا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى. ياركەنت شەھىرىگە ئاللىقاچان باھارنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغانىدى.

تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى، سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇبارەكلەپ كەلگەن يۇرت بەگلىرىنى قوبۇل قىلىش، مىرزا ئابابەكرى دەرياغا تاشلىۋەتكەن مال ـ دۇنيالارنى سۇزدۇرۇش، تويۇنباشىدا قېلىپ قالغان ئانىسى، ئايالى، ئوغلى قاتارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئەكەلدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن خېلىلا ئالدىراش بولغان سەئىدخان يېقىنقى ئىككى ھەپتىدىن بېرى سەيىد مۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق مۆھتەرەم ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلغان قارارىنى بۈگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن رەسمىي جاكارلىدى. ھەئە، سەيىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئون پېشقەدەم ئەمىرگە تۆرە بەگلىك ئۇنۋانى بېرىپ بىردىن تۇغ ئىنئام قىلدى. ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئۆلىماغا ساھىب تەدبىرلىك ئۇنۋانى بېرىپ، خانلىق مەدرىسەنى قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى تاپشۇردى. قالغان سەركەردىلەرگە باھادىرلىق، پەھلىۋانلىق ئۇنۋانى بەردى. سەرۋاز ـ لەشكەرلەرگە ئىنئام بەردى.

ــ يەنە شۇنداق يارلىق جاكارلايمەنكى، ــ دېدى سەئىدخان جاراڭلىق ئاۋازدا، ــ تەسەررۇپىمىزدىكى بارلىق رەئىيەت ئون يىلغىچە پادىشاھلىق باج ـ سېلىقتىن خالاس قىلىنغاي، يارلىق يۇرت ـ يۇرتلاردا جاكارلانغاي!

ــ ئادالەتپاناھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر.

ــ ئانھەزرىتىمىزگە ئىككى ئېغىز ئەرزىم بار، ــ دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ.

— سۆزلىسىلە، — دېدى سەئىدخان.

— ئەلكۈندىن ئون يىلغىچە پادىشاھلىق باج ـ سېلىق كە-
چۈرۈم قىلىنسا، خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ قالماسمۇ؟ سەلتەنەت ۋە
لەشكىرىي خىراجەت خەزىنە بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.

— بۇنى ئوبدان بىلىمەن، — دېدى سەئىدخان مىرزا ئەلى
تاغايىنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغان ھالدا.

— دېمەكچىمەنكى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى مۇددىئاسىنى
تەپسىلىي چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، — گەرچە ماڭلايسۆيەنىڭ خې-
لى كۆپ قىسمىنى تەسەررۇپىمىزغا ئالغان بولساقمۇ، ئەمما تۇرپان
تەختگاھىدا ئاغىلىرى مەنسۇرخان باردۇر. ناۋادا ئۇ سىلىنىڭ بۇ
زېمىنغا پاسىبان بولۇشلىرىغا رازى بولماي لەشكەر تارتىپ كېلىپ
قالسا، لەشكىرىي خىراجەتتىن قىسىلىپ قالىمىز. ئەلكۈنگە كەڭ
قوللۇق قىلىش ئەلۋەتتە ئادالەت جۈملىسىدىندۇر. ئەمما، لەشكە-
رىي خىراجەت بولمىسا، ياۋغا تاقابىل تۇرۇش بەسىي مۈشكۈلدۇر.

— مەنسۇرخان ئالىيلىرى بىلەن قېبىلىگاھىمىزنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ئاداۋەت بارلىقى راست. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئاز-
ھەزرىتىمگە ئاتا يوللۇق ئاغا. شۇڭا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك مۇئامى-
لىسىدە بولماي، قېرىنداشلىق مېھرىنى تەكىتلەپ سالام ئەۋەت-
سەك، قەلبىدىكى ئاداۋەت مۇزلىرى ئېرىپ، قېرىنداشلىق ئوتى
قايتىدىن يېنىشى مۇمكىن، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، —
بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ بىرلىكى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئىتتىپاق-
لىق ھەممىدىن ئەلادۇر. شۇڭا دۈشمەنلىككە ئەمەس، دوستلۇققا
ئاساس سېلىشقا تىرىشايلى.

— بارىكاللا! — دېدى سەئىدخان خۇشال بولۇپ، — مېنىڭ
ئويۇممۇ شۇ، ئۇ مىرزا ھەيدەر كۆرەگانغا قارىدى، — سەن دەرھال
ھازىرقى مۇددىئا ئاساسىدا ئاغامغا بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلا،
ئاندىن بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغىمۇ بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلا.
مەزمۇنى سالامنامە بولسۇن. ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ھازىر
نەدىكىن؟ ھىندىستان يۇرۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدىمىكىن؟

— ئالدىنقى نۆۋەت ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا ھىندىستان يۇرۇشىدىن خېلىلا رازى ئىكەنلىكىنى، جەمنە دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ دېھلىنىڭ شىمالىدىكى پانىپات شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى، دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم لۇدى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى يېزىپتىكەن. بەلكىم ئىبراھىم لۇدى بىلەن بولغان جېڭى نۇسرەتلىك بولغاندۇر. تەڭرى ئادالەت ھامىيلىرىغا بىر سەۋەب بىلەن نۇسرەت ئىشكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا.

— ئاغام بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان قاتارلىق ئاتا مىراس زېمىنلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغىنى توغرا بولدى دەپ قارايمەن، — دېدى سەئىدخان.

— شۇنداق، — دېدى ئايازبېك قۇشچى تەستىقلاپ، — ھەركىم تەقدىر بەلگىلەپ بەرگەن يولدىن چەتنىيەلمەيدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئەندىجاننى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىشىمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدۇر. ئاغىلىرى مەنسۇرخان ئالىيلىرىنىڭ قەلبىدە قېرىنداشلىق مېھرى يېلىنجىسا، بۇ ئاتا مىراس زېمىنى ئاسايىشلىققا يۈز ئاچىدۇ.

— مەنسۇرخان ئالىيلىرىنىڭ قەلبىدە قېرىنداشلىق مېھرىنى ئويغىتىش تەسكە توختارمىكىن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئالىيلىرى تېخىچە خەۋەرسىز، تۈنۈگۈن بىر شۇم خەۋەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

سەئىدخان ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى:

— قانداق شۇم خەۋەركەن ئۇ؟

— دەلىللەپ بولۇپ ئاندىن مەلۇم قىلاي دېگەنىدىم، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى سۆزىگە سىرلىق تۈس بېرىپ.

سەئىدخان قاپىقىنى تۈردى:

— دەۋەرسىلە.

— ئاڭلىشىمچە، مەنسۇرخان ئالىيلىرى خانزادە ئىمىن خو-

جا سۇلتاننى قەتلى قىلدۇرۇپتۇدەك.

سەئىدخان بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شۈركىنىپ كەتتى. چۈنكى ئىمىن خوجا سۇلتان ئۇنىڭ دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر ئىنىسى ئىدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭلا؟

مىرزا ئەلى تاغايى دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— سودىگەرلەردىن.

— ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىمۇ؟

— باشقىلاردىن ئاڭلاپتۇ، لېكىن بۇ خەۋەر خېلىلا ئىشەنچلىكتەك قىلىدۇ.

سەئىدخان لام ـ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا يۈرىكى تىلغىنىپ كېتىپ باراتتى.

— سەۋرچان بولغايلا ئالىيلىرى، — دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا، — دەرھال ئايغاقچى ئەۋەتىپ تەھقىقلەپ كۆرەيلى.

شاھىنشىنىڭ ئىچىدە ئۇزاق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مىرزا ئەلى تاغايى سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا يەر تېگىدىن ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويۇپ، بېشىنى تونىنىڭ ياقىسىغا كىرىپىدەك تىقىۋالغاندى.

«ئاغام ئاشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلغانمىدۇ ـ ھە، ئىنىم ئىمىن خوجا سۇلتاننى قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندۇ؟ ھەئە، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بار. سەيىد مۇھەممەد مىرزا راست دەيدۇ. سەۋرچان بولۇشۇم، ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. بولمىسا سۇخەنچىلەر بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ ئاغامنىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن ئاردىمىزدا ئېتىلىپ قالغان يوللارنى ئاچاي، سۆھبەتكە شارائىت ھازىرلاي. قالدى ئىشلارنىڭ سۈرۈشتىسىنى ھامان قىلىۋالىمەن. ئانام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر، ئىنىم ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈنمۇ ھېلىغىچە يىغلاپ يۈرگەنىدى...»

— بۇ خەۋەر ھازىرچە سىر تۇتۇلغاي! — دېدى سەئىدخان

www.uyghurkitap.com

سارايىنىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ، ــ بولۇپمۇ ۋالىدەمنىڭ قۇلىقىـ
غا يەتمەي تۇرسۇن. سىلى ئاغزىلىرىغا مەھكەم بولسىلا.
ــ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ــ دېدى مىرزا ئەلى تاغايى، ــ مەنـ
مۇ ئىگىچەمنىڭ ئازابلىنىشىنى خالىمايمەن.
مىرزا ئەلى تاغايى ھەرقانداق سورۇندا سەئىدخاننىڭ ئانىسىـ
نىڭ ئىسمى چىقسىلا «ئىگىچەم» دېگەن سۆزنى ئالايىتەن تىلغا
ئېلىشنى ئۇنتۇلۇپ قالمايتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاننىڭ تاـ
غىسى ئىكەنلىكىنى، باشقا ئەمىرلەردىن ئۈستۈن تۇرۇدىغانلىقىنى
پەش قىلىشۋالاتتى.
ــ رەئىيەت بىزدىن خورلۇق كۆرمىسۇن، ــ دېدى سەئىدـ
خان، ــ بايىقى يارلىق كۈچكە ئىگە. كىمدىكىم يارلىققا خىلاپلىق
قىلىپ ئاۋامنى قاقشاتماقچى بولىدىكەن، ھەرقانداق تۆھپىكار بوـ
لۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلچىلىك ئاياپ ئولتۇرمايمەن، ــ ئۇ
مىرزا ھەيدەر كۆرەگانغا قارىدى، ــ سەن ئاغامغا ئەۋەتىدىغان
مەكتۇپنى تەييارلاۋەر. خەزىنىدىن ئېسىل سوۋغاتلارنى پىشكەش
قىلىپ ئەۋەتەيلى، ــ ئۇ ئەمىرلەرگە يۈزلەندى، ــ قوبۇل تامام،
جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت.
ئەمىرلەر دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاشتى:
ــ ئادالەتپاناھىمىز ئامان بولغاي!

2003 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە يېـ
زىلدى ۋە قايتا ئىشلەندى. يەكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر : قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور : ئابلىز ئورخۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (6)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 6-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1230×880 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 14.125
باھاسى : 45.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11010-0/I.2193（维315)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

诸王传.6：维吾尔文/亚生江·沙地克著.—北京：民族出版社，2010.7（2014.3 重印）

ISBN 978-7-105-11010-0

Ⅰ.①诸... Ⅱ.①亚…Ⅲ.①历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 130106号

责任编辑：开赛尔·库尔班
责任校对：阿布力孜·买买提力
封面设计：艾克拜尔·萨力赫
出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2010 年 8 月第 1 版　2014 年 3 月北京第 6 次印刷
开　　本：880×1230 毫米　大 32 开
印　　张：14.125
定　　价：45.00 元

ISBN 978-7-105-11010-0/I.2193（维315）